سەئدۇللا سيايېف (ئۆزبېكستان)

# ئەھمەد يەسسەۋىي

## ئاخىرقى سەپەر

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەزىزى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

阿合买德·叶萨维：维吾尔文/(乌兹)萨都拉著；艾则孜·艾力译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.3
ISBN 978-7-228-09927-3

Ⅰ.阿… Ⅱ.①萨…②艾… Ⅲ.长篇小说—乌兹别克斯坦—现代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I362.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 022314 号

| | |
|---|---|
| 著　　者 | 萨都拉 |
| 译　　者 | 艾则孜·艾力 |
| 责任编辑 | 买买提吐尔地·米尔孜艾合买提 |
| 责任校对 | 阿斯亚·艾合买提 |
| 封面设计 | 木拉丁·阿比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 10.875 |
| 版　　次 | 2008 年 2 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 2 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—6100 册 |
| 定　　价 | 27.00 元 |



## ئۆزۈم ھەققىدە

مەن قەدىم تۈركىستان شەھرىنىڭ شىمالىدا ، قاراتاغ ئېتەكلىرىدىكى قەرناق دېگەن قىشلاقتا دۇنياغا كەلگەنمەن. ئالىي مەلۇماتنى تاشكەنتتە - ئۇنىۋېرسىتېتتا ئالدىم. كەسپىم ژۇرنالىست.

سەل كەم ئەللىك يىلدىن بېرى قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتىمەن. ھازىرچە ھېكايىلەر ، پوۋېستلار ، رومان بولۇپ ئوتتۇزغا يېقىن كىتابىم نەشر قىلىندى. ئۇشبۇ رومان يېقىندا يازغان ئەسەرلىرىمنىڭ بىرىدۇر .

ئۈچ پەرزەنتنىڭ ئاتىسى، يەتتە نەۋرىنىڭ بوۋىسىمەن . خۇداغا شۈكۈر ، ھېلىھەم قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە يېزىپ تۇرۇۋاتىمەن ...

— سەئدۇللا سىيايىپ

# مۇندەرىجە


مۇبارەك بوۋىكالان قىسسىسى ........ ئابدۇللا ئارىپوف(1)

مۇئەللىپتىن ........................ سەئدۇللا سىيايىپ(4)

1. قەسەمخورنىڭ جازاسى .......................... 1
2. يىغلىما، ئانا ................................ 14
3. پىتنە ........................................ 26
4. باباماچىن بىلگەن سىر ........................ 43
5. بىراۋغا ئېيتىپ بولمايدىغان دەرد ............. 54
6. روكنىددىن ئاتتىن چۈشتى ...................... 66
7. دىندىن چىققان قارلۇق ........................ 73
8. قارا داۋاندىكى جەڭ .......................... 90
9. زىكىر ئالدىدىكى ھادىسە ...................... 99
10. زىكىر ...................................... 109
11. ئىككى قالتىس سوئال ......................... 124
12. سارى سالتۇقنىڭ سالىمى ...................... 136
13. يېشىل ياپراق سولدىمۇ ....................... 146
14. ئەرۋاھ مەدەتكار ............................ 160
15. زەھەر دەرىخىنىڭ مېۋىسى ...................... 169
16. ئاسىي پەرزەنت .............................. 183
17. ئەشرەپخان قازى تەشۋىشتە ................... 195

18. نەققاشنىڭ سەۋەنلىكى ........................ 209
19. شاھزادە نەزەربەندتە ........................ 228
20. ھەق يولچىسى ........................ 238
21. مۇبارەك تەسۋى ........................ 252
22. قۇتبىددىننىڭ ئىشتىياقىغا دەز كەتتى ........ 263
23. ناشەرئى خىراج ........................ 271
24. دىيانەتكە خىيانەت ........................ 279
25. ئادالەت قوڭغۇرىقى ........................ 295
26. مەنسۇر ھەللاجىنىڭ خاكى ........................ 310
27. «بەيئىتىڭ قوبۇل بولدى» ........................ 321
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچىدىن ئەزسىزى ........................ (338)

# مۇبارەك بوۋىكالان قىسسىسى

## ئابدۇللا ئارىفوف (ئۆزبېكىستان قەھرىمانى)

قولۇمدا يازغۇچى سەئدۇللا سىيايېفنىڭ ئۇلۇغ بوۋىمىز ھەز-رىتى يەسسەۋىي ھەققىدىكى كاتتا ئەسىرىنىڭ پۈتكەن قىسمى تۇرۇپ-تۇ. ئەسەرنى زور قايىللىق بىلەن ئوقۇپ چىقتىمىۇ، خىيال مېنى ئوتتۇز يىللار بۇرۇنقى ۋەقەلەرگە ئەكەتتى. ئۇ چاغلار تېخى مەنىۋى-يىتىمىزدىكى مەھكۇملۇق دەۋرلىرى ئىدى. خۇسۇسەن ئۆتمۈش مەدەنىيىتىمىز، بولۇپمۇ مەنىۋى سېيمالىرىمىز ھەققىدە بىرەر نەر-سە دېيىش قەتئىي چەكلەنگەنىدى.

كۆڭۈل مەيلىدىنمۇ ياكى شارائىت مۇشەققەتلىرىدىن زېرىك-كەنلىكىمىز ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ، سەئدۇللا ئاكا بىلەن ھەزرىتى سۇلتان — يەسسەۋىي بوۋا زىيارىتىگە يول ئالدۇق. مەن شۇ چاغدا يەسسەۋىي بوۋىمىزغا بېغىشلاپ بىر ئىقرارنامە — بىر غەزەل پۈتكە-نىدىم. سەئدۇللا سىيايېف غەزەلنى مېنىڭدىن ئېلىۋېلىپ، كېيىن-چە بىر گېزىتتە ئېلان قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى مالامەتلەر-نى بىر دېمەڭ...

مەن شۇ چاغدا يازغۇچىنىڭ بۇ جاسارىتىگە بىرئاز ئەجەبلەنگە-نىدىم. دەرۋەقە، س. سىيايېف كۆندىلىك تۇرمۇش ھەققىدە قانچى-لىك ئەستايىدىل بولمىسۇن، ھەجۋىي ھېكايىلەرنى يېزىپ يۈرگەن ئەدىب ئىدى. ئەگەر بىر يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىسى-ڭىز، بىر قاراشتا يازغۇچى بىلەن يەسسەۋىي پەلسەپىسىنىڭ ھېچ-بىر ئالاقىسى يوقتەك ئىدى. ئەمدى ئويلىسام، ئەدىبنىڭ روھىدا يەسسەۋىي روھىيىتىگە بولغان تەلپۈنۈش ئاشۇ يىللاردىلا باشلانغان-

نىڭ ۋاستىسىدە ئادەم باللىرىغا ئۆگۈت قىلغان. ھەزرىتى سۇل-تاننىڭ مۇھىم ئىخلاسچىسى ئەلىشىر نەۋائىي تۆۋەندىكى بېيىتنى دەل يەسسەۋىيە تەرىقىتىگە ئىقرار بولۇپ يازغان دېسەك، ھەرگىز يېڭىلىشمىغان بولىمىز:

ئەركىن ئۇلدۇر سەد ئېتىپ نەپسانىيەت،
غالىب ئۇلسا ئۇمرىگە رۇھانىيەت.

نەۋائىي دېمەكچىكى، ئۆز نەپسىنى يەڭگەن ۋە ھاياتىدا رو-ھي، مەنىۋى جەھەتتىن غالىب ئادەم بۇ دۇنيادا ئەركىن، مۇستە-قىل ئادەمدۇر. مانا بۇ يەسسەۋىيە تەرىقىتىدۇر. بۇ دۇنيا قاراش دىنى، مىللىتىدىن قەتئىينەزەر ھەربىر ئىنسان بالىسى ئۈچۈن نىزام، ئۆمۈرلۈك ياشاش شوئارى بولۇپ قالدى. س. سىيايېف ئەسەردە ئۆزىنى تامامەن خالىس ئەدىب سۈپىتىدە تۇتىدۇ. يازغۇچى ئاشۇ دەۋر مەپكۇرىسى، تۇرمۇش تەركىبلىرىنى تەتقىق قىلغىنىدا، قايسىدۇر قەھرىمانغا يان بېسىۋاتقانلىقىنى بىلىندۇرمەسلىككە تى-رىشىدۇ. بولۇپمۇ تارىخىي ئەسەر يېزىۋاتقان ئەدىب ئۈچۈن بۇ غايەت زور ۋە بۈيۈك پەزىلەتتۇر. ئەدىبنىڭ جەلپكار بۇ ئەسىرىنى ئوقۇشقا باشلىغىنىڭىزدا، ئەدىبنىڭ پىشىپ يېتىلىشكە باشلىغان ماھارىتىگە قايىل بولىسىز. ئەڭ مۇھىمى، تەۋەررۇك بوۋىمىز سۇلتانۇل ئارىپىن يەسسەۋىي ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك سىيماسىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالايسىز.

يەسسەۋىي بوۋىمىزنىڭ روھى سىزنى قوللىسۇن، سەئدۇللا ئاكا!

كەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئارىدا ئەدىب تارىخىي ماۋزۇدا «ئەۋەز ئۆتەر»
دېگەن رومانىنى يېزىپ قەلىمىنى بىرئاز پىشۇرۇۋالدى. بىراق،
يەسسەۋىي...
پىكرىمىزچە، مۇكەممەل تەپەككۇر ھېچقاچان تەبىقىلەرگە بۆ-
لۈنمەيدۇ. ئۇ مەيلى دۇنياۋى، مەيلى روھانىي بولمىسۇن، ئىنسان
تەپەككۇرىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. شۇ مەنىدىن
ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت روھىي ئالىمىنىڭ بۈيۈك چوققىلىرىدىن
بىرى يەسسەۋىي بوۋىمىز ھەققىدە ئەسەر يېزىشقا جۈرئەت قىلىش
چاقچاق قىلىدىغان گەپ ئەمەس. مەيلى يەسسەۋىي كەبى زاتلار
ھەققىدە بىرەر نەرسە دېمەي جىم يۈرگەن دەۋرلىرىمىزنى تارىخنىڭ
بىر ئادالەتسىز پۈرستى دەپ تۇرايلى، شۇنداقتىمۇ، بىزنىڭ ھا-
زىرقى مۇھىتىمىزغا ئوخشاشمايدىغان ئۆزگىچە بىر دۇنيانىڭ چوڭ
بىر پارچىسى بولغان يەسسەۋىي بوۋىنى بىر دەقىقىمۇ ئۇنتۇماستىن
ئىلاھىيلاشتۇرۇپ قاراش ھەقىقەتمۇ؟! خەيرىيەت، ئۆزبېكىستان-
مىز مۇستەقىل بولغاچ، ئۆز ئەۋلىيالىرىمىز — روھىي مەدەتكار-
لىرىمىزنى خۇدۇكسىرىمەي تاۋاپ قىلىشقا باشلىدۇق. ئەنە شۇنداق
پەدەرلىرىمىزنىڭ بىرىنچىسى، بەلكى يەسسەۋىي بوۋىمىزدۇر. س.
سىياپىفنىڭ ئۇشبۇ ئەسىرىدە يەسسەۋىي بوۋىمىزنىڭ ھايات يولى
ياكى تەرىقىتى ئىلمىي بايان قىلىنغان ئەمەس. بۇ ئەسەر تولۇق
مەنىدىكى بەدىئىي ئەسەر نەمۇنىسىدۇر. ئەسەردە شەيخ ھەزرەتلىرى
ھەمدە ئۇ زات ياشىغان مۇھىت تارىخىي ھەقىقەت باراۋىرىدە جانلىق
ھاياتىي تەسۋىرلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. يەسسەۋىي بوۋا
دۇنيا قارىشى ھەققىدە روھانىيەت ئالىملىرى قاتارىدا ئۆزىمىز كەبى
يۈزەكى، ئاددىي تارىخشۇناسلارمۇ تۈرلۈك پىكىرلەرنى بىلدۈرۈپ
كەلمەكتە. ئەسلىدە ھەزرەت يەسسەۋىي ئىنساننى باشقا مەۋجۇدات-
لاردىن كەسكىن ئايرىپ تۇرغۇچى روھ دۇنياسىنى تەتقىق قىلغان،
يەنى يۈقىرىدىكى ئىككى قۇتۇپنى بىرلەشتۈرگۈچىمۇ ياكى ئۇلا-
رنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرگۈچىمۇ نەپسى دېگەن.
يەسسەۋىي بوۋا مانا شۇ ئاددىي ۋە لېكىن سېھىرلىك ئاچقۇچ-

# 1. قەسەمخورنىڭ جازاسى

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي تۈركىستان مۈلكى-
نىڭ شەيخۇل ماشايىخىدۇر. مەرتىۋىسى ئالىي ۋە
مەشھۇر، كارامىتى مول ۋە چوڭقۇر ئەرمىش.
مۇرىت ۋە ساھابىلەر غايەت كۆپ، شاھ ۋە گاداي-
لار ئۇنىڭ ئىرادەت ۋە ئىخلاس ئاستانىدا بىھېساب
ئەرمىش.

— ئەلىشىر نەۋائىي

سەپەر ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈركىستان ئارا «شەيخ ھەزرەت-لىرى كەبە زىيارىتىنى ئىختىيار قىلىپتۇ!» دېگەن تەشۋىشلىك خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەر ئاۋات شەھەرلەر، جىمجىت كەنتلەر، زەپىران قىرلار، يايلاقلار، كۆجۈم باغلاردىن ئېشىپ ئەلدىن ئەل-گە، تىلدىن تىلغا كۆچتى.

تەبىئىيكى، كەبە سەپىرىنى بىرىنچى بولۇپ يەسـسـىلىكلەر ئاڭلىدى.

شەھەر بازىرىدا قارناق قىشلىقىدىن كەلگەن ئىككى دېھقان ئالما، ئۇزۇم سېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ بىرى نىزامىدىن خۇشرۇي، يەنە بىرى كامال قارا ئىدى.

— قارىۋاي، ئاڭلىدىڭمۇ، ھەزرىتى سۇلتان ھەجگە مېڭىپتۇ-مىش.

# مۇئەللىپتىن

كەمىنىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە شائىر خوجا ئەھمەد يەسسە-
ۋىيگە بېغىشلانغان رومانىم قېرىنداش ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈلۈپتۇ.
ئۇ ئىش مېنى غايەت سۆيۈندۈردى. تارىخقا نەزەر سالساق، ئۆزبېك
ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئەزەل - ئەزەلدىن قانداش ۋە جانداش
ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىمىز. بىزنىڭ تىلىمىز ۋە دىلىمىز ئورتاق،
ئەدەبىياتىمىز، سەنئىتىمىز، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز، ئەنئەنىلىرى-
مىز ئۆزئارا چېتىشىپ كەتكەن. شۇ مەنىدىن ئالغاندا خەلقلىرى-
مىزنىڭ شەيخۇل ماشايىخى بولمىش ئەھمەد يەسسەۋىي ھەزرەتلىرى
ھەققىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا جاراڭلىشى تەبىئىي ھال-
دۇر. بۇنداق ئىزگۇ ئىشنى پەقەت قۇتلۇقلىماق لازىمدۇر.

مەن بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەسىرىمنى ئۇيغۇر
تىلىغا ئۆرۈگەن جان پىدالارغا تەھسىن ۋە رەھمەت ئېيتىمەن،
ھەمدە بۇ ئەسىرىمنىڭ نەشر قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىپ كۈتىمەن.

سەئدۇللا سىيايېف

2005 - يىل 10 - ئاپرېل

چىقاردى.

— ئەگەر بىلىڭىزدە زۇننارىڭىز بولمىسا بىكارلىق! — دېدى ئەتەي ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.

قوش بەلباغلىق كىشىنىڭ قىسىق كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ كەتتى:

— نەپسىڭنى ئىسسىق قىل، ئەي بىتەۋپىق! زۇننارىدىن ئەل. ھەزەر! — دەپ قول شىلتىدى، — ئەلھەمدۇلىللا، ئىككى نۆۋەت ئېھرام باغلىغانمىز. شاھابىددىن ھاجى دېسەڭ ئىتمۇ ھەم، پىتمۇ ھەم تونۇيدۇ، سەن ئاڭلىماپسەن ـ دە، ساۋاتسىز!

— ئىت بىلەن پىت تونۇغاننى بىز قانداق بىلەيلى، تەقسىر...

ئىككى دېھقان بۇ ھاجىنىڭ ساراسىمىگە چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، قانغۇچە كۇلدى.

ھاجى بولسا بىر ساپ ئۇزۇمگە چاڭ سالدىيۇ، بىر نېمىلەرنى غودۇڭشىغىنىچە كېتىپ قالدى. كامال يەنە دەردىنى سۆزلىدى:

-- ئىشقىلىپ، ھەزرىتىم ھەجدىن ئامان ـ ئېسەن قايتسۇن!

— ئىنشائاللا!

— ئۇ كىشى بىزنىڭ يۆلەنچۈك تېغىمىز ئىدى.

— ھەرقانداق بالا ـ قازا كەلسە قاراتاغدەك كۆكسى بىلەن توسۇپ تۇراتتى.

— ھەجگە بارمىسىمۇ يۈز ھەج قىلغان ئادەمنىڭ ساۋابىنى ئېلىپ يۈرگەنىدى، شۇنداقمۇ؟

نىزامىددىن جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمىدى. بازارنىڭ بۇرجىكىدىكى كالتە مۇناردىن مەزىننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر! ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللاللا!...»

ئىككى دوست ئالدىراپ ـ تېنەپ مېۋىلىرىنىڭ ئۇستىگە بۆز يېپىپ قويۇپ، پېشىن نامىزىغا يول ئالدى.

ھەزرەت نامازنى خەلپىلىرى بىلەن بىرگە ئۆتىدى. سالات

كامال ئۇ سېۋەتتىن بۇ سېۋەتكە ئالما ئېلىۋاتاتتى.

— ياق، شۇنداقمۇ؟ — دەپ بىردەم تۇرۇپ قالدى.

— شۇنداق، بايا سەن يوق چاغدا دەرۋىشلەر: «شەيخۇل ماشايىخ، سۇلتانۇل ئارىپىن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ھەزرەتلىرى بەيتۇل مۇقەددەسكە ئاتلاندى!» دەپ توۋلىشىپ ئۆتتى.

— بىزنى خۇدا ئۇرۇپتۇ، — دېدى كامالنىڭ روھى چۈشۈپ، — ئەمدىلا ئىلىكخانلار زۇلمىدىن قۇتۇلغاندۇق، ئەمدى قاراقىتانلار كېلىپ قالمىسا بولاتتى.

— قاراقىتانلار كېلىمەن دېسە كېلىۋېرىدۇ، گورخان ئۈچۈن ئىككى دۇنيا بىر قەدەم.

— شەيخ بوۋا يېنىمىزدا بولسا كېلەلمەيدۇ. سۇلتان سەنجەر پىرىمگە قول بەرگەن. بىر ئىلىك خەت پۈتۈپ ئەۋەتسە، ئۇ گورخاننىڭ يولىنى كېسىپ تاشلايدۇ.

شۇ پەيت رەستىگە كۆك مووۇت چەكمەن كىيگەن، ئۆلىما سۈپەت بىر كىشى كەلدى. ئۇنىڭ بېلىدە قوش بەلباغ، قىپقىزىل مەڭزى بۆرتۈپ چىققان، كۆزلىرى قىيسىق ئىدى. بۇ يات كىشى ئۇندىمەي ئۈزۈم يېيىشكە باشلىدى.

— ھەي خۇشرۇي، شەيخ بوۋا شۇنچە يىل بىر يەردە تۇردى. نېمىشقا ئەمدى توساتتىن ھەجگە ئاتلىنىپ قالدىكىنە؟

كۆك مووۇتلۇق كىشى خىرىلداپ كۈلدى:

— شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭ يەتمەمدۇ، نادان؟ پىرىڭنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ قالغان. زاۋالدىن بۇرۇن مەككەئى مۇكەررەمەگە بېرىپ قىلغان گۇناھلىرىنى سېتىۋالماقچى ئۇ مەككار.

ئۇ يەنە ئۈزۈم تىرنىدى، ئۈزۈن، ئالا ساقىلىنى سىلكىتىپ ئۈزۈم چاينىدى.

— ئۈزۈم قانچىدىن بولدى؟ — دەپ نىزامىدىننىڭ يۈزىگە ھېجىيىپ قارىدى.

بۇ كىشىنىڭ تەكەللۇپسىز قىلىقلىرى خۇشرۇينى غەش قىلىپ تۇرغاندى، شەيخ بوۋىغا تىل تەگكۈزگىنى بولسا جەھلىنى

مۇدخان ئىبنى ئارسلانخاننىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى. ئۇن يەتتە -
ئۇن سەككىز ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ يىگىت تەبىئىتى يېقىم-
لىق، پەمى ئۆتكۈر، دىل ساھىبلىرىدىن، ئىككى يىل مۇقەددەم
قىبلىگاھى بىرلە شەيخ زىيارىتىگە كەلدى. كېيىن تۇغۇلغان يۇر-
تى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋەسلىـــدىن ۋاز كېچىپ، مۇشۇ يەردە
قېپقالدى.

— بۇزرۇكۋارىم...

شەيخ ئۇندىمەي تەسۋى سىيرىۋەردى، تەسۋىنىڭ بىرىيۈزبىرىن-
چى دانىسىنى ساناپ پاتىھە قىلدى. قۇتبىددىن ئىلدام ئولتۇرۇپ
دۇئاغا قوشۇلدى، كېيىن تارتىنغان ھالدا ئېغىز ئاچتى:

— بۇزرۇكۋارىم... سابراندىن كەلگەن شاھابىددىن ھاجى ئى-
جازەت سوراۋاتىدۇ.

شاھابىددىن... بۇ ئىسىم شەيخنىڭ دىلىغا خىرەلىك ئەكەلدى.
ھازىرلا جىسمى - جېنىنى چۇلغاپ تۇرغان ياغدۇنى بۇلۇت قاپلىغان-
دەك بولدى.

شاھابىددىن مەخسۇم بىر چاغلار دىل ساھىبلىرىدىن ئىدى.
ھەكىم سۇلايمان، سوپى دانىشمەن، بابا ماچىن كەبى مۇرىتلىرى
قاتارىدا يەسسەۋىيە تەرىقىتىگە روناق تىلەپ شەيخكە قول بەرگەن-
دى. كېيىن شەيتان ئۇنى يولدىن ئازدۇردى، نادانلىقنا بېرىلدى.
خارەزمدىن ئىمام مەرۋەزىي ھەزرەت بىلەن مۇنازىرە قىلىشقىلى
كەلگەندە، مەخسۇم ئۇنىڭ يېنىنى ئالدى. يەسسەۋىينىڭ لەۋزىگە
چاڭ سېلىپ، «مەنسۇرى ھەللاج — كاپىر!» دەپ ۋارقىرىدى.
نەچچە كۈنلۈك مۇنازىرىدىن كېيىن مەرۋەزىي يېڭىلگەچ، توۋا قىل-
دى، ئىللا - بىللا جەھرىيە تەرىقىتىنى قوبۇل قىلدىم، پىرىم،
گۇناھىمدىن ئۆتۈڭ، دەپ يەرگە باش ئۇردى. شەيخ مۇرۇۋۋەت
قىلدى. بىراق، مەخسۇم خانىقاھ شەرتلىرىگە چىدىمىدى. تۇغۇل-
غان يۇرتى سابرانغا كەتتى. مەدرىسىدە مۇتىۋەللى بولدى. نەپسىنىڭ
تىزگىنى قولدىن چىقىپ كەتسە، چارە يوق ئىكەن. شاھابىددىن
تالىپلارنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىپ، سابراندىنمۇ ھەيدەلدى.

تۈگىگەندىن كېيىن، سوپى دانىشمەن زەرناقىي ئۇنىڭ ئۈلۈك تەرىپى-
دە، ھەكىم ئاتا لەقىمىنى ئالغان خەلىپىسى سۇلايىمان سول تەرىپىدە
ئولتۇراتتى. يەنە بىر يېقىن مەھرىمى، دەسلەپكى ئۇستازى ئارس-
لانبابىنىڭ دىلبەندى بولمىش مەنسۇر خوجا دەرۋىشلەر سېپىگە
يېڭى كېلىپ قوشۇلغان ياشلارغا تەرىقەت ئەدەپلىرىنى ئۆگىتىپ
خانىقاغا قايتقان ۋە سەپكە قوشۇلغانىدى.

ھەزرەت يۈزىگە پاتىھە تارتىپ، جايىنامازنى يىغىشتۇردى، كې-
يىن سوپى دانىشمەن بىلەن سۇلايىمانغىمۇ ئىجازەت بەردى، شەيخ-
نىڭ يىگىتلىك چېغىدىن قالغان بىر ئادىتى بار ئىدى، ھەر قېتىم
ناماز ئاداسىدىن كېيىن تەنھا قېلىشنى ئىختىيار قىلاتتى، قولىغا
تەسبىھنى ئېلىپ، كۆزلىرىنى يۇماتتى، خىيال ئېتىغا مىنىپ،
ۋۇجۇد شەھىرىنى كېزەتتى، يەتتە ئىقلىمدا، توققۇز پەلەكتە سەيلە
قىلاتتى، ئەرشى - كۇرسىنى ئايلىناتتى، لەۋھۇ قەلەمدىن ئاگاھ
بولاتتى، ئەنە شۇ ئۇچقۇر ئات ئۇنى بۇراق كەبى مۇرادىغا يەتكۈزدى.
يالغۇز قېلىپ، ۋۇجۇدىنى سەيلە قىلىش — مۇلاھىزە، مۇشاھىدە،
تەكبىر تۈپەيلىدىن ئۇ غەۋسۇل ئەزەم مۇھەممەدىن گىلانىي تەرىقىتىگە
كۆڭۈل بەردى. بۇ تەرىقەتنىڭ بىر ئالتۇن پۇتاقى بولاي دەپ،
تۈركىي جەھرىيە سۇلۇكىنى تۈزدى. قەلب زىكرىسى تۈپەيلىدىن
تىلى تاۋلاندى، ھېكمەت ئېيتتى. تۈركىي تىلىدا لەتىپ ۋە نازۇك
مەنىلىك بېيىت ئېيتىپ بولماس دېگەن تەكەببۇرلارنىڭ ئاغزىغا
ئۇردى. شۇكرىكىم، ھېكمەتلىرى تۈركىستان ئارا مەقبۇل ۋە
مەشھۇر بولدى.

شەيخ قاپقاراڭغۇ ھۇجرىدا، گۈل سېلىنماستىن سىدام توقۇل-
غان ئەدىيالدا تەكبىر ئېيتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇ-
مۇق، قولىدا خورما تەسۋى، بارماقلار تەسۋى دانىسىنى ئاستا -
ئاستا سىيرىمەكتە، ھەر دانە سىيرىلغاندا ئالالنىڭ بىر ئىسمى
ئۇنىڭ يادىغا كېلىدۇ. تەسۋىنىڭ توقسان يەتتىنچى دانىسى سىيرىل-
غاندا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. شەيخ كۆزىنى ئاچتى. بوسۇغىدا خاس
خادىمى قۇتبىددىن تۇراتتى. قۇتبىددىن سەمەرقەنت پادىشاھى مەھ-

ساقلاپ، خالايىققا نەزەر سالدى. كىشىلەر ئىچىدە ئەۋلىيا بوۋىنىڭ
كارامەتلىرىنى مىڭ رەت ئاڭلىغان، لېكىن ئۆزىنى كۆرمىگەنلەر
كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەۋلىيا، دىۋەقامەت، ساقىلى كۆك-
سىگە چۈشكەن، سەللىسى سېۋەتتەك، تونىنىڭ يەڭ ۋە ئېتەكلىرى-
گە ھەرخىل ئايەتلەر چېكىلگەن ھەيۋەتلىك بىر كىشى بولۇشى
كېرەك ئىدى. ئەمما، ھەزرەت پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ئەنە ئۇ
ئويچان كۆزلىرىنى تىكىپ كىشىلەرگە ياۋاش بېقىپ تۇرۇپتۇ.
ئەگنىدە ئاپئاق، ئاددىي يەكتەك، ئىنچىكە ئورالغان چاغراق سەل-
لە، ساقال - بۇرۇتلىرىمۇ بېجىرىم، بېلىدە زەڭگەر بەلباغ،
جۇغىمۇ كىچىك.
كىشىلەر ھەيرەت بارمىقىنى چىشلىدى. شۇنداق كىچىك
تۇرق، تىك قامەت، خۇش سۇرەت بىر كىشىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلى-
كى، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدە توقسان مىڭ مۇرىتى بارلىقى، ھەتتا
پادىشاھلارنىڭمۇ ئۇ كىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىدىغان-
لىقى تەسەۋۋۇرغا سىغمايتتى. مەيدان ئېغىر گۇرۇلدىدى. بەزى
كىشىلەر ئالامانى ئىتتىرىپ، پېشايۋانسېرى ئىنتىلدى. شەيخ
ئەتراپىغا قارىدى. ئوڭ تەرەپتە سوپى دانىشمەن بىلەن مەنسۇر
خوجا، سولدا ھەكىم خوجا سۇلايمان بىلەن بابا ماچىننى كۆرۈپ،
قولىنى كۆتۈردى. ئەتراپ تىنچلاندى.
«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم!» دېدى ھەزرەت بوغۇق،
يېقىملىق ئاۋازدا.
مەيداندىن گۈلدۈرلەپ سادا كەلدى:
«ئاللاھۇ ئەكبەر!»
«ئاللاھۇ ئەكبەر!»
— ئەي، ئەھلى مۆمىن! ئاراڭلاردا شاھابىددىن دەپ ئاتالمىش
شەيخۇلرەئىسنى تونۇيدىغان مۇسۇلمان بولسا، مانا بۇ يەرگە چىقىپ
گۇۋاھلىق بەرسۇن.
مەيدان ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى.
— ھېچكىم ئۇنى تونۇمايدۇ؟

مەخسۇمنىڭ باشقا ئەدەپسىز ئىشلىرىنىمۇ شەيخ ئاڭلاپ تۇردى. يۇرت كېزىپ، خەلقئالەمنى ھەق يولغا دەۋەت قىلغۇچى دەرۋىشلەردىن خەۋەر كەلدى. شاھابىددىن بولتۇر سابىراندىن ھەيدەلگەچ، قاراتاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپتۇ. شەيخۇل ماشايىخنىڭ نامىدىن ئىرشات يېزىپ، ئۆزىنى قۇمكەنت خانىقاسىنىڭ سەرۋەرى دەپ ئېلان قىلىپتۇ. ئاشۇ يالغان ئىرشات مانا شەيخنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. مۆھۈرنى ئەينەن، ئەسلى مۆھۈرگە ئوخشىتىپ ئويدۇرۇپ چىقىپتۇ، بىتەۋپىق.

شەيخ قۇمكەنتكە ئادەم ئەۋەتىپ، مەخسۇمنى چاقىرتتۇردى. ئۇنى ئەلنىڭ كۆزى ئالدىدا مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلىتىپ سازاي قىلدۇرماقچىدى. بىراق، شاھابىددىن ھۆكۈمگە بويسۇنمىدى، قۇمكەنتتىن ھەجگە قاچتى. مانا ئەمدى ئۆزى كېلىپتۇ... نېچۈك ئاڭا ئىنساپ يەتكەندۇر؟

شەيخ يانپىشىدىن شاھابىددىننىڭ يالغان يارلىقىنى ئالدى - دە، ئورنىدىن تۇردى.

— مەخسۇم بىرلە ئەل ئالدىدا سۆزلەشكەيمىز، — دېدى ۋە مىخقا ئېسىقلىق سەللىسىگە قول سوزدى. قۇتبىددىن ئىلدام بېرىپ سەللىنى ئالدى ۋە ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى.

— بەرىكەت تېپىڭ، ئوغلۇم... ئادەم كۆپمۇ؟

— كۆپ، ئىسپىجاپتىنمۇ كەپتۇ...

شەيخنىڭ يۈرىكى سىيرىلدى، كۆڭلى غەلىيان قىلدى، ئىسپىجاپ ئۇنىڭ يۇرتى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مەنزىل. قىبلىگاھىنىڭ قەبرىسى، ئانىسىنىڭ بىر سىقىم تۇپرىقى ئىسپىجاپتا. نەچچە يىلدۇركى، زىيارىتىگە بارالمىدى. كۆڭلىنى ئارمان، نادامەت ئۆرتەيدۇ. ئاللا نېسىپ قىلسا، ئەمدى ئاز قالدى، بىرەر ھەپتىدە تاۋاپ ئەيلەپ كۆزلىرىگە سۈرتكۈسى.

ھەزرەتنى كۆرۈپ نۆكەرلەر ئوپول - تۇپول ئاتلىرىدىن چۈشتى.

سۇلتانۇل ئاردىپىن ئېگىز ئايۋاندا بىر مەزگىل سۈكۈت

دىكى؟ مانا ئەمدى خارلىق تۈپرىقىغا مىلىنىپ قارا يۈز بولدۇڭ، ھاجى!»

ئەسلىدە ئۇنىڭ باشقا ئىلاجىمۇ يوق ئىدى. يالغان پەتىۋا ئاشكارا بولغاچ، شاھابىددىن بىر يەردە تۇرالماي يۇرتمۇ يۇرت ئەمتىرەپ يۈردى. ئاۋۇ قاپاق باش دەرۋىشلەر ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى يەتتە ئالەمگە يېيىپ ئۇلگۇرگەنىكەن. مەخسۇم قايسى كەنت، قىشلاق ياكى مەھەللىگە بارسا «ئۆزىگە ئۆزى ئىرشات يېزىپ، شەيخ بولۇۋالغان كىشى سىز ئەمەسمۇ، تەقسىر؟» دېيىشىۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشمىدى، نېسىۋىسى قىرقىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن شاھابىددىن يا نامىنى ئۆزگەرتىپ ئەل تونۇمايدىغان يەرلەردە ئىستىقامەت قىلىشى، ياكى شەيخنىڭ ئالدىدا تۆۋا قىلىپ، غەزىپى يانسا بىرەر مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى سورىشى لازىم ئىدى. مەخسۇم ئىككىنچى يولنى تاللىدى. ئەمما، شەيخ ئۇنى كەچۈرمىدى. ئەقەللىيسى ئىستىغپار ئېيتىشقىمۇ قويمىدى، ئەكسىچە ئاۋام خەلقنىڭ كۆزى ئالدىدا شەرمەندە قىلدى.

— ئەي، مۆمىنلەر! — ھەزرەتنىڭ تاۋۇشى يىراقتىن، گويا سامادىن گۈمبۈرلەپ كەلگەندەك بولدى، — شەرىئەتنى مۇستاپاغا شەك كەلتۈرۈپ، بىراۋنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلغان، يالغان پەتىۋا بىلەن كىشىلەرنىڭ رىزقىغا چاڭ سالغان، ئىلىم ئېلىپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلمىغان، مۇناپىق، نەپسانىيەتچى كىشىنىڭ جازاسى نە بولغاي؟

خالايىق ھاۋاغا مۇشتىنى شىلتىپ شاۋقۇن سالدى. سەپ ئالدىدا تۇرغان ئۆلىمالاردىن بىرى «سازايى قىلىنسۇن!» دەپ ۋارقىرىدى.

— سازايى قىلىنسۇن!

— ساقال - بۇرۇتى قىرىلسۇن!

— مەسچىتكە يولاتماسلىق كېرەك، بۇنداق نەپسى بۇزۇقنى!

شاھابىددىننىڭ ئۆتى يېرىلغۇدەك بولدى، جېنى ھەلقۇمغا تىقىلدى. نەزىرىدە ھازىر، مۇشۇ يەردە قول - پۇتىنى باغلاپ

— ياق! بىز ھەزرىتى سۇلتاننى تونۇيمىز! شەيخ شاھابىددىننى تونۇمايمىز، — دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلاندى.

— نېمىشقا تونۇمايسىلەر؟ مانا ئۇ كىشى، — شەيخ سول يېنىغا ئۆرۈلدى، — تەقسىر، مۇرىتلىرىڭىزغا ئۆزىڭىزنى بىر كۆرسىتىڭ...

شاھابىددىن ھەزرەتتىن بىر قەدەمچە كەينىدە تۇرغانىدى، تېپىرلىدى، خۇدۇكسىرەپ خەلقنىڭ نەزىرىدىن قاچماقچى بولدى. بىراق، بابا ماچىننىڭ تۆمۈر پەنجىسىدىن قۇتۇلالمىدى. بابا ماچىن ئۇنى گەجگىسىدىن مەھكەم تۇتۇپ ئايۋاننىڭ لېۋىگە ئەكەلدى. كىشىلەر كۆك مووۋت تون كىيىپ، بېلىنى ئىككى يەردىن باغلىغان قالماق سۇپەت كىشىگە ئەجەبلىنىپ قاراشتى. شەيخ بايىقىدەك مۇلايىم ئاۋازدا خىتاب قىلدى:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانابلىرى «ئەل كەززابۇ لەئۇممەتى»[1] دەپتۇرلەر. ئالدىڭلاردا تۇرغان ئاسىي بەندە بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى بىلمەسمىدى؟ بىلەتتى. ئەمما، رىئايە قىلمىدى. ئاللانىڭ غەزىپىدىن قورقماي يالغان سۆزلىدى. ھەق يولىغا كىرگەن تالىبى ئىلىملەرنىڭ ھەققىنى يېگەن، ئۆزىنى تەڭداشسىز شەيخ چاغلاپ، بىھايالىق بىلەن ئۆزىگە ئۆزى پەتىۋا يېزىۋالغان، ئەھلى مۆمىنىنىڭ كۆزىنى بوياپ، رىياكارلىق قىلغان، نەپسى ھايۋاننى دەپ، ئاخىرەتنى ساتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈزىنى قېلىن قىلىپ، ئەل ئىچىدە ھاجىلىق دوپپىسىنى كىيىپ كېرىلىپ يۈرگەن كىشىنى قانداق ئادەم دېگىلى بولسۇن!

شاھابىددىن ھاجىنىڭ ئۈمىدى تۈتەككە ئايلاندى. «ئاھ، قېرىپمۇ قويۇلمىغان بېشىم، — دەپ ئۆزىنى قارغىدى ئىچىدە، — گۇمراھ بولمىساڭ، شۇ تەكەببۇر شەيخنىڭ ئالدىغا بويۇن ئېگىپ كېلەرمىدىڭ؟ ئەمدى نېمە بولدۇڭ؟ نامىئەمالىڭنى بىلمىگەنلەرمۇ بىلىۋالىدىغان بولدى. ۋادەرىخا، قايسى جىن ئۇردى سېنى؟ ھەي، شاھابىددىن ھاجى، نېمىشقا كەلدىڭ بۇ يەرگە، نېمىشقىمۇ كەل-

---

[1] يالغانچى ئۈممىتىم ئەمەس. («ھەدىس»)

«قۇرئان كەرىم» نى مىڭ رەت خەتمە قىلدى، ئەمما قۇرئاننى تۇتۇپ، يالغاننى راست دەپ قەسەم ئىچكەن قەسەمخورنى تۇنجى مەرتىۋە كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

شەيخ ياقىسىغا قولىنى سوزدى. «ئەستاغپۇرۇللا! ئەستاغپۇرۇللا!» دەپ ئىچىدە كەلىمە ئېيتتى. تىلىدا ئىستىغپار، دىلىدا ئۆزگە بىر ئايەت، ئۆزگە بىر دۇئا...

— ئەگەر يالغان سۆزلەۋاتقان بولسام يەر بىلەن يەكسان بولسامۇ، ئاغزى - بۇرنۇم قىڭغىر كەتسىمۇ رازىمەن...

هاجى قۇرئاننى سۆيۈپ، مەنسۇر خوجىغا ئۇزاتتى ۋە ھەزرەت تەرەپكە غالىبانە قاراپ قويدى - دە، ئىككى قەدەم نېرى بولدى. شەيخ ۋۇجۇدىدىكى يالغۇز ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان روھىي قۇۋۋەتنى يىغىپ، هاجىنىڭ كۆزلىرىگە قاتتىق تىكىلدى. شاھابىددىن چايقىلىپ كەتكەندەك بولدى، كېيىن ئايۋاننىڭ چېتىگە قاراپ ماڭدى. شەيخ ئۆتكۈر نىگاھى بىلەن هامان ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. هاجى «چاڭگىلىڭدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلدۇم، ئەمدى قانداق قىلارسەن؟» دېگەندەك، مەمنۇن ھىجايدى. ئۇ ئۇزۇنچاق ئايۋاننىڭ چېتىگە باردى ۋە «بىسمىللا!» دەپ پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە تەمشەلدى.

شەيخنىڭ قارامتۇل يۈزى سۇرلۇك تۈس ئالدى، لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس قىمىرلاپ، پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى كۆرۈندى.

ئايۋان ئىككى گەزچە كېلەتتى. هاجى ئۈچ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، تۆتىنچىسىگە كەلگەندە قېقىلىپ كەتتى - دە، ئۈچ دومىلاپ پەسكە چۈشتى.

خالايىق يەردە دادلاپ ياتقان هاجىغا ئەمەس، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىۋاتقان ھەزرەتنى سۇلتانغا ئەيمىنىپ قاراشتى.

شاھابىددىن هاجىنىڭ قولى سۇنغان، جاۋغىيى چىقىپ، ئاغزى قىڭغىيىپ قالغانىدى.

ساقال ـ بۇرۇتىنى قىرىپ تاشلايدىغاندەك، لاغىلداپ تىترىدى.

— يالغان! — دېدى ئۇ خىرىلداپ، — شەيخ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئېيتىكىنى كۆزۈمگە سۈرتمىدىم. شۇ سەۋەبتىن مەندە قەستى بار.

شېيخ سول يېنىغا قاراپ «مۇسھەپ!» دېدى كەسكىن. مەنسۇر خوجا قولىدىكى قۇرئاننى ئىككى قوللاپ شاھابىددىنغا تۇتتى.

— ئېلىڭ! — دېدى شەيخ ھاجىغا، — مانا شۇ كالامۇللانى تۇتۇپ قەسەم ئىچىڭ! يالغان سۆزلىگەن بولسىڭىز سىزنى خۇدا ئۇرسۇن، ئەگەر مەن يالغان سۆزلىگەن بولسام مېنى خۇدا ئۇرسۇن!

شاھابىددىن ئىككىلەندى، ئەگەر قۇرئاننى تۇتۇپ قەسەم قىلمىسا، ھازىر ئېيتقان سۆزلىرى يالغانغا چىقاتتى، ئۇنداق بولسا راستتىنلا قول ـ پۇتىنى باغلاپ ساقىلىنى قىرىپ تاشلاشلىرى مۇمكىن ئىدى. ھاجى مۇناپىقلىقنىڭ كەچۈرۈلمەس گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، قۇرئاننى قولىغا ئالدى، ماڭلىيىغا سۈركەپ سۆيدى، كېيىن ئۇنى كۆكسىگە بېسىپ تۇرۇپ خالايىققا ئۆرۈلدى.

— مانا شۇ كالامۇللا بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، شەيخ مەندەك بىر بىگۇناھ مۆمىن مۇسۇلمانغا تۆھمەت تېشىنى ياغدۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بىر يىل مۇقەددەم ماڭا ئۆز قوللىرى بىلەن شاھادەتنامە يېزىپ بەرگەن ئىدىلەر، ئەمدى بولسا، ئاشۇ شاھادەتنامىدىن ھەم ئۆزىنىڭ مۆھرىدىن تېنىپ، كەمىنىدەك مۇسۇلمانى كامىلغا بەتنام قىلدى... ئەگەر يالغان سۆزلەۋاتقان بولسام...

كىشىلەر نەپەس ئالماي، ئاۋازى، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ قەسەم ئىچىۋاتقان ھاجىغا تىكىلدىلەر. ئۇلار، «ئەجەبا ھەزرىتى سۇلتان بىر مۇسۇلمانغا تۆھمەت قىلسا...» دېگەن گۇماندىن ھەيران ئىدى.

شەيخ بولسا، ھاجىنى بۇنچىلىك قىلىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدى. ئەللىك يىلدۇركى، ئۇ تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل،

— قاچان يالغان سۆزلىدىم؟

— قايسى كۈنى خوتۇنۇڭغا «سەندىن باشقىسىنى دېسەم، تىلىم كۆيسۇن» دەپ قەسەم ئىچكىنىڭچۇ، قارىۋاي؟

— بۇ دېگەن باشقا گەپ. شۇنىڭدىن بېرى خوتۇن يېپەكتەك بولۇپ كەتتى. يۈر، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن يولغا چىقىۋالايلى. تېخى بازاردىن بالىلارغا ئۈنى - بۇنى ھەم ئېلىشىمىز كېرەك.

ئىككى دوست بازارغا قاراپ ماڭدى.

مەنسۇرخوجا بىلەن ھەكىم سۇلايمان شەيخنىڭ كەينىدىن ماڭ-
دى. سوپى دانىشمەن خالايىققا ئىككى ئېغىز سۆز قىلدى:
— سۇلتانۇل ئارىپىن ھەزرەتلىرىنىڭ سىلەرگە ئېيتىدىغان
ۋەسىيەتلىرى بار ئىدى. ئەپسۇسكى ۋەزىيەت بۇنداق بولۇپ قالدى.
ئاللا نېسىپ قىلسا، رەبىيەلئەۋۋەلنىڭ ئىككىنچى ھەپتىسى ھەز-
رەت مەككەئى مۇكەررەمگە ئاتلانغۇسى. سەپەردىن بۇرۇن يەنە كۆ-
رۈشۈپ، شەيخىمىزنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى ئاڭلىغايسىلەر، قېنى
ئامىن، ياراتقان ئىگەم ھەربىر مۆمىن بەندىسىنى ئىماندىن ئايرىمى-
سۇن، بالا - قازادىن ساقلىسۇن.
خالايىق دەرھال دۇئاغا قوشۇلدى. كىشىلەر تارقىلىشقا باش-
لىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كامال قارا بىلەن نىزامىددىن خۇشرۇي-
مۇ بار ئىدى. ئۇلار تەشۋىشتە قالغان كىشىلەرگە قوشۇلۇپ،
ئۆزئارا سۆزگە چۈشتى:
— كامال، يامان بولدى - ھە؟
— شۇنداق، يامان بولدى، خۇشرۇي، توڭگۇزغا يەم بولغۇر
ھاجى، يالغان سۆزلەپ، تىترەپ تۇرغۇچە، توۋا قىلدىم دەپ
قۇتۇلمامدۇ؟
— شۇنى دېمەمدىغان، سۇلتان بىلەن ئېلىشىپ بولامدۇ؟
ئاتام رەھمەتلىك دەيتتى، شەيخ بوۋا «كەچۈرىمەن، لېكىن كەچ
ئۈرىمەن» دەر ئىكەنلەر.
— بۇ نېمە دېگىنى، خۇشرۇي؟
— ھەي ئوقۇمىغان، سەن گۇناھ قىلساڭ ئۇ بىر كەچۈرىدۇ،
ئىككى كەچۈرىدۇ... ئەمما ئۈچىنچىسىدە ئاۋۇ ھاجىدەك بولىسەن،
دېمەكچى، قارىۋاي، كۆردۇڭمۇ، قۇرئاننى پەش قىلغىنى ئۈچۈن
قولى سۇندى، يالغان سۆزلىگىنى ئۈچۈن ئېغىزى قىڭغىيىپ
قالدى.
— بولدى قىل، ئۇنىڭغا پەقەت ئىتلا ئوخشىسۇن.
خۇشرۇي دوستى بىلەن چېقىشتى:
— بەزىدە سەنمۇ يالغان سۆزلەپ قويىسەن.

شەيخنىڭ ئۆمرى مەسچىت خانىقاسىدا خەلپىلەر، مۇرىتلار ئارىسىدا ئۆتىدۇ، ئۆيگىمۇ تۇنگىلى گاھى ـ گاھىدا كېلىدۇ. مۇساپىرچىلىقتا ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىپ ئۆگىنىپ كەتكەنمۇ قانداق، كىيىملىرىنى ئۆزى يامايدۇ، يۇيۇش، تۇگمە قاداش ئىش-لىرىنى ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئۆزى قىلىدۇ. رۇقىيە-بۇۋى ئىككى قىز بىلەن بىر ئوغۇلنى باغرىغا بېسىپ، مەسچىتنىڭ يېنىدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆيدىن ئىبارەت تارغىنا ھويلىدا ئەل قاتارى ئوتتۇرا ھال ياشاپ كەلمەكتە.

ھەزرەت ھويلىغا چىقتى. ھويلىدىن گۈپ قىلىپ رەيھاننىڭ ھىدى كەلدى. مۇزدەك ھاۋا ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇلدى، روھى يايراپ كەتتى. ئۇ كىچىككىنە ئىشكىنى ئاستا ئېچىپ بوسۇغىدىن ئاتلىدى. شەيخنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ دۆڭرەك قىسمىدا، قەلئە سې-پىلىغا يېقىن ئىدى. ھەزرەت ھاۋادىن مەست بولۇپ، بىر لەھزە تۇرۇپ قالدى. ئاسمان چېچەكلىرى — يۇلتۇزلار ئۆزئارا كۆز قىسىشىپ، گويا شىۋىرلىشىۋاتقاندەك ئىدى، تولۇن ئاي بولسا ماھىر ناۋاينىڭ قولىدىن چىققان يۇپقا ناندەك يالتىرايتتى.

شەيخ مەسچىتنىڭ سىرتىغا ئۆتتى. ئۇزۇن، كەڭ شوتىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىردەم ئويلىنىپ تۇردى ـ دە، «بىسمىللا!» دەپ ئۆگزىگە چىقىشقا باشلىدى. ئۇ ئەزەلدىن مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە چىقمىغانىدى. بۇ نۆۋەت كۆڭۈل رايىغا قارشىلىق قىلالمىدى. شەھەرگە ئۈستىدىن نەزەر سېلىشنى، كۆزلىرى تالغۇچە بې-قىشنى خالاپ قالدى. ئېھتىمال بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى نەزىرىدۇر، ئېھتىمال...

ئۆگزىگە چىقتى. ئۆگزە سەل سالقىنراق ئىكەن، تېنى شۈر-كۈندى. ئۇنىڭغا ئاسمان يېقىنلاپ قالغاندەك، يۇلتۇزلارغىمۇ قول سوزسا يەتكۈدەك، پەلەك بولسا بېشىغا سايە تاشلاپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى. شەيخ ئەتراپقا باقتى، يەسسىدىكى ئەڭ ئېگىز ئىمارەت مانا شۇ مەسچىتى سۇلتانىيە ئىدى. شەھەر گويا بىر ئەزىم پەتنۇس ئۈستىدە تۇرغاندەك ئېنىق كۆزگە تاشلىناتتى. كۈنگۈرىلىك قەلئە

# 2. يىغلىما، ئانا

جەننەت — ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر.

— ھەدىس

ھىجرىيە 541 - يىل رەبىئەلئەۋۋەلنىڭ ئون ئۈچىنچىسى. پەيشەنبە. ياز ئاخىرلىشىپ سۇنبۇلە كىرگەن. يېرىم كېچە. شەھەر شېرىن ئۇيقۇدا.

شەيخ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانىدى، كۆزلىرى چارچاپ كىتابنى ياپتى، يۈزىگە پاتىھە تارتىپ ئورنىدىن تۇردى، يەڭگىل كىيىنىپ تاشقىرىغا قاراپ ماڭدى. ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا رۇقىيەبۇۋىگە دۈچ كەلدى. رەپىقىسى بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى.

— ئاتىسى، بىرەر خىزمەت بارمىدى؟

— بەھوزۇر دەم ئېلىۋېرىڭ، تېخى سۈبھىگە خېلى بار. سەيلە قىلغۇم كەلدى.

رۇقىيەبۇۋى ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن مەيۈس قاراپ قالدى. ئۇ جۈپتى ھالالىغا مىننەتسىز خىزمەت قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن ساۋاب دەپ بىلىدىغان ئاقىلە، زېرەك ئاياللار تائىپىسىدىن ئىدى. بىراق... مانا خۇداغا شۈكۈر، شەيخ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغىلى يىگىرمە يىل بولۇپتۇ. ئەنە شۇ يىگىرمە يىلدىن بېرى شەيخ ئۇنىڭغا ئانىلىق خىزمىتىدىن بۆلەك ۋەزىپىنى راۋا كۆرمىدى.

دەرەخلەر، سىلەردىن ئېتىلغان شېرىن مېۋىلەر ئۈچۈن رازى بولۇڭ۔
لار! شاماللار، غەمكىن چاغلىرىمدا يۈز ـ كۆزلىرىمنى سىيپاپ
تەسەللى بەردىڭىزلەر، گۈللەر، چېچەكلەر، سىلەر دىمىغىمنى
خۇشبۇي ھىدلارغا تولدۇردۇڭلار، باغرىمغا جەننەت نەپسىنى ئاتا
قىلدىڭلار، سىلەرمۇ رازى بولۇڭلار! ئەي ئەزىم سەيھۇن، سېنى
بېھىشت دەريا دېيىشىدۇ، چۇچۇك سۈيۈڭدە قايتا يۈز چايقاش
نېسىپ قىلسۇن. دانالارنىڭ دەردىدەك ۋەزمىن تاغلار، مىسكىن
مۇساپىرنىڭ خىيالىدەك پايانسىز سەھرالار، ئاۋات كەنتلەر، ئا۔
ۋۇللار، سىلەرمۇ رازى بولۇڭلار! قۇل خوجا ئەھمەد يەسسەۋى
ئاتلىق بىر ئۈممىتىم بار ئىدى، تىلى ئۆتكۈر، كۆزى نەملىك،
دىلى غەملىك خاكسار ئىدى، دەپ ياد ئەيلىگەيسىز! تاكى كۆزۈم
ئوچۇق ئىكەن، مەنمۇ سىلەرنى دۇئا بىرلە ياد ئەتكەيمەن. رازى
بولۇڭلار، ھەممىڭلار رازى بولۇڭلار...»

ھەزرەتنىڭ كۆڭلى بوشاپ قالغاندەك بولدى، ئەمما روھى
روشەنلىشىپ قالدى، تۆت تەرىپىگە ئۆرۈلۈپ ھامان غەپلەت ئۇيقۇ۔
سىدا ياتقان شەھەرگە قايتا ـ قايتا باقتى، گويا شۇ بېقىشتا شەھەر
بىلەن ئۇنىسىز ۋىدالاشتى، كېيىن ئالدىرىماي پەسكە چۈشۈشكە
باشلىدى، مەسچىتكە كىرمەكچى بولدى، ئەمما رۇقىيەبۇۋىنى ئەس۔
لەپ ئۆيىگە بۇرۇلدى.

رۇقىيەبۇۋى يېنىپ ئاخىرلىشىپ قالغان خىرە شامنىڭ ئالدى۔
دا پەدەرنى ئوقلاپ، ئېڭىكىنى تايىنىپ ئولتۇراتتى، سىرتتىن
كەلگەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئىلدام قوزغالدى. ھەزرەت ئۇنىڭ۔
مەي خاس خانىسىغا كىردى. رۇقىيەبۇۋى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. شەيخ
مېھرابىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. رۇقىيەبۇۋى تەكچىدىكى چوڭ شام۔
دانىنى ياقتى. «بىرەر خىزمەت بارمۇ» دېگەندەك رومىلىنىڭ ئۇچى۔
نى چىشلەپ ئىنتائەتمەنلىك بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

— نان بىلەن سۇ كەلتۈرۈڭ، ئانىسى، — دېدى شەيخ.
رۇقىيەبۇۋى ئېرىنىڭ ئالدىغا بۆز داستىخاننى سالدى، نېرىقى ئۆي۔
دىن ئىككى نان، بىر ئاياق سۇ ئېلىپ كىردى.

سېپىللىرى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاتابېگى بۇغراخان قۇر-
دۇرغان مەدرىسە، بازار تاملىرى، مۇساپىرخانىلار، بىر - بىرىگە
تۇتىشىپ كەتكەن پاكار ئۆيلەر، ئاندا - ساندا ئۇچرايدىغان باغلار،
كۆللەر... ھەممىسى پەستە ئىدى. ئەنە، باش قوۋۇقنىڭ ئالدىدا
دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ياتقان مۇساپىرلار، كىمدۇر ھار-
ۋىدا چاپىنىغا ئورىنىپ ئۇخلاپ يېتىپتۇ. باشقىلار ئاتلىرىنى،
ئېشەكلىرىنى باغلاپ قويۇپ قارا يەردە بېشىنى ساڭگىلاتقانچە
مۈگدەشمەكتە.

شەيخ كۈنپېتىشقا ئۆرۈلدى. شىرىلداپ قىبلە شامىلى ئەستى.
بۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنى
مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىدە ئەمەس، ئەراپات تېغىدا تۇرغاندەك ھېس
قىلدى.

يۇلتۇز ئۆچتى. كىچىك بىر يۇلتۇز يالقۇنغا ئايلىنىپ، ھاۋانى
ئالتۇن يايدەك تىلىپ ئۆتتى. بۇ ھالەتنى شەيخ ئۆزىگە قىياس
قىلىپ تەبىرلىدى. نۇرلۇق سىزىق پەلەكتىن ۋۇجۇدىغا كۆچتى.
كۆكسى تىترەپ، ئۇستىدىكى ئەنە شۇ قۇببەتۇل ئاسمان كەبى
مەۋھۇم ۋە چەكسىز خىيالغا غەرق بولدى، قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ
مۇناجات قىلدى: «پەرۋەردىگارى ئالەم ئىنايەت ئەيلەپ يول بەرسە،
بۇگۈن مەككەئى مۇكەررەمە سىرى ئاتلانغايمىز. نېسىپ قىلسا،
ھەجەرۇل ئەسۋەتنى كۆزگە سۈرتۈپ، يەنە يۇرتقا قايتارمىز. مۇبادا
بىر سىقىم تۇپرىقىمىز يات ئەللەردە بۇيرۇلغان بولسا، نە چارە،
ياراتقاننىڭ ئىرادىسى... قايتىپ سىزنى كۆرەلمىسەك رازى بولۇڭ،
ئاتا يۇرت ئاسمىنى! غېرىبلارنىڭ كۆز يېشىدەك پارلىغان يۇلتۇز-
لار، سىلەرمۇ بىزدىن رازى بولۇڭلار. كېچىلىرى ئازغان يولۇچى-
لارنىڭ يولىنى يورۇتقۇچى ئاسمان - پەلەك، رازى بولۇڭ! ئۇزاق
ئۆتمەي يۈز كۆرسىتىدىغان قۇياش، سىز تىرىكلىكنىڭ سەۋەبچى-
سى، كۆللى بارلىقنىڭ ئۆمرىنى داۋام ئەتكۈچىدۇرسىز، ئاتمىش
بىر يىل بۆشۈك كەبى مۇرەببىلىك قىلغىنىڭىز ئۈچۈن رازى بو-
لۇڭ! ئىرىقلار، سىزلەردىن ئىچكەن سۇ ئۈچۈن رازى بولۇڭلار!

ھەزرەتنىڭ يەنە بىر گېپى بار ئىدى. ئۇنى ئېيتسا رۇقىيەبۇ. ۋىنىڭ رازى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئايالىنىڭ مەھ. ىزۇن كۆڭلىنى بەتتەر ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرۇپتۇ، بىراق بەربىر ئېيتىشقا جەزم قىلدى.

— ئانىسى، مەن ئىبراھىمنىمۇ ھەجگە بىرگە ئېلىپ بارسام دەپ نىيەت قىلىۋىدىم... ئەلۋەتتە سىز رازى بولسىڭىز.

رۇقىيەبۇۋىنىڭ يۈرىكى پارە بولدى. ئۇ شەيخ تەرەپكە قول سوزۇپ موككىدە يىقىلدى، ئېرىنىڭ ئېتىكىنى مەھكەم تۇتۇپ ھۆركىرەپ يىغلىدى.

— مېنى يالغۇزۇمدىن جۇدا قىلماڭ، شەيخىم! مەن شور پېشانىگە رەھىم قىلىڭ!... بىر يولى ئىككىڭلاردىن ئايرىلسام... ئىككىلا قولۇم كېسىلمەسمۇ؟ بىز ھەققىڭىزگە دۇئا قىلىپ ئولتۇ. رايلى. ئاللا يولىڭىزنى راۋان قىلسۇن. يالغۇز ئوغلۇمنى قويۇپ كېتىڭ، شەيخىم...

— يىغلىماڭ، ئىبراھىم يېنىڭىزدا بولىدۇ، — دېدى ھەز. رەت. بىر زەئىپەنى ئىككى قىز بىلەن تاشلاپ كېتىش نائىنساپلىق ئىدى. شەيخ خاتا ئويلىغانلىقىنى بىلدى.

رۇقىيەبۇۋى بېشىنى كۆتۈردى، يۈز ـ كۆزىنى سۈرتۈپ، ئاياقتىكى سۇدىن ئولتىلىدى، كۆڭلى بېسىلغاندەك بولدى. ئۇ ئېرى. نىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ. كەم سۆز، ئەمما كەسكىن، بىر ئىشنى ئېيتتىمۇ بولدى، ئېيتقىنىنى قىلىدۇ. شەيخنىڭ سۆزى، ئەزمى ـ قارارى مۇھاكىمە قىلىنمايدۇ، ئۇ پەرز بولمىسىمۇ، ۋاجىپ ئىدى.

ھەزرەت بىر ناننى ئېلىپ ئىككىگە بۆلدى، يېرىمىنى رۇقىيە. بۇۋىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— مەن ئۇلۇشۇمنى ئېلىپ كەتكەيمەن. بۇنى سىز ئاسراڭ. ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلسەم، ئىككى يېرىمنى بىرلەشتۈرگەي. مىز. ئاللا ھەركىمنىڭ رىزقىنى پۈتۈن قىلسۇن. ئامىن!

شەيخ سۇدىن بىر ئوتلاپ، ئاياقنى ئورنىغا قويدى ـ دە،

— ئولتۇرۇڭ، ئانىسى، — دېدى شەيخ، — سىزگە ئىككى ئېغىز گەپ بار.

رۇقىيەبۇۋىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى ۋە ئاستا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. نەزىرىدە ئېرىدىن شۇ كەمگىچە ئاڭلىمىغان قالتىس بىر گەپنى ئاڭلايدىغاندەك چۆچۈدى. شەيخنىڭ ئويچان يۈزىگە ئەيمىنىپ. قىنا لەپپىدە بىر نەزەر سالدى.

شەيخ ئاياق بىلەن ناننى ئوتتۇرىغىراق سۈردى، يەردىن كۆز ئۈزمەي مۆڭلىنىپ ئولتۇرغان رۇقىيەبۇۋىگە قاراپ ئاستا دېدى:

— ئانىسى، مەن سىزدىن رازىلىق سورىماقچىمەن. ئاللا نىيىتىمىزگە يەتكۈزسە، بۈگۈن يولغا چىققايمىز. سىزدىن يوشۇر. مايمەن، يول يىراق، بېرىش - كېلىش ئارىسىدا بىر يىل ئۆتىدۇ. ئىنشائاللا، پەرزنى ئادا قىلىپ، يەنە مۇشۇ داستىخاننىڭ يېنىغا قايتقايمىز، دېگەن ئۈمىدتىمەن. لېكىن، ئىنسان بالىسى ئەتە نېمە بولۇشنى بىلمەيدۇ. بۇ قۇتلۇق نەپەس بارچىمىزگە ئامانەتتۇر. مۇبادا قازايىمىز يېتىپ... بۇ تۇپراقنى قايتا كۆرۈش نېسىپ قىلمى. سا، رازى بولۇڭ، ئانىسى...

رۇقىيەبۇۋى پىخىلداپ يىغلىدى.

— كۆز يېشى قىلماڭ، كۆز يېشنى كېيىنگە قويۇڭ.

رۇقىيەبۇۋى دەرھال كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— يىگىرمە يىلدىن بېرى بىمىنىنەت خىزمەت قىلدىڭىز. چەك. كەن زەخمەتلىرىڭىزگە رازى بولۇڭ. قولىڭىزنى ئۆكسۈتكەن بول. سام ئۆزرە، بەزىدە قاتتىق - قورۇق سۆزلەپ قويدۇم، ئۇنىمۇ كەچۈرۈڭ، ئانىسى. مەن سىزدىن رازىمەن، سىز ھەم مەندىن رازى بولۇڭ. قىيامەت كۈنى يورۇق يۈز بىلەن دىدار كۆرۈش. كەيمىز.

رۇقىيەبۇۋىنىڭ بېشى ئېگىلىپ، تىزىغا تېگەي دېدى. ئېرى. نىڭ ئۆگەتكىنىنى ئۇنتۇپ، ئۈنسىز يىغلاشقا باشلىدى.

— مەن مىڭ مەرتە رازىمەن، شەيخىم... سىزمۇ رازى بولۇڭ...

كۆن نەيزە بويى كۆتۈرۈلدى. ئەل ـ ئۇلۇس بىلەن خوشلىشىش ۋاقتى بولغانىدى. ھەزرەت خەلپىلىرى، ئۇلىما، مۇرىتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەسچىتنىڭ ئايۋىنىغا چىقتى. خالايىق تۈنۈگۈنكىدىن ئون ھەسسە كۆپ ئىدى. مەيدانغا سىغمىغانلار ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ تېمىغا، قىلئە ئۈستىگە چىقىپ، سۇلتانۇل ئارىپنىنىڭ ۋەزنى ئاڭلاشقا تەشنا بولۇپ تۇرۇشاتتى.

شەيخ كىرپىك قاقماي مۆلدۈرلەپ تۇرغان قارا كۆزلەرگە بېقىپ بىر لەھزە خىيالغا پاتتى: «بۇلار نېمە ئىستەيدۇ؟ يەنە ئەمرىمەرۇپقا ئۈندەمدۇ؟ ئەمرىمەرۇپ، پەند ـ نەسىھەت بىلەن يامان كىشى ياخشىغا ئايلانسا، دۇنيادا ئوغرى ـ كاززاپ، زىناكار، ئاچ كۆزلەر قالماس ئىدى. نە ئىلاج، چىقمىغان جاندا ئۈمىد بار، دېگەن گەپ بار. تامچە تاشنى تېشەرمىش. ئەجەبا، بۇ ئازغىنا پەند ـ نەسىھەتىمىز مىڭ قۇلاقنىڭ بىرىدە توختاپ ئىجابەت بولسا؟»

ھەر قېتىم ۋەز ئېيتقاندا شەيخنىڭ كۆكسىدە ئوتلۇق بىر ئىلھام پەيدا بولاتتى. ھازىرمۇ ئەنە شۇنداق ئىلھام تاشقىنىدىن دىلى پارتلاپ سۆز باشلىدى:

— بۇرادەرلىرىم! ئاراڭلاردا ئۆكسۈگەنلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئۇلار بەلكىم، بىزمۇ مەككەئى مۇكەررەمەگە بېرىپ ساۋابقا نائىل بولساق، دەپ ئۆرتىنىۋاتقاندۇر. بۇنداق ئۆرتىنىش ھاجەت ئەمەس. ھەج پەرزدۇر. چۈنكى، ھەق مۇستاپا: «ئاللاتائالا كۆرۈنۈشۈڭلارغا ئەمەس، قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ» دېگەن. جەننەتنىڭ بەدىلى مەككە يولىدا ئەمەس، ھەربىر بەندىنىڭ مانا بۇ يېرىدە، پاك قەلبىدە. بەزىبىر گۇمراھلار بار، پەرزەنتلىرىنىڭ رىزقىنى قىيىپ، يېمەي ـ ئىچمەي ھەجگە خىراجەت يىغىدۇ. بۇنداق يول بىلەن يىغىلغان خىراجەت ھەجگە راۋا ئەمەستۇر. ئەھلى ئايال، بالا ـ چاقا، قولۇم ـ قوشنا، مىسكىن ـ پېقىرلەرنىڭ ھەققىنى سەرپ قىلىپ ساۋاب تاپىمەن دېگەن كىشىگە ئاللانىڭ لەنىتى بولسۇن! كۆڭلى سۇنۇق غېرىبنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈڭ،

ئورنىدىن تۇردى.

— بىز قايتقۇچە سىلەر ئىسپىجاپتا ئىستىقامەت قىلىڭلار، توغۇلغان يەر دۇرۇسراق، — دېدى ئۇ كۆڭلى بوشاپ.

رۇقىيەبۇۋى ئىسپىجاپلىق مۇسا شەيخ دېگەن كىشىنىڭ كەنجى قىزى ئىدى. ھەزرىتى سۇلتان «بىر يىلغىچە ئۆيدە بولالمايدىغاندىقىمىز ئۈچۈن، بۇلار تۇرمۇش زەخمىتىنى چەكمىسۇن» دېگەن خىيالدا ئائىلىسىنى قېيىناتىسىنىڭ ئالدىغا تاپشۇرۇپ كەتمەكچىدى.

رۇقىيەبۇۋىنىڭ كۆز يېشىدىن كۆپچۈپ كەتكەن يۈزىگە قان يۈگۈردى.

شەيخ مەسچىتكە چىقىپ كەتتى. مەسچىت ئىچى يورۇق، خەلپە ۋە مۇرىتلار سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى.

مەزىننىڭ ئەزىنى ياڭرىشى بىلەن شەھەرنىڭ تۆت قوۋۇقى باراۋەر ئېچىلدى. ھەزرىتى سۇلتاننى ھەجگە ئۇزاتماقچى بولۇپ كەلگەن كىشىلەر يوپۇرۇلۇپ ئىچكىرى كىردى.

تاڭ ئاتتى. قەدىمىي يەسسىنىڭ مەشھۇر ئاق تېرەكلىرىنىڭ ئۇچىدا يىپەك نۇر ئوينايتتى. شەھەر ئادەم بىلەن تولغان بولۇپ، ھەممىسى مەسچىتى سۇلتانىيە تەرەپكە ئاقاتتى.

راباتتىمۇ ئادەم كۆپ، مۇساپىرخانىلار، كارۋانسارايلارمۇ ئادەم بىلەن تولغان. سېپىلنىڭ كەينىدە ئاتلار كىشنەيدۇ، قېچىرلار يۇلقۇنىدۇ، نار تۆگىلەرنىڭ پۇشقۇرۇقى ئاڭلىنىدۇ. يەسسى يەسسى بولۇپ ئېھتىمال بۇنچىلىك تەۋرەشنى كۆرمىگەندۇر. قاراتاغ ئېتىكىدىكى قىشلاقلاردىن، دەشتى قىپچاق يايلاقلىرىدىن، سەيھۇن بويلىرىدىن، ھەتتا ئەڭ چەت يېڭىكەنت شەھەرلىرىدىن توپ - توپ بولۇشۇپ ئۇۋچى، قويچى، كاسىپ، تىجارەتچى ۋە دېھقانلار كەلمەكتە. بىراۋنىڭ تىلىدا دۇئايى خەير، بىراۋنىڭ دىلىدا ئېھرام باغلاش نىيىتى يەنە ھەج ئۈچۈن زاكات ئايرىپ ساۋاب ئىزلىگەنلەر، شەيخ ھەزرەت مەرھەمەت قىلىپ بىزنىمۇ ئالغاچ كېتەرمىكىن دېگەن ئۈمىدۋار كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس.

قۇل خوجا ئەھمەد، يامانلارنىڭ يامانىسەن،
بارچە بۇغداي، ئەل تۇتمىغان سامانى سەن...

ھاسىلكالام، ۋەسسالام!

ھەزرەت يۈزىگە پاتىھە تارتتى. كىشىلەر ئۈنىڭغا ئەگىشىپ، تەكبىر ئېيتىپ، يۇقىرى ئاۋازدا دۇئا قىلدى. شۇ چاغدا ئوتتۇردىراق تۇرغان بىر ئايال بالىسىنىڭ يەلكىسىدىن تۇتتى:

— بار، بالام، شەيخ بوۋاڭنىڭ ئايىغىغا باش قوي. ئاتامنى قويۇپ كېتىڭ، دەپ يىغلا، رەھىم قىلسا ئەجەب ئەمەس، بار، بالام...

يەتتە ـ سەككىز ياشلاردىكى ئالا تون كىيگەن بالا ئىككىلىنىپراق كىشىلەر ئارىسىدىن چىقتى، ئايۋاننىڭ لېۋىگە بېرىپ، ئارقىسىغا ياندى. ئايالنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇيالما، بالام، دەردىڭنى ئېيت، پىرىم سېنى قوللايدۇ.

شەيخ خالايىقنىڭ ئىچىدىن كۆزى بىلەن ئايالنى ئىزلىدى، كېيىن ئېڭىشىپ بالىنى دەس كۆتۈردى، بېشىنى سىلىدى:

— سۆزلەڭ، ئوغلۇم...

بالا ئۈندىمىدى. يەنە ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يۈكۈن، بالام، شەيخ بوۋاڭغا قۇللۇق قىل! باياتىن يولدا نېمە دېدىڭ، ئاتامنى سورىۋالىمەن دېمىدىڭمۇ، ئېيت، قوزام...

بالىدىن سادا چىقمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئايال بىر ـ ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقتى ـ دە، ئايۋانغا يېقىنراق بېرىپ ھەسرىتىنى ئېيتتى:

— پىرىم، ئەنە شۇ نارەسىدىنىڭ ئاتىسى، يالغۇز ئوغلۇم مەككىگە بارىمەن دەپ تۇرۇۋېتۇ. خۇدانىڭ زارىنى قىلدىم، سەن بولمىساڭ بىز قانداق كۈن كۆرىمىز؟ دېدىم، لېكىن ئۇ ئۇنىمىدى. پەدەرىمىز بۇ ئالەمدىن كەتكەن، ئىشەنگىنىمىزمۇ، تايانغىنىمىزمۇ شۇ يالغۇز ئوغۇل. يەنە ئۇلۇغ ـ ئۇششاق بەش بالىسى بار. پىرىم، ئوغلۇمغا نەسىھەت قىلىڭ، بالا ـ چاقىسىنىڭ يېنىغا

خەير - ئېھسان قىلىنىڭ، مۇساپىرغا ياردەم قىلىنىڭ، يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاڭ، بىراۋغا زۇلۇم قىلماڭ، بىراۋنىڭ دىلىنى ئاغرىتىماڭ، ئېرىق كولاپ، كۆچەت تىكىڭ، قولىڭىزدىن كەلسە نادانغا ئىلىم ئۆگىتىڭ، مۆمىن، قابىل ئەۋلاد تەربىيىلەڭ... ئەنە شۇنىڭدا جەننەتنىڭ دەرۋازىسى سىزگە ئېچىلغاي.

ئېھرام باغلىيالمىدۇق دەپ ئۆكسۈنمەڭلار، ئەراپات تېغىنى ئايلىنىپ، ئېھرام باغلاپ قايتقان تىلى باشقا، دىلى باشقا مۇناپىقلارنى كۆپ كۆردۇق. ئۇلار يالغان تاۋاپلىرىنى پۇچەك پۇلغا ساتىدۇ. بىرى، قازى مەن، دېدى، بىرى، مۇپتى مەن، دېدى، بىرى، ئىمام مەن دېدى، بىرى، هاكىم مەن، دېدى. لېكىن، هارامدىن هەزەر قىلمىدى. ئاللادىن قورقمىدى، بەندىدىن ئۇيالمىدى. ئەنە شۇلارمۇ هاجىلىق دوپپىسىنى كىيگەن، ئېشەكنىڭ بېلىگە ئېھرام باغلاپ، هاجىلىق دوپپىسىنى كىيدۈرگەن بىلەن ئېشەك يەنىلا ئېشەكتۇر، هەرگىز ئىنسانغا ئايلانماس.

پەخرىي ئالەم مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: ئادەملەر ئارىسىدا ئالتە خىل تائىپىدىن باردۇركى، ئۇلار تاڭلا مەھشەردىن بۇرۇن دوزاخ ئوتىدا كۆيگەي، دەپ بېشارەت قىلغان. بۇ تائىپە جۈملىسىگە زۇلۇم قىلغان هاكىم، كىشىلەرنى بىر - بىرى بىلەن دۈشمەن قىلغۇچى پىتنىخور، تەكەببۇر رەھبەر، خىيانەتكار تىجارەتچى، پاراغەتكە بېرىلگەن نادان ۋە هەسەتخور ئالىم كىرىدۇ. بەس، ئەي مۆمىنلەر، دۇئايى قارغىشتىن هەزەر قىلىڭلار. دۇئايى قارغىشتىن قورقىماي غەپلەتتە قالغان ئاسىيلار ئۇنتۇمىسۇنكى، ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتىنى قارغاپ قىلغان دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ تىلىكى ۋە مەزلۇمنىڭ مۇناجىتى راۋا بولغاي.

مەيلى ۋەسىيەت دەڭلار، مەيلى نەسىھەت دەڭلار، سىلەرگە ئېيتىدىغان ئاخىرقى سۆزۈم شۇكى، تەنگە ئۆلۈم يەتمەستىن بۇرۇن ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تىكىڭلار، ياخشىلىقتىن نېمە يامانلىق كۆردۇڭلار، يامانلىقتىن قانداق ياخشىلىق تاپتىڭلار؟

خالايىق گۇرۇلدىدى. تەرەپ - تەرەپتىن خىتابلار، دۇئالار ياڭرىدى. شەيخ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەي ئابدۇرەئۇپ! بىز سىزگە ۋالىدە مېھربانىڭىزنىڭ شادلىقىنى راۋا كۆردۇق، ئانىڭىزنى تاۋاپ قىلىڭ! چۈنكى، جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىدىدۇر.

ھەزرەت بالىنى ئاستا پەسكە چۈشۈرۈپ قويدى. بالا يۈگۈرۈپ بېرىپ مومىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلدى.

خالايىق تارقىلىشقا باشلىدى. بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن شەيخنىڭ كارۋىنى يولغا چىقتى.

قايتسۇن. بىزنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە بىر يىل بول-
دى. شۇنىڭدىن بېرى دەرۋىشلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپتۇ. ئىلاھا،
ئاخىرىتىڭىز ئاۋات بولسۇن، پىرىم، بالامنى قالدۇرۇپ كېتىڭ.
ئايال ھۆڭرەپ يىغلىدى. شەيخنىڭ كۆڭلى غەش بولدى،
يېتىملىق جەبرىنى چېكىپ، ئانا دىدارىغا قانمىغىنى ئۇچۇنمىكىن،
ئايال كىشىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرسە كۆڭلى بۇزۇلىدۇ، بىر زەئى-
پىنى يىغلاتقان كىشىنى جازالىتىپ، ئەدىپىنى بەرگۈسى كېلىدۇ.
شەيخ ئايالغا قاراپ خىتاب قىلدى:
— يىغلىماڭ، ئانا، ئىنشائاللا، ئوغلىڭىز يېنىڭىزدا قالغاي،
ئۇنىڭ ئىسمى...
— رەئۇپ، ئابدۇرەئۇپ! — دېدى بىچارە ئايال ئۇمىدۋارلىق
بىلەن. ھەزرەتنىڭ تاۋۇشى يەنىمۇ كەسكىن تۈس ئالدى.
— بىز ئەمرىمەرۇپ قىلىپ نېمە دېدۇق؟ ئەھلى ئائىلىسىنى
زار قاقشىتىپ مەككە يولىدا ساۋاب ئىزلىگەنلەر خار بولغاي!
رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇلەركى، بىر گۇمراھ ھەج
يولىدا ئىبادەت قىلغىلى مەسچىتكە كىردى. كۆردىكى، بىر مۇسا-
پىر كىيىملىرىنى ياماپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇل سورىدى: «ئاللا يار
بولسۇن، نەگە بارۇرسەن؟» «مەككىگە» دېدى يولۇچى. مۇساپىر:
«ئاناڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. «ھە، بار» دېدى يولۇچى. «سەپە-
رىڭدىن ئاناڭ رازىمۇ؟» دېدى مۇساپىر. يولۇچى «بىلمىدىم»
دېگەن مەنىدە يەلكىسىنى قىستى. «ئۇنداق بولسا پۈرسەتنى ئۆت-
كۈزمەي ئاناڭنىڭ خىزمىتىگە ئاتلان!» دېدى مۇساپىر؛ مەن ئەل-
لىك مەرتىۋە ھەج قىلدىم، باش يالاڭ، پۇت يالاڭ، ئاچ قورساق
دەشتۇ باياۋانلارنى كەزدىم. لېكىن، ھەجىم قوبۇل بولمىدى. مەن
ۋالىدەم، مېھرىبانىمنى نارازى قىلغانىدىم. ئەي ئاسىي بەندە،
پۈرسەتنىڭ بارىدا ئاناڭنىڭ ھۇزۇرىغا ئاتلان، ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا
باش قوي، ئىستىسەڭ، مەن ھەج ساۋابىنى ساڭا بېرەي، سەن
ئاناڭنى رازى قىلىپ تاپقان شادلىقىڭنى ماڭا بەر!» شۇندا گۇمراھ
يولۇچى ئانىسىنىڭ يولىغا قايتتى.

مىگەندە سىلكىپ تارتتى. ھاجى ۋاي دېيىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن سۇنۇقچى چىققان قولنى جايىغا سالدى.

— ھە، بولدى. يىغلىما، چوڭ موللا بولساڭمۇ بالىغىلا ئوخشايسەن، — دەپ ھاجى بىلەن چېقىشقان بولدى ھەمدە ھاجىنىڭ قولىنى تاختىلاپ تېڭىپ قويدى.

شاھابىددىن ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئەپتىنى كۆرسەتتى. سۇنۇقچى ئىششىق كۆزلىرىگە، قىيسىق ئېغىزىغا تىكىلىپ قارىدى.

— ھەي ئاللا! — دېدى سۇنۇقچى ئۇھ تارتىپ، — چىرايىڭغا نېمە بولدى، موللا؟

شاھابىددىن نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ كۆچەندى، ئەمما تىلى گەپكە كەلمىدى.

— يالغان سۆزلىدىڭما؟ موللا دېگەن يالغان سۆزلىمەسلىكى كېرەكقۇ؟ ھەي... سېنى جىن ئۇرغان بولمىسۇن. ئۇنداق بولسا سۈرە ياسىن ئوقۇتۇپ كۆر، شۇندىمۇ ساقايمىساڭ، ھەزرىتىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى سورا. مەن نېمە ئامال قىلالايمەن بۇنىڭغا، موللىكا.

سۇنۇقچى ھاجىنى ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ يېنىغا بار دەۋاتاتتى. شاھابىددىن باش چايقىدى.

— يا... ياق... بار... ماي ... مەن.

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭ بىل، — دېدى سۇنۇقچى، — نېمىلا بولسىمۇ بىر يامان ئىش قىلىپسەن. شۇنىڭ خۇنىنى يۇيۇش كېرەك. ئۇنداق بولسا مەن كەتتىم.

بايىبۇسىن چىقىپ كەتتى. شاھابىددىن ئەينەك ئېلىپ ئەپتىگە قارىدى، قارىدىيۇ، قورقۇپ كەتتى. «ئەگەر بىر ئۆمۈر قىيسىق ئېغىز بولۇپ قالسام قانداق بولغىنى؟ تىلاۋەت نېمە بولىدۇ؟ بىز بۇ ياقتا قىلىپ، ئاۋۇ مەۋلۇتقارىيغا ئوخشىغانلار تۆرگە ئۆتۈپ كېتەمدۇ؟ شەيخنىڭ ئالدىغا بېرىپ پۇتىغا باش قويساممىكىن؟ ياق، بارمايمەن! مېنى يەر بىلەن تەڭ قىلىمامدۇ؟ يائاللا، خاتا قىلدىم، سېنىڭ مۇبارەك سۆزۈڭگە شەك كەلتۈردۈم، ئۆزۈڭ

# 3 . پىتنە

ئەگەر ئالىم بولساڭ، جانىم تەسەددۇق،
قېنى ئالىم، قېنى ئامىل، يارانلار؟

— ئەھمەد يەسسەۋىي

شاھابىددىن ھاجى ئىككى كۈن «ۋاي - ۋاي» لاپ ياتتى. قولى ئىششىپ كەتتى. يىقىلغاندا تىلىنى چىشلىۋالغان چېغى، تىلىمۇ ئاغرىپ تۇرۇپتۇ، ئېغىزىنى ئاچالمايدۇ، بۇرنى بىلەن پۇشۇلداپ نەپەس ئالىدۇ، ئىڭرايدۇ، تولغىنىدۇ، ئاللاغا يالۋۇرۇپ، دەردىگە شىپا تىلەيدۇ. «نەس بېسىپ، نېمىشقىمۇ شەيخنىڭ ئالدىغا بارغاندىمەن؟» دەپ پۇشايمان قىلىدۇ. مەسچىتنىڭ ئېگىز ئايۋىنىنى، ئاممىنى كەلگەن شەيخنى قارغايدۇ، بىراق ··· «قۇرئان تۇتۇپ تۇرۇپ قەسەم قىلغان ئۆزۈم ئەمەسمۇ؟» دېگەن گەپ خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ.

ئۈچىنچى كۈنى دەرد ئېغىر كەلدى. ھاجى يىغلاشقا چۈشتى. ئوغلى دەريا بويىدىن بايبۇسىن سۈنۇقچىنى ئېلىپ كەلدى.

بايبۇسىن بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرديۇ، شاھابىددىننىڭ ئەپتىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— يا پىرىم، خۇدا ئۇرۇپتۇغۇ! — دېدى ياقىسىنى تۇتۇپ، كېيىن ھاجىنىڭ يېنىغا كېلىپ چازانى قورۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى يىلقا مېيى بىلەن خېلىغىچە مايلىدى، ئاندىن كۆتۈل-

ئوغۇل يۈگۈرگەن پېتى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى - دە، هايال بولمايلا ئەينەك ئاچىقتى. هاجى ئەينەككە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— خۇداغا شۈكۈر، ئادەم قىياپىتىگە كىرىپتىمەن. قارا، نۇرىددىن، يۈزۈم ئەسلىگە كەپتۇ، يا ئاللا!

ئۇنىڭ كۆڭلىگە «شەيخنىڭ ئالدىغا بۇرۇنراق بارسام بولماسمىدى؟» دېگەن خىيال كەلدى. ئوغۇل ئېشەكنىڭ نوختىسىنى تۇتتى:

— ئاتا، مىنەمسىز؟

— ئەمدى ئېشەككە مىنىپ نېمە قىلىمەن، بالام، — دېدى هاجى تەلۋىلەرچە كۈلۈمسىرەپ.

— ئۆزىڭىز سۇلتانىمنىڭ قېشىغا بارىمەن دېگەنتىڭىزغۇ؟

— بولدى قىل، بالام، شەيخنىڭ ئالدىدا پىشۇرۇپ قويۇپتىمۇ؟ شەيخسىزمۇ كۈنىمىز ئۆتۈۋاتىدۇغۇ، بار، ئېشەكنىڭ توقۇمىنى ئېلىۋېتىپ، ئېرىقنىڭ بويىغا باغلاپ قوي. مەن قازىنىڭكىگە بېرىپ كېلىمەن.

نۇرىددىن ئېشەكنى يېتىلەپ هويلىغا قاراپ ماڭدى. هاجى ئەينەكنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئەشرەپخان قازىنىڭكىگە قاراپ ماڭدى.

ئەشرەپخان قازى پەيغەمبەر يېشىدىن ئاشقان بولسىمۇ، كىچىك كەلگەن كۆزلىرى زېرەك، ئاق سېرىق سېمىز يۈزى تىنىق، تىلى ئۆتكۈر بوۋاي ئىدى. ياش ۋاقتىدا ئۇنى گۇمبەز قارىي دېيىشەتتى. ئاۋۋال مۇپتى، ئاندىن قازى بولۇپ، بۇ لەقەمدىن قۇتۇلدى. ئەمما، تەڭتۇشلىرى هامان ئۇنىڭ پاكىنەك، خام سېمىزلىقىنى ئېلىپ مەسخىرە قىلىدۇ. راست دېگەندەك، بىچارە قازى ئۆرە تۇرسىمۇ، سامان تىقىلغان يوغان تاغارنى ئەسلىتەتتى. مانا بەش يىلدىن بېرى، ئەشرەپخان سابراندا قازىلىق قىلىدۇ. بۇ يىل مەككىگە بارماقچى. ئاللا يولىنى بەرسە، شەيخكە هەمراھ بولۇپ، بىر هەپتىدىن كېيىن يولغا چىقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، نەچچە كۈن-

شەپقەت قىل، مەن ئاسىي بەندەڭمەن. ئەل - يۇرتقا رەسۋا قىلما. توۋا قىلدىم، توۋا قىلدىم، پەرۋەردىگارى ئالەم...!»

ئەتىسى ھاجى مەھەللىدىن تۆت موللىنى چاقىرتتى. ئۇلار شاھابىددىننى ئوتتۇرىغا ئولتۇرغۇزۇپ، سۈرە ياسىن ئوقۇشقا چۈشتى. تۆت موللا ئۈچ كۈنگىچە سۈرە ياسىننى قىرىق قېتىمدىن ئوقۇدى. ھاجىنىڭ دەردى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى، لېكىن ئېغىزى، كۆزى ئەسلىگە كەلمىدى. ئۇ كېچىلىرى خۇداغا مۇناجات قىلىپ يىغلىدى، دۇئانىڭ كۈچىنى يەنە بەش - ئالتە كۈن كۈتتى، ئاخىرى يۈزىنى سىلىۋېتىپ، ھەزرەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، توۋا قىلىشقا جەزم قىلدى. «بىز كەتمەن چېپىپ نان تېپىپ يېيىشكە ئۆگەنمىگەنمىز، رىزقىمىزنى ئاللا ئۆزى ياراتقان، رىزقىمىز ئاۋام خەلقنىڭ كۆڭلىگە ئىمان نۇرىنى ياغدۇرۇش بىرلە پۈتۈندۇر. شۇ تەكەببۇر شەيخنىڭ ئالدىغا يەنە بىر بارىمەن، گۇناھىمدىن كەچسە كەچتى، كەچمىسە ئۆۋالىمغا قالىدۇ، تاڭلا مەھشەردە ئۆزى جاۋاب بەرگەي».

شاھابىددىن ئوغلىغا ئېشەكنى توقۇشنى بۇيرۇدى - دە، كىيىنىپ تاشقىرىغا چىقتى. ئوغلى يانپىشىدىن يۆلىدى، ھاجى بىسمىللا، دەپ ئېشەككە مىنىشكە باشلىدى، ئەمدىلا توقۇمغا ئىلەشكەندە تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتتى. توقۇمنىڭ تۆشلۈكى بوش تارتىلغانمۇ ياكى ھاجىنىڭ بېشى قايدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ ئوڭ تەرەپكە يىقىلدى، تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. ئوغلى بولسا ئاتىسىنىڭ ئەپتىگە قاراپ قېتىپلا قالدى.

— ھۇ، ھارامى، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، يەنە نېمىشقا بېزىرىپ تۇرىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ھاجى، — ئاتام ئېشەكتىن يىقىلىپ ئۆلسۇن دېگەنمىدىڭ، نېمىشقا تۆشلۈكنى بوش تارتتىڭ؟

— تۆشلۈك چىڭ ئىدى، ئاتا...— دېدى ئوغۇل ھامان ئۆزىگە كېلەلمەي، — ئاتا، يۈزىڭىز... ئەسلىگە كېلىپ قالدى.

— ھە، — ھاجى جان ئاچچىقىدا يۈزىنى سىلىدى، — يۈگۈر، ئەينەك ئاچىق!

كۆنۈپ قالغانـدى، شۇڭا ئىغىـر ئىلىپ كەتمەيتتى. ئەكسىچە رەقـىبىنىڭ بىرەر قوسـۇرىنـى تىپىـپ، ھېساب ـ كىتابنى توغرىلىۋالاتتى.

— تۆگىدەك بوي بەرگۈچە تۈگمىدەك ئەقىل بەرسۇن، دېگە- نىكەن كونىلار، — دېدى قازى «سالام» نى لايىقىدا «ئىلىك» ئېلىپ، — ئىشىكتىن ئۆتكەندە ئەقلىنى ئىشلىتىپ كىرىش كې- رەك. قوغۇنىڭمۇ ئۇرۇقى كۆپ بولىدۇ، شۇنداقمۇ، دوستى قەدىردان ـ دە!

مۇپتىنىڭ كاللىسى سوزۇنچاق، خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا «قوغۇنباش» ئىدى. قازى شۇنىڭغا ئىشارە قىلدى. مۇپتى بۇرۇتە- نى سىلاپ كۈلۈمسىرىدى ـ دە، دوستىنىڭ يۇمىلاق كاللىسىنى نىشانغا ئالدى:

— دېگىنىڭىز راست، تەقسىر، ھەر ھالدا تاۋۇزنىڭكىدىن كەم ئەمەس.

ئەگەر مېھمانخانىغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ، شاھابىد- دىن ھاجى بىلەن مەۋلۇتقارىي سالام قىلىپ كىرىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ «ئېلىشىش»لىرى خېلىغىچە داۋام قىلغان بولۇر ئىدى.

— كەل، — دەپ قازى ھاجىغا قولىنىڭ ئۇچىنى بەردى. ئۇنىڭ تېڭىلغان قولىغا، سولغۇن چىرايىغا قاراپ قويىدى، — تۇرقۇڭ ئادەمگە ئوخشاپتۇ، نېمە چارە قىلدىڭ؟

— كېچىمۇ قىيىنىق ئىدى، — ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى ھاجى، — سۈرە ياسىن ئوقۇتقاندىن كېيىن ئېڭىكىم مىدىرلايدىغان بولدى...

ئۇ ئۆزرە سورىغىلى ھەزرەتنىڭ يېنىغا ماڭغانلىقىنى، ئېشەك- تىن يىقىلىپ ئەسلىگە كېلىپ قالغانلىقىنى يوشۇردى.

قازى يەنىلا نەشتىرىنى سانجىدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن قەسەمخورلۇقۇڭ تۇتۇپ، تىلىڭ قىچىش- سا، ئاۋۋال سۈرە ياسىن ئوقۇتۇۋال، ئاندىن قەسەم ئىچ! ساڭا نەچچە قېتىم ئېيتتىم، شەيخ بىلەن ئېلىشما دېدىم. شەيخ گويا

دىن بېرى، ئۆيدىن ئادەم ئۈزۈلمىدى. بىراۋ ھەج زاكاتىنى ئېلىپ، بىراۋ ئاقيول تىلەپ، كېلىپ - كېتىپ تۇرۇپتۇ. ئەشرەپخان بارلىق تەييارلىقنى قىلىپ بولدىيۇ، ئەڭ مۇھىم ئىشنى قىلىپ بولالماي ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ سەمەرقەنت خاقانى مەھمۇدخانغا مەكتۇپ يازمىقى لازىم. ئەمما، بۇ مەكتۇپنى مۇپتى، ئىمام دېگەندەك ئۆلىمالارنىڭ ئىشتىراكىدا يېزىشى كېرەك ئىدى. ئۇشبۇ مەكتۇپنى يېزىشقا شاھابىددىن ھاجىمۇ قاتنىشىشى لازىم ئىدى، ئەمما ئۇنى خۇدا ئۇرغانمىش. ئاغزى قىيسىيىپ، قولى چىقىپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقانمىش. بىر - ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتتى، كەلمىدى. گەپ قىلغىلى قۇربى يوق، تىلى ئېغىزىغا پاتماسمىش. «كەلسەڭ بولاتتى، قەسەمخور، — دەپ ئىچىدە غۇدۇردى قازى، — تىلىڭ ئىشلىمىسە، كۆزۈڭ بار، خەتنى ئوقۇپ، قولۇڭنى باسساڭ بولدى».

قازىنىڭ ئالدىدا قەلەم، بىر دەستە يىپەك قەغەز. ئۇ مۇپتى بىلەن مەۋلۇتقارىينى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. دەھلىزدە كىمدۇر پۇتىنى قاقتى. سەلدىن كېيىن پاكارراق، ئويما ئىشىك ئېچىلدى. ئۆيگە مۇھەممەد رەسۇل مۇپتى ئېگىشىپ كىردى. ئۇ پېشانىسىنى سىلاپ كۈلدى.

— ئەشرەپخان، ئۆي سالغاندا يالغۇز ئۆزىڭىزنىلا ئويلاپسىز - دە، بۇرادەر. بۇ ئىشىكتىن ئۆلچەملىك ئەرلەرمۇ كىرسە كېرەك، دەپ ئويلىماپسىز. يەنە ماڭلايىنى ئۇرۇۋالدۇق.

مۇپتى دارازا ئادەم بولۇپ، سەل كەم ئۈچ گەز كېلەتتى. بىر زامانلار قازىكالان بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە بىر مەدرىسىدە تۇرغانلىقتىن، ئىسمىنى ئۇدۇللا ئېيتاتتى، گېزى كەلسە چاقچاقلارنىمۇ قىلىشىۋېرەتتى.

مۇپتىنىڭ «سەن پاكىنەك» دېگەن مەنىدىكى ئىلمەكلىك چاقچىقىغا ئەشرەپخان كۈلۈپلا قويدى. تازىنى تاز دېسەڭ بىر - ئىككى قېتىم رەنجىيدۇ، كېيىن يۈزى قېتىپ ئۆگىنىپ كېتىدۇ. ئەشرەپخان قازىمۇ «پاكىنەك، خام سېمىز» دېگەندەك ھەزىللەرگە

— بىر بېيىتنى تاشلاپ كەتتىڭىز، تەقسىر! — دېدى مۆپتى ئاچچىقلىنىپ، — نامەردلىك بولمىسۇن، قېنى قەغەزنى بېرىڭ!

قازى قەغەزنى بەرمىدى.

— ئەگەر ئۆزىڭىز ئوقۇشتىن ئار قىلىسىڭىز بىزدىن ئاڭلاڭ، — دېدى مۆپتى. يەسسەۋىينىڭ بۇ ھەجۋىي شېئىرى ئىككى كۈن بۇرۇن ئۇنىڭ قولىغىمۇ چۈشكەنىدى. مۆپتى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ زوق بىلەن قىرائەت قىلدى:

قازى، ئىمام بولغانلار، ناھەق دەۋا قىلغانلار،
ھىمار يەڭلىغ بولۇبان يوك ئاستىدا قالمىشلەر...

مۆپتى قاقاقلاپ كۈلدى.

— قاراڭ، ھىمار يەڭلىغ بولۇبان، دەپتۇمۇ؟ تىلى ئۆتكۈر - دە ھەزرىتىمىزنىڭ، سۆزنى تېپىپ ئېيتىدۇ.

مۆپتى قازىنىڭ چىشىغا تېگىش ئۈچۈن «ھىمار يەڭلىغ» دېگەن سۆزلەرنى قايتا - قايتا تەكرارلىدى. «ھىمار» — ئېشەك دېگەنلىك ئىدى. مەۋلۇتقارىي ئەمدى قازى چېكىمنى چىقىرىدۇ، دەپ چۆچۈدى. شاھابىددىن: «سېنىمۇ تۇزلەيدىغانلار بار، گۇمبەز» دەپ ئىچىدە خۇشال بولدى.

قازى جان ئاچچىقىدا قەغەزنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ئېتىراز بىلدۈردى.

— ھىمار ئەمەس، ھىمار ئەمەس! بۇ يەردە بىر سەۋەنلىك ئۆتكەن! — ئۇ قارىيغا شالىنى چاچتى، — ھەي نادان، ئۇ جاھىل دەرۋىش نېمىلا دېسە يېزىۋەردىڭمۇ، ئۇ ھىمار دەپ ئېنىق ئېيتتىمۇ ياكى سېنىڭ سالپاڭ قۇلىقىڭغا ھىمار دەپ ئاڭلاندىمۇ؟

— ئېيتقىنىنى يازدىم، تەقسىر...

— ئەنە، قارىي ئاڭلىغىنىنى يېزىپتۇ، — دەپ يەنە قازىنىڭ چىشىغا تەگدى مۆپتى. ئەشرەپخان ئۇلارنىڭ خىيالىنى چالغىتىش ئۈچۈن ھېكمەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

يېنىپ تۇرغان ئوت. يىراقتىن تۇرۇپ ئۇنىڭ تەپتىدىن ئىسسىنماق كېرەك. ئۇنىڭغا دەرقەمتە يېقىنلاشماسلىق كېرەك، بولمىسا كۆيدۈرىدۇ.
مەۋلۇتقارىي خىرىلداپ گەپكە ئارىلاشتى:
— خوپ دانا نەسىھەت بولدى، تەقسىر، تولىمۇ راست گەپ بولدى، بىۋاستە يېنىغا بارساڭ كۆيدۈرىدۇ! ھەزەر ئەيلەپ يىراق يۈرسىڭىزمۇ ئۇ ئوتتىن ئۇچقۇن چاچراپ ئېتىكىڭىزگە چۈشىدۇ. تۈنۈگۈن بازارغا بېرىۋىدىم. بىر جۇنۇن سوپەت دەرۋىش ئازغۇنلارچە بېيىتلارنى ئېيتىپ يۈرۈپتۇ، سەدىقە بېرىپ، شۇ بېيىتنى يېزىۋالدىم. شەيخ شەنىمىزنى يەرگە ئۇرۇپتۇ، تەقسىر.
قارىي سەللىسىنىڭ قېتىدىن ئوراقلىق قەغەزنى ئالدى ۋە ئىككى قوللاپ قازىغا ئۇزاتتى. قازى ئالدىرىماي قەغەزنى ئاچتى، يورۇققا تۇتۇپ پىچىرلاپ ئوقۇدى، لەۋلىرىنىڭ قېنى ئۆچتى ـ دە، بىراقلا ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

مولla، مۇپتى بولغانلار... يالغان پەتىۋا بەرگەنلەر،
ئاقنى قارا قىلغانلار، ئول تەمۇغقا كىرمىشلەر...

قازى مۇپتىغا قاراپ مەككارلىق بىلەن كۈلدى:
— لەببەي، مۇپتى جانابلىرى، «ئاقنى قارا قىلغانلار» دەپتۇ؟
— داۋامىنى ئوقۇڭ، قازى، داۋامىنى، — دېدى مۇپتى قىزىرىپ. ئەشرەپخان قەغەزگە تىكىلىپ تۇردى ـ دە، بىر بېيىتنى تاشلاپ ئوقۇدى:

ھارام يېگەن ھاكىملار...

مۇپتى دەرھال قول سوزدى. ئەمما، قازى چاققانلىق بىلەن قەغەزنى كەينىگە يوشۇرۇۋالدى.

ناغرىسىغا زىكىرگە چۈشىدىغان تەلۋە دەرۋىشلەر ئەمەس، ئەكسىچە ئەھلى مۆمىنىنى شەرىئەت ئەھكامى بويىچە يولغا باشلايدىغان زاتى شەرىپلەردۇر.

مۇپتى سورىدى:

— تەقسىر، ئول ئىچۈك تاشلاركى، بىز ھەم بىلسەك...

— نييىتىمىز شۇلكىم، سەمەرقەنت خاقانى مەھمۇد تامغاچخان ئىبنى ئارسلانخانغا ئەرزنامە پۈتكەيمىز. قازى بىرلە مۇپتى شەيخنىڭ خەلپىسى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىغىزىغا قاراپ ئىش تۇتمايدۇ. بىز تامغاچخان ھەزرەتلىرىگە تەۋەدۇرمىز. بەس، تامغاچخان تەيىنلىگەن زاتلارنى بەتنام قىلماق، مەھمۇدخان ھەزرەتلىرىگە شەك كەلتۈرمەك بىرلە باراۋەردۇر. بۇ شەيخنىڭ بىرىنچى ئەيىبى.

— يەنە ئەيىبى بار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى مۇپتى ئىچىدە قازىنىڭ كالتە پەملىكىگە كۈلۈپ.

— ئىنشائاللا، بار — دەپ كاللىسىنى ئىرغىتتى قازى ۋە چەپ بىقىنىدىكى پەي ياستۇقنىڭ تېگىدىن بىر پارچە خەتنى ئالدى، — شەيخ تىلىنىڭ ئۇچىدا — «ھەقىقەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم» دەپ ۋەز ئېيتىدۇ. ئەمما، ئۆزى رىياكارلىق قىلىپ، ئۇلۇغ خاقانىمىزنىڭ دۈشمەنلىرىگە روناق تىلەيدۇ. مانا دەلىل!

مۇپتى بىئارام بولغان ھالدا قىمىرلاپ قويدى. قازى خەتنى ئېچىپ مىننەت بىلەن مۇپتىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— مەرھەمەت قىلىپ ئوقۇڭ، جانابىي مۇپتى. بۇل ئىنشا خارەزمشاھ ئالاۋۇددىن ئاتسىزنىڭ ۋەلىئەھدى ئابدۇلپەتىھقا ئەۋەتىلگەن. ئاتسىز شەمسۇل ئىسلام سۇلتان سەنجەر ھەزرەتلىرىنىڭ دۈشمىنى. سۇلتان سەنجەر بولسا، مەھمۇدخاننىڭ تۇغقىنى. خوش، بۇنىڭدىن نېمە مەنە چىقىدۇ، مۇپتى جانابلىرى؟

مۇپتى ئاللىقاچان خەتكە كۆز يۈگۈرتكەنىدى، شۇڭا مۇرىسىنى قىستى.

— شەيخ ئابدۇلپەتىھنىڭ باسقۇنلىرى خۇسۇسىدا بىرنېمە دېمەپتۇ. ئۇنىڭ قىلغان خەير - ئېھسانىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ،

هارام يېگەن هاكىملار، رىشۋە ئېلىپ يېگەنلەر،
ئۆز بارماقىن چىشلەبان قورقۇپ تۇرۇپ قالمىشلەر.

— بۇنىسى توغرا، هاكىملاردا ئىنساپ قالمىدى. قازىلىقنىڭ ئىشلىرىغىمۇ بۇرنىنى تىقىدۇ، قولىدىكى دۇنياغا تويمايدۇ.

ئەشرەپخان قازى يەنە خۇدۇكسىرەپ قەغەزگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۆزىنىڭ ئەھۋالى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بىمالال ئوقۇشقا باشلىدى:

تاتلىق - تاتلىق يېگەنلەر، تورلۇك - تۇرلۇك كىيگەنلەر،
ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغانلار تۇپراق ئارا ياتمىشلەر.
مۆمىن قۇللار، سادىقلار، سىدقى بىرلە تۇرغانلار،
دۇنيالىغىن سەرپ ئېتىپ، ئۇچماق هۆرىن قۇچمىشلەر.
قۇل خاجە ئەھمەد، بىلمىشسەن، هەق يولىغا كىرمىشسەن،
......

— بۇ يەرلىرى پۇچەك ئىكەن، ئۆزىنى ماختاپتۇ، — دېدى قازى ۋە قەغەزنى پۇرلەپ ئوراپ ئارقىسىدىكى تەكچىگە ئاتتى.

بىرنەچچە دەقىقە هېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. بۇ سۈكۈنات ناپاك بىر ئىش ئۈستىدە تىل بىرىكتۈرۈپ، كېيىن بىر - بىرىنى ساتقان ھەمتاۋاقلارنىڭ مات بولغان ھالىتىنى ئەسلىتەتتى.

سۈكۈناتنى قازى بۇزدى:

— شەيخ ئەندىشىنى پۈتكۈل ئۇنتۇدى. شەرىئەت پېشۋالىرىغا مالامەت تاشلىرىنى ياغدۇرۇشقا ئۆتتى. بېيىت پۈتسە، بېيىتىغا قازى، مۇپتى، ئەلەمنى قوشىدۇ، ۋەز ئېيتسا ۋەزىدە، موللا، ئىمام، قارىينى مازاق قىلىدۇ. سەۋر - قىلدۇق، ئول كىشىدىن ئىنساپ ۋە تەۋپىق تىلىدۇق. شەيخكە ئاللا ئىنساپ بەرمىدى، ئىنساپ ھەددىدىن ئاشتى. بەس، تۆھمەت تاشلىرىغا بويۇن قىسىپ تۇرماققا سەۋر - تاقەت قالمىدى. بىز ئول تاشلارنى شەيخنىڭ ئۆزىگە ئاتىمىقىمىز دەركار، ئۇ تەكەببۇر بولسا، ئەركانى دىن ئۇنىڭ

سىم سەدرىددىن ئەۋەتىپ بەردى، دەر ئىدى. ئەمما، ھازىر ئۇنداق دېيەلمىدى ـ دە، مۇغەمبەرلەرچە ھىجايدى.

— ئۇزۇمنى يەڭ، سىپىنى سۇرۇشتۇرۇپ نېمە قىلىسىز. بۇنى بىزگە تامغاچخانىنىڭ دوستلىرى يەتكۇزدى. خان ھەزرەتلىرى-نىڭ دوستلىرى ھەر يەردە ھازىر.

— دېمەك، سۇخەنچىلىرىڭىز يەتكۇزۇپتۇ. كىشىلەرنى ئەيىب-لىگۈچى سۇخەنچىنىڭ ھالىغا ۋاي، دەپتۇ ئاللا. ئۈپكىلىمەڭ، تەقسىر، ئەمما مەن بۇنداق مەكرۇھ ئىشقا باش قوشالمايمەن.

— دېمەك، سىزگە خانىمىزنىڭ ئابرۇيى بىر پۇل، ئۆزىڭىز-نىڭ قەدرىمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن ـ دە؟ بىراۋ يۈزىڭىزگە شاپىلاق بىلەن سالسا، ئۇندىمەي سىلىۋېتىپ كېتىۋېرىسىز، شۇن-داقمۇ، مۇپتى جانابلىرى؟

— يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس، بىراۋ مېنى بىر شاپىلاق ئۇرسا، مەن جاۋابەن ئىككى شاپىلاق ئۇرىمەن. ئەمما، سۇنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئەلدىن بۇرۇن ئۆتۈك يەشمەيمەن. دۇنيادا قازى، مۇپتى-نىڭ توغرىسىمۇ، ئەگرىسىمۇ تولۇپ يېتىپتۇ. شەيخ بېيىت پۈتۈپ ئەشرەپخان دېمەپتۇ، مۇھەممەد رەسۇل دېمەپتۇ! ھەيرانمەن، نېمىشقا بۇنچىلىك بىئارام بولىسىز؟

— مەنمۇ سىزگە قاراپ ھەيرەت بارمىقىمنى چىشلەپ تۇرۇپ-تىمەن. مۇبادا سىز كونا ھەمساۋىقىم بولمىغىنىڭىزدا، سىز بىلەن قىرىق يىلنىڭ بېرىسىگە بىر تاۋاقتىن تائام يېمىگىنىمىزدە ۋە... ئىككىمىز بىر ۋاراقنىڭ ئىككى يۈزى بولمىغىنىمىزدا، سىزنى شەك ـ شۇبھىسىز شەيخنىڭ ئادىمى دەپ گۇمان قىلىۋر ئىدىم. ئۆزلىرى بىزدىن پىنھان يەسسەۋىيە تەرىقىتىگە كىرىپ كەتمىگەنلا، دوستۇم؟

— ياق، كىرمىدۇق. ئىنشائاللا كىرمەسمەن. راست، شەيخ-نىڭ كۆپ جەھەتلىرىنى مەنمۇ قارىلايمەن. بولۇپمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئىلمىي زاھىردىن ئىلمىي باتىننى ئەۋزەل بىلىشلىرى ياكى ۋۇجۇ-دى ۋاجىپتىن ۋۇجۇدى مۇمكىنگە مايىل ئىكەنلىكى شەرىئەتكە

نۇرى ئىسلامنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئامىتىنى تىلەپتۇ. بۇنىڭ نېمىسى رىياكارلىق، جانابىي قازى؟
قازى سېمىز يوتىسىغا شاپىلاقلىدى.
— ھەي، سۆزلىگەنلىرىم، مەن نېمە دەيمەنۇ، قۇمۇزىم نېمە دەيدۇ؟ تەسەۋۋۇر قىلىڭكى، تەسەۋۋۇر قىلىڭكى، ئىككىمىز بۇرا-دەرمىز، بىر دەستىخاندىن تاماق يەيمىز. ئەمما، مەن سىزنى دوست تۇتۇپ تۇرۇپ، سىزنىڭ دۇشمىنىڭىز بىرلە ئىغىز - بۇرۇن يالاشسام، ئۇنىڭغا مۇھەببەتنامە يازسام، مەن قانداق ئادەم بولدۇم؟ تېخى شەيخ سەمەرقەنتكە باردۇ، مەھمۇدخان ھەزرەتلىرىنىڭ تۇزى-نى يەيدۇ. خوش، بۇ مەكتۇپنى ئالسا تامغاچخان شەيخكە مەرھەمەت كۆزى بىلەن باقامدۇ؟ باقمايدۇ، بىزگە مانا شۇنىسى كېرەك، دوستۇم مۇھەممەد رەسۇل!
مۇپتى قازىنىڭ كۆپۈپ كەتكەن كىچىككىنە ئىغىزىغا قارىدى - دە، خىيالغا پاتتى: «ئۆزىمۇ، سۆزىمۇ كۆپۈك، بۇنىڭ ئۆزى دەريانىڭ كۆپۈكىنى كۆرىدۇ. بىراق، كۆپۈكنىڭ ئاستىدىكى سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشنى ئويلىمايدۇ» مۇپتى ئۇندىمەي باش چايقاپ قويدى.
— ھىم، مۇپتى، بېشىڭىزنى چايقاشقا باشلىدىڭىز. كۆڭلى-ڭىزگە بىرەر شۇبھە كەلدىمۇ؟
— جانابىي قازى… ئەشرەپخان، — دېدى مۇپتى ئۇھ تارتىپ، — سىز قالتىس ئىشقا تۇتۇش قىپسىز. ئەمما، ئەسلا ئاقىۋىتىنى ئويلىمىغاندەك كۆرۈنىسىز. مەھمۇدخان مەزكۇر مەك-تۇپنى ئوقۇپ، بۇ قانداق قىلىپ سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشتى، دەپ سورىسا نېمدەپ جاۋاب بېرىسىز؟ خوجا ئەھمەد يەسسەۋىيدەك شەيخۇل ماشايىخنىڭ شاھزادىلەرگە يازغان مەكتۇپى يول ئۈستىدە دوملاپ ياتمىسا كېرەك، تەقسىر؟
قازىنىڭ يۈزى خېنە سۈرگەندەك قىزاردى. مۇپتى ئۇنى قول-نىڭ ناپاكلىقىدا ئەيىبلەۋاتاتتى. مانا بۇ ئاغزى بالا ھاجى بىلەن لەقۋا قارىي بولمىغاندا ئوچۇقىنى ئېيتار ئىدى. يىراقتىكى قەدىنا-

ئەمەسمۇ بۇ؟»
قازى ئويلاپ ـ ئويلاپ مۇرەسسەنى ماقۇل كۆردى:
— نېمە ئامال، — دېدى قازى ساقىلىنى قاشلاپ، — زارىمىز بار، ئىللا زورىمىز يوق، دوستۇم.
مۇپتى باش چايقىدى:
— ئەلۋەتتە. ھەركىمنىڭ مازىرى باشقا، ئىش ـ ئەمەلى باشقا، ئاقىۋەتتە ھەركىم ئۆز قىلمىشىغا ئۆزى جاۋاب بەرگەي.
مۇپتى مۇدەررىسلىكمۇ قىلاتتى، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ پاتىھە قىلدى.
— بىزگە ئىجازەت، تەقسىرلەر، تالىپلار ساقلاپ قالمىسۇن.
ئۇ ئىشىككە بارماي تۇرۇپلا ئېغىشتى، ھە دېمەي ھويلىدىنمۇ قارىسى ئۆچتى.
گەرچە ئىسلامدا مەرھۇم بىلەن ئۆزى يوق كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش گۇناھىئەزىم سانالسىمۇ، قازى مۇپتىنى يامانلاپ، ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككىيلەننى ئاقلىغان بولدى.
— پۇتەر ئىشنىڭ بېشىغا ياخشى كېلەر قېشىغا، دەپتىكەن. مۇپتى قېرىپ، مېڭىسى ئايلىنىپ قاپتۇ. ئەمدى بۇ ئاشنى ئۆچىمىز پىشۇرغايمىز. شەيخنىڭ كۆزىنى ئىچىپ قويمىساق، ئەته ئۆتۈپ، ئۆگۈنسى شاھابىددىننىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈننىڭ بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشۈشى ھېچ گەپ ئەمەس. خوش، مانا مەن سابران ئۆلىمالىرى نامىدىن خان جانابلىرىغا ئەرزنامە پۈتۈپ قويدۇم. ئەمدى بۇنى بىر خەتتاتقا كۆچۈرتتۇرمەك لازىم يا ئۆزۈڭ كۆچۈرەمسەن، شاھاب؟
— مەن شەيخنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان ھۆكۈمنىمۇ جان دەپ ئادا قىلاتتىم. ئەمما قولۇم بۇنداق ... قارىي يازسۇن.
— قارىي بەتخەت، — دەپ قازى ئۇنىمىدى، — قارىيغا باشقا خىزمەت بار.
«قازىكالان مېنى نە بالاغا گىرىپتار قىلاركىن؟» دەپ مەۋلۇت قارىينىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ كەتتى. ئەشرەپخان قازى شەيخنىڭ

خىلاپتۇر. ئەمما، پۇقراپەرۋەرلىكى تەھسىنگە لايىق. بۇنى كۆر-
مەسلىكمۇ گۇناھ، تەقسىر.
مۇپتىنى ئۆز تەرىپىگە ئاغدۇرالماسلىقىقا كۆزى يەتتى. مۇپتى
بىلەن ئارىنى ئوچۇق قىلىشىنىڭ ئىلاجى يوق ئىدى. قازىنىمۇ،
مۇپتىنىمۇ ئۆلىمالار كېڭىشى سايلايدۇ. كېيىن خانىقانىڭ تەستى-
قىدىن ئۆتىدۇ. قازى خالىسۇن - خالىمىسۇن مۇپتى بىلەن مۇرەس-
سە قىلىپ ئىشلەشكە مەجبۇر. چۈنكى، پەتىۋانى مۇپتى بېرىدۇ،
كېيىن قازى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. پەتىۋاسىز ھۆكۈم شەرئىيەتكە ئۇي-
غۇن ئەمەس، پەتىۋاسىز قازى مىسالى قورال - ياراغسىز نۆكەر-
نىڭ ئۆزى. شۇلارنى ئويلاپ ئەشرەپخانىنىڭ پىغانى ئۆچتى. مۇپتىغا
يان بېسىپ، يېزىپ قويغان ئەرزنامىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاي دېسە،
بۇلتۇرقى ئەلەم كۆڭلىدە تاش بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇلتۇر ماۋۇ موزاي-
ۋاش ھاجى مەدرىسىدە قولغا چۈشۈپ ھەيدەلگەندىن كېيىن جاڭجال
بولدى. تەپتىش ۋاقتىدا، شاھابىددىننىڭ تالىپلارنىڭ ھەققىنى بىر
ئۆزۈم يېگىنىم يوق، ھەر پەيشەنبە كۈنى قازى جانابلىرىنىڭكىگىمۇ
ئاپىرىپ تۇردۇم، دەپ ئېغىزىدىن ئىلىندۇرۇپ قويدى. بۇ گەپ
شەيخنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىكەن، جۇمە نامىزىدا خالايىققا ئاشكارا
قىلىپتۇ. قازى بۇ ئىشتىن تاندى، كېيىن مەدرىسە ھەيئىتىنىڭ
مەسلىھىتىگە ئاساسەن، تالىپلارغا بىر سەركە ئېھسان قىلىپ،
مىش - مىشلارنىڭ تۈۋۈكىنى ياپتى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ چاغدا
مۇپتى ساۋرىاندا ئەمەس، ھەجگە كەتكەنىدى. ھېلىمۇ بۇ ئىشنى
ئاڭلىماپتۇ، بولمىسا بۇگۈن قازىنى ئېغىز ئاچۇرماس ئىدى.
«مۇپتى، مەن ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ كۈن كۆرىمەن، دەپ تۇرۇۋا-
لىدۇ، مال سەمرىتىپ سېتىشنى ئادەت قىلىدۇ. شەيخكە تەقلىد
قىلماقچى بولىدۇ. شەيخمۇ ئوتۇغۇچ ياسارمىش، قوشۇق ئويار-
مىش. قايسى ئەخمەق ئىشىنىدۇ، بۇنىڭغا؟ كۈندە ئويىدىغان تۆت
قوشۇق بىرلە بىر جۈپ ئوتىغۇچىنىڭ پۇلى نېمە بولىدۇ، خوش،
بۇ مۇپتىنى نېمە قىلسام بولىدىكىن، دەپ ئويلىدى قازى: «ئۆزۈم-
مۇ كۆلمەيمەن. ئۆزگىنىمۇ كۈلدۈرمەيمەن دەيدىغان كاساپەت

ساددا، كۆڭۈلچەك، ئىككى ئېغىز ماختاپ قويساڭ، بولدى، ئۆزى-نى ئوتقىمۇ سوغىمۇ ئۇرۇۋېرىدۇ. ئەمما، قورقۇنچاق، قاپاق تو-رۇپ دوق قىلساڭ، پوتونىغا باش ئۇرۇشتىن ئار قىلمايدۇ. قازى بۇنى ئوبدان بىلگىنى ئۈچۈن تامىقىنى قىرىپ، كۈلۈمسىرىدى:
— خوش، مەۋلۇتبېك، سەپەر جابدۇقى تەييارمۇ؟
— تەييار، تەقسىر، تەييار! — دېدى قارىينىڭ يۈرىكى ئويناپ، — يۇر دېسىڭىزلا ئىزىڭىزغا چۈشۈپ كېتىۋېرىمەن.
مەۋلۇتقاري بىر يىلدىن بېرى «تەقسىر، ھەج زىيارىتىگە بارسا، مېنىمۇ ھەجگە ئالغاچ كەتسىڭىز، ئاخشىمى - ئەتىسى خىزمىتىڭىزدە بولسام» دەپ يالۋۇرۇپ يۈرەتتى. قازى بۇ سەپەر ئۇنى رويخەتكە قوشتى. شۇڭا، قاچان ماڭىمىز، دېگەندەك كۆنگە ئىككى رەت قازىنىڭكىگە كېلىپ كېتىپ يۈرۈپتۇ. ھازىر قازى ئەسلى نىيىتىگە كۆچۈشتىن بۇرۇن قارىينى ئازراق چۆچۈتۈپ قويماقچى بولدى.
— ياخشى، مەۋلۇتبېك، ئەمما ئاۋۇ تاش مەسچىتنىڭ ئىمامى بارغۇ...
— تۇردىقۇلمۇ؟
— ھە، باركاللا، دەل شۇ، مېنىمۇ ئالغاچ كەتسىڭىز، دەپ بوسۇغامدىن نېرى كەتمەيۋاتىدۇ. شەيخ بىرلا كىشىگە رۇخسەت بەرگەن. ئىككىڭلارنى قانداق ئېلىپ كېتىمەن؟ يا ئىمام بېرىشى كېرەك، يا سەن...
قارىينىڭ جېنى چىقىپ كېتەي دېدى. ئۇ ھەجگە بارىدىغانلى-قىنى ئائىلىسىدىكىلەرگىلا ئەمەس، جىمىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى-غىمۇ ئېلان قىلىپ بولغانىدى. ھەتتا ئابزەمزەم ئۈچۈن كىگىز تاشلىق ئىدىشنىمۇ تەييارلاپ قويغان. ئەجەبا بىر كونا مەسچىتنىڭ ئىمامى ئۇنى سۇرۇپ تاشلاپ، شەيخنىڭ كارۋىنىغا قوشۇلسا...
مەۋلۇتقاري ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— تەقسىر، مېنى شەرمەندە قىلماڭ! ئۆلگۈچە خىزمىتىڭىز-دە بولاي. مەن سىزنى ئاتام دېمىگەنمەن، ئەمدى بىر ئاتلىق

شاھزادە ئابدۇلپەتىھقا يوللىغان مەكتۇپنى ئېلىپ داستىخانغا قوي-
دى، كېيىن يەنە بىر ۋاراق قېلىن قەغەز چىقاردى. ئۇ شەيخنىڭ
مۆھۈردىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا ئىدى.
— سەن ماۋۇلارنى ئېلىپ ھازىرلا سېلىم نەققاشنىڭكىگە
بارىسەن، — دېدى قازى شاھابىددىنغا، — شەيخنىڭ خېتىنى
كۆچۈرسۇن، ئاندىن مۆھۈردىن نۇسخا ئېلىپ قېلىپ ياساپ
بەرسۇن.
ھاجى چۆچۈپ كەتتى:
— تەقسىر، نەققاش ئۇنارمۇ؟ بىراۋنىڭ مۆھۈردىن نۇسخا
ئالماق ئۇچۇن... مۆھۈر ئىگىسىنىڭ رازىلىقى كېرەك.
قازى تۇكۇرۈك چاچرىتىپ ۋارقىرىدى:
— سەن ئۆزۈڭگە يالغان پەتىۋا يېزىپ مۆھۈر باسقاندا قانداق
قىلغانتىڭ، شەيخنىڭ رازىلىقىنى ئالغانمىدىڭ؟
— ئۇ چاغدا مەن قېلىپ ياساتمىدىم... نۇسخىدىن نۇسخا
كۆچۈرۈپ، باشپيازنى ئىككىگە بۆلۈپ سىياھلاپ باسقانمەن...
— شەيتاندىن دەرس ئالغانسەن، ھاجى! سەن ئەندىشە قىلما.
ماۋۇ خەتنى كۆرسە ئۇستا گۇمان قىلمايدۇ. «پۇلنى بېرىمەن،
رازى قىلىمەن» دە، «بۇ خەتنى قازىكالان بىلەن مۇپتى كۇتۇپ
تۇرۇپتۇ، ئەتە ناماز ئەسىرگىچە تەييار بولسۇن» دە، ئۇقتۇڭمۇ؟
ھاجى بېشىنى سىلكىپ، ساق قولىنى كۆكسىگە باستى.
— بولدى، ساڭا رۇخسەت، ھوشيار بول، يولدا چۈشۈرۈپ
قويما!
ھاجى مۆھۈر بىلەن خەتنى يانچۇقىغا سېلىپ چىقىپ كەتتى.
قازى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان قارىيغا سىناق نەزىرى بىلەن
تىكىلدى. مەۋلۇتقارىي يېشى قىرىققا ئۇلىشىپ قالغان، ئىنچىكە،
كۆزلىرى مەستانە، يۈزى كەڭ، مۆمىن، قابىل كىشى ئىدى.
ئۇمۇ شاھابىددىن ھاجىغا ئوخشاش قازىنىڭ مۇرىتلىرىدىن ئىدى.
ئەمما، ھاجى تەرسا، پىخسىق، ئۆلگۈدەك مەككار، كىچىككىنە
پايدا چىقىدىغان يەردە جېنىدىن كېچىپ يېتىۋالىدۇ. قارىي بولسا

# 4. بابا ماچىن بىلگەن سىر

شەرىئەتتى ئارەستە، تەرىقەتتى پەيۋەستە،
ھەقىقەتتى شايىستە، شەيخىم ئەھمەد يەسسەۋىي.
ئون سەككىزمىڭ ئالەمدە، ئىسمى باردۇ كالامدا،
ئورنى دارۇسسالامدا، شەيخىم ئەھمەد يەسسەۋىي.

— سۇلايمان باقىرغانىي

كارۋان شەھەردىن چىقىپ ئۇتترار تەرەپكە بۇرۇلدى. ئالدىدا خىرقە كىيگەن دەرۋىشلەر بار ئىدى. ئۇلار «يا ھەق!» دەپ، ھاسىلىرىنى زەربە بىلەن يەرگە ئۇراتتى، شامالغا كۆكسىنى تۇتۇپ يولنىڭ تانابىنى تارتاتتى. ئۇلارنىڭ نىيىتى كەبىنى زىيارەت قىلىش ئەمەس، شەيخكە ھەمراھ بولۇپ، ئىسپىجابقىچە بېرىش ۋە ئۇ يەردىكى چوڭ زىكرىگە قاتنىشىپ، يەنە قايتىپ كېلىش ئىدى.

دەرۋىشلەردىن يۈز قەدەمچە كېيىن تورۇق ئاتتا ھەزرەت خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. تورۇقنى بابا ماچىن يېتىلىۋالغانىدى. شەيخنىڭ ئىككى يېنىدا شەرىئەت پېشۋالىرى — مۇپتىلار، قازىلار، ئەلەملەر، سەييىد ھەم خوجىلار، ئىشانلار كېلىۋاتاتتى. ئۇلاردىن كېيىن ئەھلى ئامما — كاسىپ، تىجارەتچى، دېھقان، قويچى، مۇدەررىس، تالىپ، ئىشقىلىپ، ھەرخىل ساھەگە تەۋە كىشىلەر كېلىۋاتاتتى. تاپقاننىڭ تېگىدە ئات، قېچىر، ئېشەك، تاپالمىغان غېرىب - غۇرۋالار پىيادە دىلىغا كەبەتۇللانىڭ ساۋابىنى پۈكۈپ يول باسماقتا ئىدى.

قىلىڭ، نېمە خىزمەت دېسىڭىز رازىمەن...

— ئولتۇر! — دېدى قازى مەمنۇن هالدا ھىجىيىپ. قارىي تۇزسىز خېمىردەك بوشىشىپ تۇراتتى، ئەمدى ئۇنىڭدىن خالىغان رۇۋۇلىنى ئۇزۇش مۇمكىن ئىدى.

قارىي ئۆرە تۇرىۋەردى.

— ئولتۇرمايمەن، تەقسىر... تاكى بىر ئېغىز «ماقۇل» دې-گەن سۆزىڭىزنى ئالمىغۇچە ئولتۇرمايمەن...

— قانداق بىئەدەپسەن، ماقۇل دېدىمغۇ، ئولتۇر ئەمدى.

قارىي قۇرۇق تاغاردەك پۈكلىنىپ جايىغا ئولتۇردى.

— مەيلى، ئىمامنى ئەمەس، سېنى ئېلىۋالاي. ئەمما، ساڭا ئەرزىمىگەن بىر خىزمەت بار. ئاۋۇ شاھاب يازدۇرۇۋاتقان خەتنى ساڭا بېرىمەن. سەمەرقەنتكە بارغاندا خان ھەزرەتلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرىسەن.

قارىينىڭ جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالدى. ئۇ ئىككى ئوت ئوتتۇرىسىدا قالغانىدى. «ياق» دېسە مەككىگە بارالمايدۇ، «ما-قۇل» دېسە... قولغا چۈشۈپ رەسۋايىئالەم بولۇشىمۇ مۇمكىن.

قارىينىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى. ئاخىر ئۇ شەرمەندىلىكنى بويىنىغا ئالدى.

— خوپ، تەقسىر، بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئاڭلانار - ئاڭلان-ماس ئاۋازدا.

ئۇستا سېلىم ئاۋۋال ۋاقتىم يوق، دەپ تۇرۇۋالدى، كېيىن شاھابىددىنىنىڭ قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان تىللاغا كۆزى چۈشۈپ، رازى بولدى. شەيخنىڭ مەكتۇپىنى چىرايلىق قىلىپ كۆچۈردى، مۆھۈرگە قېلىپ ئويدى، لېكىن بىپەرۋالىق قىلىپ، بىر خاتاغا يول قويدى. بۇ كىچىككىنە خاتا كېيىنچە قازى بىلەن قارىيغا ئېغىرغا توختىدى.

مۇھەممەد دانىشمەن ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، يەسسىگە قايتتى، ئۇ ھەزرەتنىڭ ئورنىدا، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قالغانىدى.

كارۋان قەدىمكى يىپەك يولىغا چۈشتى. باغلار بىلەن قورشالغان پاكار ئۆيلەر ئارقىدا قالدى. قىپچاق دەشتى دەپ ئاتالغان چەكسىز يالاڭلىق باشلاندى. ئىككى تەرەپ پۈتۈنلەي كۆكۈچ ئوتلاق، يىراقلاردا قارا قوڭغۇزلاردەك يەر بېغىرلاپ يۈرگەن قوي پادىلىرى كۆزگە تاشلىنىدۇ، ھاۋادا يىرتىلىپ، تىتىلىپ كەتكەن كىگىزدەك بۇلۇت پارچىلىرى ئۈزۈشىدۇ. قىبلە تەرەپتىن ھامان سالقىن شامال ئېسىپ تۇرىدۇ. شامال گويا يولۇچىلارغا مەدەت بېرىۋاتقاندەك، ئۇلارنى تېزرەك مەنزىلگە يەتكۈزمەكچىدەك ئۇرۇق - تۇغقان ئوت - چۆپلەرنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلىدۇ، يۇزلەپ تۇياقلار، ئۆتۈك، چورۇق كىيگەن زىيارەتچىلەرنىڭ چاڭ- توزاڭلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ.

دەرۋىشلەر ھامان بىر خىل ھالدا سالماق، مەزمۇت قەدەم تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھاسىلىرىغا قادالغان تۆمۈر ھالقىلارنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى جىرىڭلىغان ئاۋازى ئاجايىپ بىر نەغمىدەك ياڭرايدۇ، سالقىن سۇنبۇلە ھاۋاسى دەشتىنىڭ يېقىملىق ئەپكىنىدىن سەرخۇش بولغان كۆڭۈللەرگە مەيىن قوڭغۇراق ئاۋازىدەك ئاراملىق بېغىشلايدۇ.

شەيخ كۆزى بىلەن قۇتبىددىننى ئىزلىدى، كۇلاھلىرىنى سىلكىتىپ، ھاسىلىرىنى يەرگە تەگكۈزۈپ - تەگكۈزمەي كېتىۋاتقان پىدائىيلارغا بېقىپ، قۇتبىددىننىڭ بوي - بەستىنى ئاختۇردى. شەيخنىڭ مىڭلاپ مۇرىتلىرى، ئونلاپ خەلىپىلىرى، دىل مەھرەملىرى بولسىمۇ، بالاغەت يېشىغا يەتكەن ئوغۇل پەرزەنتى يوق ئىدى. تۇنجى ئوغلى ئابدۇللەتىپنى ئاللا دەرگاھىغا ئېلىپ كەتتى. كەنجىسى ئىبراھىم تېخى نارەسىدە. شۇ تۇپەيلىدىنمۇ، ھەزرەت قۇتبىددىننى سادىق بىر مۇرىتلا ئەمەس، بەلكى تۇتۇنغان پەرزەنت قاتارىدا كۆرەتتى. ئەمما، بۇنى قۇتبىددىنغا سەزدۈرمەيتتى، ھەر

قومكەنت شەھىرىنىڭ ھاكىمى ھەدىيە قىلغان ئىككى نار تۆگىگە ھەزرەتنىڭ كىتابلىرى، شەخسىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى يۈك-لەنگەنىدى. تۆگە قوشۇلغان سايىۋەنلىك ھارۋىدا رۇقىيەبۇۋى، قىزلىرى گەۋھىرى شاھناز، گەۋھىرى خۇشناز ۋە ئوغلى ئىبرا-ھىم ئولتۇراتتى. كارۋاننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوغۇزخانى ياۋقۇر ئالتۇنتاشنىڭ خاس نۆكەرلىرى زىيارەتچىلەرنى قوغداپ كېلىۋاتات-تى. سەپنىڭ قۇيرۇقىدا چاڭ - توزانغا پىتىپ، تىلىلىرىنى ساڭگى-لاتقانچە بىر توپ ئىت سوكۇلداپ كېلەتتى. ئاۋام خەلق ھەيران بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىتلارنى قوغلايتتى. ئەمما، ئىتلار بىر-دەم قۇيرۇقلىرىنى قىسىپ ئۆزىنى چەتكە ئالاتتىيۇ، يەنە كارۋانغا ئەگىشەتتى. شەيخ سەپەرگە چىقسا ئۇنىڭ كەينىدىن بىر توپ ئىت ئەگىشىپ يۈرەتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئەمما ھەركىم ئۆزگىچە تەبىرلەيتتى.

كارۋان راباتتىن چىقتى. يەسسىنىڭ تاغلىرى ئارقىدا قالدى. قەلئە سېپىللىرى غىل - پال كۆزگە چېلىقاتتى. شەيخ ئاتنى توختاتتى. بابا ماچىن كەينىگە ئۆرۈلدى.

— سوپى، ئەمدى خوشلىشايلى، — دېدى شەيخ ئوڭ تەرىپىدە كېلىۋاتقان مۇھەممەد دانىشمەنگە.

سوپى مۇھەممەد ھەزرەتنىڭ ئۈچىنچى خەلپىسى ئىدى. شەيخ ئۇنىڭ باشقىلاردىن ئارتۇق تەرەپلىرىنى ياخشى بىلەتتى. مۇھەممەد-نىڭ ئەقلى چوڭقۇر، تەدبىرى جايىدا، پاراستى تېز ئىدى. بىرەر ئىختىلاپنىڭ ئاقىۋىتىدىن بۇرۇن سەۋەبىنى بايقاپ بىر تەرەپ قىلا-لايتتى. ئۇنىڭغا «دانىشمەن» دېگەن لەقەم بىكار بېرىلمىگەنىدى.

ھەزرەت ئاتتىن چۈشتى. مۇھەممەد دانىشمەن بىلەن ئۈچ قېتىم قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

— سىزنى ئاللا ئۆزى پاناھىدا ئاسرىسۇن، — دېدى شەيخ.

— بارچىمىزنى ئاللا پاناھىدا ئاسرىسۇن، شەيخىم. يولىڭىزغا ھىدايەت نۇرى يېغىلسۇن.

بابا ماچىن شەيخنى تورۇققا مىندۈردى ۋە چۇلۋۇرىنى تۇتتى.

ۋىسىدىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، خان پەدەرىنىڭ ئالدىغا ئىرشات ئالغان كامىل خەلىپە سۈپىتىدە بارسۇن دېگەن خىيالدا ئىدى شەيخ.

ھەزرەت بويلۇق، دادىل زىكىر ئەھلى ئارىسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ قۇتبىددىننى ئاختۇردى. نىھايەت ئۇنى كۆرگەندەك بولدى. ئەنە، ئۇ قولىدىكى ھاسىنى ھاۋاغا شىلتىپ يېنىدىكى دەرۋىش يىگىتكە نېمىنىدۇر چۈشەندۈرمەكتە، ئوت ـ چۆپلەرنى ئاساۋ ئاتتەك تېپىپ مەغرۇر قەدەم تاشلىماقتا. شەيخ بىر تۈركىي نەقىلنى ئەسلىدى: «ئەل مىلىڭ قويچىغا بىر باشچى، دەپتۇ. ئاللا ئۆمرىنى زىيادە قىلسۇن. بىز ئۆتكەندىن كېيىن چىرىغىمىزنى ياندۇرۇپ قالىدىغان خەلپىلەرنىڭ بىرى قۇتبىددىن بولسا ئەجەب ئەمەس. ئىنىنەما ئەلئەمەل بىل خەۋاتىم①، ئىلاھا، ئۆزۈڭ باشپاناھ بولغىل!»

شەيخ ئاسمانغا قارىدى. كۈن ئىككى نېرەك بويى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ھەزرەت ئەسىر نامىزىنى ئېيقاندا ئوقۇپ، خۇپتەنگە ئۇترارغا، ئۇستادى ئەۋۋەل ئارسلانباب مەقبەرىسىگە يېتىپ بېرىشنى مۆلچەرلەپ قويغانىدى.

— تېزرەك ماڭايلى، بابا قۇل، — دېدى شەيخ ئاستا ئاۋازدا.

بابا قۇلغا ئەسلىي شۇ سۆز كېرەك ئىدى. خېلىدىن بېرى شەيخ ئاتنىڭ يۈگىنىنى ئەمەس، گويا بابا قۇلنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى. بابا ماچىنىنىڭ لەقىمى يەل تاپان، يېشى ئەللىكنى قارىلاپ قالغان بولسىمۇ چەپچىپ تۇرىدۇ، بىر يەردە ئولتۇرسا بەدىنى قىزىپ كېتىدۇ، كۈنىگە ئون — ئون بەش پەرسەخ، يەنى كېمىدە يۈز چاقىرىم يۈرۈپ تۇرمىسا زەنجىرلەنگەن ئارسلاندەك تېپىرلاپ، ئۆزىنى قويغىلى جاي تاپالماي قالىدۇ. شەيخ خىزمەت يۈزىسىدىن ئۇنى بىر ـ ئىككى قېتىم يىراق ئاۋۇللارغا ئەۋەتتى. ياخشى يورغا ئات بىر كۈندە باسىدىغان يەرگە بابا ماچىن يېرىم كۈندە بېرىپ كېلەتتى. كېيىن شەيخ ئۇنىڭ «ئۇچۇپ ـ قونۇپ» يۈرۈشىنى مەنئىي قىلدى. يەسسەۋىيە قائىدىسى شۇنى تەقەززا قىلاتتى.

---

① ھەربىر ئىش نەتىجىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

ۋاقت ئۇنىڭ خىزمىتىدىن بەھرىمەن بولغىنىدا، «تەڭرىتائالا ئوغۇل بەرسە، شۇندىقىنى بۇيرۇسا» دەپ قەلبىنىڭ قەرىدىن ھەۋەس قىلاتتى.

قۇتبىددىن ئاتا - ئانىسىنىڭ تەقىبىدىن قېچىپ، سەلتەنەت دەرۋازىسىدىن ۋاز كېچىپ يەسسىگە قايتىپ كېلىش بىلەن بىرگە ھەزرەتنىڭ خىزمىتىگە كىردى. «ئاستانىڭىزنى سۇپۇرسەم رازىمەن، پىرىم، تىلىكىم شۇلكى، مۇبارەك نەزىرىڭىزدىن چەتتە قالمىسام، مەرھەمىتىڭىزنى مەندىن ئايىمىسىڭىز» دەپ ئىلتىجا قىلدى. شەيخ ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىنى، زېھنىنى، مىجەزخۇلقىنى سىنىدى. قۇتبىددىن ئەمدىلا ئون ئالتە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ تاشقى ئالىمى بىلەن ئىچكى ئالىمى بىر - بىرىدىن قېلىشماس، بىر - بىرىدىن ئەلا ئىدى. قامىتى ئەدەپ ئىكرامىدەك مۇكەممەل، قارا، مۇڭلۇق ۋە ئەقىللىق كۆزلىرى كىشى كۆزلىرىگە يورۇقلۇق بېغىشلار، تەبىئىتى نازۇك، ئىدراكى بولسا تېز ئىدى. شەيخ بۇ يىگىتنىڭ جىسمىغا جا بولغان غەيرەتنىمۇ دەرھال ئىلغىدى. ھەرىكىتى تېز، بىراق قوپال ئەمەس، گەپلىرى ئورۇنلۇق، ھەربىر لەۋزىدە ئىچ - ئىچىنى ياندۇرۇپ تۇرغۇچى روھىي ئالىمى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. شەيخ قۇتبىددىننى كۆرسە كۆزلىرى سۆيۈنىدىغان بولدى، پەرزەنت ئورنىدا باغرىغا ئالدى. ئەمدىلىكتە قۇتبىددىن ھەزرەتنىڭ خاس كىشىسىگە ئايلانغانىدى.

ئارىدىن سەل كەم ئىككى يىل ئۆتتى. قۇتبىددىن يەسسەۋىيە ئەدەپ - قائىدىلىرىنى ئوبدان ئۆگەندى، مۇشكۇل سىناقلاردىن ئۆتتى. ئۆزىمۇ بالاغەت يېشىغا يەتتى، پەزىلەت ۋە كامالىتى كۆپەيدى. ئەمدى ئۇ خەلپىلىككە ھازىرلىنىۋاتاتتى. شەيخ ئىسپىجاپتىكى چوڭ زىكىردىن كېيىن قۇتبىددىنغا ئۆز قولى بىلەن خىرقە كىيدۇرۇپ خەلپىلىككە قوبۇل قىلماقنى نىيەت قىلغانىدى. قۇتبىددىن سەمەرقەنتتە ئەلۋەتتە ئاتىسى بىلەن كۆرۈشىدۇ. گەرچە ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن، قۇتبىددىنمۇ شاھزادىلىك مەرتى-

سىدۇر، دەردى بار كىشى كۆكسىنى تولدۇرۇپ ئاھ ئۇرالمايدۇ.
سۇلايمان ساڭا نېمە بولدى؟ ياكى ۋەتەن ھەسرىتى سېنى
چىللاۋاتامدۇ؟»

سۇلايمان پىرىنىڭ ئۆزىگە خىتاب قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن-
دەك، يالت قىلىپ قارىدى. شەيخ ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى.
ئېگەرنىڭ قېشىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، سۇلايماننى تۈنجى ئۇچراتقان
كۈننى ئەسلىدى.

بۇخارا، مۇنارەئى كالاننىڭ ئۇدۇلىدىكى مەدرىسە، شەيخ پىرى
يۈسۈپ ھەمەدانى خىزمىتىنى تۈگىتىپ، ئۆزى سۆيىدىغان سۆلۈكىنى
تۈزۈش خىيالىدا ئىدى. شەيخ مۇنارنىڭ ئاستىدىكى كۆكتاشتا خى-
يالغا بېرىلىپ ئولتۇراتتى. مەدرىسىدىن بىر توپ بالا چۇرقىرى-
شىپ چىقتى. توپنىڭ ئاخىرىدا ئون تۆت — ئون بەش ياشلاردىكى
بەردەم، بويلۇق، قارا مېغىز بىر بالا كېلەتتى. ئۇ باشقىلاردىن
ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. جىلىتىنى بويىنىغا ئاسماستىن ئىككى
قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەدرىسىگە كەينىنى قىلماستىن ئارقىچە-
لاپ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. شەيخ بالىنىڭ قىلىقىدىن تەئەججۈپلەن-
دى، يېقىن كەلگەندە يېنىغا چاقىردى. بالا جىلىتىنى كۆكسىگە
بېسىپ تەزىم بىلەن سالام بەردى.

— ئوغلۇم، نېچۈن بۇنداق ماڭىسىز، جىلىتىڭىزنىڭ بوغقۇ-
چى ئۈزۈلدىمۇيا؟

— بوغقۇچ ساق، تەقسىر، — دېدى بالا ئەدەپ بىلەن، —
مەن كۆزۈمنى روشەن قىلغان بۇل كالامۇللانى ئۆشنەمگە تاشلاپ
مېڭىشنى راۋا كۆرمىدىم. دىلىمنى روشەن قىلغان مەدرىسىگە
ئارقامنى قىلىپ كېتىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ بىلۈرمەن…

بالىنىڭ جاۋابىدىن شەيخ زوقلاندى، كۆڭلى ئېرىدى.

ئاشۇ بالا مانا شۇ سۇلايمان ئىدى. شەيخ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى-
نى سۈرۈشتۈردى، ئۇلارنىڭ رازىلىقى بىلەن سۇلايماننى مۇرىتلىق-
قا ئالدى. ئۇنىڭغا پاراستىڭگە ئاپىرىن دېگەن مەنىدە ھەكىم دېگەن
لەقەمنى بەردى.

شەيخنىڭ «تېزرەك ماڭايلى» دېگىنىنى ئاڭلاپ بابا ماچىنغا جان كىردى. ئاستا مېڭىشتىن قىينىلىپ، تەرلەپ كەتكەن بابا ماچىن قەدىمىنى تېزلەتتى. ھەزرەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كېتىۋاتقان ھەكىم خوجا سۇلايمان بابا ماچىندىن سورىدى:

— خارەزمگە يېقىنلاشتۇقمۇ، بابا قول؟

— ئىككى پەرسەخ يېقىنلاشتۇق.

سۇلايمان ئاستا ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن جەيھۇن دەرياسى، نەمخۇش ساھىلدا يالاڭ ئاياغ چېپىپ يۈرگەن چاغلىرى، چېچەكلىگەن يۇلغۇنلار... ئۆتتى. ئاسمان ـ پەلەك باراقسان دەرەخلەرنىڭ سالقىن شامىلى يۈزىگە ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئانىسىنى ئەسلىدى... يۈرىكى جىغىلدىدى.

سۇلايمان ئەسلىي خارەزملىك ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە بۇخاراغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇن — ئون ئىككى ياش چاغلىرى بولسا كېرەك، ئىمام بۇخارى ھەدىسلىرىنى ئوقۇپ، قۇرئان تەپسىرىگە چۈشكەن ۋاقىتلىرى ئىدى. ئاتىسى ئۇنى سەدرى جاھان دەپ ئاتالغان بۇرھانىددىن ئابدۇلئەزىزخان مەدرىسىسىگە بەردى. شەيخ بىلەن شۇ يەردە ئۇچراشتى، پىرىم دەپ ئۇنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلدى، تەرىقەتنى قوبۇل قىلدى، غاپىل ئىدى، فازىل بولدى، سۇلۇك ئەھلىنىڭ باشلامچىسى دەپ نام چىقاردى. سوپىلار ھالقىسىغا كىرىپ، يەتتە مەقامدىن ئۆتتى، كېچە ـ كۈندۈز تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللاندى، مانا يېشى قىرىقنى قارىلاپ قالدى، ھەقىقەت ئىشىكىنى ئاچقاندەك بولدى، ئەمما ھازىرغىچە بىرەر ساھىبجامالنىڭ ئىپپەت پەردىسىنى ئاچماق نېسىپ قىلمىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سۇلايمان بۇ ھەقتە پات ـ پات ئويلايتتى، لېكىن پىرىغا ئېغىز ئېچىشقا ھەددى سىغمايتتى. ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇرۇۋۋىتىگە ئۈمىد باغلايتتى.

شەيخمۇ ئېگەردە ئاستا چايقىلىپ سۇلايماننى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى. سۇلايمان بىلەن بابا ماچىننىڭ باياتىنقى ئىككى ئېغىز گېپى شەيخكە تەنندەك تۇيۇلدى. «ئاھ ئۇرۇش چارىسىزلىكىنىڭ بەلگە-

ئاندىن سىزنىڭ مۈشكۈلىڭىزنى ئاسان قىلغايمىز.
سۇلايماننىڭ كۆڭلى پۇشايمان تېشىغا ئۇرۇلۇپ، چۆل - چۆل بولغاندەك بولدى.
— بابا قول!
— لەببەي، پىرىم! — بابا ماچىن كەينىگە ئۆرۈلدى.
— ھېلىقى ئانىنىڭ ئەرزى نېمە بولدى؟
— ئوغلى بىرلە سۆزلەشتىم. شەيخىم ئىجازەت بەرمىسە ھەجگە بارمايمەن، ئەمما ئۆيگىمۇ قايتمايمەن دەيدۇ.
— نېچۈن؟ سەۋەبىنى سورىمىدىڭىزمۇ؟
— سورىدىم، سىر ئاچمىدى، قەلبىدە جاراھەت بارمىش. مۈشكۈلۈمنى شەيخىم ئاسان قىلغاي، يالغۇز پىرىمغا ئېيتىدىغان گېپىم بار، دەيدۇ.
شەيخ ئۈندىمىدى. يىگىتنىڭ دەردى ئېغىر، تەقدىرى چىگىشتەك قىلاتتى. «نېمىشقا بەش قارا كۆز پەرزەنتىنى ئىككى زەئىپەگە تاشلاپ قويۇپ، ئائىلىسىدىن قول ئۈزۈپ يۈرگەندۇر؟ بۇ ئەر كىشىگە مۇناسىپمۇ؟»
— باباقول!
— لەببەي، پىرىم!
— ھېلىقى ئابدۇرەئۇپ قايدا ھازىر؟
— ئەنە، دەرۋىشلەر ئارىسىدا، — دېدى بابا ماچىن دەرۋىشلەر تەرەپنى ئىشارە قىلىپ، — ئۆي تەرەپكە قاراشنى كۆڭلۈم خالىمايدۇ، دەيدۇ. ئانىسىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرسە بىھوش بولارمىش.
— ئەتە بامدات نامىزىدىن كېيىن ھوزۇرۇمغا چاقىرىڭ، دەردىنى ئاڭلايلى.
بابا ماچىن گويا ئۆزىنىڭ مۈشكۈلى ئاسان بولغاندەك سۆيۈندى.
قۇياش تىكلەندى. پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ ئازراق دەم ئېلىش ئۈچۈن ھەزرەت ئېيقان قىشلىقىدا توختىدى.
زىيارەتچىلەرنى ئېيقان كەنتىنىڭ ئاقساقىلى باشلىق ئۆلىمالار

شەيخ بۇخارائى شەرىپتە يەسسەۋىيە تەرىقىتىگە ئاساس سالغاندا سۇلايمان ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇ سۇلۇككە كىرگەنلەرگە باش، ھەزرەتكە يولداش بولدى. سۇلايمان قاۋۇل، كۈچكە تولغانىدى، تۆت دەرۋىشكە كۈچى يېتەتتى، شەۋقى ئۇرغۇپ تاشقاندا بولسا ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەي قالاتتى.

ئاتا ـ ئانىسى يەنە خارەزمگە كۆچۈپ كەتكەندە سۇلايمان بۇخارادا قالدى، شەيخنىڭ خەلپىسى، دىلكىشى، مەسلەكدىشىغا ئايلاندى. ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ھېكمەت ئېيتىشقا باشلىدى.

شەيخنىڭ خىيالچان يۈزى يورۇپ كەتتى، كۆز ئالدىدا چاراقلاپ تۇرغان ئاپتاپتىن كۆڭۈلگە بىر چاڭگال نۇر قونغاندەك بولدى. تىلىغا سۇلايماننىڭ ئىككى بېيىتى كەلدى:

نە خۇش بۇ دۇنيادا ئىمان ۋە قۇرئان،
نە بولغاي دۇنيادا ئىماندىن ئارتۇق.
مېنىڭ بۇ دەردىمە ھېچ كىمسە بىلمەس،
ئەگەر بىلسە، ھەكىم لوقماندىن ئارتۇق!

— دەردىڭىزنى بىلىمىز، — دېدى شەيخ سۇلايمانغا كۆز قىرىنى تاشلاپ، — سەۋر قىلىڭ. باشلانغان ھەرقانداق نەرسە ئاخىرلاشقاي.

سۇلايمان خىجالەت بولدى. ئۇ ۋەتەن ئارزۇسىغا غەرق بولۇپ، شەيخنى ئۇنتۇغانىدى.

— شەيخىم، بىزدىن ئاسىيلىق ئۆتتى، كەچۈرگەيلا...

— بىز سىزنى پەرزەنت دېگەنمىز، سۇلايمان. بارچىمىز ئاللانىڭ قۇلىمىز، ھەرگىز بىر ـ بىرىمىزگە قول ئەمەستۇرمىز... — شەيخ ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن بىر جۈپ قۇشقا ئىشارە قىلدى، — قاراڭ، ئاۋۇ قۇشلارمۇ جۈپ يۈرۈپتۇ. «قۇرئانى كەرىم» دە، بىز ھەربىر نەرسىنى جۈپتى بىلەن ياراتتۇق، دېيىلگەن. ئىنشائاللا، ياراتقاننىڭ پەرزىنى ئادا قىلىپ قايتايلى،

مەسلىھەت سالاي، دەپ نىيىتىدىن ياندى. باباقول پالۋان بولغىنى ئۇچۇن ھەرقانداق ئىشنى قولىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بىر تەرەپ قىلغۇسى كېلەتتى. ئەمما، شەيخ بۇنى ياقتۇرمايتتى. «ئىنساننىڭ قۇدرىتى — ئەقىل - ئىدراكىدا، — دەيتتى شەيخ، — ئەقىل بىلەن قولغا كەلگەن غەلىبە قەدىرلىكتۇر. زورلۇق — نادانلار، جاھىللارنىڭ قورالى».

خۇپتەن بىلەن زىيارەتچىلەر ئۇترارغا يېتىپ كەلدى. شەيخ ئېتىنىڭ بېشىنى ئارسلانباب خانىقاسى تەرەپكە بۇرىدى. ئارسلانباب شەيخنىڭ دەسلەپكى ئۇستازى، بىر چاغلار ياش ئەھمەد يېتىملىك باياۋىنىدا بوزلاپ يۈرگىنىدە بېشىنى سىلاپ، ئۆز خانىقاسىدىن ئىسسىق جاي بەرگەن، ئۇنى مەرىپەت بوستانىغا يېتىلەپ كىرگەن زاتى شەرىپ ئىدى.

ھەزرەت ئۇستازىنىڭ مەقبەرىسىنى كۆزىگە سۈرتتى، قەبرە بېشىدا ئۇزۇنغىچە تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇردى. بامداتقىچە قۇرئاننىڭ ئون پارىسىنى خەتمە قىلىپ تۈگەتتى. ئۇترارنىڭ ئېگىز مۇنارىسىدىن مەزىننىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندا مەنسۇر خوجىغا كۆز قىرىنى سالدى. شەيخنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سۆزسىز چۈشىنىپ ئادەتلەنگەن مەنسۇرخوجا شامنى پۈۋلىدى ۋە دۇئا قىلىپ ھەزرەتكە ئەگىشىپ ئورنىدىن قوزغالدى.

كۆتۈۋالدى. شەيخكە ئاتاپ ئۆكۈز، قويلار سويۇلدى. ئاقساقال تۆت تاناپ كېلىدىغان چوڭ بىغىدا كېمىدە مىڭ كىشى ناماز ئوقۇسا يەتكۈدەك جاي ھازىرلاتتى.

بۇ يەردە بابا ماچىن بىر سىردىن ۋاقىپ بولدى. ئاقساقال زىيارەتچىلەرگە ئاتاپ نۇرغۇن تاھارەتخانا ياساتقانىدى. بابا ماچىن ساپال چۆگۈننى كۆتۈرۈپ بىر تاھارەتخانىغا كىردى. ئەمدى تاھارەت ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، ياندىكى تاھارەتخانىدىن ئەشرەپخان قازىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. قازى كىمگىدۇر زەردە قىلاتتى:

— ساڭا نەچچە قېتىم ئېيتتىم، قوتۇر ئۆچكىدەك ماڭا سۈۋۈنۈپلا يۈرمە، يىراقراق يۈر!

— قورقۇپ كېتىۋاتسام، قانداق قىلاي، تەقسىر، — دېدى بىر يىگىت ئۆزىنى ئاقلاپ، — بارچە خالايىق قوينۇڭدىكىنى بىلىمىز دەپ ماڭا قاراپ تۇرغاندەك...

قازى ئېغىزىغا سۇ ئالدى، غەرغەر قىلدى، كېيىن يىگىتكە دېدى:

— شەيخنىڭ كۆزىدىن يىراقراق يۈر. ئۇنىڭ جادۇسى بار. ئەپتىڭگە بىر تىكىلسە سەن قورقۇنچاق قوينۇڭدىكىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ تۇتقۇزۇپ قويۇشتىن يانمايسەن - دە.

— راست، تەقسىر، شەيخنىڭ كۆزىدىن قورقىمەن، كۆزلىرى...

قازىنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— بىلجىرلىما، توخۇ يۈرەك، ئاۋۇ بابا ماچىنغا ئوخشاش پۇراپ تاپىدىغانلارمۇ سەزمىسۇن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، تەقسىر...

— ئۇترارادا يېنىمغا كەل، — دېدى قازى، — مە، ماۋۇ چۆگۈننى ئاپىرىۋەت.

بابا ماچىن تاھارەت ئېلىپ چىقتى، قارىسا ئۇن قەدەمچە نېرىدا موللا سوپەت بىر يىگىت يورغىلاپ كېتىپ باراتتى. بابا ماچىن ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالماقچى بولدى، كېيىن ئالدى بىلە پىرىمغا

بابا ماچىن شامالدەك تېزلىكتە مەسچىت ۋە مەدرىسە هويلىسىنى ئايلاندى، ئىچى پۇشۇپ كەلگەن يېرىگە قايتتى. دەل شۇ پەيتتە كونا قەبرىستان يېنىدىكى تاشلاندۇق مۇساپىرخانا ئالدىدا بىر ئىتنى كۆرۈپ قالدى. قۇلاقلىرى، قۇيرۇقى كېسىلگەن ئىت مۇساپىرخانا تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. باباماچىن يامان خىيالغا چۆمدى. «بىرەر گۆر ئېچىلىپ قالغان بولسا، ئىت مېيىتنى كۆزلەپ تۇرغان بولمىسۇن يەنە» دەپ ئويلىدى. ئىت بابا ماچىننىڭ ھەيۋەتلىك بەستىنى كۆرۈپ قورقۇمسىراپ يانپاشلاپ چېكىندى. باباماچىن مۇساپىرخانىغا بويۇنداپ قارىدى. ئىچكىرىدە، ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن كۆز ئاپتىپىغا ئۆزىنى سېلىپ بىر دەرۋىش ئولتۇراتتى. باباماچىن يېقىن باردى. دەرۋىشنىڭ ئۇچىسىدا يېنىك مەللە تون، بېشىدا تۆت بۇرجەكلىك كىگىز قالپاق بولۇپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ خىيالغا پاتقاندى. تۆمۈر ھالقىلىق ھاسىسى ئۇنىڭ تىزىغا تىرەپ قويۇلغانىدى. گويا ھاسا ئۇنى يۆلەپ تۇرغاندەك، بولمىسا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

باباماچىن قىسقا يۆتەلدى. دەرۋىش پەرۋا قىلمىدى. «ۋۇجۇد سەيلىسىگە بېرىلىپتۇ» دەپ ئويلىدى باباماچىن ۋە ئۇنىڭ يېنىغىراق باردى.

— نېچۈن بۇ خارابىدە يالغۇز ئولتۇرۇپسىز، ئەي مۆمىن؟ — دېدى بابا ماچىن يات كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ. دەرۋىش بېشىنى كۆتۈردى.

— جۈپ ئىدىم، يالغۇز بولدۇم[1].

بۇ ئابدۇرەئۇپ ئىدى.

بابا ماچىن ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تومۇرىنى تىڭشىدى، ئابدۇرەئۇپنىڭ يۈرىكى تېز - تېز سوقاتتى.

— شەيخىم سەن بىلەن سۆزلەشمەكچى، — دېدى بابا ماچىن، — قېنى ئورنۇڭدىن تۇر.

---

① بۇ دەرۋىشلەرگە خاس ھېكمەت بولۇپ، ئاللا بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتىم، سەن كەلدىڭ، ئۇنىڭ ۋەسلىدىن جۇدا بولدۇم، دېگەن مەنىدە.

# 5. بىراۋغا ئېيتىپ بولمايدىغان دەرد

ئەر ۋە ئايال بىر ـ بىرىنىڭ لىباسى.

— «قۇرئان كەرىم»

ھالال ئايالغا ھالال ئەر راۋئىي شەرئىدۇر.

— ھەدىس

بابا ماچىن ئابدۇرەئۇپنى ئىزدەپ كەتتى. ئادەتتە دەرۋىشلەر بىرەر شەيخ ياكى ئەۋلىيانىڭ قەبرىسى يېنىدىكى خانىقادا، مەسچىتلەردە ياكى باي كىشىلەر تەرىپىدىن سېلىنغان مۇساپىرخانىلاردا ئىستىقامەت قىلىشاتتى. بابا ماچىن يەل تاپان بولغاچقا بىر چاي قايىنايدىغان پۇرسەت ئىچىدە شەھەرنى ئىككى ئايلىنىپ چىقتى. ئابدۇرەئۇپ تېپىلمىدى. باباماچىن لېۋىنى چىشلەپ كارۋان سارايىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. بىراق، ئىچكىرىگە كىرمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر، دەرۋىش زاتى كارۋان سارايلارغا كىرمەيدۇ، ئۇلار ئاشۇنداق كىشىلەر، كارۋان ساراي دېگەن كارۋان ساراي. بۇ يەردە مەيخورلۇقمۇ بولىدۇ، قىمارمۇ ئوينىلىدۇ، قۇل سودىسىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ، كارۋان ساراي تىجارەت ئەھلىنىڭ، ئازغىنا پۇلنىڭ دەردىدە جان تىكىپ، جاپا چېكىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ سۆيۈملۈك مەسكەنى. ئابدۇرەئۇپتەك سىرلىق ۋە چىگىش دەردكە گىرىپتار بولغان بىچارە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلسۇن؟

ئابدۇرەئۇپ كۇتۇلمىگەن يەردە يولۇقتى.

— سۆزلەڭ، يىگىت، نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ئىككى غەرىبەنى تەڭقىس هالدا قالدۇرۇپ، ئۆيىنى تاشلاپ يۈرۈپسىز؟

بۇ شەيخنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئابدۇرەئۇپ ئۇندىمىدى، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئولتۇرۇۋەردى. شەيخ ئىككىنچى مەرتىۋە سورىغاندا ئابدۇرەئۇپ ئاق كىگىزدىن كۆزىنى ئېلىپ، هەزرەتنىڭ يۈزىگە چۆچۈپ نەزەر سالدى. تىلى ئاران - ئاران سۆزگە كەلدى:

— شەيخىم... مېنىڭ دەردىم ئېغىر، بىراۋغا ئېيتىپ بولمايدىغان سەۋداغا يولۇقتۇم...

شەيخ، بۇ يىگىت يات كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سىرىنى ئېچىشتىن نومۇس قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدى ۋە بابا ماچىنغا ئىما قىلدى. ئۇ ئىشىكنى ئاستا يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئابدۇرەئۇپ هېكىم خوجا سۇلايمانغا قاراپ قويدى.

— بۇ بىزنىڭ ئۆز مەهرەملىرىمىزدىن، — دېدى هەزرەت، سۇلايمانغا ئىشارە قىلىپ، — گېپىڭىزگە بىرەر گۇۋاھ كېرەك بولسا، مانا شۇ سۇلايمان گۇۋاهلىق بېرىدۇ. خوش، ئەمدى سۆزلەڭ، يىگىت، بىراۋغا ئېيتىپ بولمايدىغان نېمە دەردكەن ئۇ؟ ئاللا تائالانىڭ شاپائىتى بىرلە مۇشكۇلىڭىزنى ئاسان قىلساق ئەجەب ئەمەس.

ئابدۇرەئۇپنىڭ قاراڭغۇ كۆڭلىدە ئۈمىد ئۇچقۇنى چاقنىدى. ئۇ شەيخكە سىرىنى ئېيتىشى لازىم. بىرىنچىدىن، بۇنى يەسسەۋىيە تەرىقىتىنىڭ ئەهكامى تەلەپ قىلىدۇ. مۇرىتنىڭ ئۆز پىرىدىن يوشۇرىدىغان سىر - ئەسرارى بولماسلىقى كېرەك. ئىككىنچىدىن، بىر يىل ئىچىدە ئابدۇرەئۇپ بىرنەچچە كىشىگە دەردىنى ئېيتتى، مەسلىهەت سورىدى. ئۇلارنىڭ هەممىسى ئابدۇرەئۇپنىڭ خوتۇنىنى قارىلىدى، ئۆيىنى تاشلاپ توغرا قىلىپسەن، دېدى. ئەمدىلىكتە ئاخىرقى يول قالغانىدى. ئەگەر شەيخمۇ ئۇنىڭ دەردىگە مەلهەم تاپالمىسا، ئابدۇرەئۇپ بۇ پانىي دۇنيادىن مېهرىنى ئۈزۈپ كەتمەكچى ياكى تۈركىستان ئېلىدىن چىقىپ ۋەتەننى تاشلاپ كەتمەكچى ئىدى.

دەرۋىش باش چايقىدى:

— شەيخىنىڭ ئالدىغىمۇ، ئۆيىگىمۇ بارمايمەن. چۆل - باياۋانغا چىقىپ كېتىمەن. يائاللا، نېمە كۈنلەرگە سالدىڭ بۇ قۇلۇڭنى؟

— ساراڭلىق قىلما، ئابدۇرەئۇپ، — دېدى بابا ماچىن ۋە ھاسىسىنى ئېلىپ يىگىتكە تۇتقۇزدى، — ئىختىيارىي بارمىساڭ قولتۇقلاپ ئېلىپ كېتىمەن، پىرىم خالىغان كىشىنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ سۆھبەتلەشمەيدۇ. دەردىڭنى ئۆز ئاغزىڭدىن ئاڭلىماقچى، يۈر، ماڭمىز.

ئابدۇرەئۇپ نائىلاج ئورنىدىن تۇردى.

شەيخ ئارسلانباب خانىقاسىدا ئوتتۇرالىق ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىدى. بابا ماچىن كىرىپ كەلدى.

— پىرىم، ھېلىقى يىگىتنى تاپتىم، ئىنايىتىڭىزگە تەييار دۇر.

ئۆلىمالار بىردىن - بىردىن چىقىپ كېتىشتى، شەيخىنىڭ يېنىدا يالغۇز سىردىشى ھېكىم خوجا سۇلايمان قالدى. ئابدۇرەئۇپ كىردى. ئۇ ھوجرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ يۈكۈندى. شەيخ ئابدۇرەئۇپنىڭ سولغۇن ھالىتىگە، نۇرسىز كۆزلىرىگە، سۇنۇق چىرايىغا قاراپ قويدى. يىگىت گويا ھازىرلا ئەڭ قەدىرلىك كىشىسىنى كۆمۈپ قويۇپ كەلگەن كىشىنى ئەسكە سالاتتى.

ئابدۇرەئۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەزرەتكە قارىدى. ئۇ بىر يىلدىن بېرى دەرۋىشلەر ئارىسىدا يۈردى. لېكىن، بۇ ھەزرەت بىلەن تۇنجى قېتىم يۈزمۇ يۈز ئولتۇرۇشى ئىدى. ئۇ شەيخىنىڭ كارامەتلىرى ھەققىدە كۆپ رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغانىدى. «شەيخىنىڭ سۆرى باسارمىش، ئۇنىڭ ئالدىدا ھاكىملار ئۆزىنى ئازادە تۇتالماسمىش» دېگەن گەپلەرگە بۇ بىر ھاماقەتلىك دەپ ئىشەنمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۆزى شۇ ھالغا چۈشتى. شەيخىنىڭ قانداقتۇر سىناق نەزىرى ۋە مۇڭلۇق نىگاھىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، يەرگە تىكىلدى، يۈرىكى پوكۇلداپ كەتتى، قۇلىقىغا ئېغىر - بېسىق تىنىق ئاۋاز ئاڭلاندى:

ئېسىلدى: «شەرمەندە بولدۇم، ئىككى دۇنيادا رەسۋا بولدۇم،
بالام» دەپ يىغلىدى. سەۋەبىنى سورىسام يۈزىنى چاڭگاللاپ «ئاب-
دۇرەئۇپ، سەن كەتكەندىن كېيىن بىر يىل ئۆتۈپ ئايالىڭ ئېغىر
ئاياغ بولۇپ قالدى. قورسىقى يوغىنىغاندىن كېيىن ئەل - يۇرتتىن
نومۇس قىلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ قويدۇم» دېدى. «بۇ
شەرمەندىچىلىكتىن كۆرە مۇساپىرچىلىقتا بىرەر قاراقچىنىڭ قول-
دا ياكى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكىنىم ئەلا ئەمەسمۇ، خۇدايىم»
دەپ نالە قىلدىم. ئۈچ كۈنگىچە تالاغا چىقماي يۈرىكىمنى يەرگە
يېقىپ ياتتىم.

— ئايالىڭىزنىڭ ئالدىغا بارمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى شەيخ.

— باردىم، مېنى كۆرۈپ بىئارام بولدى، بېشىنى پۇتۇمغا
ئۇرۇپ يىغلىدى. «مەن بەتبەختنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ، بۇنداق يۈرگە-
نىمدىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشى» دەپ پەرياد قىلدى. بىر خىيالىم،
ئۇنى ئۆزىنىڭ چىچى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈر، بىراقلا ئازابتىن قۇتۇ-
لىسەن، دېدى. ئەمما، ئېغىزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن نارەسىدە
گۆدەككە رەھىم كەلدى. ئەمدى ئۇ ئايال ماڭا ھارام ئىدى.
بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ كىملىكىنى سورىدىم، بىلمەيمەن، دېدى.

بايىتىن بېرى جىم ئولتۇرغان سۇلايمان ياقىسىنى تۇتتى:

— يائاللا، ئۇل نېچۈك ئىنسانكى، قورسىقىدا پەيدا بولغان
مەۋجۇداتنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگەي. سىرنى ئاچقۇسى كەلمىگەن
چېغى بەلكىم.

شەيخ بىر مەسىلىنىڭ تېگىگە يەتمەي تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرى-
دىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرمەيتتى، شۇڭا سۇلايمانغا ياقتۇرماس-
لىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. كېيىن، سۆزلەۋېرىڭ، دېگەن-
دەك يىگىتكە باش ئىرغىتتى. ئابدۇرەئۇپ شەيخنىڭ يۈزىدە ئىلگى-
رىكىدەك سۈرنى ئەمەس ھېسداشلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، دادىل-
لىشىپ قالدى:

— قۇرئاننى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئايالىم قۇرئاننى باغرىغا
بېسىپ قەسەم ئىچتى. «ھارام يولغا كىرگەن بولسام مۇشۇ ئول-

هەزرەت «قۇلىقىمىز سىزدە» دېگەن مەنىدە گېلىنى قىردى.
ئابدۇرەئۇپ يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرۇپ پاجىئەلىك كەچمە-
شىنى ئېيتىشقا باشلىدى:
— ئۆزۈم دېھقان بالىسىمەن. قاراتاغنىڭ ئايىغىدا قاينار بۇلاق
دېگەن قىشلاق بار، مەن شۇ يەردىنمەن. ئالتە يىل بولدى، قىبلە-
گاھىمىزنى يەرگە قويدۇق. مېنىڭ بېشىمنى ئىككى قىلىپ ئۇل-
گۇرگەندى رەھمەتلىك... بىز تەرەپلەردە سۇ كۆپ، يايلاق كۆپ.
شۇنىڭ ئۈچۈن چارۋا باقىمىز. چارۋا سېمىز بولىدۇ. ئەل قاتارى
نېسىۋىمىزنى تېپىپ يەپ يۈرگەندۇق. بالىلارنىڭمۇ ئۈستىبېشى
تولۇق، قورسىقى توق ئىدى. نەپسىمگە بېرىلىپ شۇ كۈنلەرگە
قالدىم، پىرىم...
ئابدۇرەئۇپ تۈكۈرۈكىنى يۇتتى، ئۇنىڭ بېشى يەنىمۇ ئېگىل-
دى، خورسىنغان هالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:
— ئىككى يىل بۇرۇن تىجارەتكە كىرىشتىم. ئۆمرۈمدە
ئالدى ـ ساتتى قىلىپ باقمىغانمەن. قايناردا ئۆتكەن باي دېگەن
بىر سودىگەر بار، شۇ ئۆتكەن باي مەن بىلەن ماڭ، بىر يىل
خۇراسان، شامنى ئايلىنىپ كەلسەڭ، ئائىلەڭگە بىر تاۋاق مەرۋا-
يىت تېپىپ كېلىسەن، دېدى. مېنى كارۋان بېشى قىلماقچى بول-
دى، ياش ۋاقتىمدىن بېرى ئات ـ تۆگە ئارىسىدا چوڭ بولغانمەن،
بۇ جانىۋارلارنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ياخشى بىلىمەن. خۇداغا شۈكۈر،
بىلىكىمدە تۆت قاراقچىغا تەڭ كەلگۈدەك كۈچۈم بار. ئالدىمدا
ئىككى ئوغۇلنىڭ سۈننىتى تۇرۇپتۇ. ئۇلارنى مۇسۇلمان قاتارىغا
قوشۇشۇم كېرەك. بىر سىقىم بولسىمۇ كۆپرەك دۇنيا بولسا،
يىرتىقلىرىمغا ياماق بولار دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن
بايغا ماقۇل بولدۇم.
شۇنداق بولدى، بۇخارا، مەرۋ، نىشاپۇر، بەسرە، قەيسەرى
رۇمغىچە باردۇق. بىر يىل سەككىز ئاي بولغاندا ئاندىن قايتتۇق.
مېھرىبان ئانام، ئىككى ئوغۇل، بىر قىز ۋە ئۇلارنىڭ ئانىسىنى
ئويلاپ، جىگىرىم خۇن بولۇپ ئۆيگە كەلدىم. ئانام يىغلاپ بوينۇمغا

تونۇم بىلەن بۆكۈمنى كىيىۋالاتتى ـ دە، «ئاتىسى ئەمدى مەن سىزگە ئوخشىدىم، ئېتىڭىز مېنى تەپمەيدىغان بولدى» دەپ كۈلەتتى.

ئابدۇرەئۇپنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى، يەنە ئاق كىگىزنى تىرناپ، سۆكۈتكە چۆمدى.

— ماڭا قاراڭ، يىگىت. كۆڭلىڭىز نېمە دەۋاتىدۇ؟ ئايالىڭىزنىڭ زىنا قىلىدىغانلىقىغا ئىمانىڭىز كامىلمۇ؟

ئابدۇرەئۇپ سوزۇپ ئۇھ تارتتى.

— ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ... ئىشەنمەي دېسەم، دەلىل تۇرۇپتۇ. ئىشىنەي دېسەم گۇۋاھىم يوق. ئۆزى بوينىغا ئالمىدى، بالىنىڭ ئاتىسىنى دەپ بېرەلمىدى. قىشلاقتا تۇرۇۋېرىشكە يۈزۈم چىدىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتىم. يىگىرمە يېشىمدا تىرىك مۇردا بولۇپ يۈرۈپتىمەن. ئانامنىڭ ھالى نېمە بولدى. يالغۇز قېرىندىشىم بىلەن گۆدەكلەرنىڭ ھالىچۇ؟...

ھەزرەت كۆزىنى يۇمۇپ مۇلاھىزىگە بېرىلدى. پۈتۈن ئەقىل قۇۋۋىتىنى يىغىپ، بۇ يىگىتنىڭ بېشىغا چۈشكەن پاجىئەنىڭ شەرھىنى ئىزدىدى. كۆز ئالدىدىن ياش ۋاقتىدا ئوقۇغان كىتابلىرى، ۋەلىيلەر بىلەن بولغان سۆھبەتلەر ئۆتتى. شەيخ سەمەرقەنتتە، كېيىن بۇخارادا پىرى كامىل خوجا يۈسۈپ ھەمەدانى خانىقاسىدا تەلىم ئالغان چېغىدا، پىرىغا ھەمراھ بولۇپ، شام، ئىراقتىن باغدات، كەشمىرگىچە كېزىپ چىقتى. بۇ ساياھەتلەر جەريانىدا يۈزلەپ راۋىيلارنى ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەرۋازلار، قوشچىلار، سابىق شاھزادىلەر، قارغىش تەگكەن كىشىلەر، دىنسىزلار، مەيخورلار، بىر كېچىدىلا مىسلىسىز باي بولۇپ كەتكەن گادايلار، بىر كېچىدىلا تەختتىن ئايرىلغان سۇلتانلار، ئەھلى ئايالىنى قىمارغا تىككەن بەتبەختلەر، ئىشق ئوتىدا تەلۋە بولغان مەجنۇنلار... ئىشقىلىپ، يۇلتۇزدەك ھېسابسىز كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تۈندەك قارا، تاغدەك ئېغىر، ئوغا ـ زەھەردەك ئاچچىق قىسسىلىرى تا ھازىرغىچە شەيخنىڭ كۆكسىدە قات ـ قات بولۇپ

تۇرغان يېرىمدە تىن تارتماي ئۆلەي» دەپ زارلىدى. «سىز يوق چاغدا يات ئەرلەرنىڭ قولىنى تۇتقان بولسام، قارا يەرنىڭ قەرىگە كىرەي» دەپ چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلىدى. ھەيران بولدۇم...

— ئاياللىرىڭىزنىڭ ئەۋلاد ـ ئەجدادلىرى قانداق ئادەملەر؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كاززاپ، قەسەمخور، خوتۇنىنى قويۇۋەتكەن، ئېرىدىن چىققان كىشىلەر بارمۇ؟

— يوق... ئايالىم ئۆزىمىزنىڭ قوۋمىدىن، پىرىم. شۇ چاغقىچە بىزنىڭ ئۇرۇقتىن ئەگرى قەدەم باسىدىغان بىرەر ئەر ياكى ئايال چىققان ئەمەس.

— قوۋمىڭىز ئىمانلىق ئادەملەر ئىكەن،— دېدى شەيخ، — ئوغلۇم، ئاياللىرىڭىزدىن سورىدىڭىزمۇ، ئۇ ئەرلەر بارىدىغان ھاممامغا بارمىغاندۇر؟

ئابدۇرەئۇپ ئەجەبلىنىپ يەلكىسىنى قىستى ۋە ئويلاندى.

— سورىمىدىم، پىرىم. ئەرلەر ھاممامغا بارماس... بارمايدۇ. قىشلاقتا ئىككى ھاممام بار. بىرى، ئەرلەرنىڭ، بىرى، ئاياللارنىڭ. ھەپتىدە بىر قېتىم ئانام، قىزىم ئۈچەيلەن بېرىپ تۇرۇشاتتى.

— خوش، ئاغا ـ ئىنىلىرىڭىز بارمۇ؟

ئابدۇرەئۇپ شەيخنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندى، خىيالىغا دەرھاللا بالاغەتكە يەتمىگەن ئۇكىسى ئابدۇقادىر كەلدى.

— ئىنىم بار، پىرىم. ئەمما، ئۇ تېخى ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا كىردى. يەڭگىسىنى ئۆزىنىڭ ئانىسىدەك كۆرىدۇ، ئۆز ئاغىسىغا خىيانەت قىلسا كور بولىدۇ...

— بارىكاللا! ئاياللىڭىز بىپەرۋالىق قىلىپ ئاشۇ ئىنىڭىزنىڭ كىيىملىرىنى كىيگەن بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

ئابدۇرەئۇپ گاڭگىراپ قالدى. ئۇ تېگىدىن قىشلاق بالىسى ئىدى، شۇڭا شەيخنىڭ سوئالىدىكى پىنھان مەنىنى چۈشىنەلمىدى.

— بەلكىم كىيسە كىيگەندۇر، — دېدى كۆز ئالدىغا يىغلاپ قالغان ئۇكىسى كېلىپ، — مالغا قارايدىغان چاغدا ئايالىم مېنىڭ

— ئۆزىڭىزنى تەمكىن تۇتۇڭ، ئوغلۇم، — دېدى شەيخ، — ئايالىڭىز زىنا قىلغان ئەمەس، ئۇ بىر تاسادىپىيلىقنىڭ قۇربانى بولغانىكەن.

ھەكىم سۇلايمان يالت قىلىپ ھەزرەتكە قارىدى.

— بۇۋى مەريەممۇ روھتىن ئوزۇقلىنىپ...

— بۇ ئالەم — سىرلار ئالىمى. ئىنساننىڭ گۆھەر قەترىدىن پەيدا بولۇشى، ئۇنىڭ سۈرىتى، ئىچكى تۈزۈلۈشى، جىسمى يوقال-سىمۇ روھىنىڭ ئەبەدىلئەبەد بەرھايات بولۇپ قېلىشى... سىر ئە-مەسمۇ؟ بۇ ئەسرارنى يۈز مىڭ لوقمانى ھەكىم بىر بولۇپمۇ مىڭ يىلدا يېشەلمەس ... ئابدۇرەئۇپ، ئۇ بىگۇناھ نارەسىدىنىڭ ئىسمى غايىبۇللا ئەمەسمۇ؟

— غايىبۇللا، پىرىم، غايىبۇللا! — دېدى ئابدۇرەئۇپ چۈ-چۈپ، ئۇ شەيخنىڭ كارامىتىگە ئەمدى تولۇق ئىشەنگەنىدى. چۈن-كى، ئۇ بالىنىڭ ئىسمىنى ئېيتمىغانىدى. ئەۋلىيا - دە، ئەۋلىيا بولمىسا بۇنى قانداقسىگە توپتوغرا بىلىدۇ؟

ئەمدى شەيختە ئايالىنىڭ پاكلىقىغا گۇمان قالمىغانىدى.

— غايىبتىن بولغان غايىبۇللا... ئىنشائاللا، سىز سەۋر قى-لىڭ، بىز سەپەردىن قايتايلى، ئاندىن بۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلغايمىز.

— مەن كۈنۈ تۈن ياراتقان ئىگەمدىن ئامان - ئېسەن قايتىشى-ڭىزنى تىلەپ ئولتۇرىمەن، پىرىم.

ئابدۇرەئۇپ تىزىغا تايىنىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ھاسىسى-نى ئالدى - دە، گويا شەپىدەك سۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. بابا ماچىن كىرىپ كەلدى.

ھەزرەت بىر گەپنى قىلىشقا تەييارلىنىپ، لېۋىنى جۇپلەپ تۇرغان بابا ماچىنغا قارىدى:

— ھىم، بابا قۇل، ئېيتماققا ئالدىراۋاتقىنىڭىز نېمە خەۋەر ئۇ؟

— شەيخىم، ئەشرەپخان قازى بىر پىتنىگە باش بولۇپ كېلى-

قاتلىنىپ يېتىپتۇ. ئەنە شۇ بەختى قارىلارنىڭ ئىچىدە مانا بۇ ئابدۇرەئوپقا ئوخشىغانلار يوقمىدۇر؟ بار بولسا، ئۇ نېمە دېگەندى؟

ھەزرەت كۆزىنى ئېچىپ يىگىتكە قارىدى. ئابدۇرەئوپ ھامان بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ھايات - ماماتىنى شەيخنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغاندەك جىمجىت ئولتۇراتتى. شەيخ يەنە پۈتۈن ئەقلىنى يىغىپ، بۇ مۇشكۇل مەسلىنى مەنتىق ئىلمى ئاساسىدا تەھلىل قىلىشقا كىرىشتى. «ئايالىدىن كۆڭلى توق، ئىنىسىدىن گۇمانى يوق. ئايال زىناكار ئەمەس. زىنا قىلغان ئايال تالاق سورايدۇ ياكى ئەيىبىنى يېپىش نىيىتىدە بالىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلى-دۇ. زىناكار ئايال ئېرىنىڭ بۇرنىدىن يىپ ئۆتكۈزىدۇ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ يات ئەرلەرنى قوبۇل قىلىۋېرىدۇ. ئەگەر ھېلىقى باغدات سودىگىرىنىڭ خوتۇنىغا ئوخشاش...»

ھەزرەتنىڭ كۆز ئالدىغا ئابدۇرەئوپنىڭ خوتۇنى كەلدى. ئۇ تۆت بالىسىنى باغرىغا بېسىپ بوزلايتتى، «ياردەم بېرىڭ، پىرىم، مەندە گۇناھ يوق، مانا بۇ قارا كۆزلەرنى تىرىك يېتىم قىلماڭ» دەپ قولىنى سوزۇپ نالە قىلاتتى.

ۋەقەلەر تەسۋىنىڭ دانىسىدەك بىر - بىرىگە ئۇلىنىشۋاتاتتى. سودىگەرنىڭ خوتۇنى ھەققىدىكى قىسسە باشقا بىر ھېكايىگە تۇرتكە بولدى. توساتتىن شەيخ «ئاللاغا شۇكرى» دېدى ئاستىلا. ئۇنىڭ جىددىي تۇس ئالغان قارامتۇل يۈزى يورۇدى. شەيخ تۈگۈنىنىڭ ئۇچىنى تاپقاندەك بولدى. يادىغا ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا ئوقۇغان رىسالە چۈشتى. ھەكىم لوقمانىنىڭمۇ ۋە ياكى بىرەر ئەۋلىيانىڭمۇ پۈتۈكلىرى ئىدى. شۇ رىسالىدە ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر شاھنىڭ پاك قىزى ھامىلدار بولۇپ قالىدۇ. شاھ قىزىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇي-دۇ. ئەمما، ياخشى كىشىلەر قىزنىڭ ئورنىغا باشقا گۇناھكارنى ئۆلتۈرۈپ، قىزنى سەھراغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. كۆپ يىللار ئۆتۈپ قىزنىڭ بىگۇناھلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېيپەت پەردىسىگە يات نەرسە تەگمىگەنىكەن...

ئەپسۇسكى، بابا ماچىن مەۋلۇتقارىينى قايتا كۆرەلمىدى. ئۇ قازىنىڭ مەسلىھىتىگە بىنائەن، شەيخنىڭ كارۋىنىدىن ئايرىلىپ قالدى ۋە سەمەرقەنتكە كېتىۋاتقان سودىگەرلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇ. دۇل مەھمۇدخاننىڭ ھوزۇرىغا يول ئالدى.

ھەزرەت ئۇتـراردا بىـر كۈن تۇرۇپ، ئىسپىجاپقا قاراپ ئاتلاندى.

ۋاتىدۇ، — دېدى بابا ماچىن ۋە ئىيقاندا، ئاقساقالنىڭ بېغىدا ئاڭلىغانلىرىنى قىسقىچە ئېيتىپ بەردى.

— سىزدىن تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى شەيخ باش لىڭشىتىپ، — نەچچە كۈندىن بېرى قازى بەك تۈزۈت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. دۈشمىنىڭ خۇشامەتكە ئۆتسە، هوشيار بولماق كېرەك.

— ئاشۇ موللا يىگىت سەۋرانلىق مەۋلۇتقارىي ئىكەن. قويندىكى پىتنە خېتىنى ئوقۇشنىڭ ئامالىنى قىلغانىدىم، قويرۇقىنى تۇتقۇزماي كۆزدىن غايىب بولدى، ئىبلىسنىڭ بالىسى.

شەيخ بابا ماچىننىڭ يەڭگىللىك قىلماقچى بولغانلىقىدىن رەنجىدى.

— بەستىڭىز يەتتە پۇت كېلىدۇ، باباقۇل، پەيلىڭىزنىمۇ ئېغىر قىلىڭ. قولنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشتىن بۇرۇن ئەقىل گۆھىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇشاھىدە ئەيلىمەك لازىم. قازىكالان مەھمۇدخان بىلەن ئارىمىزنى بۇزماقچى بولغانىكەن، دېمەك، ئۆزىگە شۇ ئىشنى مۇناسىپ كۆرۈپتۇ. «كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى كىم؟» دېدى ساھابىلەر. «ئىككى مۆمىننىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سېلىپ ئۇرۇشتۇرغۇچى ئۇممىتىم» دېدى ھەق مۇستاپا. نېمە قىلساق مۇكاپاتىنى ئالغايسەن. قاراڭ، قارىي بىلەن قازىكالان بىئاراملىقتا، جېنىدا ھالاۋەت يوق. شۇنىڭ ئۆزى ئۇلارغا جازا ئەمەسمۇ؟ سەمەرقەنت تېخى يىراق، كېمىدە يەنە بىر ئاي يول باسىمىز. ئۇلار تىرىق قىلغان تاۋۇشتىن چۆچۈپ، جان ئازابى ئىچىدە ئۆرتىنىپ يۈرىدۇ. ئۇلارغا بۇنىڭدىن ئارتۇق نېمە جازا كېرەك، باباقۇل؟

بابا ماچىن مۇنداق ئويلاپ قارىسا، ھەزرەتنىڭ گېپىدە چوڭقۇر مەنە بار ئىكەن. «مەن خام كاللا بىلمەستىن قارىيغا ياخشىلىق قىلماقچىكەنمەن ـ دە، — دەپ ئويلىدى بابا ماچىن، — ئەمدى بۇ ھەقتە ئويلىمايمەن. لېكىن، ھەر قونالغۇدا بىر كۆرۈپ، قانداق، قارىي يىگىت، يۈكىڭىز ئېغىرلىق قىلمايۋاتقاندۇر، دەپ قويىمەن. شۇنىڭ بىلەن جېنىنى ئالىقانلاپ يۈرسۇن».

بىلەن چارۋىچىنىڭ كەيپىياتى چاغ ئىدى.
ئەمما كېيىنكى يىللاردا ئىسپىجاپ ئەھلىنىڭ شادلىقى ۋاقىتلىق بولۇپ قالدى. يەتتە يىلدا شەھەر ئىككى قېتىم قاراقىتانلارنىڭ باسقۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. قىتانلارنىڭ ئەسلىي يېرى يەتتە سۇدىن يىراقتا ئىدى. ئۇلار ئۇلجا ئىزدەپ ئاستا - ئاستا يەتتەسۇنى ئىشغال قىلدى، كېيىن قاراخانىيلارنىڭ ئاتا يۇرتى بالاساغۇننى ئىگىلەپ، قارلۇقلار بىلەن تىل بىرىكتۇردى. قارلۇقلار سەمەرقەنت خانى مەھمۇد ئىبنى ئىبراھىم تاۋغاچخانغا تەۋە ئىدى. ئۇلار قىتانلارنىڭ خانى گورخانىنىڭ ياردىمىدە مەھمۇدخانىنىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىپ ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇش نىيىتىدە دىنداش، ئەلداش خەلققە قارشى جەڭگە ئاتلاندى. باغلار پايخان قىلىندى، ئون مىڭلاپ ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن مىڭ - مىڭ تاناپ يەرلەر شۇدىگەرگە ئايلاندى، كۆپلىگەن يىگىتلەر ئەسىرگە ئېلىندى. قىتانلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇتپەرەس ئىدى. ئۇلار مەسچىتلەرگە ئوت قويدى، ئىسپىجاپ ئەتراپىدىكى، ئىچكەنتتىكى ئەۋلىيالار مەقبەرىسىنى ۋەيران قىلدى، قەلئە تاملىرى بۇزۇپ تاشلاندى.
تۆت يىل بۇرۇن گورخان يۈز مىڭ كىشىلىك لەشكەرگە باش بولۇپ، سەمەرقەنت تەرەپكە يۈرۈش قىلغاندا، يەنە ئىسپىجاپنى بۇلاپ - تالىدى، گويا ئىگراپ ياتقان بىمار شەھەرنىڭ كۆكسىگە يەنە خەنجەر ئۇرۇپ كەتتى. بىر - ئىككى يىلدىن بېرى ئىسپىجاپ ئوت ئىچىدىن ئامان چىققان قېقنوستەك ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كېلىۋاتاتتى. ئەتراپقا كۆچەتلەر تىكىلدى، تېرىلغۇ يەرلەر ئەسلىگە كەلتۇرۇلدى، كۆمۈلگەن ئېرىقلار قايتا ئېچىلدى، مەسچىت - مەدرىسلەر رېمونت قىلىندى.
ئىسپىجاپنىڭ ھاكىمى روكنىددىن ئىدى. ئۇ سۇلتان سەنجەرنىڭ جىيەنى، مەھمۇدخانىنىڭ ئاغىسى مەرھۇم ئەھمەدخانىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئەمدىلا ئوتتۇز ياشلارنى قارىلىغان بۇ يىگىت تەكەببۇر، نازۇك ۋە ئۆز بېشىمچى ئىدى. روكنىددىن ئۆزىنى باتۇر جەڭچى ھېسابلايتتى، دەرھەقىقەت، ئۇ ئوق ئېتىش، قىلىچ ئوينىتىش

# 6. روكنىددىن ئاتتىن چۈشتى

ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئاتا ـ ئانىسى سايرامسۇ بويىدا يەر تېرىپ دېھقانچىلىق قىلار ئىكەن. بالا ئەھمەد كۆن بويى دالا كېزىپ يۈرەركەن. بىر كۈنى ئاتا ـ ئانىسى ئوت ئوتاپ تازا قىينىلىپتۇ. شۇ چاغدا ئەھمەد چۈنەككە كىرىپ، بار-ماقلىرى بىلەن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۇچىنى سلاپ «بىگانە چىق، يېگانە قال» دەپ مېڭىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ. بىگانە ئوت ـ چۆپلەر ئەھمەدنىڭ بارماقلىرىغا ئىلىشىپ چىقىپ، زىرائەتلەر بولسا ياشناشقا باشلاپتۇ. يەسسەۋىينىڭ ئەۋلىيالىقى ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغانىكەن.

— رىۋايەت

ئىسپىجاپ تۈركىستاننىڭ پاراۋان ۋە خۇش ھاۋا شەھەرلىرى-دىن ئىدى. قەدىمكى پۈتۈكلەردە ئۇ «شەھىرى ئەزىم» دەپ ئاتال-غان ۋە نوھ پەيغەمبەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغانىدى. دەرھەقىقەت، ئىسپىجاپنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە كېمىدە ئىككى پەرسەخ كېلەتتى. شەھەر قەلئەسىدە ئون مىڭلاپ كىشى ئىستىقامەت قىلات-تى. شەھەرنى يامان كۆزدىن ئاسرىغاندەك، كۈنچىقىش تەرەپتە ئۇنى ئېگىز تاغلار توسۇپ تۇراتتى، كۈنپېتىش تەرىپى بولسا بولۇق يېشىل ۋادىلارغا تۇتىشاتتى. بىر يېنىدىن سايرامسۇ ئېقىپ ئۆتەت-تى، يەنە بىر يېنىدىن ئويناقشىپ تۈۋالاقساي ئېقىپ ئۆتەتتى. سۇنىڭ موللۇقىدىن يايلاق بىلەن باغ كۆپ، دەل ـ دەرەخنىڭ كۆپلۈكىدىن مېۋە ـ چېۋە كۆپ، چارۋا ماللار سېمىز، دېھقان

روكنىددىن ئىختىيارسىز قەددىنى كۆتۈردى. نەزىرىدە، قازى مۇبالىغە قىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا قارشى دىن پېشۋالىرىنىڭ ئابرۇيىنى ئەتەي يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈۋاتقاندەك ئىدى. روكنىددىنىڭ كۆڭلى هامان ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسىنى تەن ئالغۇسى كەلمىدى.

— بىز ھەزرەتكە ئەستايىدىل مەرھەمەت كۆرسەتمەكنى نىيەت قىلغانىدۇق، — دېدى روكنىددىن قازىنى ئەمرىگە بويسۇندۇرماق بولۇپ، — ئەمما ھەزرەت بىزنى نەزەرگە ئىلمىسا، ئەپسۇسلانغايمىز، تەقسىر.

— ھەزرەتتىن شاھ ۋە گادايلار باراۋەر مەرھەمەت تىلەيدۇ، — دېدى قازىمۇ بوش كەلمەي، — ئۇلۇغ تاغىڭىز ئەمىر ئۇل مۇسلىمىن سۇلتان سەنجەر ھەزرەتلىرى شەيخقە نۇرغۇن - نۇرغۇن ھەدىيىلەر ئەۋەتىدۇ، بۇ سىر ئەمەستۇر. خان ئاغىڭىز، دۆلىتىڭىزنىڭ پاسىبانى مەھمۇدخان جانابلىرىنىڭ ھەزرەتكە قول بېرىپ مۇرىت بولغانلىقىدىن ھەم خەۋىرىڭىز بار.

روكنىددىنىنىڭ ئىززەت نەپسى لەت بولدى، شۇندىمۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى:

— شۇ بائىستىن ئۆزىمىزمۇ كۆرمىگەن ئىززەت - ئىكرامنى ھەزرىتىمگە كۆرسەتمەك نىيىتىدە ئىدۇق...

ھاكىمنىڭ پاراسەتسىزلىكى قازىغا ئېغىر كەلدى. «دىنىي ئىلىملەردىن يىراق بىر سەرۋاز بالا ئۆزىنى ئەۋلىيالارنىڭ سەرۋەرىگە تەڭلەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ، يارەببىم! قانداق كۈنلەرگە قالدۇق.» قازى ئىچىدە «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ قويىدى.

— ئىنشائاللا، نىيىتىڭىز ھەمراھىڭىز بولسۇن، ھاكىمپىكرى ئاجىزىمىز شۇلكىم، ھەزرەتنىڭ ئىستىقبالىغا ئۆزىڭىز باش بولۇپ چىقسىڭىز خەلقنىڭ رەھمىتى ياغقاي.

قازىنىڭ «خەلق» سۆزىگە ئۇرغۇ بېرىپ سۆزلىشى روكنىددىننى ئويلاندۇرۇپ قويىدى. بىر يىلدىن بېرى ۋىلايەتتە ئاسايىشلىق قالمىدى. ئۇياقتىن - بۇياقتىن دېھقانلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، مۇ-

بابىدا ماھىر ئىدى. لېكىن، دىنىي ئىلىملەرگە سۇس قارايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆلىمالارنى ياقتۇرمايتتى، ئاتامنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىشىده ئۇلارنىڭ قولى بار، دەپ قاراپ كۆڭلىده ئۇلارغا ئاداۋەت ساقلايتتى. شۇ تۇپەيلىدىن ئۇ دەسلەپتە شەيخنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمىدى. ئىسپىجاپنىڭ قازىسىنى چاقىرتتۇردى. روكنىددىن سايرامسۇ بويىدا ئون ئىككى قاناتلىق شاھانە ئاق ئۆيده قىمىز ئىچىپ يانپاشلاپ ياتاتتى. قازىكالان كىرىپ كەلدى. تۆرگە يېقىن ھاكىمنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئولتۇردى. قازىكالان يەتمىشلەردىن ھالقىغان نۇرلۇق چىراي بوۋاي بولۇپ، باغداتتا ئىلىم ئالغان ئەللامىلەردىن ئىدى. ئاتىسى كەبى پازىل كىشىنىڭ ئىززىتى ئۈچۈن بولسىمۇ روكنىددىن ئەقەللىيسى بېشىنى كۆتۈرۈپ قويمىدى، قاچىدىكى قىمىزنى ئىچىپ، يېڭى بىلەن لېۋىنى سۈرتۈپ قازىغا ئۆرۈلدى:

— قازى جانابلىرى، بىز سىزنى بىر ئىش ۋەجىدىن چاقىرتتۇق. سىزمۇ بىلىسىز، شەيخ ھەزرەتلىرى كېلىۋاتىدۇ. ھازىر بادامسۇ بويىدا توختاپتۇ. نېسىپ قىلسا، ناماز دىگەرده شەھەرگە يېتىپ كىرگەي. يېنىڭىزغا ئەركانى دىندىن ئۈچ - تۆت كىشىنى ئېلىپ ئالدىغا چىقىسىڭىز، شەيخ ھەزرەتلىرىنى قارارگاھىمىزغا باشلاپ كەلسىڭىز، دېگەن تىلىكىمىز بار.

قائىدىگە بىنائەن، قازى «بەجانىدىل، تەقسىر!» دەپ ئورنىدىن تۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، قازى ئۇنداق قىلمىدى. سۈكۈت ساقلاپ ئولتۇرىۋەردى. روكنىددىن قازىغا ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— نېمىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتىسىز، تەقسىر؟

— مۇلاھىزەم شۇلكىم، شەيخ ھەزرەتلىرى سەمەرقەنت ياكى ئىسپىجاپنىڭ قازىسى ئەمەستۇر، بەلكى تۈركىستان شەيخلىرىنىڭ سەرۋەرىدۇر. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي جانابلىرى شاھلارنىڭ ھۇزۇرىغا بارماس، ئەكسىچە شاھلار ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، دۇئا تەلەپ قىلىدۇ.

چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، روكنىددىننىمۇ ئىختىيارسىز ئاتتىن چۈش-
تى. ئۆلىمالار ئۇنىڭغا يول بەردى. ھاكىم ئىلدام بېرىپ ھەزرەت-
نىڭ ئېتىكىنى كۆزىگە سۈرتتى، ئۇنى مۇبارەكلىدى. ھەزرەتنى
قۇتلۇقلاش ئۈچۈن روھانىيلار نۆۋەتكە تىزىلدى.

روكنىددىن يەنە ئاتقا مىنمەكچى بولدى، ئەمما شەيخكە قاراپ
پىكرىدىن قايتتى، ئاق يەكتىكىنى سىلكىتىپ يەرگە قاراپ ئۈنسىز
كېتىۋاتقان ھەزرەتكە ئەگەشتى. شەيخ ئاتا شەھىرىگە ئۆز پۇتى
بىلەن پىيادە كىرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. روكنىددىن
شەيخنىڭ قاياقتا باردىغانلىقىنى بىلەلمەي ئاۋارە ئىدى. دەسلىپ-
دە، قېيىناتىسى مۇسا شەيخنىڭكىدە قونسا كېرەك دەپ ئويلىدى.
قارىسا، مۇسا شەيخ قىزى بىلەن نەۋرىلىرى چۈشكەن سايىۋەنلىك
ھارۋىنى باشلاپ باشقا تەرەپكە يول ئالدى. ھاكىم: «شەيخ جانابلى-
رىغا مەخسۇس جاي ھازىرلىغاندۇق» دېمەكچى بولدىيۇ، تىلى
گەپكە كەلمىدى. ھەزرەتنىڭ سۈرى بار دېگىنى راست ئوخشايدۇ.
بولمىسا، سېھىرلەنگەندەك ئۇنىڭغا ئىتائەتكارانە ئەگىشىپ كېتىۋې-
رەرمىدى؟

ئىسپىجاپنىڭ قاپ بېلىدە، جامە مەسچىتى بىلەن سايرامسۇ
ئوتتۇرىسىدا خانىقا بولۇپ، ئۇنىڭغا شەيخنىڭ قوۋملىرىدىن ئىسما-
يىل خوجا باشچىلىق قىلاتتى. شەيخنىڭ كارۋىنى شۇ تەرەپكە قاراپ
ماڭدى. ھەزرەتنى كۆتۈۋېلىشقا چىققان مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ ھەم-
راھلىقىدا زىيارەتچىلەر خانىقانىڭ چوڭ ھويلىسىغا يېتىپ كەلدى.

ئاتلار ئات باقارلارغا تاپشۇرۇلدى، سەرۋازلار قونالغۇلىرىغا
كەتتى، دەرۋىشلەر ئۆزلىرىنى سۇخانىغا ئاتتى. ئىسمايىل خوجا
شەيخ ئۈچۈن ئاجرىتىلغان خاس خانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىپ
ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئاۋۋال بىسمىللا دەپ سۇلتانۇل ئارىپىن،
ئۇنىڭ كەينىدىن روكنىددىن، سۇلايمان، ئەشرەپخان قازى، بابا
ماچىن، ئىسپىجاپ ئۆلىمالىرى ئىچكىرىگە ئۆتتى.

شەيخنىڭ ئىشارىتى بىلەن سۇلايمان «تەبارەك» سۈرىسىنى
تىلاۋەت قىلدى. روكنىددىن دەرھال ئېگىلىپ تەزىم بەجا

لوكدارلارنىڭ يېرىنى تارتىۋالماقتا، سېلىقتىن باش تارتماقتا،
قىشلاق ئاقساقاللىرىغا ياردەمگە بارغان سەرۋازلارنىڭ قورال ـ
ياراغلىرىنى، ئاتلىرىنى تارتىۋالماقتا ئىدى. ئەل ئارىسىدا مىش ـ
مىشلار كۆپەيدى. قارلۇقلار نۆكەر توپلاۋاتقانمىش، قىتانلار يەنە
بېسىپ كېلەرمىش... روكنىددىن بولۇپمۇ دەرۋىشلەردىن قورقاتـ
تى. ئۇلار بولسىلا، ئىسپىجاپتا پاراغەت بولمايدۇ. دەرۋىشلەر
باشقىلارنىڭ گەپلىرىگە كۆنمەيدۇ، پەقەتلا شەيخۇل ماشايىخنىڭ
گېپىگە قۇلاق سالارمىش...

ۋەھىمە تۇيغۇسى كىبىردىن ئۇستۇن كەلدى. روكنىددىن
بېلىدىكى تىللا كەمىرىنى بوشىتىپ قويدى.

— سىز ۋاجىپ دېسىڭىز، ھەزرەتنىڭ ئىستىقبالىغا چىققايـ
مىز، — دېدى روكنىددىن نائىلاج، — ئەھلى ئۆلىمالارنى چاقىـ
رىڭ، قازى جانابلىرى.

قازى كۆلۈمسىرەپ تەزىم قىلدى.

روكنىددىن ئۆلىما ۋە ئۇمەرا دېگەندەك يىگىرمە — ئوتتۇز
كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا چىقتى. ئۇ شاھانە لىباس كىيىپ
ئاق ئاتقا مىنگەن بولۇپ، يېنىدا سەرۋازلار بار ئىدى. شەيخنىڭ
كارۋىنى بادامسۇ بويىدىن چىقىپ شەھەرنىڭ غەربىي قوۋۇقى تەرەپـ
كە بۇرۇلدى. بەلدەرۋازىغا يېقىن خانىېرىقنىڭ يېنىدا ئابدۇلئەزىز
ئاتىنىڭ قەبرىسى بار ئىدى. ئابدۇلئەزىز ئاتا تابىئىنلاردىن، يەنى
پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرىنى كۆرگەن ئەۋلىيالاردىن ئىدى. ئاۋام
خەلق ئىچىدە بالا گەردان دەپ نام چىقارغان بۇ ۋەلىينىڭ قەبرىسىـ
نى زىيارەت قىلماي شەھەرگە كىرىشنىڭ خاسىيىتى يوق، دەپ
ھېسابلىناتتى.

كارۋاننىڭ ئالدىدا ھاسىلىرىنى يەرگە زەرب بىلەن ئۇرۇپ
كېلىۋاتقان يۈزلەپ دەرۋىشلەرنى كۆرۈپ، ھاكىملا ئەمەس، ھەتتا
سەرۋازلارمۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتى. دەرۋىشلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن
كېيىن روكنىددىننىڭ كۆزى شەيخكە چۈشتى ـ دە، دەرھال ئېتىـ
نىڭ بېشىنى تارتتى. قازىكالان بىلەن ئۆلىمالارنىڭ ئېگەردىن

## 7. دىندىن چىققان قارلۇق

ئەي مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇپپارلارغا ئېيتقىنكى: «ئەي كۇپپارلار! سىلەر چوقۇن- غان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن... سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆ- زۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىم ئۆزۈم ئۈچۈندۇر».

— «قۇرئان كەرىم» «كافىرۇن» سۈرىسىدىن

مۆمىن — مۆمىننىڭ ئەينىكىدۇر. مۆمىن — مۆمىننىڭ قېرىندىشىدۇر.

— ھەدىس

شەيخ تاڭنىڭ ئېتىشىنى ئىنتىزار بولۇپ كۈتتى، يىراق يول- دىن ھېرىپ - چارچاپ كەلگەن بولسىمۇ، سەھەرگىچە كىرپىك قاقمىدى. ئۇنى پەدەرى بۇزرۇكۋارى بىلەن ۋالىدەئى مېھرىبانىنىڭ ئەرۋاھى چىللىدى، تاشقىرىغا چىقتى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىنىڭ ئاسمىنىغا نەزەر سالدى، قاراڭغۇ گۈمبەز ئىچىدە شام- دەك پىلىلداپ تۇرغان ھېسابسىز يۇلتۇزلارغا قاراپ شۈكۈر قىلدى. ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىگە يېقىن يەردە تۇراتتى. شەيخ شۇ يەردە تەۋەللۇت تاپتى، ئاتىسىنىڭ قولىدا ساۋات چىقار- دى، قەلەندەرخانىنىڭ يېنىدىكى كۆك مەسچىتتە ئوقۇدى. دەسلەپ- كى ئۇستازى ئاتىسى بولغان بولسا، كېيىنكى ئۇستازى كىتابلار ئىدى، ئالەمنىڭ چوڭقۇر سىرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان

كەلتۈردى:

— جانابلىرىنى ئانا يۇرتلىرىدا خۇش كۆردۇق، شەيخ ھەزرەتـ. لىرى، قەدەملىرى قۇتلۇق بولغاي...

ھەزرەتنىڭ ھارغىن چىرايى ئېچىلمىدى، ئاستا بېشىنى سىلـ. كىپ قويدى. ئەمدى روكنىددىن ساھىبخانىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىقى لازىم ئىدى. ئۇ يەنە ئېگىلىشتى:

— پىرىم، پۇرسەتلىرى يار بەرسە بىر پىيالە چېيىمىز بار ئىدى. بىز جانابلىرىغا ئاتاپ سايرامسۇ ياقىسىدىن جاي ھازىرلاپ قويغاندۇق. سۆھبەتلىرىدىن بەھرىمەن بولساق دېگەن ئۈمىدتىمىز...

شەيخ گەپنى چورتلا ئۈزۈپ تاشلىدى:

— بىزنىڭ چېيىمىزمۇ، جايىمىزمۇ مۇشۇ يەردە، ئۆزلىرى مەرھەمەت قىلسىلا، خىزمەتلىرىگە تەييارمىز.

روكنىددىن مات بولدى، گوياكى شەيخ ساھىبخانا، روكنىد. دىن مېھمان بولۇپ قالغانىدى. شەيخنىڭ گېپىنى ھاكىم ئۆزىچە «ئاتىغىنىڭ بولسا مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەل، مېنى ئاۋارە قىلما!» دېگەن مەنىدە چۈشەندى.

روكنىددىن ئورنىدىن تۇردى. شەيخ بىلەن سۇلايماندىن باشقىـ. لىرى دەرھال ئورنىدىن تۇردى. «ئىسپىجاپ ھاكىمىنى كۆزگە ئىلمايدىغان قايسى موللا ئىكەن ئۇ؟» دېگەندەك، روكنىددىن سۇلايمانغا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

خانىقانىڭ ھويلىسىدا داش قازانلار ئېسىلدى. ھارۋىلاردا چوڭ - چوڭ پارچىلانغان موزاي گۆشلىرى، پۈتۈن قويلار، سېۋەت - سېۋەت مېۋە - چېۋىلەر، تاغار - تاغار قوغۇن - تاۋۇزلار كەلتۈرۈلدى. بۇ روكنىددىننىڭ زىيارەتچىلەرگە قىلغان ئېھسانى ئىدى.

روكنىددىن ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ شەيخنىڭ ھۇزۇرىغا كىرەلـ. مىدى. ۋىلايەت تەۋەسىدە ئىسيانلار باشلانغانىدى. ئۇ ئىسيانچىلار بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن كەنتلەرگە چىقىپ كەتتى.

ئۇ شۇ كەتكەنچە سەل كەم ئەللىك يىلدىن كېيىن، تۆت يىل بۇرۇن ئىسپىجاپ تۇپرىقىغا قايتا قەدەم باسقانىدى. مانا، يەنە كەلدى، بۇ ئاخىرقى زىيارىتى. شەيخنىڭ ئەلدىن مەخپىي بىر سىرى بار ئىدى. ئەگەر تەڭرىتائالا رەھمەت قىلىپ مۇرادىغا يەتكۈزسە ھەجدىن قايتقاندىن كېيىن، بۇ پانىي دۇنيادىن قول ئۈزمەكچى، ئۇزلەتكە چېكىنىپ، قالغان ئۆمرىنى تائەت - ئىبادەت، زىكرى - سانا بىلەن ئۆتكۈزمەكچىدى. شەيخ خىيالەن ئانا شەھىرى بىلەن ۋىدالاشتى. خۇددى تۇنۇگۈن يەسسىرە، مەسچىدنىڭ ئۇستىدە تۇرغاندەك يۇلتۇزلارغا، باللىقى ئۆتكەن تار كوچىلارغا، ئۆزى بىلەن بىرگە چوڭ بولغان تەڭتۇشلىرى ۋە ئۇنىڭغا بىر كاسا سۇ تۇتقان مېھرىبان قاراكۆزلەرگە ئىچىدە تەزىم قىلىپ، رازىلىق تىلىدى.

كۆكتە يۇلتۇزلار شالاڭلاشتى، ئەمما سۇبھىگە خېلى بار ئىدى. شەيخ خانىقا ھويلىسىنى ئايلاندى. ئايۋاندا بىر - بىرىگە بىقىنداپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن دەرۋىشلەرگە قاراپ مېھرى جۇش ئۇردى. ئۇلار گويا بىر زەنجىرنىڭ كۈمۈش ھالقىلىرىغا ئوخشايتتى. بۇ ھالقا تۈرك سۇلۇكى دېيىلەتتى. ئۇنىڭ باش ھالقىسى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ئىدى. شەيخ يول بويى، ئوتراردىن ئىسپىجاپقا يەتكۈچە «يا ھەبىب!» دەپ شامالغا كۆكسىنى ئۇرۇپ كېلىۋاتقان روھىي پەرزەنتلىرى - دەرۋىشلەر شەنىگە بېيىت توقۇپ كەلگەندى. ھازىر ئاشۇ بېيىتلار ئۇنىڭ خىيالىدا مارجاندەك تىزىلدى:

كۆيۈپ - يېنىپ كۈل بولغان، ئىشقىدا بۇلبۇل بولغان،
كىمنى كۆرسە قۇل بولغان، مەردان بولغان ئاشىقلار.
يول ئۇستىدە خاك بولغان، سىنەلىرى چاك بولغان،
زىكرىن ئېيتىپ پاك بولغان، نالان بولغان ئاشىقلار.
ھېكمەت قۇرىن باغلىغان، يۈرەك - باغرىن داغلىغان،
پەرياد ئۇرۇپ يىغلىغان، گىريان بولغان ئاشىقلار.
گاھى يۈزى سارغىيىپ، گاھى يولدا ئۇل غەرىب،
تەسبىھلىرى: «يا، ھەبىب!» جەۋلان بولغان ئاشىقلار.

تەزكىرىلەر، رىسالىلەر، مەناقىبلار، بايازلار، كۆللىياتۇ پۇتۇكلەر ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى. سوغا بارسىمۇ، دۇكانغا چىقسىمۇ قولتۇقىدا رەتلىك ئورالغان كىتاب بولاتتى. ئۇ يەتتە يېشىدا قۇرئاننى يادقا ئوقۇشقا باشلىدى، پاكىنەك ئۇستازى تايچاق داموللام ياقىسىنى تۇتۇپ قالدى، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشتى، بىچارە ئانىسى بولسا، «بالا دېگەن شۇنداق تىنىمسىز ئوقۇمدۇ، بېشى ئايلىنىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟» دەپ ئەنسىرەيتتى. ئەمما، ئەھمەد كىتاب ئوقۇشتىن باش كۆتۈرمەيتتى، ئۇنىڭ شادلىقى، بەختى، تاپقان خەزىنىسى ئەقلىنى لال قىلىدىغان دانا كىتابلار ئىدى. ئۇ ياش، تېخى ئىسپىجاپتىن تۆت قەدەممۇ نېرى چىقمىغانىدى، بىراق تەنھا ۋە دانا مەسلىھەتچىسى بولمىش كىتابلار ئارقىلىق ئۆزىچە دۇنيانى كەشىپ قىلماقچى، سەبى كۆڭلىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋاتقان سىرلىق، چىگىش سوئاللارغا جاۋاب تاپماقچى بولاتتى.

ئۇ ئاۋۋال ئانىسىدىن ئايرىلدى، سەككىز ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئاتىسىمۇ ئاللانىڭ رەھمىتىگە باردى. يالغۇز جىگەر پارىسى گۆھەرى شاھناز بىلەن بوتىدەك بوزلاپ قالدى. شۇكرىكىم، سەيھۇن تەرەپتىن يەسسىلىك بوۋىسى ئارسلانبابدىن نىدا كەلدى. ئۇ ئىككى يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاپ ئىسسىق باغرىغا ئالدى. گۆھەرگە جاي بېرىپ قىزىم، دېدى، ئەھمەدنى ئوغلۇم دەپ يېنىغا تارتتى، نان ـ تۇز بەردى، تەلىم ـ تەربىيە بەردى. شۇ چاغدا ئەھمەد ھەدىسى بىلەن ئۆزىنىڭ غەمكىن ئەھۋالىدىن، ئارسلان بابىسىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدىن تەسىرلىنىپ، تۇنجى قېتىم شېئىر توقۇغانىدى. مۇزلاپ ياتقان كۆڭۈل قەپىسىنى باي چېچەكتەك يېرىپ چىققان بۇ مىسرالار تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ يادىدا بار ئىدى:

غېرىبلىقتا غېرىب بولغان غېرىبلەر،
غېرىبلار ھالىنى بىلگەن غېرىبلەر.
سەۋەب بىرلە يىراق يەرگە بېرىبان،
قېرىنداشىنىڭ قەدرىن بىلگەن غېرىبلەر...

داۋامىدا ئەتراپتا ياشىغۇچىلار بىردىن - ئىككىدىن تۆپىلىككە يې-
غىلدى. شەيخنى تونۇپ ئۇن — ئۇن بەش قەدەم نېرىدا يۈكۈندى.
جىمجىت قەبرىستانلىقنىڭ سېھرى، شەيخنىڭ سەل بوغۇق، ئەمما
ئادەمنى سەل قىلىدىغان يېقىملىق تاۋۇشى ئەتراپتىكىلەرنى بېشىنى
ئېگىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇشقا مەجبۇر قىلدى.

ھەزرەت ئەتراپىغا جامائەتنىڭ يىغىلغانلىقىنى سەزگەندى،
شۇ سەۋەبتىن قىسقا دۇئا قىلدى - دە، يۈزىگە پاتىھە تارتىپ
قوزغالدى، بېشىنى ئېگىپ ئاتىسى بىلەن ۋىدالاشتى: «رازى بو-
لۇڭ، قىبلىگاھىم، ئۆمرىڭىزدە قىلغان خەيرلىك دۇئالىرىڭىز
ماڭغان يولىمىزدا يولداش بولغاي».

شەيخ تۆپىلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىن پەسكە — دەريا تەرەپكە
بۇرۇلدى.

— سۇ ياقىلاپ كېتەيلى. بۇ سۇلارنى يەنە قاچان كۆرىمىز.

ئۇنىڭ كۆكسىدە نەچچە كۈندىن بېرى لاۋۇلدىغان سېغىنىش
ئوتى تېخى بېسىلمىغان، سايدىن ئېسىۋاتقان سالقىن شامال بۇ
ئوتنىڭ تەپتىنى ئۆچۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ
ئۇلغايتىۋەتكەندى.

ئوتتۇرىدا ھەزرەت، ئىككى تەرەپتە سۇلايمان بىلەن بابا ماچىن
ئېقىن بويىدىكى تار، تاقىر يولدا ئاستا كېتىپ باراتتى. سۇنبۇلە-
نىڭ سۈيى تىنىق دېيىشىدۇ. سۇدا ئاسماننىڭ بىر پارىسى ئەكس
ئەتمەكتە ئىدى.

شەيخ دەريانىڭ لېۋىگە يېقىن بېرىپ توختىدى، سۇنىڭ ئېغىر
شاۋقۇنىغا قۇلاق سالدى. تىنچ، سالاپەتلىك ئېقىن ئۇنى باللىقىغا
قايتۇردى. بىر چاغلاردا مانا شۇ سۇ بويىدىكى كامارلاردىن بېلىق
تۇتۇپ، مەجنۇنتالنىڭ نوتىسىغا ئۆتكۈزۈپ، سۆيۈنۈپ - سۆيۈنۈپ
ئۆيگە ئېلىپ كېتىشەتتى. ھېلىمۇ ئېسىدە، بىر كۈنى ئوتتۇرا
بارماقتەك كىچىك بېلىقلارنى كۆرۈپ، ئاتىسى ئۇنى ئۇيالدۇرغانى-
دى: «بالام، ئۇششاق بېلىقچانلارنى تۇتۇپسەن، بۇ غېرىبلارنى
ئانىسى ئىزدەپ يۈرگەندۇر، بار، سۇغا قويۇۋېتىپ كەل!» ياش

دەرۋىشلەرنىڭ بىر نامى ئاشىق، بىر نامى سادىق، بىر نامى زاكىر، بىر نامى شاكىر ئىدى. شەيخ كۆلچەكتىن سۇ ئېلىپ يۈزىنى چايقىدى، ئاندىن ئىچكىرىگە كىردى. تەسۋى سىيرىپ مىڭ دانە ئۆتكۈزدى. تەنھالىق مەقامى — قەلبەكى زىكىر بىلەن، يەنە بىرەر سائەتنى ئۆتكۈزدى.

تاڭ سۈزۈلدى. قەدىمكى ئىسپىجاپ ھەر كۈندىكىدەك سەھەر ئويغاندى. ھەزرەتنىڭ ئىسپىجاپقا تەشرىپ بۇيرۇغانلىقى پۈتۈن شەھەرگە يېيىلغانىدى. خالايىق توپ ـ توپ بولۇپ سوپىلار خانىقاسى تەرەپكە ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. ئەمما، شەيخ ئالدىقاچان سۇلايمان بىلەن بابا ماچىننى ئەگەشتۈرۈپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

ۋالىدەسى قارا ساچ ئانىنىڭ قەبرىسى قەلئە ئىچىدە، پەدەرىنىڭ تۇپرىقى شەھەر سىرتىدا، راباتتا ئىدى. شەيخ ئاۋۋال ئانىسىنىڭ بېشىغا بېرىپ خاكىنى كۆزىگە سۈرتتى. «سۇرە ياسىن» نى ئوقۇدى. تىلاۋەتنى تۈگىتىپ بىر چىمدىم تۇپراق ئېلىپ قول رومىلىنىڭ ئۇچىغا تۈگدى، يەنە قەبرىنى تاۋاپ ئەيلەپ، خېلىغىچە سۈكۈتتە تۇردى، يۈزى ئېچىشتى، كۆكسىدىن ئۈنسىز ئىزتىراپلىق نىدا كەلدى: «رازى بولۇڭ، ئانا، ئاللانىڭ ھۆكمى ئىكەن، بىزنى ۋاقىتسىز تاشلاپ كەتتىڭىز. تىرىكلىكىڭىزدە خىزمىتىڭىزنى قىلالمىدۇق، ئىنشائاللا، تاڭلا مەھشەردە پەرزەنتلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلغايمىز. ئىلاھا، سىزنى بېھىشنىڭ تۆرىدە تاپقايمەن، مېھرىبانىم...»

شەيخ ئاتىسىنىڭ قەبرىسى تەرەپكە ماڭدى.

ئىسپىجاپنىڭ شىمالىدا قىزىلسۇغا بارماستىن بۇرۇن بىر ئېگىز تۆپىلىك بار. بۇ يەر كونا قەبرىستان. بۇ يەردە قىبلىگاھى ئىبراھىم شەيخ ئىبنى مەھمۇد دەپنە قىلىنغان. قەبرىنىڭ يېنىدا يوغان ئاق ئۈجمە ئۆسۈپ تۇرۇپتۇ. ئۈچ يولۇچى ئۈجمىنىڭ ئاستىغا بېرىپ يۈكۈندى. شەيخ نىيەت قىلىپ «بەقەرە» سۈرىسىنى ئوقۇدى. بۇ «قۇرئان كەرىم» دىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە ئىدى. تىلاۋەت

دى. كەپىنىڭ ئىگىسى كۆرۈنمەيتتى. ساي تېشىدىن ياسالغان ۋاقىتلىق ئوچاقنىڭ ئۈستىدە قارا چۆگۈن تۇراتتى. ھەممە ياق تۇتۇن. شاخ - شۇمبىدىن تىكلەنگەن كەپىنىڭ سىرتىدىكى ئارقانغا كىچىك - كىچىك تور سېۋەتلەر ئىلىپ قويۇلغانىدى.

— ھوي، ئادەم بارمۇ بۇ يەردە؟ — دەپ بابا ماچىن ئەتراپقا قاراپ قويدى. كەپىنىڭ ئىچىدىن ئاۋاز كەلدى:

— بىزنى يوقلاپ كەلگەن تىرىك جانغا تىرىكمەن!

ئىچكىرىدىن يوڭ چەكمەن كىيىپ بېلىنى چۆلۋۈر بىلەن باغلىغان بەستلىك يىگىت چىقتى. ئۇ يالاڭباش ئىدى، چېچى ئۆسۈپ يەلكىسىگە چۈشكەن، يوغان - يوغان كۆزلىرى ئادەمگە ناخۇش باقاتتى. يىگىت ئۆلىما سۈپەت ئۈچ سەللىلىككە مەنسىتمەىگەندەك قاراپ قويدى، كېيىن بېشىنى سەل ئېگىپ تەزىم قىلدى، بىراق قولىنى كۆكسىگە قويمىدى.

— نېچۈن سالام بەرمەيسەن، بىتەۋپىق؟ — دېدى بابا ماچىن ئاچچىقلىنىپ، — ناساراھۇسەن؟

— ياق، ئوتپەرەسمەن.

بابا ماچىن «ئەنە، دېمىدىممۇ» دېگەندەك ھەزرەتكە يالت قىلىپ قارىدى. يالاڭباش يىگىتنىڭ تىلى قارلۇق شېۋىسىنى ئەسلەتەتتى.

شەيخ يىگىتنىڭ چېچىغا سىنچىلاپ باقتى:

— قارلۇقمۇسىز؟

يىگىت بېشىنى سىلكىدى:

— ھەئە، قارلۇقمەن.

— قارلۇقلار ئەھلى سۈننەت ھېسابلىنۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلغان. سىز نېچۈن ئۇلاردىن ئايرىلىپ يۈرىسىز؟

— مەنمۇ بىر چاغلار مۇسۇلمان بولغانمەن، — دېدى يىگىت زەردە قىلىپ، — ئەمدى مۇسۇلمانچىلىقتىن چىقتىم. مۇنداق ئويلاپ باقسام، تۈركنىڭ سۆزى توغرىكەن.

— قايسى سۆزى؟ — دېدى خېلىدىن بېرى سۈكەت ساقلاپ

ئەھمەد بېلىجانلارنى ئېلىپ يەنە سۇ بويىغا باردى. جان كىرسۇن دەپ سۇلۇق ئويمانغا سالدى. قارىسا بېلىجانلار ئۆلۈپ قالغانىكەن، ئۇ يىغلىۋەتتى. شۇنىڭدىن بېرى بېلىق يېمىدى، بېلىقنى كۆرسە، مۇردىغا قارىغاندەك كۆڭلى سەسكىنىدۇ.

تاغنىڭ كەينىدىن قۇياش كۆتۈرۈلدى. سۇ يۈزىدە چاقماق چاقىقاندەك زەر سىزىقلار پەيدا بولدى. ئاقار سۇدا بالقىپ تۇرغان ئاق تېرەكلەرنىڭ سايىسى سارغۇچ تۇسكە كىردى.

يولدا ئادەملەر پەيدا بولدى. ئۇلار سۇ بويىدا جىمجىت تۇرغان ئاق لىباسلىق، ئاددىي سەللىلىك ئۈچ كىشىگە سالام بېرىپ تەزىم قىلىپ ئۆتۈشەتتى. بابا ماچىن بىلەن سۇلايمان سالامنى ئىلىك ئېلىشاتتى. شەيخ بولسا دەريادىن كۆز ئۈزمەيتتى. ئۇ ئەتراپىدىكى بارلىقنى ئۇنتۇغان، ئۆز تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، «دەردۇ ھالەت پەيدا قىلغان» ئىدى.

بابا ماچىن ئېقىننى بويلاپ تىكىلىپ تۇراتتى. بىردىن «ئاھ!» دەپ جانلاندى. ئۇ بىرنېمىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەندە ھاياجىنىنى ئىچىگە يۇتالمايتتى، ھەتتا مەجلىستىمۇ، جامائەتنىڭ ئالدىدىمۇ خىتابتىن ئۆزىنى تۇتالمايتتى. بۇنداق قىلىق بىئەدەپلىك ھېسابلىناتتى. شەيخ بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭغا تەنبىھ بەردى، ھەتتا تۆۋرۈككە باغلاتقۇزدى. بىراق، بابا ماچىن توۋا قىلىپ چارچىمىدى، ئاھ تارتىشنىمۇ تەرك قىلمىدى.

— توۋا قىلدىم، پىرىم... ئاۋۇنىڭغا قاراڭ، يا مەجنۇن، يا دىنىسىز!

شەيخ بىلەن سۇلايمان سول تەرىپىگە نەزەر سالدى، سۇ بويىدىكى ئوتلاقتا بىر يالغۇز كەپە كۆرۈنەتتى. كەپىنىڭ ئالدىدا بېشى يالاڭ بىر كىشى قىزىرىپ چىقىۋاتقان كۈنگە قولىنى سوزۇپ، نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى. ئۇ توساتتىن كۈنگە قاراپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، يەنە كۈنگە خىتاب قىلدى، كېيىن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى، قۇياشقا ئۈچ قېتىم ئېگىلىپ سالام بەردى...

— يۈرۈڭلار! — دېدى شەيخ ۋە چىقىر يولدىن پەسكە بۇرۇل-

ئېيتقانىكەن، ئىمانسىز كىشى يالىڭاچ ئادەمگە ئوخشايدۇ، دەپ نېمە قىلاي، مېنىڭ ئىمانىمنى سىزنىڭ مۇسۇلمانلىرىڭىز سالدۇ. رۇۋالدى.

شەيخكە قارلۇقنىڭ مىجەزى ياقتى. لېكىن، «سىزنىڭ مۇ. سۇلمانلىرىڭىز» دېگەن سۆزى شەيخنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. «مېنى تونۇدىمۇ؟ قانداق تونۇيدۇ؟ بۇ يەرگە ئەمدىلا كېلىشىم تۇرسا».

— دېمەك، سىز خەلقئىئالەمدىن تويۇپ، مانا مۇشۇنداق خىل. ۋەت يەرلەردە ياشاشنى جەزم قىلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— توغرا، بۇنى نەدىن بىلدىڭىز؟

— بىلدۇق. يالىڭاچ ئادەم ئەل ئىچىدە قانداق ياشايدۇ؟

— يۈزى يوق ئادەم ياشاۋېرىدۇ. شەرمەندىگە شەھەر كەڭ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ ئەنە، ئىمامىمۇ ياشاۋاتىدۇ. مەس. چىتكە بېرىپ بىر خىل سۆزلەيدۇ، ئۆيىگە كېلىپ بىر خىل سۆزلەيدۇ.

يىگىت ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، جوغىسىدىن ئاپئاق هور چىقى. رىپ قايناپ تۇرغان چۆگۈنگە قاراپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى، بابا ماچىنغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويدى.

— بىر چاي دەملەي. ناشتىدىن قالما، دەپتۇ بۇرۇنقى ماشا. يىخلار. يىرگەنمىسەڭلار، بىزنىڭ قولىمىزدىن بىر قاچا چاي ئىچىپ كېتىڭلار، تەقسىرلەر.

ئۇ كەپىگە كىردى، ئىككى ساپال قاچا بىلەن بىر تۇگۈنچەكنى ئاچىقتى. قاچىلارنى قايناق سۇدا ئوبدان چايقىدى، كېيىن تۈگۈن. چەكنى ئېچىپ، هىدلاپ قويدى - دە، بىرنەچچە چىمدىم بىرنېمە. نى ئېلىپ چۆگۈنگە سېلىشقا باشلىدى.

— چاينىڭ ئورنىدا بىر غەلىتە نەرسە دەملەپ بېرىمەن. رەنجىمەڭلار، چاينى ئۆيدىمۇ ئىچىسلەر. بۇ نەرسە پەقەت بىزدىلا بولىدۇ. ئۆزۈم تاغدىن تېرىپ كەلگەنمەن. بۇنى مېھرگىياھ دەي. دۇ. ئىككى ئادەم دەملەپ، بىر قاچىدىن ئىچسە بىر - بىرىنى

تۇرغان سۇلايمان. يىگىت ئۇنىڭغا يۈزلەندى.
— تۈرك ئېيتقانىكەن، تەگرىم، قۇرئاندىن ئايرىساڭ ئايرىغىن، بىراق تۇگمەندىن ئايرىما.
بابا ماچىن مەسخىرە بىلەن دېدى:
— هاي مەجۇسى، دىندىن چىققان بولساڭ چىقىپسەن، ئادەمگەرچىلىكتىنمۇ چىقتىڭمۇ؟ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەن مېھماننى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇش قايسى مەزھەپتە بار؟
يىگىت ئۇندىمىدى، شارتتىدە بۇرۇلۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى، ئىچكىرىدىن بورا ئاچىقىپ كەپىنىڭ ئالدىغا سالدى، ئۇستىگە يىرتىق - ياماق كىگىز تاشلىدى.
— ئولتۇرۇڭلار، تەقسىرلەر، — دېدى يىگىت كىگىزگە ئىشارەت قىلىپ. مېھمانلار قارا كىگىزنىڭ ئۈستىگە چىقىپ چازا قۇرۇپ ئولتۇردى. يىگىت ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا، قېرى تېرەكنىڭ كۆتىكىگە ئولتۇردى. ئۇ تاسادىپىي تەشرىپ بۇيرۇغان بۇ كىشىلەرگە ئەجەبلىنىپ باقتى. «كىم بولدى بۇلار؟ مۇپتىمۇ؟ قازىمۇ، نېمە ئىشى بار؟ يا دىنغا كىر، يا كۆچ دەيدۇ - دە»؟
يىگىت بابا ماچىنغا يەرنىڭ تەكتىدىن كۆز تاشلىدى، ئۇنىڭدىن ھېيىقتى. «ماۋۇ ئالا يۈزلۈك كىشى ياماندەك قىلىدۇ. ئۆزىمۇ ئالۋاستىدەك قوپالكەن».
شەيخ ئۇدۇللا سوئال بەردى:
— خوش، بۇرادەر، سىز نېمە ئۈچۈن تۇگمەننى قۇرئاندىن ئۈستۈن قويدىڭىز؟ نەپسىڭىزگە قۇلمۇسىز؟
يىگىت سوغۇق كۈلۈمسىرىدى:
— كىم نەپسىگە قۇل ئەمەس؟ موللىمۇ، قازىمۇ، ئاقساقالمۇ؟ يا قىتانلارمۇ؟ ھەممىسى قۇل. ھەممىسىنىڭ گېلى تۆشۈك.
— دېمەك، دۇنيادا قورسىقىڭىزدىن بۆلەك غېمىڭىز يوق ئىكەن - دە؟
— مەقسىتىڭىزنى چۈشەندىم. «ئەي قارلۇق، ساڭا ئىمان كېرەك ئەمەسمۇ؟» دېمەكچىغۇسىز؟ ئىمان كېرەك. پەيغەمبەر

دېدىم. شۇنىڭدىن بېرى بىر يىڭنىلىق يىپنىمۇ بەرمىدىم. كېيىن
مېنى يامانلاشقا ئۆتتى. خوتۇنۇم بوشىنىپ ئىسسىقلىق ئىچكەند-
دى، كۆرۈپ قاپتۇ. پالانچىنىڭ ئايالى مۇسۇلمان ئەمەس، روزا
تۇتمايدۇ، دەپ گەپ تارقىتىپتۇ. بالا تۇغقان ئايالنىڭ بىرنېمە
يېيىشكە ھەققى بارمۇ، يوقمۇ؟ يا بوۋىقىنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈشى
كېرەكمۇ؟ بولارمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن. بىر كۈنى ئىشكىمنىڭ ئالدى-
غا دىۋانە كېلىپ قالدى. نان بەردىم. قارىسام ئۇستىۋېشى ئىت
تالىغاندەك يامان، كىيىم - كېچەكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئۆيگە
ئېلىپ كىردىم، ئەسكى - تۈسكى كىيىملىرىمدىن بەردىم. ئىماد-
سىز ئىمام بۇنىمۇ ئاڭلاپ قاپتۇ. مەسچىتتە خالايىققا جار سېلىپ:
«پالانچى قارلۇق يەھۇدىينى ئۆيىگە ئەكىرىپ بىر قاچىدا تاماق
يېدى، بۇنداق كاپىرنى مەھەللىدىن ھەيدەش كېرەك!» دەپتۇ.
توۋا دېدىم، كىم كاپىر ئۆزى؟ بىر غېرىبكە تاماق بېرىپ خەيرلىك
قىلغان مەن كاپىرمۇ ياكى بولمىسا بىراۋنىڭ ھەققىنى يەپ، كۆزى-
نى يۇمۇۋالىدىغان شۇ ئىمام كاپىرمۇ؟ بىز ئوقۇمىغان ئادەممىز،
مانا ئۆزۈڭلار ئېيتىڭلار، مۇسۇلمانمۇ، كاپىرمۇ، ئىشقىلىپ،
ئىنسان بالىسى ئىشىك ئالدىدا زار قاقشاپ تۇرسا، ئۇنىڭ ھاجىتى-
دىن چىقىش كېرەكمۇ ياكى يوقال دەپ كەينىگە تېپىش كېرەكمۇ؟
— بىراۋنىڭ ھاجىتىدىن چىقمىغان مۇسۇلمان ئەمەس، —
دېدى بابا ماچىن.
— ياشاپ كېتىڭ، ئاغا! قول خوجا ئەھمەد پىرىم ھەم شۇن-
داق دەپتۇ. ئول ھەزرەتنىڭ بىر ھېكمىتى بار ئىدى. بۇرۇن
بارغانلا يېرىمدە يادلاپ يۈرەتتىم، مانا ئەمدى ماۋۇ تەقسىرىم ئېيت-
قاندەك قورساق قايغۇسى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئېسىمدىن چىقىپ-
تۇ، — قارلۇق بېشىغا ئۇرۇپ قويدى. بابا ماچىن تەۋەككۇل
قىلىپ شەيخنىڭ مەشھۇر بېيىتىنى ئوقۇدى:

سۈننەت ئەرمىش، كاپىر بولسا بەرمە ئازار،
كۆڭلى قاتتىق دىل ئازاردىن خۇدا بىزار...

ياقتۇرۇپ قالارمىش. بۇ بىر رىۋايەت، توغرىمۇ، تەقسىرلەر؟
يىگىت سۆزلىگەچ چاي دەملىدى، داستىخان ھېسابىدا بەلۋې-
غىنى يايدى، چۆگۈندىن بىر چىنە چاي قۇيۇپ، ئوك قوللاپ
شەيخكە ئۇزاتتى. چاي ئاجايىپ خۇشبۇي، مەززىلىك بولۇپ، ئۇ-
نىڭدىن تاغ رەيھىنى، ئىپار، كىيىكنىڭ ئوتى، يەنە قانداقتۇر
گىياھلارنىڭ پۇرىقى ئانقىپ تۇراتتى.
سۇلايمان چايدىن بىر ئوتلاپ، ساھىبخانىغا كۈلۈمسىرىدى:
— بۇ چايدىن ئىمامىڭىزغىمۇ دەملەپ بېرىپسىز ـ دە، مېھرى
چۈشۈپ قالغاندۇر، سىزگە...
يىگىت تېرىكىپ كەتتى:
— قويۇڭ، تەقسىر! — دېدى يىگىت قولىنى شىلتىپ، —
ئۇ كاززاپنى كۆنگە ئۈچ قېتىم مېھرىگىياھقا چۆمۈلدۈرسىڭىزمۇ
پايدىسى يوق! مېنىڭ دىندىن چىقىشىمغا سەۋەبچى بولغانمۇ ئەنە
شۇ قەسەمخور. بولمىسا يۇرتۇمنى تاشلاپ بىگانە بولۇپ يۈرەرمە-
دىم؟ «لائىلاھە ئىللەللاھ» دەپ ھارۋامنى سۆرەپ يۈرمەسمىدىم!
— ئۇ سىزگە نېمە قىلدى؟
— ھەي، سورىماڭ، تەقسىر، ماڭا كۆن بەرمىدى. كۈندۈزى
كۆلكەمنى بۇزىدۇ، كېچىسى ئۇيقۇمنى بۇزىدۇ. نەرسە سوراۋېرىپ
ساراڭ قىلىپ قويدى. سورىسا مەيلىدى، قوشىنا بولغاندىكىن
ئالدى ـ بەردى بولىدۇغۇ، توغرىمۇ؟ بىراق بۇ ئىمام ئالغىنىنى
قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ، شۇنىسى يامان. كەتمەن دەمسىز، قازان
دەمسىز، پالتا دەمسىز، كۆزىگە نېمە كۆرۈنسە شۇنى سوراۋېرىدۇ.
بۇ سورىشى بىلەن بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئايالىمنىمۇ سوراپ
قالمىسىدى دەپ قورقىمەن. ياق، خۇدا ئىنساپ بەرمىدى، ئىشقى-
لىپ، قىلىدىغىنىنى قىلىۋەردى... ئېلىشقا كەلگەندە بىسمىللا،
بېرىشكە كەلگەندە ئەستاغپۇرۇللا. ئىشقىلىپ، قايتۇرۇپ بەرمەي-
دۇ. سۇنۇپ كەتتى دەيدۇ، يوقالدى دەيدۇ... بىر كۈنى ئۆيىگە
كىرسەم، يەتتە ـ سەككىز ئورغاق، پالتا دېگەندەك نەرسىلەر
دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ. ھەممىدىن سورايدىكەنسەن ـ دە، كاززاپ

«هوي، بتەۋپىق، نېمىشقا مەن تەرەپتىن توپا ئالدىڭ، سەن كاپىرغا يەر يەتمىدىمۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى. تامنىڭ ئەسلىي ئورنىنى كۆرسەتتىم، ئەمما ئىمام ئۇنىمىدى. «بۇ مېنىڭ يېرىم، ئىككى گەز نېرىغا سۇرىسەن» دەپ تۇرۇۋالدى. قوشنىلارنى چاقىردى. مەسچىتكە ئادەم ئەۋەتتى. ئىككى سەللىلىك كەلدى. بۇ ياقتا مېنىڭ گۇۋاھلىرىم، قاشقاق ئوقۇمىغان كىشىلەر، ئۇ ياقتا ئىمامنىڭ گۇۋاھلىرى، مەرتىۋىلىك، ئېغىزىدا ئىلمى بار، يۈزلىرى قىزىل كىشىلەر. «مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلەن يەر تالاشمايدۇ» دېدى موللا. «ئىمام مۇسۇلمان بولسا، نېمىشقا بىراۋنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋالماقچى بولىدۇ؟ بۇنىڭدىن قارىغاندا ئىككىلىمىز كاپىر ئىكەنمىز ـ دە» دېدىم مەن. ئىمام ۋايداد دېگىلى باشلىدى. قازىنىڭ قېشىغا بارىمىز دەپ تۇرۇۋالدى. ئاقساقال كەلدى، ئادەم يىغىلدى. «ئىككى گەز يەر كىمدىن قالمايدۇ، سەمەت، — دېدى ئاقساقال، — بۇ يالغان دۇنيادا ھەممە كىشى ئىككى گەز يەرنى دەپ يۈرۈپتۇ، بەر ئۇنىڭ كۆزى تويسۇن» . دەۋانى سورىغۇچى قازى بولغاندىكىن نېمە قىلالايتتىڭ، توغرىمۇ، تەقسىرلەر؟ بولدى دەپ تامنى ئۆزۈم تەرەپكە ئىككى گەز سۈردۈم. ئەمما، بەربىر ئىمامغا ئىنساپ كىرمىدى، يەنە قازىغا چېقىپتۇ. قازى، سەمەتنى مەھەللىگە قوشماڭلار، دەپ پەتىۋا بېرىپتۇ. ساتىراشقا بارسام چېچىمنى ئالمىدى، قاسساپقا بارسام گۆش بەرمىدى، باققال تۇز بەرمىدى. ئۆيدىن چىقالماي قالدىم. ھېلىمۇ ياخشى ئالا سىيىر بار ئىكەن، بولمىسا ئاچلىقتىن ئۆلەتتۇق. مېنى خورلۇق تۇتتى. ھارۋامنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتىم. مانا بىر يىل بولدى، ئىگىسىز تاغنىڭ ئارىسىدا غارنى ئۆي قىلىپ تەمتىرەپ يۈرۈپتىمەن...

شەيخ ئىچىدىن ئۇۋۇلىپ كەتتى، كۆز ئالدىدا قۇرئان تۇتۇپ، مەسچىتنىڭ ئايۋانىدا قەسەم ئىچىپ تۇرغان شاھابىددىن ھاجى، تالىپلارنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىپ مەدرىسە ھويلىسىغا ئورۇق ئۆچكىنى يېتىلەپ كىرگەن ئەشرەپخان قازى، مانا شۇ غېرىب قارلۇقنىڭ كۆلبىسىگە قولىنى سوزغان ئىمام نامايان بولدى. ئۇ

— شۇ، دەل ئۆزى شۇ. تۇرقىڭىز قوپال بولغىنى بىلەن ئۆزىڭىز ياخشى ئادەمگە ئوخشايدىكەنسىز. ھەزرىتى سۇلتانىمنىڭ بېيتىنى ياد بىلىدىكەنسىز.

سۇلايمان يەر تېگىدىن شەيخكە قاراپ قويدى، كېيىن بابا ماچىنغا ئىشارە قىلىپ دېدى:

— بۇ تەقسىر شەيخ ئەھمەد يەسسەۋىي ھەزرەتلىرىنىڭ قولىدا تەھسىل ئالغان...

— ۋاھ، ۋاھ! — دەۋەتتــى يىگىــت ئورنىــدىــن ئىرغىپ تۇرۇپ، — مەن دىنىدىن چىققان بىر ئاسىيمەن. شۇنداقــتىمــۇ ئېتىكىڭىــزنى تاۋاپ قىلىمەن. سۇلتانىمنىــى كۆرگەنىكەنسىز - دە؟ — ئۇ بابا ماچىنىنىڭ ئېتىكىنى كۆزىگە سۈرتتى. شۇ پەيتكىچە ھېچكىم بابا ماچىنغا سەجدە قىلمىغانىدى. شەيخ كۈلدى، بابا ماچىن قىزاردى. يىگىت ئورنىغا قايتىپ ئېغىر تىن ئالدى، — قېنى شۇ شەيخ بوۋا بىزنىڭ كەنتىمىزگىمۇ بىر كەلسە، زالىملارنى يىغىپ ئىنساپقا چاقىرسا، ھەي خۇدادىن بىخەۋەر، بىر غېرىبنى ئاياغ ئاستى قىلما، بۇمۇ ساڭا ئوخشاش ئىنسان بالىسى، دەپ قورقۇتۇپ قويسا... كېلەلمەيدۇ - دە،... ھەزرىتى سۇلتان يالغۇز، زالىملار كۆپ، توغرىمۇ، تەقسىرلەر؟

ھەممەيلەن سۇكۇتكە چۆمدى. شەيخ ئويلايتتى: «بۇ يىگىت تېخى ئىسلامدىن پۈتكۈل يۈز ئۆرۈگەن ئەمەس. بۇرگىنىڭ ئاچچىقىدا كۆرپىنى ئوتقا تاشلاپتۇ. ئىنشائاللا، ئۇنى ھەق يولىغا قايتۇرساق بولغاي».

سۇلايمان يىگىتكە باقتى، بىرنېمىنى سورىغىلى ئېغىزىنى جۇپلىدى. شۇ پەيت يىگىت ئۆزى گەپ ئاچتى:

— داستانىم چالا قالدى، چۈگۈنۈم يەنە بىر قايىنىغۇچە قالغىنىنىمۇ سۆزلەپ بېرەي. بىر كۈنى ئىمامنىڭ ئۆيى بىلەن بىزنىڭ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تام يۈزۈلدى. يامان خوتۇننىڭ ئېغىزىغا ئوخشاش ئېچىلىپ تۇرمىسۇن، ياساپ قوياي دېدىم. لاي قىلدىم، ئەمدى تامنى ياساپ تۇرسام، لوكۇلداپ ئىمام كېلىپ قالدى.

دۇ. بۇ گىياھلارنىڭ ئىچىدە مانا بۇ مېھرىگىياھتەك ئادەمگە مەلھەم بولىدىغىنىمۇ، تېتىپ قويسىڭىز زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدىغىنىمۇ بولىدۇ. خۇددى شۇنداق، توققۇز پەلەكنىڭ ئىگىسى ئادەملەرنى ياخشى - يامان قىلىپ ياراتقانمىش. بىرى دانا، بىرى جاھىل، بىرى سېخىي، بىرى بېخىل، بىرىنىڭ كۆزى توق، بىرىنىڭ كۆزى ئاچ، بىرى قانائەت ئىگىسى، يەنە بىرى نەپسى بەندىسى، بىرى ھايا بىلەن تارتىنىشتىن كىيىم كىيگەن، يەنە بىرى شەرمەندىلىكنى كەسىپ قىلغان... نېمە چارىڭىز بار؟ سىز بىر كاززاپ ئىمام تۇپەيلى دىندىن چىقىپسىز. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كاززاپنىڭ گۇناھى كېمەيمەيدۇ. سىزنىڭمۇ قىممىتىڭىز ئاشمايدۇ. ئىمام سىزنى خورلىغان بولسا، بىلىڭكى، ئۇ ئەل ئارىسىدا قارغىشقا قالدى. مەزلۇمنىڭ ئىلتىجاسى راۋا بولغاي. يۇرتىڭىزغا بېرىپ قازى بىلەن ئىمامنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىنى سورۇشتۇرۇڭ. ئۇ يا ئىماملىقتىن ھەيدەلگەن، يا بىرەر بالاغا گىرىپتار بولغان. بىر غېرىبنى يىغلاتقان زالىمنىڭ كۈلۈپ يۈرۈشىنى ئاللا خۇش كۆرمەگەي. ئەلقىساسۇ مىنەلھەق، ھەر كىشىگە ئەجرۇ مۇكاپات بار.

— ئۇنداقتا، نېمە قىل دەيسىز؟! — قارلۇقنىڭ پىغانى ئۆرلىدى، — بېشىمنى تاشقا ئۇرۇپ ياراي دېسەم، ئىككى نارەسىدىنىڭ ئۇۋالىغا قالىمەن.

— تۇركتە بىر ماقال بار، ئاداشساڭ كۆپچىلىك بىلەن ئاداش دېگەن، كۆرۈپ تۇرۇپتۇق، بىر يىلدا گاداي بولۇپسىز، ئىككى يىلدا ئادا بولىسىز.

قارلۇق بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى جۇپلىدى. دەل شۇ پەيتتە يىراقتا ئات كىشنىدى. قارلۇق يالت قىلىپ شۇ تەرەپكە قارىدى، سۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئات مىنگەن ئاق قالپاقلىق بىر كىشى تۇراتتى. ئات يەرنى تېپىپ كۆككە چاپچىيتتى، ئاق قالپاق كىشى تىزگىننى تارتىپ، بىر قولىنى ھاۋادا ئويناتتىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، قارلۇق، بارمۇ سەن؟!

ئات سوزۇپ كىشنىدى. ئاتلىق كىشى يەنە ۋارقىرىدى:

يىگىتكە تىكىلدى.
— ماڭا قاراڭ، يىگىت.
قارلۇق قولىدىكى چۆيۈق بىلەن يەرنى جىجىلاپ ئولتۇرغانىدى، بېشىنى كۆتۈردى.
— سىزنى بىر ئويي ئاۋارە قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ تەقسىرلەر مېنى دىنغا قايتۇرغىلى كەلگەن، دەپ خىيال قىلىۋاتىسىز. بۇ خىيالىڭىزدىن يېنىڭ. مەن سىزنى دىنغا دەۋەت قىلمايمەن. شۈكرىكىم، جاھىلىيەت دەۋرى ئاياغلاشتى. ئىسلام مانا شۇ ئاقار سۇدەك ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى دەريادۇركىم، تەشنا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىنتىلگەيلەر. ئىمان ۋە ياخشىلىق تىلىگەن، پاكلىق ۋە ساۋاب ئىزدىگەن ھەربىر بەندە مۇرادىنى تاپقاي.
قارلۇقنىڭ قەيسەرلىكى تۇتتى.
— ئۆزرە، تەقسىر، گېپىڭىزنى چۈشەندىم. ئىشقىلىپ، دېگىنىڭىز بولغاي، دېمەك، بىراۋ مېنى ئۇرۇپ ـ سوقسا چىدىشىم، غىڭ ـ پىڭ دېمەي بوينۇمنى ئېگىپ تۇرۇشۇم، ئېغىزىمدىكى نېنىمنى ئېلىۋالسىمۇ، قۇللۇق، تەقسىر، ئەمدى نان يېمەيمەن، دەپ ئاچلىقتىن ئۆلۈشۈم كېرەك ئىكەن ـ دە؟ مەن بۇنىڭغا رازى ئەمەسمەن. ئۆز قولۇڭغا تايىنىپ ئەل قاتارى كۈن كۆرەي دېسەڭ، بۇنىڭغا ئىمكان بەرمىسە، ھەر كۈنى بېشىڭدا قۇرئاننىڭ ئايىتىنى تاياقتەك ئوينىتىپ تۇرسا... بۇنداق دىننى نېمە قىلىمەن؟ دىنى ئىسلام بىزدەك ئۇستىبېشى يېلىڭ، پۇتى يالاڭ، قورسىقى ئاچ كىشىلەرنى ياقىلىشى كېرەكمۇ، ئەمەسمۇ؟ قۇرئان كىم ئۈچۈن نازىل بولغان ئۆزى؟ يالغان موللىلار ئۈچۈنمۇ ياكى ھەممە ئۈچۈنمۇ؟
— «قۇرئان كەرىم» ئاللانىڭ سۆزى. ئۇ ھەممىگە، شاھقىمۇ، گادايغىمۇ ۋاجىپ، ئەللامىگىمۇ، ئاۋامغىمۇ، ئەۋلىياغىمۇ، دەرۋىشكىمۇ ۋاجىپ. بىر ديانەتسىز قازى، ساتقۇن مۇپتى، نادان موللا ئىسلامنىڭ ۋەكىلى ئەمەس. ئاسماندىن يامغۇر ياغسا جۇملە ئالەم بەھرە ئالىدۇ، قىرلاردا ھەرخىل گىياھلار كۆكىرىپ چىقىـ

بېرىشتىن قىزغىنىدۇ، يېمەي - ئىچمەي چىرىتىپ تاشلايدۇ.
ئەمما، بىرەر موھتاجغا راۋا كۆرمەيدۇ. ئەي رەببىم، بىر ھېكمە-
تىڭگە ئەقلىم يەتمەي ئۆرتىنىمەن، قايسى ئىنسان ئىلىم - ئىرپان
ئىگىلەپ موللا بولسا، ئالىم بولسا ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن بىر
غېرىچ يۇقىرى قويىدۇ، نەپسىگە بېرىلىدۇ. تۇرلۇك - تۇرلۇك
كىيىشكە، تاتلىق - تاتلىق يېيىشكە ئىنتىلىدۇ. بىراۋنىڭ رىزقىغا
قول سوزىدۇ، ئەلدىن ئۇيالمايدۇ، ئىگىسىدىن قورقمايدۇ. ئەكسى-
چە كۆڭۈل كۆزى كور، مەكتەپ كۆرمىگەن ئاددىي كىشىلەر بولسا
ئەمگەك ئاستىدا كۈن كەچۈرۈپ، قانائەتنى ئۆزىگە زىننەت دەپ
بىلىدۇ، ھارامدىن ھەزەر قىلىدۇ، بىر نان تاپسا يېرىمىنى موھ-
تاجغا بېرىدۇ، ئىمانىنى ساتمايدۇ. مەن ئاسىي بەندەڭمەن، شەك
كەلتۈرگەن بولسام ئۆزۈڭ كەچۈرگىن، ئەمما بۇ ئىشىڭدىن ئەقلىم
لال. ئەجەبا زاماندىن زامان ئۆتۈپ ئۆلىما بىرلە پۇقرا ئارىسىدىكى
بۇ ئىختىلاپ داۋام قىلىۋەرسە قانداق بولغىنى؟ ئۇلۇسنىڭ كۆز
تىككىنى ئاشۇ ئالىملار ئەمەسمۇ؟! قولى قاداق، پۇتى يالاڭ،
قورسىقى ئاچ ئەمگەكچىنى، كۆزلىرى ياشقا تولغان يېتىم - يې-
سىرنى خان ۋە بەگزادىلەرنىڭ زۇلمىدىن ھىمايە قىلىپ، ئۇلارنىڭ
جېنىغا مەلھەم بولىدىغان كىشى كىم؟ ئۇ ئەھلى ئىلىم، پەزلۇ
كامال ساھىبلىرى ئەمەسمۇ؟ خەلق ئۇلارنى پەرزەنتلىرىم دەيدۇ.
شۇنداق ئىكەن، ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتىن
باش تارتقان گۇمراھلارنى نېمىدەپ ئاتايمىز؟ ئەلھەزەر، ئەي پە-
دەر! يولدىن ئازغان بەندىلىرىڭنىڭ كۆكسىگە ئىنساپ ۋە دىيانەت
ئۇرۇقىنى چاچقىن، پەرۋەردىگارىم، سەندىن بۆلەك ھىماتچىم
يوق، سەن ئۆزۈڭ مېھرىبانسەن، يالغۇز ساڭىلا
سېغىنىدىم...»

— ھەي ! ! !...

قارلۇق يىگىت ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى، رەڭگى دەرھال قىزاردى، كۆزلىرىدە توساتتىن غەزەپ چاقنىدى، تۆت سەكرەپ سۇنىڭ بويىغا باردى، ئاتلىق كىشىگە بىر تىكىلدى ـ دە، قوللىرىنى ئاغزىغا كانايچە قىلىپ جاۋاب بەردى.

— مەن بار...

قارلۇق ئىلدام ئىزىغا قايتتى، ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى.

— ئۆزرە، تەقسىرلەر، — دېدى تەمتىرەپ، — مەن بارمىسام بولمايدۇ. قارلۇققا بالا كەپتۇ، مەن كەتتىم.

ئۇ تېزلىكتە كەپىگە كىرىپ كەتتى، نېمىلەرنىدۇر تاراقشىتتى، ئاندىن بىر ئۆرۈمە قامچىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، كەپىنىڭ سىرتىدىن چۇلۋۇرنى ئېلىپ تېزلىكتە بېلىگە باغلىدى. كۇمۇشتەك يالتىراپ تۇرغان ئاپتاپقا ئالدىراپ ـ تېنىـەپ ئېگىلىـپ سالام بەردى ـ دە، دىكىلداپ دەريا بويىغا قاراپ كەتتى.

ئۇ ئۇدۇل دەريانىڭ بويىغا بېرىپ ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. ساھىلدىكى ئاتلىق ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، قارلۇقنى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ، قامچا سالدى. ئۇلار بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

«نان تالاشقىلى كەتتى، — دېدى شەيخ ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلغاندەك، — قارلۇقنىڭ كۆزى توق، قورسىقى ئاچ، روكنىددىننىڭ قورسىقى توق، لېكىن كۆزى ئاچ. يا رەببىم!»

ئۇلار دۇئا قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھەزرەتنىڭ كۆز ئالدىدىن بايىقى مەنزىرە نېرى كەتمىدى. ئۇ قارلۇقنى چاقىرىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئىسيانچىلاردىن ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئىككى كۈندىن بېرى، روكنىددىن ئۆز خەلقى بىلەن جەڭ قىلىشىۋاتاتتى. شەيخ يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي قەلئەگە قاراپ كېتىۋېتىپ كۆڭلىدە تەگسىز خىياللارغا بېرىلدى. «يارەببىم، ئەجەبا توقلار بىلەن ئاچلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ مەڭگۈ داۋام قىلارمۇ؟ ئادەمزاتى شۇنچە شەپقەتسىزمىدۇر؟! قاشقىرمۇ تويسا ئېغىزىدىكى لوقمىسىنى ئۇرۇقداشلىرىغا بېرىدۇ. ئادەم بالىسى ئۆزىدىن ئاشقاننى بىراۋغا

كۆتۈرۈلدى. ئاقساقاللار مەسلىھەت قىلىشىپ، روكنىددىنغا
سوۋغا ـ سالام بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى. ھاكىمنى مۇرەسسەگە،
ئىنساپقا ئۈندىدى. لېكىن، روكنىددىن بۇنى ئاجىزلىق، قورقاق-
لىقنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشەندى. قارلۇق ئەلچىلىرىنىڭ كۆزى
ئالدىدا قىممەت باھالىق ھەدىيىلەر — چىن شايىلىرى، بۇخارانىڭ
زەر چاپانلىرىنى ئوتقا تاشلاتتى. ئەلچىنىڭ ساقال ـ بۇرۇتىنى
قىردۇرۇپ سازايى قىلىپ يولغا سالدى. ئۇنىڭ يەنە «ئۈچ كۈن
ئىچىدە قىشلاقنى بوشىتىپ كۆچۈڭلار، بولمىسا ئۆيۈڭلەرگە ئوت
قويۇپ مۇشۇ لاتا ـ پۈتىدەك كۈلىنى كۆككە سورۇغايمەن» دەپ
شەرت قويدى. ۋىلايەتنىڭ تۆرلۈك شەھەرلىرىدە ياشايدىغان قارلۇق-
لار روكنىددىننىڭ بۇ جاھىللىقىدىن دەرغەزەپ بولۇپ، قوللىرىغا
قورال ئالدى. «مەرد بولساڭ ئەتە قارا داۋانغا كەل، ساڭا ئۇرۇ-
شۇشنى بىر ئۆگىتىپ قويايلى!» دەپ خەت يوللىدى. روكنىددىن-
مۇ ئەسلىي شۇنى كۈتكەنىدى. شۇڭا، يېنىغا ئەللىككە يېقىن
تاللانغان تۈركمەن جەڭچىلىرىنى ئېلىپ پېشىنگە يېقىن قاراداۋاندى-
كى دولانەزارلىققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. دولانەزارلىقنىڭ ئەتراپى
ئوچۇق مەيدان بولۇپ، بىر تەرىپى داۋانغا تۇتاش، يەنە بىر تەرىپى
تار جىلغىغا بېرىپ تاقىلاتتى. روكنىددىن ئاق ئېتىنىڭ يۈگىنىنى
قاتتىق تارتتى، ئات ئاسمانغا چاپچىدى، گويا ئۇمۇ ئىگىسى-
گە ئوخشاش ئۇرۇشقا خۇمار بولغاندەك، ئارامسىز
تېپىرلىدى.

جىلغا تەرەپتە بىر توپ قارلۇق كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ
يىگىرمە — ئوتتۇز چاغلىقى ئاتلىق، قالغانلىرى ئاساسەن پىيادە
ئىدى. قارلۇقلارنىڭ گۈرزە، كالتەك، ھەتتا ياغاچ ئارا كۆتۈرگەن-
لىرىمۇ كۆرۈنەتتى. ئىسيانچىلار دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە توختىدى،
بىر يەرگە جەم بولۇپ نېمىلەرنىدۇر مەسلىھەت قىلدى. ئارىدىن
بىر قىزىل ئاتلىق ئايرىلىپ چىقتى ـ دە، ھاكىم تەرەپكە يېقىنلاپ
كېلىپ، قوللىرىنى ئېغىزىغا كاناي قىلىپ تۇۋلىدى:

— ھەي زالىم، كىچىككەن بولساڭمۇ ئەقلىڭنى يىغ! سۆزۈڭ-

# 8. قارا داۋاندىكى جەڭ

ئۆزۈڭ مەدەت بەرگىل، ياداتاش،
ئاتلىق ئەمەس، پىيادىمەن، ياداتاش.

**— مەجۇسىيلەرنىڭ قەدىمكى قوشاقلىرىدىن**

روكنىددىن شەيخ بىلەن ۋاقتىنچە خەيرلەشكەندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كېلەلمىدى. ئۇ قارلۇقلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قارا داۋان تەرەپكە كەتكەنىدى.

قارلۇقلارنىڭ يۇرتى ئەسلىي مەركى بىلەن قۇلاننىڭ نېرىسىدا، بالاساغۇن تەۋەسىدە ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئىسپىجاپ ۋىلايىتىدىمۇ ئانچە - مۇنچە ياشايتتى، تۆت يىل بۇرۇن قىتانلار باستۇرۇپ كەلگەندە ئۇلار يەرلىكلەر تەرىپىدە تۇردى. بىراق، قارلۇق دېسە، روكنىددىننىڭ يەلكىسى قىچىشاتتى، ئۇلار بەربىر گورخان بىلەن بىر، تىلى باشقا، دىلى باشقا دەپ ئويلايتتى. شۇ خىيال سەۋەبىدىن ئۆز يېقىنلىرىغا مۇلۇك تەقسىم قىلغاندا قارلۇقلارنىڭ سۇيى مول، بولۇق يەرلىرىگىمۇ كۆز تىكتى. ئۇلارنىڭ ئاتا مۇلۇكلىرىنى كېسىپ - قىرقىپ قولىنى قىسقا قىلىشقا باشلىدى. قارلۇقلار بۇنىڭغا نارازى بولدىيۇ، ئەمما ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇشتى. قىتانلار مەغلۇپ بولغان ئىسپىجاپتىكى ھەربىر ئائىلىدىن تۆلەم ھېسابىدا بەش — ئون دىناردىن سېلىق ئالاتتى. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك روكنىددىن يېڭى سېلىقلارنى يولغا قويغانىدى. بۇ ھال قارلۇقلارغا ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلدى. كەنتلەردە غەليانلار

ۋارقىراپ بىر - بىرىنى روھلاندۇراتتى. «باس، قارلۇقۇم! يو-
قال، نامەرد! ياتار يېرىڭ مۇشۇ، يا ۋەتەن، يا ئۆلۇم!» دەپ
ئەتراپنى بىر ئالاتتى.

ئات تۇياقلىرى ئاستىدا بىرنەچچە قارلۇقنىڭ ئۆلۈكى قالدى. روكىنىددىننىڭ يىگىتلىرى جەسەتلەرنىڭ كۆكسىگە نەيزە سانجىپ تەلۋىلەرچە كۈلەتتى، ئاتلىرىغا توختىماي قامچا سىلىپ، ئۈچرىغان-لىكى قارلۇقنى ساۋايتتى.

گۈرزە ۋە كالتەككە ئۈمىد باغلىغان قارلۇقلار قىلىچ، قال-غان، ئوقيا بىلەن قوراللانغان نۆكەرلەرنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى نابۇت بولدى. ئون — ئون بەشچە ئاتلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپ ساندىكىلىرى پىيادە قالغانىدى. ئىسيانچىلار بىلىدىكى ئارقانلىرىنى يېشىپ، قىلىچ ئوينىتىپ باس-تۇرۇپ كېلىۋاتقان نۆكەرلەرنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇۋالدى. نۆكەرلەر ئېگىشىپ قىلىچ ئۇرماقچى بولغاندا، قارلۇقلار گۈرزە بىلەن ئات-نىڭ كاللىسىغا سالدى، ئاندىن غۇلاچلاپ سالما تاشلىدى. نۆكەر-لەر تورغا چۈشكەن بۆدۈنەدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى. قارلۇقلار ئۇلارنى سىلكىپ يەرگە يىقىتتى - دە، قولىدىكى قىلىچنى تارتىۋې-لىپ دەرھال كاللىسىنى كەستى. ھەش - پەش دېگۈچە يەتتە - سەككىز نۆكەر يەر چىشلەپ بېشىدىن جۇدا بولدى. يەردە دومىلاپ ياتقان نۆكەرلەرنىڭ ئاتلىرى كىشنەپ قېچىشقا باشلىدى. روكىند-دىن باشلىق بىر توپ نۆكەرلەرمۇ قارلۇقلارنىڭ بۇ تۈزىقىدىن چۆچۈپ ئاتتىن چۈشۈۋېلىشتى. ئۇلار قارلۇقلار بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىشقا كىرىشتى. ئارا بىلەن گۈرزىنىڭ قۇلايسىزلىقى، كال-تەكلەرنىڭ ئېغىرلىقى قارلۇقلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. بۇنىڭ ئۈستىگە قارلۇقلار ئۆمۈر بويى بىراۋ بىلەن ئۇرۇشماي مېھنەت بىلەن كۈن كەچۈرگەن، ھەربىي ئىشلارنىڭ سىرلىرىدىن بىخەۋەر ئىدى. روكىنىددىننىڭ سەرۋازلىرى ئىسيانچىلارنى جازالاش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان گەۋدىلىك، كۈچلۈك، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە مەخسۇس مەشىق قىلدۇرۇلغان قاتىللار ئىدى. ناماز ئەسرگە

نى ياندۇرۇۋال! سىلىقنى تۆلەيلى، يۇرتىمىزغا تەگمە! بۇ يەرلەر-مۇ سەمەرقەنتنىڭ يەرلىرى ئەمەس، قاراخانىيلاردىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى. قوشۇلمىساڭ كەل ئېلىشىمىز، ئاغاڭغا ئوخشاش كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي قالىسەن، بالا...

«بالا» دېگەن سۆز روكنىددىننىڭ زىتىغا تېگىپ كەتتى. ئۇ ساداققا قول سوزدى، سۇلھى تەلەپ قىلىپ سۇ بويىدا تۇرغان قارلۇققا قارىتىپ ئوق ئۇزدى. ئوق ۋىژىلداپ بېرىپ ئەلچىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى ـ دە، قېرى دولاناغا سانجىلدى. قارلۇق كەينىگە چېكىندى، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ قوۋمىغا قارىدى. بىردىنلا «ئامىن! تەڭرى بىزنى قوللاپ زالىمنىڭ ئىغىزىدىن قان كەلسۇن!» دېگەن خىتاب ئاڭلاندى. شۇ زامان ئىسيانچىلار يوپۇ-رۇلۇپ ئېقىننىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈشكە باشلىدى.

تۈركمەن يىگىتلەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىدى. ئۇلار ئات ئوي-نىتىپ، گۈرزىلىرىنى هاۋادا پۇلاڭلىتىپ، ئارىلىرىنى تەڭلەپ چۇقان سالغىنىچە ئېقىندىن ئۆتۈۋاتقان قارلۇقلارغا يۈزمۇيۈز چىق-تى. روكنىددىن كەينىدىرەك، تۆپىلىكتە تۇراتتى. ئۇ ئالدىنقى قاتاردىكى تورۇق ئات مىنگەن قارلۇقنىڭ كۆكسىنى نىشانلاپ ئوق ئاتتى. قارلۇق پالاقلاپ سۇغا يىقىلدى. بۇنى كۆرۈپ ئىسيانچىلار قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرگىنىچە باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. تۈركمەن يىگىتلەر ئاتلىرىغا قامچا سالدى. يۈزمۇيۈز جەڭ باشلان-دى. روكنىددىننىڭ يىگىتلىرى ئاۋۋال قارلۇقلارنىڭ ئاتلىقلىرىنى بىر تەرەپ قىلايلى دەپ ئويلىدىمۇ ئۇدۇل ئاتلىقلارغا هۇجۇم قىل-دى. بىر تۈركمەن تېزلىكتە بېرىپ ئاتلىق قارلۇقنىڭ كۆكرىكىنى مۆلچەرلەپ نەيزە ئاتتى. قارلۇق بېشىنى ئېگىۋالدى، نەيزە تۆت قەدەم نېرىدا جەڭ قىلىۋاتقان تۈركمەن يىگىتنىڭ مۈرىسىگە سان-جىلدى. ئامتى كەلگەن قارلۇق نەيزىلىك نۆكەرنىڭ قولىدىكى قىلىچىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتتى. شۇ چاغدا قارلۇقنىڭ بىلىكىگە قىلىچ تەگدى.

جەڭ بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى قارلۇقلار تۇرۇپ ـ تۇرۇپ

— باستۇق، لاچىنلىرىم! ھەربىر قارلۇقنىڭ بېشىغا مىڭ تىللا بېرىمەن. بۇ هارامزادىلەرنى يوقاتقانغا ئۇلارنىڭ هويلا - ئارامى، ئەھلى ئايالى مۇكاپات. لاچىنلىرىم، شىر يۈرەك بولۇڭ-لار، غازى بولغايمىز، غازى!

نۆكەرلەرنىڭ ئارىسىدا ئىسپىجاپ ۋىلايىتىدىن ئەرتوغان مەر-گەنمۇ بار ئىدى. ئۇ روكنىددىننى نىيىتىدىن ياندۇرماقچى بولدى.

— تۆرەم، بۇ تاغقا چىقمايلى. ياۋ قاچتى، قوغلىساق بالاغا قالىمىز. بۇ تاغقا ئات بىلەن چىققىلى بولمايدۇ. پايدىسى يوق.

روكنىددىننىڭ كۆڭلىگە شۇبھە چۈشتى. «قېزا سەن، قارتا سەن، ئاخىر ئەسلىڭگە تارتىسەن. مەرگەن يۇرتداش قارلۇقلىر-نىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ - دە».

— سىز كىمنىڭ نېنىنى يەيسىز، بىزنىڭمۇ ياكى ئاۋۇ مۇتتە-ھەم قارلۇقلارنىڭمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا، سىزنىڭ نېنىڭىزنى يەيمىز، تۆرەم... شۇ ۋەجىدىن تاغقا ئاتلىق چىقمايلى دېدىم. ياق، چىقىمەن دېسىڭىز، ئاتلارنىڭ تۇيىقىغا كىگىز باغلىۋالايلى.

روكنىددىننىڭ ئەسەبىيلىكى تۇتتى:

— مەن مۇشۇك ئەمەسمەن، ئوغرىلىقچە يامىشىپ چىقىدى-غان. ئۇچسا يۇلتۇزلارغا يېتىدىغان ئارغىماقلىرىم بار. چۇھ دەپ قويسام تاغنى تالقان قىلىپ تاشلايدۇ ئۇلار! قېنى، يىگىتلىرىم، نامەرد قارلۇقلارنىڭ ئۈستىگە ئاتلاندۇق! ئىلاھىم، ئۇلۇغ تاغام سۇلتان سەنجەرنىڭ مۇزەپپەر كۇنلىرىنى ئاتا قىلسۇن. بىزگە خۇدا يار، غازى بولىمىز، غازى!...

روكنىددىن قىلىچ ئوينىتىپ داۋانغا ئات سالدى. قارلۇقلار داۋاننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، پىستىرمىدا تۇردى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قورقۇش، ئۈمىد، تىلىدا ئىلتىجا: «ئەي مۇقەددەس يادا تاش! بىز غېرىبلارغا رەھىمىڭ كەلسۇن! زالىمنىڭ جازاسىنى بەر! باللىرىمىزنى يېتىم قىلىپ قويما. تايانچىمىز ئۆزۈڭ سەن. يادا تاش، يادا تاش، خالاسكارىم، ئۆزۈڭ مەدەت بەر، يادا

بارغاندا ھەر ئىككى تەرەپتىن قولى كېسىلگەن، ئوق تەگكەن، چېپىلغان ياردارلار كۆپەيدى. ئېقىننىڭ سۈيى قانغا بويالدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن روكنىددىننىڭ نۆكەرلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە باشلىدى. قارلۇقلار قارا داۋانغا چېكىنىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ نىجاتلىق يولى پەقەتلا يادا تاشلا ئىدى. روكنىددىنمۇ ئۆزىنى ئازراق بېسىۋېلىپ سۇدا يۇز - قولىنى چايقاپ ئېغىر تىندى، ئاندىن جەڭ مەيدانىنى ئايلىنىپ چىقتى. نۆكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ ياتاتتى، يەنە بىر قىسمى ئىڭراپ ئولتۇراتتى. ئەمما، قارلۇقلارنىڭ جەسىتى كۆرۈنمەيتتى. «قېنى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى، نەگە كەتكەندۇر؟» دېدى روكنىددىن ئەرۋاھى ئۆرلەپ، قارلۇقلار كېيىن كېلىپ كۆمۈۋېتىش ئۈچۈن ئۆلگەنلەرنى تاشلارنىڭ كاۋاكلىرىغا يوشۇرۇپ قويغانىدى. ياردار بۇرادەرلىرىنى بولسا، ئېلىپ كېتىشكەنىدى.

قارلۇقلار داۋاندا خېلى ئۇزۇنغىچە دەم ئالدى. ئۇلار ئەمدى خاتىرجەم ئىدى. بۇ داۋان ئۇلارنى نەچچە قېتىم پالاكەتلەردىن ساقلاپ قالغان، شۇڭا ھازىرمۇ زالىمنىڭ قەستىدىن ئۆزلىرىنى ئاسراپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. قارلۇقلارنىڭ ئۈمىدى يادا تاشتا ئىدى. روكنىددىن بۇ يەرلىك ئەمەس، نۆكەرلەر ياللانما، ئۇلار سىرلىق داۋاننىڭ كارامىتىنى بىلمەيدۇ. قارلۇقلار داۋاننىڭ تۆپىسىدىن تاش دومىلاتتى. قازاندەك بىر قارا تاش روكنىددىننىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشتى. روكنىددىن تېزلىكتە ئۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە ئۈستىگە قاراپ پوپوزا قىلدى.

— ھەي ھايۋان، ھازىر چىقىمەن، بارىدىغان يېرىڭنى تاپالماي، قۇزغۇنغا يەم بولغايسەن، ھارىمى!

تۆپىدىن سەمەتنىڭ ئاۋازى كەلدى:

— ئەركەك بولساڭ، بۇ يەرگە چىق! ئۆلۈكلىرىڭنى ساناپ بولدۇڭمۇ، ھەزىلەك؟

روكنىددىن قالغان نۆكەرلىرىنى توپلىدى. ئۆزى ئىرغىپ ئاق ئېتىغا مىندى.

سالمىدى.
قەلئە دورغىسى تاشچىراغنى كۆتۈرۈپ كېلىپ روكىنىددىننى كۆردى ۋە ئۇلارنى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈپ دەرۋازىنى قۇلۇپلىدى، كېيىن ئىككىلىنىپراق روكىنىددىنغا بىر قەغەزنى ئۇزاتتى.
— بىر قەلەندەر سوۋغات كىشى ھېلىراق كېلىپ بېرىپ كەتكەنىدى، جانابلىرىغا خاس ئىكەن...
روكىنىددىننىڭ ھازىر خەت ئوقۇشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى.
— ئوقۇ، نېمە گەپكەن؟ — دېدى روكىنىددىن ئاتتا تۇرۇپ.
دورغا قەغەز خالتىنى يىرتىپ، تاشچىراغنىڭ يورۇقىدا ھەجەلەپ ئوقۇشقا باشلىدى: «ئەي نامەرد روكىنىددىن! ئوغلۇڭنى ئىزدەپ ئاۋارە بولما، ئۇ بىزنىڭ قولىمىزدا. ئەتە يەنە ئۇرۇشمىسىز دېسەڭ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالىمىز. سېنى ۋەيران قىلغان قارلۇقلار...»
— ئەبلەخ! — دەپ ۋارقىرىدى روكىنىددىن ۋە گويا خەتنى قارلۇقلار ئەمەس مانا مۇشۇ تىترەپ تۇرغان دورغا يازغاندەك ئۇنىڭ باش - كۆزىگە قامچا سالدى. ئۇ يەنە دەرۋازىنى ئاچتۇرۇپ يېنىغا كۆپرەك نۆكەر ئېلىپ قارلۇقلارنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ بارماقچى، ئۇلارنى پۈتۈنلەي قەتلىئام قىلماقچى بولدى، ئەمما كېيىن بۇ نىيىتىدىن ياندى. نۆكەرلەر ھالىدىن كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇخلاپ ياتقان قىشلاقنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ كىرسە ئەل - ئولۇسنىڭ ئالدىدا ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى.
ئۇ ئۇدۇل ئوردىغا باردى، ئىچكىرىگە كىرىپ يېشىندى، ئاندىن ئىسسىق كىيىملەرنى كىيدى، ئارقىمۇ ئارقا شاراب ئەكەلدۇردى. مۇزلاپ كەتكەن نۆكەرلىرىگىمۇ بولدى دېگۈچە ئىچۈردى. شۇنىڭ بىلەن تاڭغا يېقىن مەست - ئەلەس ھالدا يانپاشلاپ ياتتى.
روكىنىددىن كۆزىنى ئاچقاندا بامدات نامىزى ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئىشىكئاغىسى كۆمۈش پەتنۇستا خەت ئەكىردى. روكىنىددىن ئورالغان قەغەزنى ئېلىپ خەتكە مەستانە ھالدا تىكىلدى. ئۇنىڭ ئەلەس كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، يۈرىكى تېز - تېز سوقتى.

تاش! ...» روكنىددىنىنىڭ ئاتلىقلىرى داۋانغا كۆتۈرۈلدى. شۇ چاغ-دا ئاجايىپ بىر ھال يۈز بەردى. ئەتراپنى ئاپئاق بۇغىناق، كېيىن قارامتۇل تۇمان قاپلىدى. بىردىن قاتتىق شامال چىقتى. ئەتراپنى قاپقارا تۈن قوينىغا ئالدى. نۆكەرلەرنىڭ كۆزى غۇۋالىشىپ، ئاتنى قاياققا سېلىشنى بىلمەي قالدى. قارا تۇمان قويۇقلىشىپ يامغۇر تامچىلىدى، ئارقىدىنلا يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. ئاتلار تېپىر-لاپ كىشنىدى، شامال كۈچەيدى، يامغۇر مۆلدۈرگە ئايلاندى. ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن چىققان سۇس ئاۋاز، مۆلدۈرنىڭ تاشقا ئۇرۇ-لۇشىدىن چىققان غەلىتە سادا، زۇلمەت قاراڭغۇلۇق نۆكەرلەرنىڭ يۈرىكىنى يارىي دېدى. ئۇلار قاياققا قېچىشنى، شارقىراتمىدىن چۈشكەندەك يېغىپ تۇرغان يامغۇرنىڭ زەربىسىدىن ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

مۆلدۈر پەسىيىپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. يەر پاتقاققا ئايلان-دى. داۋان سېغىز تۇپراقلىق ئىدى، شۇڭا پاتقاق گويا يېلىمگە ئوخشاش ئاتلارنى ئەركىن ھەرىكەت قىلالماس قىلىپ قويدى. نۆ-كەرلەر «بۇ لەنىتى تاغ» دىن قۇتۇلماقچى بولۇپ ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇشتى، لېكىن ئامالى بولمىدى.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن يامغۇر تىندى. بۇلۇت تارقىدى. نۆكەرلەر ئاتلىرىنىڭ يۈگىنىنى چىڭ تۇتۇپ ئۈچ - تۆتتىن غۇژ-مەك بولۇپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار باياتىن بېشىغا چۈشكەن سەۋدادىن ھەيرانۇھەس ئىدى.

روكنىددىن مەغلۇپ بولغانلىقىنى بوينىغا ئالدى، گەپ - سۆز قىلماستىن ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى. ئۇ بىر قىسىم نۆكەرلىرى ۋە يېرىمىدىن كۆپرەك ئارغىماقلىرىدىن ئايرىلغانىدى.

خۇپتەن ۋاقتىدا ھاكىم نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قەلئەگە قايتتى. دەرۋازىلار تاقاق ئىدى. ئۇلار ۋارقىرىدى، دەرۋازىۋەن بۇنى ئاڭلىدىيۇ، ئىشىكنى ئاچمىدى. «ئىشىكنى ئاچ، ئىتىنىڭ بالىسى! مەن روكـنىددىـنـمـەن!» دەپ ۋارقىرىدى روكنىد-دىن. بىراق، قەلئە دورغىسى كەلگۈچە دەرۋازىۋەن قولۇپقا ئاچقۇچ

# 9. زىكىر ئالدىدىكى ھادىسە

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەپتۇرلەركى، ئۈچ نەرسە ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ: خەسىسلىك، ھەيۋە ۋە كىبىر. بۇلاردىن خالاس بولماق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سەۋەبىنى بىلمەك ۋە كېيىن ئۇنىڭ ئالدىنى ئالماق لازىمدۇر.

— ھەدىس

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. جۈمە كەلدى. خانىقا ھويلىسىدا زىكىرگە تەييارلىق كۆرۈلمەكتە ئىدى. ئادەتتە دەرۋىشلەر دەسلەپكى كۆكلەمدىن تاكى قارا كۈزگىچە دەشتى قىپچاقنى بويلاپ تېرىقتەك چېچىلىپ كېتەتتى، پەقەت قىشنىڭ بېشىدىلا خانىقاغا توپلىنىپ قىشنى تىلاۋەت، زىكىر بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ھەركىم سالاھىيىتىگە قاراپ يەتتە مەقامدىن ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. سوپىلار تەرىقىتىگە ئاساسەن، ئىشقى ئىلاھىيغا يېتىپ، ھۆسنى مۇتلەق، يەنى ئاللانىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن يەتتە مەقامنى بېسىپ ئۆتۈشى شەرت ئىدى. بۇ يەتتە مەقام تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى: بىرىنچى، توۋا، يەنە ياراتقاننىڭ ئالدىدا گۇناھلىرى ئۈچۈن توۋا قىلىش، مۇناجات ۋە قەسەم قىلىش. ئىككىنچى، ۋەرە، يەنى ھوشيارلىق. بۇ مەقامغا يەتكەن تەلەپكار ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىشى، بىراۋ بېرىدىغان بىكار لوقمىغا ئەمەس، قول كۈچىگە تايىنىپ تاپىدىغان نېمەتكە ئىشەنمىكى لازىم. كېيىنكى مەقام

مەكتۇپ ئىككىلىكلا بولۇپ، ئۇنىڭ پىراق ئوتىدا كۆيۈپ تۇرغان يۈرىكىگە مەلھەم بېغىشلىدى. «ھاكىم جانابلىرى، بالىڭىزغا رەھىم قىلدۇق. سىزمۇ كۆڭلىڭىزنى كەڭ تۇتۇڭ. ئوغلىڭىزنى يەسسەۋىي پىرىمىنىڭ قولىدىن ئالغايسىز».

روكنىددىن، تۇنجى قېتىم ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم، قارلۇقلار تۇنۇگۇنكى ئۆلگەنلەرنىڭ بەدىلىگە ئوغلۇمنى ئاختا قىلىۋېتىدۇ، دەپ قورققانىدى. ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەن ۋۇجۇدىغا قايتىدىن جان كىرگەندەك بولدى. ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، چاۋاك چالدى. ئىشىكئاغىسى كىرىپ كەلدى.

— دورغىنى چاقىرىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ھاياجان بىلەن. ئۇ شەيخنىڭ ھوزۇرىغا دورغىنى ئەۋەتىپ، ئوغلىنى تىلىۋالماقچىدى. ئەمما، دورغا كىرگۈچە ئويغا پاتتى: «قارلۇقلار پەزلىددىننى بىكارغا شەيخنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويمىغاندۇر. ھاكىمنىڭ ئۆزى كەلسۇن دېگەن گەپ. بارمىسامچۇ؟ ئوغلۇمنى بەرمەي قويارمۇ؟ نېمىشقا بەرمەي قويار، پەرزەنت كىمنىڭكى؟»

ئۇنىڭ قەلبىدە ئىككى خىل تۇيغۇ ئورۇن تالىشاتتى؛ بىرى، بار، ئوغلۇڭ بىچارە ھالدا قالدى — دەيدۇ؛ ئەمما غۇرۇرى ئاتىلىق مېھرىگە بوي بەرمەيدۇ. يەنە بىرى «بارساڭ ھەزرەتنىڭ قەھرىگە يولۇقىسەن. سېنى قاتىللىقتا ئەيىبلەيدۇ» دەپ ئويلايدۇ.

دورغا كىردى. ئۇنىڭ كەينىدە ئىسپىجاپ قازىسى زوھۇرىددىن ھاجى تۇراتتى. روكنىددىن دورغىغا قول شىلتىپ چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇدى - دە، قازىنى يېنىغا چاقىردى ۋە دەردىنى ئېيتتى.

قازى گەپنى قىسقىلا قىلدى.

— ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ، تۆرەم. پىرىمنى زىيارەت قىلىپ پەرزەنتىڭىزنىڭ دىدارىغا داخىل بولسىڭىز، بىر يولى ئىككى ساۋابقا نائىل بولغايسىز.

روكنىددىن قازىكالاننى، ئىككى خاس نۆكىرىنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقتى، خانىقا يېقىن بولغىنى ئۈچۈن پىيادە ماڭدى.

يوقىلىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئەھكامىغا ئاساسەن بۇ يولغا كىرگەن كىشى «قال» ئىلمى، يەنى مەرىپەتنى ئىگىلەپ، «ھال» ئىلمىگە ئۆتمىكى لازىم. تەرىقەتتىن كېيىن ھەققۇل يەقىن، يەنى ھەقىقەت باسقۇچى كېلىدۇ. ئەمما، ھەقىقەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساندا بۈيۈك روھىي قۇۋۋەتتىن تاشقىرى ئەۋلىيالىق نىشانىمۇ بولۇشى كېرەك ئىدى. پەناپىللاھ دەپ ئاتالغان ئەڭ ئالىي مەقامغا يەتكەن زات — گويا جىسمى جەھەتتىن يەردە، قەلبى جەھەتتىن سامادا، مالائىكىلەرنىڭ ئارىسىدا ياشايدۇ. بۇنداق مەرتىۋىگە مۇيەسسەر بولغانلار ئۈچۈن زامان بىلەن ماكانىنىڭ پەرقى قالمايدۇ، ئۇلار قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدۇ، ئەتراپتا يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەردىن ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. ئەرەبلەردىن جۇنەيد باغدادى بىلەن بايازىد بىستامى، پارسلاردىن يۇسۇپ ھەمەدانىي، تۈركلەردىن شەيخ ئەھمەد يەسسەۋىي ئەنە شۇنداق ئەۋلىيالاردىن ھېسابلىناتتى.

خانىقا ئىچكى - تاشقى ھويلىلاردىن ئىبارەت ئىدى. تاشقى ھويلا كىچىكرەك بولۇپ، بۇ يەردە خانىقانىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىسمايىل خوجا ئائىلىسى بىلەن ئىستىقامەت قىلاتتى، ئۆزىنى تەرىقەت يولىغا ئاتاپ كەلگەن ياش تالىپلارنىڭ ئاش - تاماقلىرىغا مەسئۇل بولغانلارمۇ مۇشۇ يەردە تۇراتتى. ئىچكى ھويلا كەڭ بولۇپ، بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرىپىگە يەتمىش قەدەم كېلەتتى. ئىشىكتىن كىرىشنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قىبلىگە قارىتىپ سېلىنغان مەسچىت بار ئىدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەككىز بۇرجەكلىك كۆلچەك بار ئىدى. تۆردە بىر - بىرىگە تۇتاش كەتكەن كىچىك - كىچىك ھۇجرىلار بار ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەرىقەت ئەھلىلىرى يازدا خانىقاغا كەلمەيتتى، بىرەر - ئىككى بىمار دەرۋىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا خانىقا كەچ كۈزگىچە بىكار تۇراتتى. ئەمما، تۆت كۈندىن بۇيان خۇدانىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرى بولغان دەرۋىشلەر خانىقا ھويلىسىدىن سىرتقا چىقمىدى. ئۇلار زىكىر

زۇھد، يەنى نەپسنى يىغىش. زۇھد قىلغان دەرۋىش ئاۋۋال نەپ-
سىنى يىغىمىقى، ياخشى كىيىملەردىن، تاتلىق تائاملاردىن، ئەھلى
ئايالدىن، ئومۇمەن بۇ پانىي دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى لەززەتلىرىدىن
يىراق تۇرمىقى كېرەك. مۇشۇ يول بىلەن سوپى تۆتىنچى مەقامغا
يېتىپ، پېقىر ياكى مىسكىن ئۇنۋانىنى ئالىدۇ. سوپىلار ھالقىسىدا
«پېقىرلىكتە تىرىك بول، تىرىكلىكتە پېقىر بول!» دېگەن ھېك-
مەت بار. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئەل فەقىر فەخرى»
(پېقىرلىق پەخرىمدۇر) دېگەن ھەدىسىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تۇمار
دەپ بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. بەشىنچى مەقام —
سەۋر. مۇرىت كېچە - كۈندۈز ئاللادىن سەۋر تىلىمىكى، ئۆز
ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەپ، ۋۇجۇدىنى، قەلبىنى، روھىنى
سۈكۈت بىلەن زىنىنەتلىشى لازىم. ئاغرىققا، ئازارغا، خورلۇق-
قا، بالا - قازاغا سەۋر قىلىشى كېرەك. سەۋر - بەرداش مۇرىتنى
ئالتىنچى مەقامغا، يەنى تەۋەككۇلگە يەتكۈزىدۇ. بۇ باسقۇچتا مۇ-
رىت ئۆزىنى تامامەن ئاللانىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرىدۇ، پەقەتلا پەر-
ۋەردىگارىنىڭ مەرھەمىتىگە، لۇتپى كەرەمىگە تايىنىدۇ. ئۇلار نە-
پەسنى مۇقەددەس بىلىدۇ، بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ غەم - ئەندىشى-
لىرىنى نەزەرگە ئالمايدۇ، پەقەتلا يالغۇز ئاللانىڭ ئىشقىنى ياد
ئېتىپ شۇ سائەت، شۇ دەقىقە، شۇ لەھزىنىڭ خىيالى بىلەنلا
ياشايدۇ.

ئۇزاق يىللىق جاپالاردىن كېيىن سوپى ئاخىرقى باسقۇچ،
يەنى رىزا مەقامىغا قەدەم قويىدۇ. رىزا — تەۋە بولۇش، ئاللانىڭ
ھۆكمىگە بويسۇنۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ ھالەتنى سوپىلار مۇنداق
شەرھلەيدۇ: تۇغۇلماق بار، ئۆلمەكمۇ بار. دېمەك، ھايات بىلەن
ئۆلۈمنىڭ ئارىسىدىكى پۇرسەت بىزگە ئامانەت. ئامانەتكە خىيانەت
بولمىسۇن دېسەڭ، روھىڭنى پاك تۇت، ئۆزۈڭنى يامان ھېسلاردىن
خالاس قىل. ھەربىر كىشى ئۆزىنى ياخشى خۇلقلار بىلەن زىنىنەت-
لىسە، جىمىكى ئىنسانىيەت ساپلىشىدۇ، دۇنيادا ئىنساپ، ئادا-
لەت، ئىمان قارار تاپىدۇ ۋە جەبىر - زۇلۇم، ياۋۇزلۇق، زالالەت

— ھوي، ھەممىڭلارنىڭ قولىقى پاڭمۇ؟ نېمىشقا زۇۋان سۇرمەيسىلەر؟ يەسسەۋىي پىرنىڭ نەدە دەپ سورىۋاتىمەن سەنلەردىن!

بىر دەرۋىش قولىنى سوزۇپ تۆردىكى ھۇجرىغا ئىشارەت قىلىدى. يىگىت چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ تۆرگە قاراپ ماڭدى. بالا بىر - ئىككى قېتىم تىپىرلىدى. ئەمما، يىگىت ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، بالىنىڭ يۈزىگە قاتتىق تۇكۇرۇپ قويىدى - دە، ئۇدۇل ھۇجرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىچكىرىگە كىردى. كۆزى دەرھال قاراڭغۇلۇققا كۆنەلمىگەچكىمىكىن، ئىچكىرىدىكىلەرنى پەرق ئېتەلمەي، بوسۇغىدا بىر نەپەس تۇرۇپ قالدى. ئاخىر دەرقەمتە بولۇپ ئولتۇرغان بوۋايلارغا كۆزى چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىككىسىنى تونۇغاندەكمۇ بولدى. شۇنداق، ئۇلار تونۇگۇن كەپسىدە چاي ئىچىپ كەتكەن كىشىلەر ئىدى.

— سۇلتانىم قايسىڭىز بولىسىز؟ — دېدى يىگىت ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ.

شەيخ بولغۇسى زىكىر ھەققىدە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىدى. ئەتراپىدىكىلىرى بابا ماچىن، ئەشرەپخان قازى، ئىسمايىل خوجا ۋە ئىسپىجاپ ئۆلىمالىرى ئىدى. بابا ماچىن يىگىتنى تونۇدى، ئۇنىڭ تەكەللۇپسىزلىقىدىن ئاغرىندى. ئەگەر يېنىدا شەيخ بولمىغان بولسا ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈزىگە شاپىلاق بىلەن سالغان بولاتتى. ئۇ ئېغىر ئىرغاڭلاپ قويىدى، غەزىپى تىلىغا كۆچتى:

— ھوي، سېنىمۇ ئىنسان بالىسى دېگىلى بولامدۇ يا ھايۋاندىن بولغانمۇسەن؟! ئىجازەت سورىماي ئىشىكتىن كىرىپ كەلدىڭ، سالام بەرسەڭ تىلىڭ ئۈزۈلۈپ كېتەمدۇ؟ نائىنساپ؟!

قارلۇق يىگىت سەل پەسكويىغا چۈشتى، بېشىنى ئېگىپ تەزىم قىلدى.

— ئالەمنى يورۇتقۇچى ئاپتاپ سىلەرگە يار بولسۇن، تەقسىرلەر، — دېدى يىگىت سالامىنىڭ ئورنىغا.

سۇلتانىنى كۈتۈۋاتاتتى. شەيخۇل ماشايىخ پەتىۋا بېرىپ، زىكىر باشلانسا، روھنى پاكلاپ يەنە بىپايان كەڭلىكلەر، ئەزىمەت تاغلارنىڭ قوينىغا سالقىن شامالLAR ئوينايدىغان باغلار ۋە شارقىراپ ئېقىۋاتقان سايلارنىڭ بويىغا ئاتلىنىشقا ئالدىراۋاتاتتى. ياپيېشىل ئوت - چۆپلەرنى تۆشەك، تاش بولامدۇ، ياغاچ بولامدۇ ياستۇق قىلىپ ئۆگەنگەن ھۆر پىكىرلىك ئازاد قۇشلار - دەرۋىشلەر ئۈچۈن بۇ كەڭ ھويلىمۇ قەپەستەك تارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار توپ - توپ بولۇپ ئېگىز تامنىڭ تۈۋىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇراتتى، كۆلچەكنىڭ يېنىغا كېلىپ سۈزۈك سۇغا تەلمۈرۈپ قارايتتى ياكى ئەتراپتا يالغۇز - يالغۇز بولۇشۇپ زىكىردە ئېيتىلغان شېئىرلار — يەسسەۋىينىڭ ھېكمەتلىرىنى پىچىرلاپ يۇرۇشەتتى. ئومۇمەن خانىقا ھويلىسىدا بىر ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

بۇ سۈكۈنات توساتتىن بۇزۇلدى.

ھويلىغا تۆت قورالliq يىگىت ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئىككى يىگىت تاشقىرىدا قالدى. قارا لىباس كىيگەن، يېنىغا خەنجەر ئاسقان، بېلىنى چەمە كەمەر بىلەن باغلاپ، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن گەۋدىلىك بىر يىگىت ئاتتىن ئىرغىپ چۈشتى. ئاتنىڭ يۈگىنىنى شېرىكىگە تۇتقۇزدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ئارتىلغان بالىنى دەس كۆتۈرۈۋالدى. بالا تاغارغا سولانغانىدى. يىگىت بالىنى تاغاردىن چىقىرىپ قۇچىقىغا ئالدى ۋە خۇددى مېۋە توشقۇزۇلغان سېۋەتنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى. بۇ غەلىتە ئىشنى كۆرۈپ گاڭگىراپ قالغان دەرۋىشلەر ئۇنىڭغا يول بەردى، «نەگە باراركىن» دېگەندەك ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

بالا كۆتۈرگەن يىگىت كۆلچەكنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى، كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن دەرۋىشلەردىن قوپاللىق بىلەن سورىدى:

— ھوي، يەسسەۋىي پىرىڭ نەدە؟!

دەرۋىشلەر گاڭگىراپ قالدىمۇ قانداق، ئۈندىمىدى. قارا لىباسلىق يىگىت ۋارقىرىدى:

— يېشىۋېتىڭ!

يىگىت بالىنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى ئېلىپ تاشلىدى، قول - پۇتىنى يەشتى. بالا ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، يىگىتكە ئېتىلدى. يىگىت ئۆزىنى قاچۇردى، لېكىن بالا بەربىر ئۇنىڭ ساقىلىدىن بىرنەچچە تال يۇلۇۋالدى.

— هەي ئىتنىڭ بالىسى، جىم تۇر، بولمىسا يەنە تاغارغا تىقىمەن، — دېدى يىگىت. بالا يەنە ئېتىلدى. يىگىت ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. بالا سەنتۈرۈلۈپ بابا ماچىننىڭ قۇچىقىغا ئولتۇرۇپ قالدى. بابا ماچىن ئۇنى تۆمۈردەك قولى بىلەن قامالاپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. روكنىددىننىڭ ئوغلى ئولتۇرغان پېتى پوپوزا قىلدى:

— قېنى چوڭ بولاي، ئاناڭنى كۆرسىتىمەن. ساڭا ئوخشىغان ئىمانى يوقلارنى ئايىماي قىرىپ تاشلايمەن.

قارلۇق يىگىت ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. شەيخ، بالىنى ئاچىقىپ كېتىڭلار، دېگەندەك ئىما قىلدى. ئىشىكتىن بىر خادىم كىرىپ، بالىنى يېتىلەپ ئاچىقىپ كەتتى.

قارلۇق يىگىت سەمەت بورىنىڭ ئۈستىگە تىزلاندى. ئۇ ئالدىراپ تۇراتتى، ئىككى ئېغىز دەردىمنى ئېيتىمەن، ئاندىن كېتىمەن دېگەن خىيالدا گەپ قىلىشقا تەمشەلدى. بىراق، شەيخنىڭ كۆزىگە قارىدىيۇ، دېمەكچى بولغان گېپىنى يوقىتىپ قويدى، ئىچىدە خىجىل بولدى. قىزىق، مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئىككىنچى قېتىم يوقىتىپ قويۇشى. تۇنۇگۇن سۇ بويىدىمۇ شۇنداق بولدى. شەيخنىڭ كۆزلىرىدە نېمىدۇر بار، ئادەمگە قارىسا تىلىڭنىڭ ئۇچىدا تۇرغان گەپ غايىب بولۇپ، بەدىنىڭ قىزىشقا باشلايدۇ.

— بۇ بالا سىزگە ئامانەت، شەيخ بوۋا. بىز روكنىددىنغا يارىشىپ قالايلى دەپ ئەلچى ئەۋەتتۇق. ئەمما، ئۇ نامەرد ئىكەن، ئەلچىمىزنىڭ قۇلاق - بۇرنىنى كېسىپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ. قارلۇقنىڭ بۆشۈكتىكى بالىسىغىچە قىرىپ تاشلايمەن، دەپتۇ. بىز ئاتىنىڭ تېزىكىنى يەپسەن، دېدۇق. دۇنيانىڭ يېرىمىنى ئالغان سەن-

— دەردىڭنى ئېيت، شەيخىمدە نېمە ئىشىڭ بار؟ — دەپ سورىدى بابا ماچىن.

— بۇنى تاپشۇرۇپ بەرمەكچىدىم...

قول ـ پۇتى باغلانغان بالا تېپىرلىدى، بېشىنى ئۇيان ـ بۇيانغا بۇراپ غۇدۇرىدى. ئەشرەپخان قازى گويا پەخىرلەنگەندەك شەيخكە بۇرۇلدى:

— ھەزرىتى سۇلتان جانابلىرى مۇشۇ كىشى بولىدۇ.

قارلۇق يىگىت ئىشەنمىگەندەك شەيخكە قاراپ قويدى. جۈغى كىچىك، ئورۇق، بۇغداي ئۆڭ، ئۇستىبېشىمۇ پېقىرانە بۇ كىشى شەيخمىدۇر، تونۇگۇن بىراۋ ئۇنىڭغا «مانا بۇ كىشى يەسسەۋي پىرىم بولىدۇ» دېسە يالغان سۆزلىمە، مېنى ئەخمەق قىلما دېگەن بولاتتى. ئەۋلىيالارنىڭ ئەۋلىياسىمۇ شۇنداق ئادەتتىكى بىر كىشىگە ئوخشامدۇ؟

قارلۇق يىگىت بالىنى شەيخنىڭ ئالدىغا قويدى. شەيخ، بۇ كىم، دەپ سورىمىدى. قارلۇق يىگىت ئەمدىلا گەپكە ئېغىز جۇپلىگەندى، شەيخنىڭ ئۆزى سۆز باشلىدى:

— روكنىددىنىنىڭ پەرزەنتىمۇ؟

قارلۇق يىگىتنىڭ رەڭگى ئۆزگەردى. «بۇنى نەدىن بىلدى، مەندىن بۇرۇن ئاتىسى خەۋەر قىلغانمىكىنىيا؟»

— تونۇدىڭىزمۇ، تەقسىر؟ — دېدى يىگىت شەيخنىڭ كۆزىگە تەمتىرەپ قاراپ.

— بۇ بالىنى ئىلگىرى كۆرگەنمەن، — دېدى شەيخ، — سىز بۇنى ئاتىسىغا قارشى گۆرۈگە ئېلىپ كەلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

قارلۇق ئېڭىشىپ شەيخنىڭ ئېتىكىنى سۆيدى.

— ئەۋلىيالىقىڭىزغا ئىشەندىم. تونۇگۇن كۆڭلۇمگە كەلگەندى. سۇ بويىدىچۇ، كەپىدە. ئادەتتىكى موللا ئادەم ئۇنداق مەنىسى چوڭقۇر گەپلەرنى ئېيتالماس دەپ ئويلىغانىدىم...

يىگىت يەنە نېمىنىدۇر دېمەكچىدى، شەيخ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى.

گە كىرىپ دىندىن چىقىپتۇ. ئىنشائاللا، مەن بىلىمگە ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىلىچىنى باغلىغانمەن، شەيخىم.

روكنىددىن، دىنىي نۇقتىدىن سۆزلىسەم، شەيخ مەن تەرەپتە تۇرار، ئاخشامقى ئۇرۇشنى يۇزۇمگە سالماس دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەكسى بولۇپ چىقتى. شەيخ روكنىددىننىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى ئاڭلىغانىدى. قارادۋاندىكى قان تۆكۈشنى قارلۇق يىگىتمۇ ئېيتىپ بەردى. شەيخنىڭ ئەڭ يامان كۆرىدىغىنى مۇناپىق-لىق ئىدى. مانا، ئالدىدا جەننەتتەك بىر ۋىلايەتنىڭ ھاكىمى كۆزى-نى يۇمۇپ رىياكارلىق قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. شەيخنىڭ مىسكىن قەلبى لەرزىگە كەلدى، ئولتۇرغان ئۆلىمالارنىڭ ئالدىدا ھاكىمنىڭ پوستىكىنى قېقىپ ئەدەپلەپ قويماقچى بولدىيۇ، بۇ پىكرىدىن قايت-تى: «ئاللاتائالا لېيىنى يۇغۇرغاندا بۇ پاسىققا بىر چىمدىم ئىنساپ - ديانەت نېسىپ قىلمىغان چېغى، ئەمدىلا ئوتتۇز ياشقا كىرگەن بىراۋغا ۋەز - نەسىھەت ۋاجىپ ئەمەس». شەيخ يېنىدىن مۇشتەك خالتىنى ئېلىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئاتتى. ئولتۇرغانلار ئەجەبسىنىپ قاراپ تۇردى. روكنىددىن خالتىنى ئېلىپ ئاچتى. ئۇنىڭدا قۇرۇق تۇپراق بارلىقىنى بىلىپ قىزاردى. شەيخ ئاتقان خالتا ئۇنىڭغا تەستەك كەبى تەسىر قىلدى. شەيخ گويا «تۇپراقنىڭ ئاستىغا كىرگەندە يەرگە تويىسەن» دەپ تەنە قىلىۋاتقاندەك قىلات-تى. روكنىددىن قاتتىق - قۇرۇق گەپ قىلىپ قويۇشتىن ئۆزىنى تارتتى، لېكىن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى، بوسۇغىغا بارغاندا كەي-نىگە ئۆرۈلدى:

— مەن سىزنى بۇ قەدەر شەپقەتسىز دەپ خىيال قىلمى-غانىدىم... — دېدى.

— بىگۇناھ، قورالسىز، رەھمەتكەش، غېرىب كىشلەرنىڭ قېنىنى تۆكمەك شەپقەتلىك ئىنساننىڭ ئىشىمۇ، ئوغلۇم؟ — دېدى شەيخ پەس ئاۋازدا، ئاندىن بابا ماچىنغا يۈزلەندى، — ئامانىتىنى بېرىڭلار.

بابا ماچىن روكنىددىننىڭ كەينىدىن چىقتى. پەزلىددىن يان

جەر تاغاڭ نېمە بولدى، سەمەرقەنتتە پۇسكىيىپ ئولتۇرغان مەھ-
مۇد ئاغاڭ نېمە بولدى، ئويلاپ باق، دەپ خەت ئەۋەتتۇق. شەيخ
بوۋا، سىز ئەۋلىيا ئادەمسىز، روكنىددىن زالىم كەلسە ...
بىلىمەن، بالىسىنى ئىزلەپ كېلىدۇ، ئەگەر كەلسە ئېيتىپ قوي-
سىگىز، ئاتىمىز بىر — ئادەم ئاتا، ئانىمىز بىر — ھەۋۋا ئانا،
بەش قولىنى بىراقلا ئېغىزغا تىقماي تىنچ يۇرسۇن. بىزنىڭ بىر
بۇردا نېنىمىزنى ئۆزىمىزگە يېگىلى قويسا، بىز ئۇنىڭغا چېقىلماي-
مىز. قارلۇقمۇ مۇشۇ يەرنىڭ ئىگىسى. مەن ئوتپەرەس بولسامۇ
سىزدىن ئۆتۈنىمەن، بوۋا. ئەگەر ئۇ بىز بىلەن ئېيتىشىۋەرسە،
ئۆيىنى ۋەيران قىلىپ، باللىرىنى ئوتقا سالغايمىز. تەقسىرلەر،
ئەمدى مەن كەتتىم، بىزنى نامەرد دەپ قالماڭلار، بولمىسا مۇشۇن-
داق ئەزىز يەردە يەنە قان تۆكۈلىدۇ.

قارلۇق بېشىنى چايقاپ ئۇھ تارتتى. «ۋاي، قارلۇق بولۇپ
قالغان جېنىم» دەپ ئەپسۇس نادامەت ئىچىدە چىقىپ كەتتى.

چارەك سائەتلەردىن كېيىن خانىقانىڭ ھويلىسىغا روكنىددىن
كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىدە كۆك موۋۇت تون، بېشىدا ياقۇت
قادالغان سەللە، بېلىدە تىللا كەمەر بار ئىدى. ئۇ ئىلگىرىكى
تەكەببۇر روكنىددىنغا ئوخشاشمايتتى، چوڭ بىر گۇناھ قىلىپ
قويۇپ، تۇۋا قىلىشقا كەلگەن شاھزادىنى ئەسلىتەتتى.

روكنىددىن تاش ياتقۇزۇلغان ھويلىغا ئاچچىق دەسسەپ،
شەيخنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، پۇتىنىڭ ئاستىدىن
چىقىۋاتقان ئاۋازلار ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. گويا بۇ ئاۋازلار
ئاخشام داۋاندا پالاكەت ئەكەلگەن ئاۋازلارنىڭ ئەكس ساداسىدەك
ئۇنىڭ يۈرىكىگە ۋەھىمە سالدى. روكنىددىن ھۇجرىغا كىرىپ،
تۆۋەن ئاۋازدا سالام بەردى. شەيخمۇ ئاستا ئىلىك ئالدى. روكنىد-
دىن قارلۇقلارنى يامانلىدى:

— بۇ ئىمانسىزلار پادىشاھلىقنىڭ سىلىقىنى تۆلەشتىن باش
تارتتى، پىرىم. خەلقنى ياۋدىن ئاسرايدىغان نۆكەرلەرنى نېمە بىلەن
باقىمەن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرنەچچە كىشى قارلۇقلارنىڭ مەزھىپى-

# 10. زىكىر

روھنى پاك قىلغان ئادەم مۇرادىغا يەتكەي.

— «قۇرئان كەرىم»، «شەمس» سۈرىسى 9 - ئايەت

زىكىر — جاننىڭ راھىتى.

— ئەھمەد يەسسەۋى

قۇتبىددىن زىكىرنى سېغىنندى. ئۇ ھاياجان، خەلقىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ماڭسا يەرنى كۆيدۈرىدىغان يىگىتلەردىن ئىدى. تۆت كۈندىن بېرى تومۇرلىرىدا يىگىتلىك قېنى جۇش ئۇراتتى، بەدىنى قىزىپ، ئۆزىنى قويىدىغانغا جاي تاپالماي تىت- تىت بولات- تى. قۇتبىددىن پىر ھەزرەتلىرىدىن مۇنداق بىر ھېكايەتنى ئاڭلى- غانىدى: ئىلگىرى ئۆتكەن بىر سوپىنىڭ شەۋقى ۋە ئىخلاسى شۇقە- دەر زور بولۇپ، ناماز ئوقۇۋاتقان چېغىدا سۆڭەكلىرىدىن قاراسلاپ ئاۋاز چىقارمىشكەن. نەچچە كۈندىن بېرى، قۇتبىددىنمۇ ئاشۇ سوپىنىڭ كۈيىغا چۈشۈپ قالدى. ئون سەككىز ياشنى توشۇن ئاتتەك ئېگەرلەپ مىنىشۋالغان بۇ كۈچتۈڭگۈر يىگىت جىسمى جېنىغا يوشۇرۇنغان ئوتلۇق قۇۋۋەتنى تېزرەك سەرپ قىلىپ، ۋۇجۇد شەھىرىنى ئوتلۇق ھېسلارنىڭ تۇتقۇنىدىن ئازاد قىلماقچى بولاتتى. بۇنىڭغا پەقەتلا زىكىر - ساما ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولاتتى.

ھۇجرىدا ئۇخلاپ قالغانىدى. بابا ماچىن بالىنى ئويغىتىپ، ئاتىسى-
نىڭ ئالدىغا ئاچىقتى. روكنىددىن ئوغلىغا ئىنتىلدى. بىراق، بالا
قىمىر قىلماي تۇرىۋەردى. روكنىددىن يېقىن بېرىپ ئوغلىنىڭ
بېشىنى سىلىماقچى بولدى. پەزلىددىن ئاتىسىنىڭ قولىنى شىل-
تىپ تاشلاپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

— قورقۇنچاق... سىز قورقۇنچاقسىز. تاياق كۆتۈرگەن ھاي-
ۋانلاردىن قېچىپ كەلدىڭىز...

روكنىددىن ئوغلىنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سېلىۋەتتى. بالا
يىغلىمىدى، يۈزىنى سىلاپ ۋارقىرىدى:

— ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ سىز بىلەن كەتمەيمەن! سە-
مەرقەنتكە كېتىمەن! سەنجەر تاغامنىڭ ئالدىغا بارىمەن!

روكنىددىن يېنىدىكى نۆكەرلىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئۇنى تۇتۇپ پۇت - قولىنى باغلاڭلار!

پەزلىددىن قاچتى، يۈگۈرۈپ بېرىپ ھويلىدىكى ئۈجمىنىڭ
ئۈستىگە چىقىۋالدى. روكنىددىن كوچىغا سەكرەشنى مۆلچەرلەپ
تۇرغان ئوغلىغا خەۋپسىرەپ قاراپ تۇردى - دە، بېشىنى چايقاپ
قويدى، كېيىن نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە ھويلىدىن چىقىپ
كەتتى.

— ئاغا، نەپسىڭىز قىسىلامدۇ؟ نېمشقا بۇنداق قىينىلىپ دەم ئالىسىز؟

— كىچىكىمدىن قالغان دەردىم بار. ھاۋا بۇزۇلغان كۈنلىرى كۆزۈمگە دۇنيا تار كۆرۈنىدۇ.

— ئىنشائاللا، جەھرىيە بىرلە مەشغۇل بولۇپ تۇرسىڭىز، بۇ دەردتىن خالاس بولۇپ كېتىۇرسىز. — دېدى قۇتبىددىن ۋە سورىدى، — سۇلۇككە يېقىندا كىردىڭىزمۇ؟

— ھەئە، قىرىق كۈن بولدى. تۆت قېتىم زىكىرگە قاتناشتىم، خالاس.

— ئۇنداق بولسا، زىكرى ئەل ئەۋقاتنى[1] تاشلىماڭ. ئۆپكىڭىز ساپ ھاۋانى تويۇپ سۈمۈرۈپ تۇرسا، نەپسىڭىز راۋانلىشىدۇ، تاغا. ماڭا قاراپ تۇرۇڭ، مەن ھازىر ئۆپكەمنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالىمەن، كېيىن ئاغزىمدىن چىقىرىمەن، — قۇتبىددىن كۆكسىنى كۆتۈرۈپ ئەركىن نەپەس ئالدى ۋە «پۇھ ـ ھ!» دەپ دەم ياندۇردى، — بۇنى زىكرى نەپەسىيە دەيمىز. بۇ قورساقتىن كېلىدىغان نەپەستۇر. ئۇ ئېغىز ـ بۇرۇن ئارقىلىق سىرتقا چىقىدۇ. قېنى، نەپەس ئېلىڭچۇ.

دەرۋىش قىينىلىپراق ھاۋانى سۈمۈردى، قۇتبىددىنغا ئوخشىتىپ دەم ياندۇردى.

— تولۇق نەپەس ئېلىڭ، ئاغا، كۆكسىڭىز ھاۋاغا تولسۇن! شۇندىلا ئىچىڭىزدىكى يەل بىلەن ئىللەتمۇ چىقىپ كېتىدۇ. قېنى نەپەس ئېلىڭ، ئۆزىڭىزنى ئايىماڭ! جېنىم ئاغرىمىسۇن دېسىڭىز ئاۋۋال جېنىڭىزنى ئاغرىتىڭ. بايا سۈمۈرگەن ھاۋانى ئېغىزىمىز ئارقىلىق چىقاردۇق، ئەمدى بولسا، ئېغىزىمىزنى يۇمۇپ، بۇرۇندىن چىقىرىمىز. مانا مۇنداق.

قۇتبىددىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى ۋە «پىش» قىلىپ بۇرنىدىن چىقاردى.

— نەپەس ئالغاندىمۇ، نەپەس چىقارغاندىمۇ خىيالىڭىزدا بىرلا

---

[1] زىكرى ئەل ئەۋقات — كۈندىلىك زىكىر.

ئەمما، نېمىشقىدۇر زىكىر كېچىكتۈرۈلدى. ئادەتتە زىكىر جۈمە كۈنلىرى باشلىنىپ تا كەچكىچە داۋام قىلاتتى. كېيىن زىكىر ئەھلى كېچىنى سەيلە ۋۇجۇد، تىلاۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بامدات نامىزىدىن كېيىن سەيلە - ساياھەتكە چىقىپ كېتىشەتتى. بۇ قېتىم ئىسپىجاپتىكى غەلىيان ۋە قارلۇقلار بىلەن تەكەببۇر روكنىددىننىڭ غوۋغاسى تۈپەيلىدىن زىكىر باشقا بىر كۈنگە قالدۇرۇلدى. قۇتبىد-دىن خاس خادىم بولغانلىقتىن شەيخنىڭ ھۇجرىسى يېنىدا، بابا ماچىن بىلەن بىر ھۇجرىدا ئىستىقامەت قىلاتتى. ئۇ ئىككىسى ھۇجرىدا تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. شەيخ-نىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىچكىرىگە قۇلاق سالاتتى، يەنە ھۇجرىسىغا قايتىپ، «دىۋانى ھېكمەت» نى پىچىرلاپ يادلايتتى. گاھىدا كۆلچەكنىڭ ئەتراپىدىكى سۇدىكى ئەكسىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان دەرۋىشلەرنىڭ يېنىغا باراتتى، تامنىڭ تۈۋىدە، ئۈجمىنىڭ ئاستىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان دەرۋىشلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ باقاتتى، يۈرىكى تىنىمسىز تېپىرلايتتى، ئورنى-دىن تۇرۇپ ئۇياققا - بۇياققا ماڭاتتى، شەيخنىڭ ئىشىـكىگە تەلمـۈرەتتى. ھەزرەت پەتىۋا بەرسە تېزرەك زىكىر باشلانسا دەپ ئويلايتتى...

قۇتبىددىن تاشقى ھويلا بىلەن ئىچكەركى ھويلا ئوتتۇرىسىدى-كى ئايۋانغا بېرىپ ئولتۇردى. يېنىغا قىرىق ياشلارنى قارىلىغان، قاتمال، بىر دەرۋىش كېلىپ ئولتۇردى. قۇتبىددىن ئەدەپ يۈزىسى-دىن سەل سۈرۈلۈپ قويدى. دەرۋىش قۇللۇق بىلدۈردى. ئۇ قۇت-بىددىننىڭ قاپقارا تاۋلىنىپ تۇرغان قىسقا ساقىلىغا، ئاناردەك قىپقىزىل يۈزىگە، ئۈچىسىدىكى ئازادە كىيىملىرىگە نەزەر سالدى، ئۇنىڭغا ھەۋىسى كەلدى. ئۇ قۇتبىددىننى تونۇيتتى، ئۇنىڭ شەي-خۇل ماشايىخنىڭ يېقىن مۇرىتلىرىدىن ئىكەنلىكىنىمۇ بى-لەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتايىن ياندىشىپ كەلگەندى.

قۇتبىددىن ئۇنىڭغا كۆز سالدى. دەرۋىش سىزىلەر - سېزىل-مەس ئارامسىزلىناتتى.

ئوقۇپ، دەرۋىشلەرنى ھالقىغا چىللىدى:

«ھۇۋ» ھالقىسى قۇرۇلدى، ئەي دەرۋىشلەر، كېلىڭلار،
«ھەق» سۆپرىسى يېيىلدى، ئۇندىن ئۇلۇش ئېلىڭلار!
قال ئىلمىنى ئوقۇبان، ھال ئىلمىگە يېتىبان،
يوقلۇق ئىچرە پاتىبان، بارلىقلاردىن ئېلىڭلار!
يىرتىپ شەپقەت پەردىسىن، تىلەپ دىدارى خۇدا،
ئېچىپ كۆڭۈل دىدەسىن، مۇشاھىدە قىلىڭلار!
«ھۇۋ» ھارىسىن ئېلىبان، نەپس بېشىغا سېلىبان،
تۇنى - كۈنى، تالىپلار، جاننى پىدا قىلىڭلار!
ھالقا ئىچرە «ھۇۋ» دەڭلار، ئىشق ئوتىدا يېنىڭلار،
جان - تەن بىرلە، تالىپلار، تەكبىر باشلاپ ئېيتىڭلار!
«ھۇۋ - ھۇۋ» دەيۇ زار ئىڭراپ، ھۇۋ دېمەكتىن مەنە بار،
دىداردىن ئۇمىدۋار، رەھمىتىدىن ئېلىڭلار!
قۇل خاجە ئەھمەد قۇل بولغان، يول ئۇستىدە كۈل بولغان،
تالىپلار كامىل بولغان، ئاندىن ئىبرەت ئېلىڭلار!

ئىسمايىل خوجا ھېكمەتنى ئوقۇپ بولغۇچە، زىكىرگە قاتنىشىدىغانلار بىر يەرگە يىغىلىپ كىگىزدە توپلىشىپ تۇردى. ئەمدى تەھلىل - تەكبىر ئېيتىش كېرەك ئىدى. جەھرىيە تەرىقىتىنىڭ شەرتى شۇكى، زىكىردىن بۇرۇن قىيامدا تۇرۇپ، كەلىمەئى شاھادەت ئوتتۇز ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. شۇ ئۇسۇل بىلەن زىكىرگە قاتناشقۇچى گويا تېنىدىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش تومۇرنى ئاستا - ئاستا كۆۋەجىتىدۇ، خىيالىدىكى بىھۇدە پىكىرلەرنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ، بۇ پانىي دۇنيادىن ئۈزۈلۈپ، پۈتكۈل بارلىقنى ئۇنتۇيدۇ. يالغۇز ئاللانىڭ يادى، پەرۋەردىگارى ئالەمنىڭ دىدارى بىلەن بەند بولىدۇ. تەكبىر ئاخىرلاشقاندا ھەق يولىغا كىرگەن مۇرىت ئۈچۈن نە زامان، نە ماكان چۈشەنچىسى قالمايدۇ، ئالەمدە بىر ئۆزى، بىر ئاللا قالىدۇ، خالاس.

پىكىر بولسۇن. مەن مېڭەمنى پاكلايمەن دەپ ئويلاڭ. زىكرى
روھىيدىن مەقسەت ئەقلىنى تازىلاش، كاللىدىكى جىمىكى يات
نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاشتۇر. قېنى بىر مەشىق قىلىپ
كۆرۈڭچۇ.

دەرۋىش ئىخلاس بىلەن نەپەس ئالدى، ھاۋانى بۇرنىدىن چى-
قارماقچى بولدى، بىراق ئوڭايسىزلىنىپ قالدىمۇ قانداق، ئەپلەش-
تۈرەلمىدى.

— ئوڭايسىزلانماڭ، ئاغا، خۇدا خالىسا ئۆگىنىپ كېتىسىز.
مۇسۇلمانچىلىق ئاستا - ئاستا دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. مەنمۇ
زىكرى روھىينى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىككى يىل زەخمەت چەكتىم.
روھىڭىز مىسالى بىر ئۈچقۇر ئات، بەدىنىڭىز يۈگەن بولۇپ ئۇنى
تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. روھىڭىز تىزگىنىدىن ئازاد بولغاندىن كېيىن،
بەدەن زۇلمىتىدىن قۇتۇلغاي.

— ئىنشائاللا.

شۇ چاغدا يان ئىشىكتىن ئىسمايىل خوجا كىردى، قۇتبىددىن
بىلەن دەرۋىش ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىرغىپ پەسكە چۈشتى.
ئىسمايىل خوجا ئىلدام مېڭىپ شەيخنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە ئۆتۈپ
كەتتى، بىر پەستىن كېيىن قايتىپ چىقتى - دە، ئۈچ قېتىم
چاۋاك چالدى. بۇ زىكىرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ھويلىدا چېچىلىپ يۈرگەن دەرۋىشلەر بىردىن - بىردىن كۆل-
چەكنىڭ يېنىدىكى سېدىنىڭ ئاستىغا جەم بولۇشقا باشلىدى. سېدى-
نىڭ ئاستىغا بورىلار سېلىنغان، ئۈستىگە كىگىزلەر يېپىلغانىدى.
ئادەتتە بۇ يەردە قىرىق - ئەللىك دەرۋىش توپلىنىپ زىكىر قىلات-
تى. بۇ نۆۋەت، شەيخنىڭ كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ زىكىر
ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، شۇ تۈپەيلىدىن يەسسىدىن، ئۆتراردىن
بولۇپ يۈزگە يېقىن دەرۋىش يىغىلغانىدى.

ئىسمائىل خوجا سەپنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ چازانە
قۇردى - دە، «پاتىھە» سۈرىسىنى ئوقۇدى، كېيىن كۆزلىرىنى
يۇمدى. ئۇ قەدىمكى ئەقىدىگە ئاساسەن، يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىنى

ئەتراپتىن دەرھال «ھەق! ھۇۋ!» دېگەن جاۋاب ياڭرىدى.

رەھمان ئاتلىق رەھمىڭدىن،
ئۈمىد كۈتەر خاجە ئەھمەد...

ئەمدى دەرۋىشلەر ئادەت بويىچە قوش خىتاب ياڭراتتى: «ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ!»

گۇناھىم كۆپ، ئاللاھىم،
كەچۈرگەيسەن گۇناھىم...

«ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ!»

بارچە قۇللار ئىچىدە،
ئاسىي قۇلدۇر خاجە ئەھمەد...

— ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ!

ئىسمائىل خوجا زىكىر ئەھلىنىڭ بەدىنىنىڭ قىزىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، بېيىتلارنى جۈپلەپ، تېز - تېز ئوقۇشقا باشلىدى:

مۇناپىقلار يۈرۈرلەر،
پىسقۇ پۇجۇر قىلۇرلەر.
ھارام لوقما يېيۈرلەر،
قورقۇپ يىغلار خاجە ئەھمەد.

دەرۋىشلەر ۋائىزنىڭ شىددىتىگە ماس ھالدا سۈرئەتنى تېزلەشتۈردى، سول تەرەپكە قاراپ «ھەق! ھۇۋ!» دەپ بولۇپ

ئىسمايىل خوجا كەلىمەئى تەييىبە ئېيتتى:
«لائىلاھە ئىللەللاھ! مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا!»
تۆت ئەتراپتىن جور بولغان ئاۋاز كەلدى:
«لائىلاھە ئىللەللاھ! مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا!»

ئەمدى زىكىر ئەھلى نۆۋەت بىلەن ئىمان كەلتۈرۈشكە باشلىدى. بىر دەرۋىش كەلىمە تەييىبەنى قىرائەت قىلاتتى، قالغانلار ئۇنى ئورتاق ئاۋازدا تەكرارلايتتى.

مۇبارەك كەلىمە كۆپ ئېيتىلغانسېرى زىكىر ئەھلىنىڭ غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، ئاۋازلىرى بارغانسېرى جاراڭلىق چىقاتتى، زىكىر ئەھلىنىڭ بوم، ئىنچىكە، سوزۇق قىرائەتلىرىدىن هويلا لەرزىگە كەلگەندەك بولاتتى. كەلىمە تەييىبە ئوتتۇز ئۈچ قېتىم ئېيتىلغاندىن كېيىن، زىكىر ئەھلى نەپەسلىرىنى رۇسلىۋالدى ۋە خانىقا ساھىبىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئولتۇردى. خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىچكىرىدىن ھەزرەت چىقىپ كەلدى. ئۇ سۇلايمان، بابا ماچىن، ئەشرەپخان قازى بىلەن كۆلچەكنىڭ يېنىغا، ئۇجمىنىڭ ئاستىغا سېلىنغان بورىغا بېرىپ ئولتۇردى. شەيخ زىكىرنى باشلاشقا ئىجازەت بەردى.

ئارىنى بىردەملىك سۈكۈت قاپلىدى. دەرۋىشلەرنىڭ كاللىسىمۇ، كۆزلىرىمۇ يۇمۇق، ئۇلار شۇ ئولتۇرۇشتا گويا پەرۋاز قىلىشتىن بۇرۇن ئانا زېمىندىن قۇۋۋەت ئېمىۋاتقان قۇشلارنى ئەسلىتەتتى. شەيخۇل ئەكبەرمۇ ئۇلارنى بىكارغا قۇشلار دەپ ئاتىمىغانىدى. ھازىر ئۇلار «ھەق! ھۇۋ» يەنى «يا ئەزىم ئاللا!» دېگەن خىتاب ئارقىلىق كۆككە — ئەرشئەلاغا ئۇچۇشقا تەييار ئىدى.

نىھايەت، ئىسمايىل خوجا سالماقلىق بىلەن ھېكمەت باشلىدى:

قاھھار ئاتلىق قەھرىڭدىن،
قورقۇپ يىغلار خاجە ئەھمەد...

دەرۋىشلەر ئالدىراپ - تېنەپ «ھەق، ھۇۋ!» دېيىشتى ۋە تۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. ئىسمايىل خوجا چاۋاك چالدى. زىكىر ئەھلى ئىرغىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، قوللىرىنى يېيىپ بىر - بىرىنىڭ يەلكىلىرىگە قويدى. ئەمدى زىكىرنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئەڭ ھاياجانلىق دەملىرى باشلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇنى زىكرى ھەرە دەيتتى. شەيخۇل ماشايىخ بىر چاغلاردا، بۇخارادا يۈرگەن ۋاقتىدا سۇلۇك تۈزگەندە، يېڭى تەرىقەت ئۈچۈن قايسى زىكىرنى تاللىسام بولار، دەپ ئۇزاق خىيالغا پاتتى. سوپىلار مەسلىكىدە ئىككى خىل زىكىر ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. بىرى، زىكرى قەلبىي. بۇ زىكىر يالغۇز دەرۋىشنىڭ مەشغۇلاتى ئىدى. زىكرى قەلبىيگە كۆڭۈل قويغان دەرۋىش ئىمكانقەدەر جامائەتكە قوشۇلماي، تەنھا يۈرۈپ، تەنھا تۇراتتى، جامائەتتىن يىراق يەرلەردە تىلاۋەت قىلىپ، كېچە - كۈندۈز ئاللانىڭ يادى بىلەن ياشايتتى. زىكرى قەلبىي تەرەپدارلىرى ئىنسان تەنھالىقتا مۇلاھىزە، مۇشاھىدە، تەھلىل ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، بۇ ئالەمدىكى ئورنىنى ھېس قىلىدۇ دەپ ھېسابلايتتى. خوجا يۈسۈپ ھەمەدانىي تەرغىب قىلغان ۋە كامالەتكە يەتكۈزگەن زىكرى قەلبىي پەلسەپىسى مۇنداق بىر جۈملە ھېكمەتكە يىغىنچاقلانغانىدى: «كۆزۈڭنى يۇم، ئەي دەرۋىش، شۇندىلا ئىككى ئالەم ساڭا كۆرۈنگەي!»، يەنى ئىنسان ئۇزاق يىللىق زاھىتلارغا خاس تەھلىل نەتىجىسىدە ئۆزىنى چۈشىنىدۇ، ئۆزىنىڭ ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ماددىي ئالەمدىن ئىلاھىي ئالەمگىچە بولغان غايىبانە ۋە شەرەپلىك يولنى بېسىپ ئۆتىدۇ. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، زىكرى قەلبىي يەككە يالغۇز ھالدا ئىچكى بىر ئىرادە، ئىنتىزام، ئېتىقاد ۋە تائەت - ئىبادەت ھەممە مەشىق ئارقىلىق روھىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كامالەتكە يېتىش تەرىقىتى ئىدى. شەيخ بۇ زىكىرنى ئىنكار قىلدى. چۈنكى، ئۇ تۈرك خەلقلىرىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىدۇ. بۇ خەلق جەڭگىۋار، غەيرەتلىك، بىريەردە قونۇمى يوق، تىنىم تاپماس خەلق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېنى

دەرھال ئوڭغا ئۆرۈلەتتى ۋە ئۆتكۈر نەپەس بىلەن ئېيتىلغان «ھۇۋ!» دىن كېيىن ھاسىراپ ھېكمەتنىڭ داۋامىنى كۈتۈشەتتى.

تەرىقەتنى بىلمىدىم،
ھەقىقەتكە كىرمىدىم.
پىر بۇيرۇقىن تۇتمىدىم،
ئۆزرى كۆپتۇر خاجە ئەھمەد.

زىكىر ئەھلى قىزىدى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرىنى، ئەتراپ مۇھىتىنى ئۇنتۇشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن باشتا دانىمۇدانە، بىر خىل روھىي ئېھتىراس بىلەن ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەرنى قىسقارتىپ، قوشۇپ توۋلاشقا باشلىدى:

«ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ! ھەق، ھۇۋ!!!»

شەيخ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ قۇتبىددىننى ئىزلىدى. ئەنە، قۇتبىددىن ئىسمايىل خوجىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپتۇ. زىكىر شىراپىتى تۇيەيلىدىن بولسا كېرەك، ياقىسى ئوچۇق، كۆزلىرى ئاجايىپ بىر جىلۋە بىلەن ياناتتى. «ھەق، ھۇۋ!» دەپ ئىككى يېنىغا بۇرالغاندا ئارچىدەك ئۈچلۇق، چوڭ كۇلاھ بېشىدىن ئۇچۇپ كەتكۈدەك بولۇپ سىلكىنەتتى. قۇتبىددىننىڭ جان ـ جەھلى بىلەن زىكىرگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شەيخنىڭ ھەۋىسى جۇش ئۇردى، كۆڭلىنى پەخىر تۇيغۇسى قاپلىدى، خىيالىدىن بىر سېيما شىپىلداپ ئۆتتى: «ئەگەر قۇش سۇغا تۆشىنى يېقىپ راھەتلەنسە، بۇ يالغۇز سۇنىڭ پەزىلىتىلا ئەمەس، ئاشۇ قۇشنىڭمۇ ئېھتىياجىدۇر».

قول خاجە ئەھمەد تائەت قىل،
يىغلىماقنى ئادەت قىل.
بالا كەلسە تاقەت قىل،
ھەقتىن بىلۇر خاجە ئەھمەد...

ئاتلىنىدىغاندەك دىلى يۇلقۇناتتى.

ئىسمايىل خوجا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە پۈتۈلگەن غەزەلنىڭ بىر بېيىتىنى سالماق ئاۋازدا ئوقۇدى:

ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە سەرۋەر بولغان مۇھەممەد،
ئوتتۇز ئۈچ مىڭ ئەسھابقا رەھبەر بولغان مۇھەممەد!

دەرۋىشلەر كېيىنكى بىر مىسرانى بىرلىكتە سۆزمۇسۆز تەكرارلىدى.

ئۇلار خەلپىگە ئەگىشىپ شېئىر ئېيتىش بىلەن بىرگە، گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا ئېگىلەتتى، ئالدىغا قاراپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، كەينىگە چايقىلاتتى، كېيىن كەڭ ھويلىنى لەرزىگە سېلىپ «ھەق! ھۇۋ!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. قائىدىگە ئاساسەن، غەزەلنىڭ داۋامىنى زىكىر ئەھلى ئۆزلىرى نۆۋەت بىلەن ئېيتىپ، زىكرى سامادىن زىكرى ھەرەگە ئۆتۈشى لازىم ئىدى.

ئوتتۇرىدىن بىر دەرۋىش نىدا قىلدى:

يولدىن ئازغان گۇمراھقا ھىدايەتلىك مۇھەممەد،
مۇھىم چۈشسە ھەركىمگە كۈپايەتلىك مۇھەممەد!

زىكرى ئەھلى تۆت تەرەپكە غۇلاچ تاشلاپ ھۇ تارتتى. بېيىتنىڭ قىرائىتى تېزلەشتى:

مالامەتنىڭ سابۇنى، سالامەتلىك مۇھەممەد!...

«ھەق، ھۇۋ! ھۇۋ!»

ھەركەتلەر يەنىمۇ تېزلەشتى. دەسلەپتە دەرۋىشلەر ھەربىر بېيىتتىن كېيىن سەل تىنچىپ، نۆۋەتتىكى دەرۋىشنىڭ خىتابىنى

قايناپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا بىر ئېغىز گەپ كۆپلۈك، يېرىم ئېغىز
گەپ كەملىك قىلىدۇ. بوز قىرلاردا ئۇيۇر - ئۇيۇر مال ھەيدەپ
يۈرگەن، چەكسىز دەشتى قىپچاقتا ئات چاپتۇرۇپ شاماللار بىلەن
بەسلىشىپ ئوينايدىغان كۆچمەنلەرنىڭ سەھرادەك كەڭ، قۇشتەك
ئەركىن كۆڭلىنى تىزگىنلەپ، زىكرى قەلبىگە كۆندۈرۈش ئاسان
ئەمەس. «ھەر يەرنىڭ تۈلكىسىنى ئۆز بۈركۈتى بىلەن ئوۋلاي-
دۇ، — دەپ ئويلىدى شەيخ، — ئاساۋ ئاتنى توپىدىن ئايرىساڭ
ئېگەرگە كۆنمەيدۇ. توپى بىلەن بىر يەرگە جەملەپ ھەممىسىنى
ئۆگىتىش ياخشى ئەمەسمۇ؟» شەيخنىڭ نەزىرىدە ئىنسان بەدىنىدە
مۈگدەپ ياتقان گۆھەردەك بىباھا ھېسلارنى ئويغىتىپ، ئادەم بالى-
سىنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان، ئۇنىڭغا ھاياتلىق سۈيىنى ئىچۈرۈپ،
دەردىگە دەرمان، دىلىغا مەلھەم بېغىشلايدىغان روھىي نېمەت —
جەھرىيە، يەنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتىلىدىغان زىكرى ساما
ئىدى. «تۈركىي خەلق ئۆزى بىلەن ئېلىشىشنى ياقتۇرمايدۇ،
ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتى، شىجائىتى، جىسمانىي قۇۋۋىتى، ئۈن-
لۈك ئاۋاز بىلەن زىكىرگە چۈشۈشكە مايىلدۇر» دەپ ئويلىدى شەيخ
ۋە غەۋسۇل ئەزەم ئابدۇلقادىر گىلانىيدىن مىراس قالغان ئوپچە،
جور ئاۋازلىق زىكىرنى يەسسەۋىي تەرىقىتىنىڭ بىر شەرتى دەپ
قوبۇل قىلدى.

گىلانىي جەھرىيەسى گوياكى بىر مېۋىلىك دەرەخ ئىدى.
نەچچە يىللاردىن بېرى، دەرۋىشلەر بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن بەھ-
رىمەن بولۇپ، سايىسىدىن ئارام تېپىپ كەلمەكتە. شەيخ بۇ مۇ-
ئەززەم دەرەخكە ئىككى يېشىل پۇتاق ئاتا قىلدى. بىرىنچىسىنى
زىكرى ھەرە، ئىككىنچىسىنى زىكرى سۇلتانى دەپ ئاتىدى. دەر-
ۋىشلەر ھازىر ئەنە شۇ زىكرى ھەرە ھالىتىدە، خەلىپىنىڭ ئەمرىگە
مۇشتاق بولۇپ تۇراتتى. قۇتبىددىن ھاسىرايتتى، ئۇنىڭ يەتمىش
ئىككى خىل بوغۇنىدا ئاجايىپ بىر راھەتبەخش سەزگۈ ئوينايتتى،
ئىككى يېنىدا، ئالدىدا، ئۆزىگە ئوخشاش جەندە كىيگەن ۋە تەرلەپ
پىشقان بۇرادەرلىرى بىلەن سىرلىق بىر ئالەمنى سەيلە قىلىشقا

يەرنى تېپىپ، ۋۇجۇدلىرىنى لەرزىگە سالاتتى، يەلكىلەرگە مەھكەم يېپىشقان قوللىرى ۋە ئېغىزىغا سىغماي كەتكەن تىللىرى يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىنى ۋارقىراپ تەكرارلايتتى.

قۇتبىددىنىنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى تەرلەپ كىيىملىرى بەدىنىگە يېپىشىپ قالدى. ئۇ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئىككى تەرىپىدىكى ھەمراھلىرىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ھامان زىكىرگە چۈشمەكتە ئىدى. ئىسمايىل خوجا ئارقىمۇئارقا چاۋاك چالدى. بۇنى ئاڭلاپ، دەرۋىشلەر تېز ئايلىنىشقا باشلىدى. تىنىمسىز ۋارقىراپ بېيىت ئېيتىش، يەرنى زەربە بىلەن تېپىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە گاھ سولغا ئون قەدەم، گاھ ئوڭغا ئون قەدەم تاشلاپ ئايلىنىش، ھۇ تارتىپ تۇرۇش زىكىر ئەھلىنى خېلىلا ھالىدىن كەتكۈزدى. غەزەلنىڭ كېيىنكى بېيىتلىرى ئېيتىلغاندا دەسلەپكى شىددەتلىك ھالەت پەسلەشكە باشلىدى. ئىسمايىل خوجا قەددى ئېگىلىشكە باشلىغان دەرۋىشلەرگە قىيا قاراپ قويۇپ، زىكىرنى ئاخىرلاشتۇردى:

مىسكىن ئەھمەد قۇلىغا كىتابەتلىك مۇھەممەد،
يېتىم، پېقىر، غېرىبقا ساخاۋەتلىك مۇھەممەد...

ھەممەيلەن «يا مۇھەممەد!» دەپ ۋارقىراشتى. ئىسمايىل خوجا ئاۋۋالقى ئورنىغا كېلىپ چازانى قۇرۇپ ئولتۇردى. زىكىر ئەھلىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئولتۇردى. ئاندىن «ئالللا! ئالللا! ھۇ ئالللا!!!» دەپ ئۇزۇن ئاھ تارتىشتى. ھەممىسىنىڭ بېشى ئېگىلدى، قوللىرى قوشتۇرۇلدى. شۇ ئەلپازدا دەرۋىشلەر بىرنەچچە دەقىقە سۈكۈتكە چۆمدى. قۇتبىددىنمۇ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇنىڭ ئەتراپى ئاپئاق نۇرغا تولدى. ئۇ گويا ئۆزىنى ئاق كىگىزنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، كۈمۈش رەڭ تەختتە، ئەرشئەلادا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدى.

قائىدىگە ئاساسەن زىكىردىن كېيىن يەنە يەسسەۋىي ھېكمەتلىرى ئوقۇلاتتى، بۇ ئېغىر، ئويچان شېئىرلار ئارقىلىق يۈرەكلىرى

كۆتسە، ئەمدى بېيىتتىن بېيىتقىچە يەرنى تېپىپ، توختاۋسىز سىلكىنىشكە باشلىدى. قۇتبىددىنگە نۆۋەت كەلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ۋە كۈچلۈك ئىدى. قۇتبىددىن خۇددى باشقىلار بىلەن تېزلىكتە بەسلەشكەندەك غەزەلنىڭ بىر بېيىتىنى نەپەس ئالماي شارىلدىتىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

تەرىقەتكە رەھنەما ئىرادىلىك مۇھەممەد،
ھەقىقەتكە مۇقتىدا ئىجازەتلىك مۇھەممەد!

زىكىر ئەھلى ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھېسلارنى تىزگىنلىيەلمەي لەرزىگە چۈشتى. ئەمدى ئۇلار شېئىر ئېيتقۇچى ۋائىزنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمايتتى، ھەر قايسىسى ئۆزى بىلگىنىچە يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرايتتى، تېزلىك بىلەن تۆت تەرەپكە چايقى-لىپ، بىر - بىرىنى يىقىتىپ تاشلىغۇدەك ئەلپازدا ساماغا ئىلتىجا قىلاتتى:

يامانلىققا ياخشىلىق! ھە! ھۇ! ھە! ھۇ!
كارامەتلىك مۇھەممەد! ھە! ھۇ! ھە! ھۇ!
تەۋپىق بەرگەن زالىمغا! ھە! ھۇ! ھە! ھۇ!
جالالەتلىك مۇھەممەد! ھە! ھۇ! ھە! ھۇ!

سۈرئەت يەنە تېزلەشتى. زىكىر ئەھلى گېلى يىرتىلغۇدەك ھالەتتە ۋارقىرايتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ كەتكەن بولۇپ، كىگىزلەردىن ئاقۇچ توزان كۆتۈرۈلەتتى، ھەرىكەتنىڭ تېزلىكىدىن بەزى زىكىر ئەھلىنىڭ بېشىدىن قالپاقلىرى ئۇچۇپ كەتكەن ياكى بېلىدىكى پوتىلىرى يېشىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىراق، بۇ ئالەمدىن تامامەن مۇستەسنا بولغان دەرۋىشلەر ھېچ نەرسىنى بايقىمايتتى، ئۇلارنىڭ ئېڭى، ھېس - تۇيغۇسى قاياقلارغىدۇر، باشقا بىر ئالەمگە كۆچكەنىدى، ئۇلار ھازىر پەقەت پۈتى بىلەن

ئول دەريانىڭ مەۋجىدىن تەمە غەۋۋاس دۇر ئالماس،
جاندىن كېچىپ دۇر ئۈچۈن بەھر قەرىگە كىرسەممەن.

«يا پەلەك!»

خاجە ئەھمەدنىڭ خۇمىدا مۇھەببەتنىڭ شارابى،
ئاشىقلارغا شول مەيدىن مۇرادىنچە بەرسەممەن!

ئەتراپتىن «پىرىم» دېگەن خىتابلار ياڭرىدى. ھەزرەت دۇئاغا قول كۆتۈردى. خانىقا ھويلىسىغا يىغىلغان ئەھلى جامائەت، دەرۋىشلەر، خىزمەتكارلار ۋە باشقا خادىملار «ئامىن» دەپ قولىنى كۆتۈردى.

شەيخ يېنىك قوزغىلىپ، ھۇجرىسى تەرەپكە ماڭدى. زىكىر تامام بولغانىدى.

نىڭ تېپىرلىشى تېخىچە بېسىلمىغان دەرۋىشلەر پەسكويىغا چۈشەتتى. شەيخ قۇتبىددىنغا نەزەر سالدى. ئۇ سۆيۈملۈك شاگىرتىنىڭ قىرائىتىنى بەكمۇ خالايتتى.

— قۇتبىددىن، نەدىسىز؟

قۇتبىددىن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— ھېكمەت ئېيتىڭ، ئوغلۇم، — دېدى شەيخ. قۇتبىددىن پىرى نېمىنى يازغان بولسا ھەممىسىنى يادا بىلەتتى، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئۆزى سۆيىدىغان بىر ھېكمەتنى قىرائەت قىلىشقا باشلىدى:

ۋەھدەت خۇمى ئېچىلدى، مەيخانىگە كىرسەممەن،
بىر جام ئىچىپ شول مەيدىن، مەستۇ ھەيران بولسامەن.
ئۇشول مەينىڭ مەززىسى ئىچ - باغرىمنى قان قىلدى،
بېغىر قانىم ئاققوزۇپ، جانان سارى بارسام مەن.

ھاسىراشلىرى بېسىلاي دېگەن دەرۋىشلەر شېئىرنىڭ زوقىدىن، يا ياكى بۇ نەزمىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ھالەتلىرىگە ماس كەلگەنلىكىدىنمۇ «بەللى» دەپ قۇتبىددىننى ئالقىشلاپ قويدى.

ساقىي سۇندى ھەر نەپەس كەيپىياتنىڭ شارابىن،
سەرمەست بولۇپ ئۇشال دەم نالە، پەرياد ئۇرسامەن.

«بەرھەق! بەرھەق!»

ئىنسانىيەت ياقاسىن شەۋق ئاتەشى كۆيدۇردى،
ۋەھدانىيەت دەرياسىن ئۇشال دەمدە سۇرسەممەن.

«ۋادەرىخ! ۋادەرىخ!»

بولۇشقا ئىنتىزار بولاتتى. ئەۋلىيالار سەرۋەرى دەپ شۆھرەت تا-
جىنى كىيگەن بۇ ئاپئاق ساقاللىق، ئۆزىمۇ، كىيىم - كېچەكلىرى-
مۇ ئاددىي - ساددا، ئەمما تىلى ئۆتكۈر، سۆزى چوڭقۇر، ھۆكمى
قەتئىي شەيخىنىڭ مەجلىسلىرىدە تاڭ ئاتتۇرۇپ، كۈن پاتتۇرۇش
ئۇمىدىدە يۈرگەنلەر سان - ساناقسىز ئىدى. بىر ھەپتە داۋامىدا
شەيخ مىڭلاپ كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى، ئۇلارنىڭ يۈزلەپ
سوئالىغا جاۋاب بەردى. ئىلاھىي ئىشق، مۇشرىكلار، ساھابىلەر،
ئەھكامى ئىسلام، ئىرادە ۋە قۇدرەت، مۇستاپانىڭ سۈننىتى، زۇ-
ھۇد ۋە تەقۋا، دەرۋىشلىكنىڭ خاسىيىتى، خىلۋەتى شەرىئەت،
خىلۋەتى تەرىقەت، زىكىر - ساما شەرھلىرىنى سۆزلىدى. ئەمرد-
مەرۇپتىن ۋەز ئېيتىپ ھۆكۈمەت بىلەن ئاۋام خەلقنى ئىنساپقا،
تەۋپىققە ئۈندىدى.

بەس، ئەمدى سەپەر ۋاقتى بولۇپ قالدى، يول تەييارلىقىنى
كۆرمەك كېرەك. سۇنبۇلە ئېيى ئاخىرلاشماقتا، يول بولسا يې-
راق، سەمەرقەنتكە بارغۇچە مىزان ئېيىمۇ ئاخىرلىشىپ قالىدۇ.
تېخى ئالدىدا قەپپالى شاشى زىيارىتى، چۆل زەخمىتى تۇرۇپتۇ.
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سەمەرقەنتىكى غېرىب ھۇجرىسى، قىيامەتلىك
دوستى ئابدۇخالىق غىجدۇۋانىي سۆھبەتلىرى يەنە چۆللەر، باياۋان-
لار، شاۋقۇن - سۈرەنلىك شەھەرلەر ئېشىپ، يېتىپ بارىدىغان
مەنزىلى مەككەئى مۇكەررەمە گەۋدىلەندى. شەيخ چۈش كۆردى:
چۈشىگە خىزىر ئەلەيھىسسالام كىردى. گويا ئىككىسى ئىككى ئاق
تۆگىدە بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ كېتىۋاتارمىش. شۇ پەيت دوستى
ئابدۇخالىق پەيدا بولدى. ئۇ شەيخ مىنگەن تۆگىنىڭ بويۇنتۇرۇقى-
دىن تۇتۇپ: «دوستۇم، سىزنىڭ قىبلىڭىز تۈركىستاندىدۇر.
دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن توقسان توققۇز مىڭ غاپىلنىڭ كۆزىنى
ئېچىپ، كۆڭلىگە ئىلاھىي ئىشق نۇرىنى سالدىڭىز، جايىڭىز جەن-
نەتنىڭ تۆرىدىدۇر» دەرمىش.

خىيال ئۇممانىدا يېتىپ شەيخىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن،
دەرھال ئېسىگە كېلىپ قاتتىق ياستۇقتىن بېشىنى ئالدى. ماي

# 11. ئىككى قالتىس سوئال

ئادەمنى قۇچاقلاپ ئۆلتۈرسىمۇ بولىدۇ.

— شەرق ھېكمىتى

بىر ھەپتىدىن بېرى شەيخ ئىسپىجاپتا تۇردى. بۇ جەننەت
ماكان مەنزىلدىن زادى كۆڭۈل ئۈزۈپ كەتكۈسى كەلمىدى. تۇغۇل-
غان يېرىگىنىڭ تۇپرىقى زەر، تىكىنى گۈل، سۈيى بالدەك تاتلىق
بولار ئىكەن. شەيخ ئۆتكەن ھەپتە ئىچىدە ئەتراپقا سەيلىگە چىقتى،
يىراق ئاۋۇللارغا باردى. ئاقسۇ بويلىرىدا، قارامۇرت، كۆكبۇلاق
كەنتلىرىدە ئەل - ئۇلۇسنىڭ داستىخىنىدىن تۇز تېتىدى، ئەزىز
ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ مەقبەرىلىرىنى زىيارەت قىلدى. ھەزرەت
قاياقىلا بارسا «كۆڭلى سۇنۇق خالايىق» نىڭ دەردىگە قۇلاق سې-
لىشنى، قولىدىن كەلمىسە، تىلى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇشكۇلىنى
ئاسان قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى. يەتتە كۈندىن بېرى بامداتتىن
خۇپتەنگىچە خانىقادىن زىيارەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. راباتى-
تىن كەلگەن چاكارلار، مەدرىسە تالىپلىرى، مۇدەررىسلەر، سودى-
گەرلەر، كەنت ئاقساقاللىرى، قەلەندەرلەر، بالاساغۇندىن رۇسىيە
تەرەپكە كېتىۋاتقان سەيياھلار، كۆچمەنچى مالچىلار، يا مۇسۇل-
مان، يا ناسارا بولالماي ئاسارەتتە قالغان مەجۇسىلەر، ئىشقىلىپ،
مۇشۇ زەڭگەر ئاسماننىڭ ئاستىدا ئاخىرەتنىڭ قورالىنى گاھ تې-
پىپ، گاھ يوقىتىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شەيخۇل
ماشايىخنىڭ دەرگاھىغا ئىنتىلەتتى، ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن

— ھەزرىتىم، كەمىنىنى بىر مەسىلە قىيىناۋاتىدۇ. ئاياندۇر-كى، يەسسەۋىيلىك تەرىقىتى شەرىئەتنى ئىنكار قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا تايىنىدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە مۇتلەق بويسۇنىدۇ، توغرىمۇ؟

شەيخ تەستىق تەرزىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنداق بولسا، جانابلىرى بىر ھېكمەت ئېيتىپسىز، ئۇنىڭدا «پوستى ئىمان — شەرىئەتتۇر، مېغىزى تەرىق» دەپسىز. شەرىئەت ئىسلامنىڭ بىر پوستى، تەرىقەت بولسا مېغىزىمۇ، شەرىئەتسىز تەرىقەت بولامدۇ؟ جانابلىرى يەسسەۋىيلىك تەرىقىتىنى ئاللاتائالا ۋە تابارەك سۆزلىرىگە خىلاپ قىلىپ قويمىغاندۇر دەپ ئەنسىرەيمەن.

ئەھلى ئۆلىما «ئەمدى ھالىڭ قىيىن بولدى، شەيخ» دېگەندەك ھەزرەت تەرەپكە غالىبلارچە قاراپ قويدى. شەيخ ئادىتى بويىچە كىچىككىنە كىنايە ئارىلاش جاۋاب بەردى:

— سىز شەرىئەت بىلەن تەرىقەت ئارىسىدا ئىختىلاپ تاپتىم، دەپ خۇشال بولماڭ. ئەكسىچە مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە نېمە ئۈچۈن پوستى بىلەن مېغىزىنىڭ پەرقىنى بىلمىدىم، دەپ قورقۇڭ. قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن مەقسەت نېمە؟ مۇبارەك ئايەتلەرنى جاھىللارچە ۋارقىراپ ئوقۇشمۇ ۋە ياكى مەنىسىنى بىلىشمۇ؟ ئەلۋەتتە مەنىسىنى بىلىشتۇر. ئىبادەتتىن مۇددىئا نېمىدۇر؟ شۇنچىكى ئولتۇرۇپ - قوپۇپ سەجدە قىلماقمۇ ۋە ياكى ھەقنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئارزۇسىمۇ؟ ئىنشائاللا، ھەقنىڭ ۋەسلىگە يېتىشتۇر.

شەيخ داستىخاندىن بىر ئانارنى ئېلىپ ئىشانغا كۆرسەتتى:

— بۇ نېمە؟

— ئانار، تەقسىر.

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟

— پوستى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

— بەللى! دېمەك، سىز ئانارنى پوستىغا قاراپ تونۇدىڭىز. ئەمما تېخى ماھىيىتىگە يەتمىدىڭىز. بۇنىڭ ئۈچۈن مانا شۇ پوستى-

قەغىزى يىپپىشتۇرۇلغان كىچىككىنە دېرىزىگە قاراپ قويدى. ھويلىدىن ئاپتاپ يوقىلىپتۇ، ناماز دىگەر ۋاقتى بوپتۇ. ھۇجرىنىڭ بۇرجىكىدە سۇلايمان ئولتۇرۇپتۇ، تىزىدا قەغەز، قولىدا قەلەم. ئۇمۇ خىيال ئۇممانىغا غەرق بولغان ئوخشايدۇ، شەيخنىڭ شەپىسىنىمۇ سەزمىدى. سۇلايماننىڭ كۆز ئالدىدىن بۈگۈنكى سۆھبەت كەتمىدى. نەچچە يىللاردىن بېرى ئۇ ھەزرەتنىڭ سادىق مەھرىمى بولۇپ كەلدى، تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ كەينىدە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرۈپتۇ، ئاچچىق - چۈچۈكنى بىرگە تېتىدى، دوستىنى دوستۇم، رەقىبىنى رەقىبىم دېدى، يۈزلەپ سۆھبەتلەرگە قاتناشتى. ئەمما، بۈگۈنكى سۆھبەت بارلىق مۇنازىرىلەرنىڭ گۈلتاجى بولدى. ئىسپەجاپنىڭ ئەڭ ئۇلۇغۋار مەسچىتى — مەسچىتى قاراخانىيغا ئادەم سىغماي قالدى. جۈمە بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن تۆت ئەتىراپتىن خالايىق توپلانغانىدى. بامدات نامىزىدىن تا پېشىنغىچە كېمىدە ئالتە - يەتتە سائەت ئۈزۈلمەي ۋەز، مۇزاكىرە، بەھس - مۇنازىرە داۋام قىلدى. سۆھبەتتە شەيخكە ئىرادە باغلىغانلار كۆپ ئىدى، ئەمما شەيخنى ياقلىمايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئاساسەن ئەركانى دىن، شەرىئەت ھۆكمىدىن باشقىسىنى تەن ئالمايدىغان، قۇرئان ئوقۇپ مەنىسىنى ئۇقمايدىغان، ئايەتلەردە پۈتۈلگەن ئىشارەتلەرگە ئەقلى يەتمەيدىغان ئەقىل كۆزى كور ئۆلىمالار ئىدى. ھەزرەت ئۇلارنى قۇرئان تەپسىرى بىلەن، ئىسمايىل ئەل بۇخارىدەك ئۇلۇغ ھەدىسشۇناسلارنىڭ شەرھى بىلەن مات قىلدى. سۇلايمان ياقىسىنى چىشلىدى. شەيخ قۇرئاننىلا ئەمەس، بەلكى ھېكمەتلەردىن ئىبارەت بولغان تېرمىزىي، بەيھەقىي، ئىبنى ھېببال دارىمىي كەبى ھەدىسشۇناس پىرلارنىڭ ئىنشالىرىنىمۇ ياد بىلىدىكەن.

سۇلايماننىڭ خاتىرىسىگە ئىككى قالتىس سوئال ۋە ئۇنىڭ جاۋابى مىختەك ئورنىشىپ كەتتى. سۆھبەت ئەۋجىگە چىقىپ، سۇلتانۇل ئارىپىننىڭ رەقىبلىرى ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىغان پەيتتە، قايسىبىر ئىشان شەيخكە مۇراجىئەت قىلدى:

تۇرلۇك - تۈمەن مېۋىلەر پىشىپ يېتىپتۇ، ئابىكەۋسەر ئېقىپ تۇرۇپتۇ، ئاللانىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولغان مۆمىنلەر مېۋىلەرنى تويغۇچە يەپ، راھەت - پاراغەتتە ياشايدۇ. ئەمما، يېمەكنىڭ قوسىقى بار دېگەن گەپ بار. لەك - لەك ئىنسان داۋاملىق يەپ - ئىچسە، ئىلاھا، ئاسىي بەندەڭنى ئۆزۈڭ كەچۈرگىن، قورسىقىنى بوشاتقىلى بىرەر جايغا بارمىسا، بۇ نېچۇك ھالدۇر، پىرىم؟ مۇبادا بىزدىن ئەدەپسىزلىك ئۆتكەن بولسا مەيلى، جاۋاب بەرمىسىڭىزمۇ رازىمىز. مەسچىت ئەھلى بۇ سوئالنىڭ يېشىمىنى شەيخۇل ماشايىخ بەرسە ئەجەب ئەمەس، دەپ مېنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. سوئالىم ئەدەپتىن چەتلەپ كەتكەن بولسا، قايتۇرۇۋالدىمەن، پىرىم...

كىشىلەر ئارىسىدا گۇدۇڭ - گۇدۇڭ باشلاندى، كىمدۇر ئاۋازىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «بىئەدەپ» دەپ ۋارقىرىدى. شەيخكە يېقىنراق، تۆردە كېرىلىپ ئولتۇرغان ئەشرەپخان قازى يېنىدىكى كىشىنى تۇرتۇپ كۆزىنى قىستى: «بۇ سوئالغا مۇسا بىلەن ئەيسا تىرىلىپ كەلسىمۇ جاۋاب بېرەلمەس». سۇلايمان ئەندىشىگە چۈشتى. ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى شەيخنىڭ كەينىدە يۈرۈپ نۇرغۇن سۆھبەتلەرگە قاتناشتى، ئەمما بۇنداق كۆتۈلمىگەن، بىر قاراشتا پەردىشەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، شۇنداقتىمۇ ئىنساننى ئىككىلا دۇنيادا سىرىنى بىلىشكە ئۈندەيدىغان بۇنداق مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا تاشلانغانلىقىنى بىلمەيتتى.

شەيخ قولىنى كۆتۈردى، ئەتراپ تىمتاس جىمىدى.

— بىلمىگەن نەرسىنى تەھقىقلەپ بىلىۋېلىش بىئەدەپلىك ھېسابلانمايدۇ، ئەكسىچە شەكىلدىكى ئەدەپ يۈزىسىدىن سورىماي جاھىل پېتى قالغان ئۇياتتۇر. ئەتراپىڭلارغا بېقىپ مۇشاھىدە قىلىڭلار. شۇنداقلا خۇداۋەندە كەرىمنىڭ قۇدرىتىگە قايىل بولىسىلەر. توققۇز پەلەك، يەتتە ئىقلىم، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، زېمىن، ھايۋانات ۋە جىمىكى مەۋجۇدات ئالەمنىڭ ساھىبى نۇرغۇن مۆجىزاتلارنى ياراتمىش. ئىككى تاشنى بىر - بىرىگە ئۇرسىڭىز ئوت

نىڭ ئىچىدىكى پىنھان دانىنى تېتىپ كۆرۈش لازىمدۇر. شۇندىلا سىز ئانارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىز. شەرىئەت مىسالى ئىسلامنىڭ پوستى، سۈرىتى، تەرىقەت بولسا دانىسى، ماھىيىتى. ئانارنىڭ پوستىنى ئۇنىڭ دېنىسىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمىغاندەك، شەرىئەتنىمۇ تەرىقەتسىز بىلىپ بولمايدۇ. نۇرغۇن نادان ئالىملار مانا شۇ مىسالنىڭ پەرقىنى بىلمەي لاپ ئۇرىدۇ. ھەقنىڭ دىدارى ئانار دانىسىدەك يوشۇرۇن، ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا ئانارنىڭ پوس-تىغا ئوخشايدۇ، يەنى شەرىئەت بولۇپ يۈز كۆرسىتىدۇ. يالغۇز شەرىئەت ئەھكامىغا تايىنىپ ئارزۇغا يەتمەك مۇشكۇلدۇر. ھەقىقەت-نىڭ ئىشىكىنى ئىلمى قال[1] ئەمەس، ئىلمى ھال[2] ئاچقۇسىدۇر. پەيغەمبىرى مۇرسەل جانابلىرىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يادىڭىزغا ئې-لىڭ. ئۇنىڭدا، نېمىلا ئاڭلىغان بولسام — شەرىئەتتۇر، قىلغان ئەمەللىرىم بولسا تەرىقەتتىمدۇر، ھەقىقەت مېنىڭ روھىي ھالىتىم-دۇر دېيىلگەن. دەرەخنىڭ كۆركى شاخ، پۇتاقلىرىدا، ياپرىقىدا. ئەمما، سىز ئىشان جانابلىرى، دەرەخنىڭ سايىسىدە ئولتۇرغىنى-ڭىزدا ئۇشبۇ دەرەخنىڭ نوقۇتتەك ئۇرۇقتىن كۆكىرىپ چىققانلى-قىنى يادىڭىزدىن چىقارماڭ، ياپراق بىرلە پۇتاققا ھايات ئاتا قىلىپ تۇرغان يىلتىز مۇتىبەردۇر. تەرىقەت ئەنە شۇ يىلتىزدۇر، شەرى-ئەت بولسا ياپراقتۇر.

ئىشان تەنبىھ ئاڭلىغان تالىپتەك تىلىنى چىشلىدى، «قۇل-لۇق، تەقسىر» دەپ قولىنى كۆكسىگە قويدى. تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان مەللە تونلۇق بىر كىشى قولىنى كۆتۈرۈپ ئىجازەت سورىدى:

— سۇلتانىم، بىر سوئالىم بار ئىدى، بىئەدەپلىك بولسا ئەپۇ قىلىڭ. كەمىنىڭىز مەسچىتتە ئىمام خاتىپتۇرمەن. مېنى بىر سوئال قىينايدۇ. مۇپتى جانابلىرىدىن سورىدىم، ئەمما جاۋابى تېپىلمىدى. ئۇ نېمە سوئال دېسىڭىز، پىرىم، جەننەتتە

[1] ئىلمى قال — مەدرىسە ئىلمى ياكى دۇنياۋى ئىلىم.
[2] ئىلمى ھال — سوپىلارغا خاس ئىلىم.

ئىشكنى ئاستا يېپىپ هويلىغا چىقتى. خىلۋەترەك يەر ئىزدەپ، ئۈجمىنىڭ ئاستىغا بېرىپ ئولتۇردى. كۆزلىرىنى يۇمدى، خىيالىدا هازىرلا ئاياغلاشقان سۆهبەت جانلاندى. ئۇ ئىلتىجا، سىناق، زوق بىلەن يانغان قارا كۆزلەرنى يەنە كۆرگەندەك بولدى، بېشى غوڭۇلداپ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ كەتتى. بەئەينى تۇنجى قېتىم پىرىنىڭ ئالدىدا ئىمتىهان بېرىۋاتقان كۈنىدىكىدەك بەدىنى قىزىدى. سۇلايمان ئويغاق هالدا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. سۆهبەت ئەھلى يەردە، شەيخ بولسا تورۇسقا يېقىن يوغان، ئاپئاق كۇرسىدا ئولتۇرغانمىش. ئادەملەر تۆپىگە قاراپ سوئال بېرەرمىش، شەيخ يېنىدىن ئالىقانچىلىك قەغەزلەرنى ئېلىپ پەسكە تاشلارمىش. قەغەز پەسكە چۈشكەندىن كېيىن ئادەملەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا ئىنتىلەر، ئۇنى تېز ـ تېز ئوقۇپ ئۆز ئارا مۇنازىرىگە كىرىشىپ كېتەرمىش، تۇرقى، چاچ ـ ساقىلى كۆرۈنمەيدىغان بىر كۆلەڭگە ئۇستىگە بېقىپ نېمىنىدۇر سورارمىش، شەيخ جاۋاب ئورنىغا پەيدەك يېنىك قەغەزنى تاشلاپ، قاپىقىنى سىلىپ ئولتۇرارمىش.

سۇلايمان ئويغا چۆمدى. «بىكارغا قۇتبۇل ئەقتاب دېمەيدۇ هەزرەتنى. ئۇ ئىككى دۇنيانىڭ ئىلمۇ هېكمىتىنى سۇ كەبى ئىچىپ يۇرۇپتۇ. ئۇ كىشىدىكى ئىلمىنىڭ ئەقەللىيسى يۇزدىن بىرى بىزدىمۇ بولسىچۇ؟ ئاللا سۆيگەن بەندىسىنى زىيادە قىلىپ يارىتاركەن».

سۇلايماننىڭ خىيالى يىراق ئۆتمۇشكە كۆچتى. سەمەرقەنتتىمۇ، بۇخارادىمۇ، ئېنىق ئېسىدە يوق، ئېهتىمال بۇخارا... غىجدۇۋانىينىڭ ئاۋات باغلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شەيخ دوستى ئابدۇخالىقنىڭكىگە مېهمانغا بارغانىدى. سۇلايمان ئۇ چاغلاردا ياش ئىدى. ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ، ئون بەش ـ ئون ئالتىلەرگە قەدەم قويغان چاغلار ئىدى. باهارنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، ئالمىلار چېچەكلىگەنىدى. باغدا ئادەم كۆپ بولۇپ، سۆهبەت قىزىپ كەتكەنىدى. باغ چىرايلىق، ئەتراپ تىپتىنچ ئىدى. بىر چاغدا شەيخ ئالدىغا غەمكىن قاراپ تۇردى ـ دە: «قاراڭ، ئالمىلارنىڭ چېچىكى

پەيدا بولۇر، ئەمما ئىككى كېسەكنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن ئوت چىقماس. نېمە ئۈچۈن گۆھەردەك بىر قەترە بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئىنسان قىياپىتىگە كىرىدۇ؟ بۇ قانداق مۆجىزە، بۇرادەرلەر؟ مۇشۇكياپىلاقنىڭ كۆزى كور، ئەمما كېچىدە ئاداشماي ئۇچىدۇ. بۇ جاندارەتنىڭ جەسۇر پەرۋازىنى كۆرۈپ ياقىڭىزنى چىشلىمەي ئامالىڭىز يوق. ئۇنىڭ سىرىنى يۈز ئەللامە بىرلىشىپ تاپالىغايمۇ؟ ئاللا تائالا بىر ئايىتىدە «ئۆلۈكتىن تىرىك ياراتقايمەن، تىرىكتىن ئۆلۈك» دېگەن. توخۇنىڭ باغرىدىن جانسىز تۇخۇم چۈشىدۇ، بۇ جانسىز تۇخۇم پەرۋەردىگارنىڭ ئىنايىتى بىلەن تىرىككە ئايلىنىپ يورۇق دۇنيانى كېزىدۇ. مۇشۇنداق مۇئەممانى كىم يېشىدۇ؟ خوش، خاتىپ، سىزنىڭ جېنىڭىزنى كۆيدۈرگەن سوئالغا كەمىنىمۇ سوئال بىرلە جاۋاب بەرگەيمەن.

كىشىلەر نەپەسلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ جىم بولۇپ قالدى. شەيخ غەمكىن، ئويچان كۆزلىرىنى خاتىپقا تىكىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھامىلە ئانىنىڭ قورسىقىدا توققۇز ئاي ياتىدۇ. بۇ توققۇز ئاي ئىچىدە ئانىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن قۇۋۋەت ئالىدۇ، ئەمما ئالغان نېسىۋىنى ھېچقاياققا چىقارمايدۇ. بەدەنگە زەررىمۇ زەررە ئۇزلۇكسىز ئۆتۈپ تۇرغان يېمىشنىڭ گۆدەكنىڭ جىسمىدىن ئايرىلماسلىقىدىكى سىر نېمە؟ مۇشۇ ھەقتە ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ ئويلىغان بىلەن بۇ كەشپىياتقا ئادەم بالىسىنىڭ ئەقلى يەتكەيمۇ؟

شەيخنىڭ ئېغىر ـ بېسىق، لېكىن كۈچلۈك ۋە ئىھتىراسلىق دەلىللىرىدىن سۆھبەت ئەھلى قانائەت ھاسىل قىلغاندەك ئىدى. خاتىپ تىزلىنىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى:

— ئىككى دۇنيا رەھمىتىگە سازاۋەر بولۇڭ، پىرىم. مەسچىتىمىزدىكى جامائەتنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى يورۇق قىلدىڭىز، ياراتقان ئىگەمنىڭ ھوزۇرىدا يۈزىڭىز يورۇق بولغاي.

سۆھبەت ئاخىرلاشتى. شەيخ بىلەن سۇلايمان خانىقادىكى ھوجرىلىرىغا قايتتى. شەيخ ئارام ئېلىش ئۈچۈن يانپاشلىدى. سۇلايمان

لىكلەر، ھەرخىل ئۇچرىشىشلار، قارلۇق يىگىت بىلەن، تەكەببۇر روكنىددىن بىلەن ئۇچرىشىش، زىكىر ۋە بوگونكى ئۆلىمالار سۆھبىتىدىكى تەسىراتلار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى مۇستەھكەملىدى. نەتىجىدە شېئىر يېزىشنى جەزم قىلدى. ئۇجىمىنىڭ تېگىدە، جىمجىت مۇھىتتا، سالقىن ھاۋا، يېقىملىق شامالنىڭ پەيزىدە خىيالغا شۇڭغۇدى. دىلىغا تەسىۋى دانىسىدەك تىزىلىپ شەيخىنىڭ تەۋسىپى كېلىشكە باشلىدى...

سۇلايمان ھامان خىيال سۇرۇپ ئولتۇراتتى. توساتتىن تەرتىپسىز، خىرە سۆزلەرگە جان كىردى. سۇلايماننىڭ مېھرى جۇش ئۇرۇپ، سۆزلەر مىسرالارغا تىزىلدى. ئېتىقاد، ئېھتىرام تۇيغۇسى يالقۇنلىنىپ، تىنىق، ئويناق جىلغىدەك كۆكۆل بوستانىنى ئابھايات بىلەن سۇغىرىپ تىلىغا كۆچتى، بىر- بىرىگە جىپسىلاشقان، جاراڭلىق سۆزلەر گۆھەر كەبى تىزىلىپ كېلىشكە باشلىدى...

باقسا كەبە كۆرۈنگەي، باسسا يوللار تۇرۇلگەي،
«لام» دەك ئىلمى ئۇيۇلغان شەيخىم ئەھمەد يەسسەۋىي.

بىرىنچى بېيىت خۇددى ئېقىن سۇدەك ئىككىنچى ئېقىننى باشلاپ كەلدى:

ئەسلىي ئېرۇر خانىدان، بىلمەس ئانى كۆپ نادان،
بىلۇر ئانى ھەق يەزدان، شەيخىم ئەھمەد يەسسەۋىي.

سۇلايمان ئالدىراپ قويىنىغا قول سالدى. ئالىقانىدەك بىر تەخلەم قەغەزنى ئېلىپ دۇگىلەك تاشقەلەمنى چىقاردى. گويا دىلىدىن قۇيۇلۇپ كېلىۋاتقان سۆزلەر ئېسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك، قەغەزنى تىزىغا قويۇپ يېزىشقا باشلىدى:

تۆكۈلۈش ئالدىدا، ئەمدى نۆۋەت مېۋىگە كەلدى» دېدى ئاستا. دەل شۇ چاغدا ئالمىلار يېنىك چايقالدى، كېيىن تېز ـ تېز تەۋرەندى ۋە چېچەكلەر شارىلداپ تۆكۈلدى. سۆھبەت ئەھلى ھەيران بولۇپ بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى. گويا ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك نازاكەت بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا تولغىنىۋاتقان نوتىلاردىن كۆز ئۈزەلمەي قالدى. شەيخ: «توۋا، بۇ دەرەخـلەرگـە نېمە بولدى، بىراۋ ئۇ- نىڭـغا تەۋرەن دەپتۇمۇ» دېدى. شۇ زامان دەرەخلەر چايقىلىشتىن توختىدى.

سۇلايمان شەيخنىڭ كارامىتىنى تۇنجى قېتىم ئەنە شۇ غىجدۇ- ۋانىي بېغىدا كۆرگەنىدى. ئەسلىدە ھەزرەت ئۆزىنى ئىمكانقەدەر ئەلنىڭ نەزىرىدىن يىراقراق تۇتۇشقا ئۇرۇناتتى، كارامەتلىرىنى ئاشكارىلاشتىن كۆرە پىنھان ساقلاشنى ئەۋزەل بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلايمان پىرىنىڭ كارامەتلىرىدىن ئانچە خەۋەردار ئەمەس ئىدى. سوپى دانىشمەنىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ھەزرەت بىر قېتىم خوراسانلىق ئەللامىلەر بىلەن بەسلىشىپ سۇ ئۈستىگە جايناماز سېلىپتۇ ۋە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى خوراسان- لىق ئۆلىمالار پىرغا قۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ...

سۇلايماننىڭ ۋۇجۇدىنى نەزمە شەۋقى چۇلغىدى. كۆپ يىللار- دىن بېرى ئۇنىڭ دىلىدا ئوتلۇق بىر ئارمان ياشايدۇ. ئۇسمۇرلۇك، بەلكى بالىلىقىدىن باشلاپ شەپقەتلىك ئاتىدەك ئۆزىگە مېھىر بېرىپ كېلىۋاتقان مۇرەببىيسى، رەھنەماسى ھەزرىتى سۇلتاننىڭ شەنىگە بىر مەدھىيە يازماقچى بولاتتى. دەسلەپتە تەرىپىنى قىلالمىسام كېرەك، دەپ ئەنسىرىدى، كېيىن شەيختىن ھېيىقتى. شەيخ ئۆزى- نى ماختىغان كىشىنى ياقتۇرمايتتى، ئومۇمەن ھەزرەت قەلبىنىڭ تېگىدىكى ھېسلارنى ئاشكارا قىلىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. بۇنى سۇلايمانمۇ ياخشى بىلەتتى... لېكىن نېمە ئامال؟ دەرەختىكى مېۋە پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن ئۇنى شېخىدا ساقلاش قىيىن ئىكەن. سۇلايمان ئۆزى ئۈچۈن، كۆڭۈل ئېھتىياجى ئۈچۈن بىر شېئىر يازغۇسى كېلەتتى. كەبە سەپىرىدىكى خۇشاللىقلار ۋە كۆڭۈلسىز-

خىزىر بىرلە سۆھبەتلىك، ئىلياس بىرلە ئۇلپەتلىك،
ھەق قېشىدا ھۆرمەتلىك شەيخىم ئەھمەد يەسسەۋىي.
تۈركىستانغا بارايلى، خىزمىتىدە بولايلى،
ئۇلۇش بەرسە ئالايلى شەيخىم ئەھمەد يەسسەۋىي.

سۇلايمان شېئىرغا بابا ماچىنىنىڭ ئىسمىنىمۇ قوشتى: «شەيخ كايىپ قالسا بابا ماچىن ئىككىمىز تەڭ ئۇستىمىزگە ئالىمىز. ناننىڭ پۈتۈنى، كالتەكنىڭ يېرىمى ياخشى».

بابا ماچىن ئۇل سۇلتان مۇرىد بولدى بىگۇمان،
ھېكىم خوجا سۇلايمان، شەيخىم ئەھمەد يەسسەۋىي.

سۇلايمان قەلب زىكرىگە چۆمگەن دەرۋىشتەك شېئىرنىڭ شەۋقىدىن مەست بولۇپ خېلىغىچە ئولتۇردى. يۈرىكىنىڭ ئۇرۇشلىرى بېسىلدى، بەدىنى سوۋۇغاندەك بولدى، ئەتراپقا باقتى. ئۆجىنىنىڭ سايىسى سوزۇلۇپ نامازدىگەردىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى، ھۇجرا تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئىشىكتە چۆگۈن كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان شەيخكە دۇچ كەلدى، ئۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ شەيخكە يول بەردى، كېيىن دەرھال ئىچكىرىگە كىرىپ، چويۈن چۆگۈننى ئالدى ـ دە، شەيخنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

يەسسى سۈيىن ئارىسى، ياتار جىگەر پارىسى،
ماشايىخلار سەرەسى شەيخىم ئەھمەد يەسسەۋي.
قارچىغىنى قاشلىغان، شۇڭقار، لاچىن ئۈشلىغان،
سانسىز مۇرىت باشلىغان شەيخىم ئەھمەد يەسسەۋي.

ئۇ قەلىمىنى چىشلەپ ئويلىنىپ قالدى. مۇرىت سۆزى تەرىقەتكە تۈرتكە بولدى. يەنە قەغەزنىڭ ئۈستىدە قەلەم يورغىلاشقا باشلىدى:

شەرىئىتى ئارەستە، تەرىقىتى پەيۋەستە،
ھەقىقىتى شايىستە، شەيخىم ئەھمەد يەسسەۋي.

خوش، تەرىقىتى پەيۋەستە ئىكەن، سۈلكى تۈركىي دەپ ئاتالمىشى بۇ تەرىقەتكە كىملەر كىرمىدى؟ بۇ تەرىپى بالاساغۇن، ئۇ تەرىپى ئاق ئىدىل بويلىرىدىن نىشاپۇرغىچە، ئۆزگەندىن پەركەتۇ، قۇمكەنت، قارقاراغىچە مۇرىتلار بىھېساب ئەمەسمۇ؟ شۇنداق ئىكەن نەزمىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ بولغاي:

كۈن تۇغقاندىن پاتارغا، تەرسا، جوھوت، تاتارغا،
قۇللۇق قىلىپ ساتارغا، شەيخىم ئەھمەد يەسسەۋي.
ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە، ئېتى مەشھۇر كالامدا،
ئورنى دارۇسسالامدا، شەيخىم ئەھمەد يەسسەۋي.

سۇلايماننىڭ ئويىچە مەدھىيە سوزۇلۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. دەرۋەقە، ئاشىق ئۆز ئىشقىنى ئېيتىپ تۈگىتەلەمدۇ؟ ئەمما نەزمىنىڭمۇ قائىدىسى بار، بېشى بىلەن ئاخىرىنىڭ ئارىسى مۇساپىرنىڭ يولىدەك تۈگىمەس ئەمەس، ئۇ ئايەت كەبى مىزانغا ئىگە بولۇشى لازىم ئىدى. كۆپ گەپ ئېشەككە يۈك دېيىلىدۇ.

ياخشى بولسا ئىشىنى» دەپ قورسىقىنى كەڭ تۇتاتتى.
مانا بۇگۈنمۇ كەچتە ئەھلى سۆھبەت يوغان دەرەخنىڭ تىگىدە جەم بولدى. كۆرپىلەردە چازانى قورۇپ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن، بۇگۈنكى سۆھبەتتىن، ئەتە ئۆتۈپ، ئىندىنلىققا يولغا چىقىدىغانلىقىدىن سۆزلىشەتتى. ئەشرەپخان قازى شەيخنىڭ كۆڭلىنى ئىرىتىپ، گۇمانلىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى:
— سۇلتانىم، بۇگۈنكى سۆھبەتنى ئويلىسام، بېشىم قايىدۇ. كۆن بويى ئويلىدىم. دەرھەقىقەت، تۇخۇم قانداق بىر قۇدرەت بىلەن بۇركۇت شەكلىگە كىرىدۇ؟ مانا بۇ ئالىمنىڭ ئىچىنى ئاق، قىزىلنى قىزىل قىلىپ كىم رەڭ بېرىدۇ؟ ئەقلىم ھەيران. كەمىنە بۇگۈنكى سۆھبەتلىرىڭىزدىن بەھرىمەن بولۇپ، گويا قايتىدىن تەلىم ئالغاندەك بولدۇم. ئەپسۇسكى، جانابلىرىنىڭ بايانلىرىنى بىر ئەقىللىق كاتىپ مەخسۇس دەپتەر قىلىپ يېزىۋالمىدى. تالىپلارغا ئۆزلىرى ئېيتقاندەك دەپتىرى سانى بولۇپ قالار ئىدى...
بىراۋ ماختىسا شەيخنىڭ قاپاقلىرى سىلىنىپ كېتەتتى. ماختىغۇچى گويا ئۇنى ماختاش ئارقىلىق ئاتايىن يولدىن ئازدۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. توغرا، شەيخ رىياكارلىق بىلەن ساداقەتنىڭ پەرقىنى ئاللىقاچان سېزىپ بولدى، دوستىنىڭ تىلىكىنى دۇشمىنىنىڭ سۆزىدىن پەرقلەندۇرۇشنى بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، قازىنىڭ ماختاشلىرى ئۇنىڭ غەشلىكىنى كەلتۇردى.
— قازى، سىز باغنى كۆرۈپ، باغۋەننى يادىڭىزدىن چىقاردىڭىز، — دېدى قاپىقىنى تۈرۈپ، — مەدھىيىنىڭ كىمگە يارىشىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىز، «تەكەببۇرنى ئاللا ياقتۇرمايدۇ» دېگەن ھەدىستىنمۇ خەۋىرىڭىز بار ۋە لېكىن...
— شەيخىم، كەمىنە زىكىرگە قاتناشقان دەرۋىشلەرنىڭ دىلىدىكىنى ئېيتتىم، خالاس...
— گېپىڭىزگە شەك كەلتۇرمەك ئىمانىڭىزغا چاڭ سېلىش بىلەن باراۋەردۇر. سەۋر قىلىپ گەپكە قۇلاق سېلىڭ. شۇنداق

# 12. سارى سالتۇقنىڭ سالىمى

ھەقتىن ئىنگەن شەربەتنى ئىچتۇق، ئەلھەمدۇلىللاھ،
شۇل قۇدرەت دېڭىزىدا قۇچتۇق، ئەلھەمدۇلىللاھ.
قۇرۇق ئىدۇق، ياش بولدۇق، ئاياغ ئىدۇق، باش بولدۇق،
ھاۋالاندۇق، قۇش بولدۇق، ئۇچتۇق، ئەلھەمدۇلىللاھ.

— يۇنۇس ئەمرە

خانىقا ھويلىسىغا قاراڭغۇ چۈشتى، ھويلا بوگۇنمۇ ئادەتتىكى-دەك رەتلىك، سالقىن، سۆھبەت ئۈچۈن ئاراملىق ئىدى. شەيخكە ھەمراھ بولۇپ مەككىگە كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇساپىرخا-نىلاردا قونغان بولۇپ، نەچچە كۈندىن بېرى زىكرى كەبىر تەمەسىدە يۈرگەن دەرۋىشلەرنىڭ بىر قىسمى يەنە ئۇترار بىلەن يەسسىگە قايتقان، بىر قىسمى ئىسپىجاپنىڭ كەنتلىرىگە چىقىپ كەتكەنىدى. خانىقادا شەيخنىڭ دائىملىق ھەمراھلىرى سۇلايمان، بابا ماچىن، قۇتبىددىن بار ئىدى. ئەشرەپخان قازى ئەتىگەندە كېلىپ ناماز شامدىن كېيىن يەنە مۇساپىرخانىغا كېتەتتى. ئۇ ئىمكانقەدەر ئۆزى-نى شەيخكە يېقىن تۇتۇشقا ئۇرۇناتتى، سەمەرقەنتتە قانداق ۋەقە-لەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن بىخەۋەر ھالەتتە ئۆزىنى ھەزرەتنىڭ سادىق سۆھبەتدىشى، ھەتتا مەسلەكدىشى قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولاتتى. شەيخ ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئاللىقاچان سەزگەن، ئەمما بىلمىگەنگە سالغانىدى، «شۇنداق ئادەملەر باركى، ئالدىغا سۇركىلىپ كەلگەن ئىتنىمۇ بېشىنى سىلايدۇ. مەيلى، يامان بولسا بېشىنى يەيدۇ،

قازىكالاننىڭ بىر ئىغىز تاتلىق گېپىگە شۇنچە مالامەت كەلدى، مۇبادا بۇ شېئىرنى ئوقۇسام، شەيخنىڭ غەزىپى كېلىشى تۇرغانلا گەپ. بولدى، كۆرسەتمەيمەن».

شەيخ پىيالىدىكى چايدىن ئوتلاپ گېلىنى نەمدىدى. شۇ چاغدا ئىشىكتە بىر مۇساپىر كۆرۈندى. ئۇنىڭ بېشىدا ئۇچلۇق قىزىل قالپاق، بېلىدە قوش بەلباغ بار ئىدى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۈچ-تۆت قەدەم ماڭدىيۇ، ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ توختىدى، كېيىن سۇپىدا ئولتۇرغان كىشىلەرنى كۆرۈپ ئاستا يېقىن كەلدى - دە، بېشىنى ئېگىپ تەزىم قىلدى:

— ئاللا مەنزىللىرىڭلارنى ئاۋات قىلسۇن، ئەپەندىلەر! ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

شەيخ سالامنى ئىلىك ئېلىپ مۇساپىرغا تىكىلىپ قارىدى. «تىلى تۇركىي، كۆزلىرى كۆپكۆك، رۇمالىققا ئوخشاپ تۇرىدۇ، سارى سالتۇقنىڭ كۆزلىرىمۇ زەڭگەر ئىدى.»

— كېلىڭ...

مۇساپىر سۆز باشلىدى:

— مەن رۇم ئېلىدىن كەلدىم. ماڭا ھەزرەت يەسسەۋىي پىرىم كېرەك ئىدى.

شەيخ قولى بىلەن سۇپىغا ئىشارەت قىلدى:

— مەرھەمەت، بۇرادەر، بۇياققا چىقىڭ.

مېھمان سۇپىنىڭ لېۋىگە كېلىپ چازا قۇردى، ساھىبخانىنىڭ دۇئاسىنى كۈتمەيلا قولى بىلەن يۈزىنى سىلىدى.

— مەن بىر سودىگەرمەن. تىجارەت بىلەن رۇمادىن قەشقەرگە كېتىۋاتىمەن. مەندە بىر ئامانەت خەت بار، ئۇ خەتنى ھەزرەت يەسسەۋىي پىرىمغا تاپشۇرماقچىمەن.

— ئۇ نېمە خەت؟ كىمدىن كەلگەن؟ — دېدى شەيخ قىزىقىپ.

مۇساپىر قوينىنى ئاختۇرۇپ، خەتنى ئالدى. خەت شايى لاتىغا ئورىلىپ چەمبەرچاس باغلانغانىدى.

— بۇ خەتنى بىزنىڭ سۆيۈملۈك شەيخىمىز سارى سالتۇق

بىر رىۋايەت باركىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرغانىكەن. ساھابىلەر تۇساتتىن ھەق مۇستاپانىڭ پەزلۇ كامالىدىن سۆز ئېچىپ، ئۇل جانابنى ماختاشقا باشلاپتۇ. پەيغەمبىرىمىز ئارامسىزلىنىپ: «ئەي ئۇممەتلىرىم، مەن سىلەرگە نېمە يامانلىق قىلدىم، نېمشقا مېنى بۇ دەرىجىدە ئۇلۇغلاپ مۇشكۇل ھالغا قويىسىلەر؟» دەپتۇرلار. ساھابىلەر ھەيران بولۇپتۇ. رەسۇلىللا: «سىلەر مېنى ماختاپ مەدھىيىلىسەڭلار، شەيتان، ئەي مۇھەممەد، سەندىن ئۇلۇغ زات يوق، دەپ كۆڭلۈمگە ۋەسۋەسە سالىدۇ، سەن ئەلالارنىڭ ئەلاسىدۇرسەن، ئۇممەتلىرىڭ تۇپراق، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆت، دەپ قولىقىمغا شىۋىرلايدۇ. كېيىن مەندە تەكەببۇرلۇق پەيدا بولىدۇ. ئۆزۈمنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويۇشقا ئۆتىمەن. بۇنى ئاللا ياقتۇرمايدۇ. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئاللانىڭ بەندىسىمەن» دەپتۇ.

— سۆزلىرىگە سەدىقە بولاي رەسۇلىمىزنىڭ، — دېدى پېشىلداپ قازى. شەيخ نېمە ئۈچۈندۇر سۇلايمانغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىز مېنىڭ شەنىمنى ماختاپ سۆزلىگىنىڭىزدە ھەق مۇستاپانىڭ ئەنە شۇ سۆھبىتىنى ئېسىمگە ئالدىم. سىز بىر رەت ماختاپ قويسىڭىز، مەندە ئۇلۇغلۇق گۇمانى پەيدا بولۇر. ئىككىنچى قېتىم يەنە خۇشامەت قىلسىڭىز، ئىككىلىنىپ قالىمەن، ئەمما ھەممىڭلار، مانا سىز، سۇلايمان، ئىسمايىل خوجا بىرلىكتە ماختىساڭلار كەمىنىمۇ ئىشەنمەي ئىلاجىم يوق. «جامائەت بىرلىكتە بىر ئېغىزدىن ھەمدۇسانا ئېيتىپ تۇرۇپتۇ، ئەي يەسسەۋىي ئەسلىدە سەن راستىنلا ئۇلۇغ زات ئىكەنسەن» دېگەن خىيالغا بارىمەن. بۇ ھالدا سىز ماڭا دۇشمەنلىك قىلغان بولمايسىزمۇ؟

سۇلايماننىڭ سول كۆكسىنى تېخى باياتىنلا يازغان شېئىرى ئىسسىتىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ مەدھىيىنى كېچىدە ئەستايىدىل كۆرمەكچى، كېيىن شەيخنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ ئۇنىڭغا سۇنماقچىدى. «ئەمدى ھاجىتى قالمىدى، — دېدى سۇلايمان ئىچىدە، —

ئىنايىتىڭىز نۇرىدىن بەھرىمەن ۋە شاھادىتىڭىزدىن قە-
دىرلىك بولغان پەرزەنتىڭىز سارى سالتۇق دەپ بىلىڭ. ماھى
مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى جۈمەسى.»

شەيخ مەكتۇپتىن بېشىنى كۆتۈردى.

— بەرىكەت تېپىڭ، بۇرادەر. بىزنى دەپ كۆپ رەنج - مۇ-
شەققەت چېكىپسىز. ئۆمرىڭىز زىيادە بولسۇن.

شەيخنىڭ تىلىكىنى سودىگەر «رەھمەت، ئەمدى سىزگە رۇخ-
سەت» دېگەن مەنىدە چۈشەندى. بىراق، ئۇنىڭ كەتكۈسى يوق
ئىدى.

— شەيخىم، مەن خەتنىڭ جاۋابىنى ئالماي كېتەلمەيمەن.
سالتۇق پىرىمنىڭ تىلىكىمۇ شۇ.

ھەزرەتنىڭ چېھرىگە تەبەسسۇم ئولاشتى.

— ھەقىقىي سودىگەر ئىكەنسىز، بۇرادەر، نېمىدىن نەپنى
ئەۋزەل بىلىدىكەنسىز. قەرزگىمۇ مۆھلەت بېرىلىدۇ، سەپىرىڭىز-
نى قاچان داۋام قىلماقچىسىز؟

— ئاللا تىلىكىمنى بەرسە چارشەنبە كۈنى، شەيخىم.

— بولىدۇ. ئۇنداق بولسا ئەتە مۇشۇ چاغدا جاۋاب تەييار
بولغاي.

سودىگەر قوللۇق قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

سارى سالتۇقنىڭ ئەلچىسى كەتتى، بىراق شەيخنىڭ كۆز
ئالدىدىن مۇرىتى سارىنىڭ سىيماسى كەتمىدى. سارى سالتۇق
رۇملۇق ئىدى. تۆت يىل مۇقەددەم رۇمدىن پىيادە يول يۈرۈپ
يەسسىگە كەلدى، شەيخكە مۇرىت بولدى. ئادەتتە يات مۇرىتلار
كېمىدە مىڭ كۈن تۇرلۇك - تۈمەن سىناقلارغا سېلىناتتى. بىرىن-
چى يىلى ئۇ دەرۋىشلەرگە خىزمەت قىلىشى كېرەك ئىدى. ئىككىن-
چى يىلى مەرىپەت باسقۇچىدىن ئۆتۈپ تەرىقەت سىرلىرىنى ئىگە-
لەيتتى. ئۈچىنچى يىلى دەرۋىشلىق خىرقىسىنى كىيىپ، ئۆزىنى
سوپىلىققا تەييارلىشى لازىم ئىدى. ئەنە شۇ مۇشكۈل سىناقلارغا

ئەپەندىمىز يازغان. ئۇ خەتنى ماڭا بېرىپ: ئەي ئوغلان، سەن قەشقەرگە بارساڭ يەسسى قەلئەسىدىن ئۆتىسەن، يەسسەۋىي پىرىمە-نى زىيارەت قىل ۋە بۇ ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇر، شەيخ سارى سالتۇقنى ئۆزىگە مۇرىت دەپ بىلسۇن، دېگەنىدى. مەن يەسسىگە كېلىپ شەيخىمنى ئىزلىدىم. كىشىلەر، شەيخ مەككە سەپىرىدە، ھازىر ئىسپىجاپتا دېيىلەر. شۇڭا، ئىزلەپ بۇ يەرگە كەلدىم.

سودىگەر مەكتۇپنى شەيخكە ئۇزاتتى. ھەزرەت شايىنى يېشىپ خەتنى ئالدى. خەت بىر ۋاراق بولۇپ، يوغان – يوغان نەستەلىق نۇسخىسىدا يېزىلغانىدى. شەيخ سارى سالتۇقنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى دەرھال تونۇدى. خەتنى ئىچىدە ئوقۇدى:

«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم! ئاۋۋال سىزگە سالام ۋە دۇئا بولسۇن، ئاللا يار، چارىيالار مەدەتكار بولۇپ، تۇ-غۇلغان يۇرتۇمغا يېتىپ كەلدىم ۋە سىز بۇيرۇغان مەنزىلگە چۈشتۇم. بېلىمدە شەيخىم ئىنئام قىلغان سوپىلىق كەمىرى ۋە شەمشەر، دىلىمدا ئەھكامى يەسسەۋىيە، رۇم ئېلىدە سۇ-لۇك تۇزۇش نىيىتىدە ئىجتىھات قىلىۋاتىمەن. جانابلىرىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرى يۇرسەم يولۇمنى، تۇرسام كۆڭلۇمنى يورۇق قىلمىش. ئىنشائاللا، بىر گۇرۇھ مۇسۇلمانلار جەھرىيە تە-رىقىتىنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولۇشتى، بۇ ئىش بىرلە ھەزرىتىمنى مۇبارەكلەيمەن. پىرىم، تۈنۈگۈن چۈش كۆر-دۈم. سەھەر ۋاقتىمىش، چىرايلىق بىر باغ ئىچىدە، مەن سىزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن، دەپ پېقىرىڭىزنى باغرىڭىز-غا ئالغۇدەكسىز. مەنمۇ سىز ھەزرىتىمنىڭ دىدارىغا قانماقنى ئىستەيمەن. ئىلاھا، ئۆزۈڭ مۇرادىمغا يەتكۈز دەپ تەڭرىگە ئىبادەت قىلدىم. ھەزرىتىم مەككىگە سەپەرگە ئاتلانسا مەن يولنى ئارزۇ قىلىپ تۇرىمەن، يول ئۈستىدە بىزدەك ئېرادەت ئەھلى تەۋەررۇك سۆھبەتلىرىڭىزگە داخىل بولساق ئەجەب ئەمەس...

تا خۇپتەنگىچە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ئولتۇردى. ئۇ سارى سالتۇققا ئەۋەتىلىدىغان جاۋابنى ئويلايتتى. نېمە دېيىش كېرەك؟ دۇئايىخەير ۋاجىپ. نەسىھەتنىڭ ئورنى يوق. ئاقىلغا بىر ۋەسىيەت كۇپايە. نادانىنىڭ قۇلىقىدىن شامال ئۆتىدۇ، مىسالى قومۇش نەيچىگە ئوخشاش، بۇ تەرىپىدىن پۇۋلىسەڭ ئۇ تەرىپىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

شەيخ ئۆز تەرىقىتىنىڭ بارلىق سۈننەتلىرىنى ئەستە ياخشى ساقلانسۇن دەپ سەجئە ئۇسۇلدا يېزىپ چىققانىدى. كىشىلەر ئارىسىدا ئېيتىدىغان ۋەزلىرىنىمۇ نەزمىي ئۇسۇلدا ئىپادە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. «ئەل ئارىسىدا قانداق ماقال بولسۇن، ئۇ ۋەزىن قاپىيە بىلەن يارىتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خالايىق ئۇنى تېز قوبۇل قىلىپ يادىدا تۇتىدۇ. ‹قۇرئانى مەجىد› ۋەزىنلىك بولمىغاندا، مۇبارەك سۈرىلەرنى ياد ئالماق مۇشكۇل بولۇر ئىدى؟»

ئۇ سارى سالتۇققا ئىككى ئېغىز دۇئايىسالام يازدى، كېيىن ئالدىغا بىر تەخلەم قەغەزنى يايدى. گويا ئاپئاق قەغەزنى سېھىرلىمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلدى…

سۇلايمان قايتىپ كەلگەندە شەيخ ھۇجرىسىدا يوق ئىدى. ئۇ سارى سالتۇققا ئاتالغان مەكتۇپنى يېزىپ بېرىپ ئايلانغىلى چىقىپ كەتكەنىدى.

ناشتىدىن كېيىن ھەزرەت سۇلايمانغا ئىككى ۋاراق قەغەز ئۇزاتتى:

— بۇ جاۋابتۇر. مۆھۈر بېسىپ تەييار قىلىڭ. مانا بۇنىسىنى كۆچۈرۈڭ، ئەسلىي نۇسخىسىنى سارى سالتۇققا ئەۋەتىڭ.

سۇلايمان خەتكە يەسسەۋىينىڭ كىچىك مۆھرىنى بېسىپ خالتىغا سالدى، ئاندىن بىر چەتتە ئولتۇرۇپ شېئىرىي مەكتۇپنى كۆچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ قولىغا قەلەم ئالدىيۇ، ئۇششاق ئەمما كەشتىدەك نازۇك يېزىققا قاراپ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. شېئىر دولقۇنلاپ كېلىۋاتقان سۇدەك ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ تامامەن مەھلىيا قىلىۋالغانىدى:

بەرداشلىق بېرەلىگەن مۇرىتلار يەسسەۋىيە ئەھكاملىرىنى تولۇق ئىگىلەپ سوپى خەلىپىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشەتتى.

ساري سالتۇق يەسسەۋىيە ئاساسلىرىدىن تەرىقەت ھۆكمىدىن باشلاپ ۋاجىپى سۈننەت ۋە باشقا ساۋابلىق ئىشلارنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. شەيخكە ساري سالتۇقنىڭ زېھنى، ئىخلاسى، بولۇپمۇ قەيسەرلىكى ياردى. ئۆزى نەچچە رەت ئۇنى سىناقتىن ئۆتكۈزدى. بىرەر يەردە تاقەت رىشتىسى ئۈزۈلۈپ، سۇلۇكتىن قول ئۈزۈپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ شۈبھىلەندى. ساري سالتۇق بوش، گەۋدىسىنى ئاران كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بىغەم كىشىلەرگە ئوخشايتتى. ئەمما، شەيخ ئۆزىنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ساري سالتۇق ئېغىزى يۇمۇق غۇنچىغا ئوخشايتتى. غۇنچە تۈن بويى ئىنتىزار بولۇپ تاڭنى كۈتىدۇ. سۇبھى ۋاقتى كېلىپ نەملىك يەتكەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ساري سالتۇقمۇ كۈن بويى خامۇش، ئويچان يۈرەتتى، ساما ياكى زىكىر بولسا ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئاجايىپ بىر قۇۋۋەت گۇپۇلدەپ تېشىغا ئۇرۇلاتتى. بۇنداق چاغدا بىخۇد ۋە بىغەم ساري سالتۇقنى ئاتەش كەبى قۇتىبىددىندىن پەرق قىلغىلى بولمايتتى.

بىر يىل بۇرۇن، شەيخ ساري سالتۇققا ئىجازەت بەردى ۋە رۇم ئېلىنىڭ دېڭىز بويىدىكى بىر ۋىلايىتىگە شەيخ قىلىپ تەيىنلەدى. پىر ـ مۇرشىدلىق ئەركانىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا ئاق تۇگە ئىنئام قىلدى، بېلىگە كۈمۈش غىلاپلىق شەمشەر ئاستى، يېنىغا قىرىق مۇرىتىنى قوشۇپ بەردى. مانا ياراتقاننىڭ ئىنايىتى بىلەن ساري سالتۇق ئامان ـ ئېسەن تۇغۇلغان ئېلىگە يېتىپ بېرىپتۇ. يەسسەۋىيە سۇلۇكىنىڭ دەسلەپكى ئۇرۇقلىرىنى رۇم ئېلىگە تىكىپتۇ. شەيخنىڭ دىلىنى شۈكۈر، ئۈمىد، پەخىر تۇيغۇسى چۇلغىدى. ئىچىدە ساري سالتۇققا دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ چەككەن زەخمەتلىرىگە رازىلىق بىلدۈردى.

سۇلايمان بىلەن باباماچىن ھەزرەتنىڭ تەنھالىقىنى خالاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى خالىي قالدۇردى. شەيخ ھۇجرىسىغا قايتىپ

ئىرنى ئىككى نۇسخا كۆچۈردى، بىرىنى قوينىغا سالدى. ئۇ شەيخ-كە مەخسۇس مۇنشىلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئادا قىلاتتى، ھەزرەت پۈتكەن ھېكمەتلەرنى، يىراق - يېقىنغا ئەۋەتىلىدىغان مەكتۇپلارنى يازاتتى، شۇڭا شەيخنىڭ مۆھۈرلىرىمۇ سۇلايماندا ساقلىناتتى.

كەچقۇرۇن سودىگەر مەكتۇپنى ئالغىلى كەلدى.

— ئاللا يولىمىزنى بەرسە، بىر ئاي ئىچىدە قايتىمەن.

— ئۇنداق بولسا سىزنى سارى سالتۇقنىڭ يېنىدا كۆرگەيمىز، — دېدى شەيخ سودىگەرنى خۇرسەن قىلىش مەقسىتىدە.

— ئىنشائاللا! — سودىگەر تەزىم قىلدى، — ياراتقان پەرۋەردىگار تىلىكىمىزنى بەرسۇن!

سۇلايمان سودىگەرنى ئۇزىتىپ چىقتى.

— قۇتبىددىن كىرسۇن، — دېدى ھەزرەت. بىردەمدىلا قۇتبىددىن بوسۇغىدىن ئاتلىدى، قولىنى قوشتۇرۇپ پىرىنىڭ پەرمانىغا تەييار بولۇپ تۇردى.

— ئەتە پېشىندىن كېيىن سىزگە خىرقە كىيدۈرۈشنى نىيەت قىلدۇق، — دېدى شەيخ، — تەييارلىق كۆرۈڭ، ئوغلۇم.

قۇتبىددىننىڭ يۈرىكى ئويناقلاپ قېنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇ ئىلدام بېرىپ پىرىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى، پىرىنىڭ ئېتىكىنى سۆيدى، كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئارقىچىلاپ مېڭىپ ئىشىككە بارغاندىن كېيىن غايىب بولدى.

شۇ تاپتا دۇنيادا قۇتبىددىندەك بەختلىك ئادەم يوق ئىدى.

مەندىن سالام دوستلارغا، تەلەپ يادىن قويمىسۇن،
دىدار تەلەپ قىلىسىلار ھەرگىز غاپىل بولمىسۇن.
غاپىل تاپماس ھەق يولىن، ئاندا تاپماسلار ئورۇن،
ئىچى تېشى كۆيىبان سەھەرلەردە ياتمىسۇن.
يادى بىرلە بولسىلەر، دىدار ئارزۇ قىلسىلەر،
ھەر چەند خارلىق كۆرسىلەر، كۆڭۈل ئۆزگە بولمىسۇن.
ئاشىقلارغا دۇنيادا خارلىق، زارلىق مالامەت،
مالامەتسىز، مېھنەتسىز ئاشىقمەن دەپ، ئېيتمىسۇن.
شەرىئەتتە تەجرىددۇر دۇنياسىنى تەرك ئەتمەك،
تەرك ئەتمەيىن دۇنيانى ھەقنى سۆيدۇم دېمىسۇن.
تەرىقەتتە تەن - جاننى تەرك ئەتمەكى تەجرىدتۇر،
تەرك ئەتمەيىن تەن - جاننى تەجرىد بولدۇم دېمىسۇن.
ھەقىقەتتە هارامدۇر بىر خۇدادىن ئۆزگىسى،
ئانداق بولماي ئاشىقلار دىدار ئارزۇ قىلمىسۇن.
ئانداق رەسۇل مۇستاپا دۇنيا مالىن سۆيمىدى،
ئۇممەت بولسا رەسۇلغا دۇنيا مالىن سۆيمىسۇن.
مىسكىن ئەھمەد يەسسەۋي سالام ئېيتتى دوستلارغا،
ئۇشبۇ سۆزنىڭ مەناسىن تالىپ بولسا ئاڭلاسۇن.

سۇلايمان ئىختىيارسىز خىتاب قىلدى:

— ۋاھ! پىرىم، يەتمىش ئىككى بوغۇنۇم يۇمشىدى، مۇبارەك بولسۇن، پىرىم.

شەيخ قاپىقىنى تۈردى.

— تېخىچە كۆچۈرمىدىڭىزمۇ؟

— كۆچۈرمەن، پىرىم. ئاۋۋال مانا بۇ يەرگە كۆچۈردۇم، — ئۇ كۆكسىنى ئىشارەت قىلدى، — ئەمدى قەغەزگە كۆچۈرمەن.

شەيخ سۇلايماننىڭ چېچەك ئىزلىرى قالغان كەڭ، چوقۇر يۈزگە بىر قاراپ قويۇپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. سۇلايمان شې-

تۇراتتى. ئۇ خۇشال بولماي قانداق چىدىسۇن، مانا ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇ شاھزادىلىك تەختى، بەختىدىن كېچىپ دەشتى قىپچاقتا دەرۋىشلەر قاتارىدا سەرگەردان كېزىپ يۈرۈپتۇ. پىر ئۇنىڭدىن مەرھەمىتىنى ئايىمىدى، ئۆزىگە يېقىن مەھرەم قىلىۋالدى، كەبە سەپىرىگىمۇ ئۇنى ئېلىۋالدى. خۇدا خالىسا يەنە پىرىنىڭ ئىنايەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئاللا نېسىپ قىلسا ئەتە تەۋەررۇك خىرقىنى كىيىپ، چىن سالىھلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ كەي. نەچچە كۈندىن بېرى قۇتبىددىننى بىر خىيال قىينايدۇ. ئۇ سەمەرقەنتتە دادىسىنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ ئازغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە سوراشنى نىيەت قىلغانىدى. دادىسىنىڭ تەنىسىنى ھازىرمۇ كۆڭلىدە سېزىپ تۇراتتى. دادىسىنىڭ «سارايدىن شاھزادىلىك مەرتىۋىسى بىلەن چىقىپ كەتكەنىدىڭ، ئەمدى جەندە كىيگەن قەلەندەر بولۇپ كەپسەن ـ دە، ئوغلۇم؟» دەيدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. خۇدا خالىس، ئەمدى يۈزى يورۇق بولىدۇ. پەدەرى بۇزرۇكۋارىنىڭ ھۇزۇرىغا دەرۋىشلەرنىڭ سەردارى، دىل ساھىبى مەرتىۋىسىدە كىرگەي.

قائىدە بويىچە دەرۋىش غەم ـ قايغۇنىمۇ، شادلىقنىمۇ مەسلەكداشلىرىدىن يوشۇرماسلىقى كېرەك ئىدى. قۇتبىددىن شادلىقنى ئېيتىپ يۈرىكنى بوشىتىش ئۈچۈن ھويلىدىكى قاتار ھۇجرىلارنى ئايلىنىپ چىقتى. ھۇجرىلار قۇپقۇرۇق بولۇپ، دەرۋىشلەر بامدات نامىزىدىن كېيىن قىشلاقلارغا ساياھەتكە چىقىپ كېتىشكەنىدى. بىر ھۇجرىدا كىمدۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ قارىسىلا كۆزگە تاشلىناتتى، بىراق ھاسىراپ نەپەس ئېلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قۇتبىددىن ئىچكىرىگە كىردى. تۆردە تونۇگۇنكى دەرۋىش تۇگۈلۈپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى.

— ئاللا يار بولسۇن، بۇرادەر! — دەپ قۇتبىددىن ئاستا كېلىپ دەرۋىشنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— سىزگىمۇ شۇنى تىلەيمەن، — دېدى دەۋرۋىش قاتتىق يۆتىلىپ. قۇتبىددىننىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. «بىچارىنىڭ جې-

## 13. يېشىل ياپراق سولدىمۇ

جۇنەيد باغدادىيدىن سورىدىلار: «سوپى كىم؟» ئۇ جاۋاب بەردى: «سوپى شۇكىم، ئۇنىڭ قەلبى ئىبراھىمنىڭ قەلبىگە ئوخشىسا، مۆمىنلىكتە ئىسمائىلدەك بولسا، مۇڭلۇقلۇقتا داۋۇتتەك، پېقىرلىقتا ئىيسادەك، سەۋر - قانائەتتە ئەييۇبتەك، مۇناجاتتا مۇسادەك، سەمىمىيلىكتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك بولسا.»

قۇتبىددىننىڭ شادلىقى ئالەمگە سىغمايتتى. ئۇ دەرۋىشلەرنىڭ مۇنۇ ھېكمىتىنى ياخشى بىلىدۇ. «قولدىن كەتكەن نەرسەڭگە زىيادە ئۆكۈنمە ۋە قولغا كىرگەن نەرسەڭدىن ئارتۇقچە كۆيۈنمە». بۇ ھېكمەتنى ئۇ مۇبارەك كەلىمىلەر قاتارىدا كۆڭۈل تۆرىگە يېزىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا شەكسىز ئەمەل قىلىش زۆرۈر دەپ قارايتتى. ئەمما... نېمە ئامال، ھەزرەتنىڭ بىر ئېغىز سۆزى قەلب تۇۋىدە يىللارنىڭ كۈلىگە كۆمۈلۈپ ياتقان ئۇمىد چوغىنى ئېچىپ تاشلىدى. مانا ئەمدى بۇ چوغ قۇتبىددىننىڭ جىسمىنى ئۆرتەپ، كۆكسىنى كۆيدۈرمەكتە. قۇتبىددىن ئۆز ھالىتىگە ئىزاھ ئىزلىدى، لېكىن تاپالمىدى. ئېسىگە لاپ قىلىپ پىرى كامىلىنىڭ بىر مىسراسى كەلدى: «بۇل قەپەسىنىڭ تۇتىسى، پەرۋاز قىلاردۇر ئۇچقىلى!» پىرى بۇ مىسرانى دەل قۇتبىددىنگە بېغىشلاپ يازغاندەك قىلاتتى. ئۇ دەرۋىشلەرنىڭ ئۇدۇمىغا رىئايە قىلىپ، ئۆزىنى قانچىلىك تەمكىن تۇتۇشقا ئۇرۇنمىسۇن، بەرىبىر ئىختىيارىي ئىرادىسىدىن ئۇستۇن كېلەتتى، ۋۇجۇدىنى بىر يورۇق نۇر تولدۇرۇپ

ئېتىدىكەنسىز. مانا بۇنى كۆنىگە ئىككى قېتىم تېرىقتەك چوڭلۇقتا ئىچىدىكەنسىز، بۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ — قۇتبىددىن دەر-ۋىشنىڭ ئالدىغا يەنە بىر خالتا نەرسىنى قويدى، — بۇلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدىم، تېۋىپنىڭ ئېيتىشىچە ناشتىدا، ئاندىن ياتى-دىغان چاغدا ئىچىدىكەنسىز. ئېلىڭ، ئاغا، خۇدا شىپا بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بىرەر ھەپتىدە نەپسىڭىز راۋانلىشىپ تېنىڭىزگە قۇۋۋەت يىغىلغاي.

دەرۋىش دۇئا قىلماقچى بولدى، ئەمما خىجىللىقتىن تىلى گەپكە كەلمىدى. ئۇ گويا «قۇللۇق» دېگەندەك بېشىنى ئېغىر چايقاپ قويدى، قۇتبىددىننىڭ قولىنى تۇتۇپ قاتتىق سىقتى.

كەچقۇرۇن قۇتبىددىن دەرۋىشتىن خەۋەر ئالغىلى ھېلىقى تار ھۇجرىغا باردى. دورىنىڭ تەسىرىمۇ ياكى «ئىخلاس ـ خالاس» دېگەن روھىي نېمەتنىڭ نەتىجىسىمۇ، ھەر ھالدا دەرۋىشنىڭ رەڭ-گىرويى خېلى ياخشىلىنىپ قالغانىدى، نەپەس ئېلىشىمۇ يېنىكلەپ قالغاندەك قىلاتتى. قۇتبىددىن ھۇجرىسىغا قايتىپ ئەتىكى سىناق ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى.

يەسسەۋىيە تەرىقىتىنى تولۇق ئىگىلەپ، ساھىبدىل ياكى ئا-رىپ بولۇشنىڭ ئۈچ باسقۇچى بار ئىدى. بىرىنچىسى، سۇلۇككە كىرگەن سالىكنى جامائەتنىڭ ئالدىدا مۇرىتلىققا قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئىدى. ئىككىنچىسى، بىرنەچچە يىل دەرۋىشلەر ئارىسى-دا يۈرۈپ ئەستايىدىل زىكرۇسانا، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان مۇرىتنى سالىھ، يەنى خەلىپىلىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈش، ئۇنىڭغا شەيخنىڭ قولىدىن خىرقە كىيدۈرۈش. بۇ مەرتىۋە ئىگىلى-رى تەرىقەت ئەھكامىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سۈپەتلەرگە مۇشەررەپ بولۇشلىرى لازىم ئىدى: كۆرۈنۈشتە جەندە ـ تون كىيىش، روھىي جەھەتتە تىرىك كۆڭۈل، ئويغاق دىل ۋە ئۆز نەپسىنىڭ ھاكىمى بولۇش. ئۆز نەپسىنىڭ ھاكىمىغا ئايلانغان دەرۋىش قانائەت تەختى-نى ئىگىلەپ، مەنىۋىيەت مۈلكىگە سۇلتان بولىدۇ. بۇنداق سائا-دەتلىك كىشىلەر سالىھ ياكى ساھىبدىل دېگەن ئۇنۋانغا مۇشەررەپ

نى ئازابلانماقتا، تېۋىپقا كۆرسىتىش زۆرۈر».

— دېمىڭىزنىڭ سىقىلىشى كەتمەپتۇ، — دېدى قۇتبىددىن، — مەن دېگەن زىكرى ئەۋقات بىلەن مەشغۇل بولمىدىڭىزمۇ؟

— دېگىنىڭىزنى قىلدىم، بۇرادەر، ئەمما تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتىم. تەرگە چۆمۈلۈپ ھالىم ئېغىرلاشماقتا. بوش تاغار ئۆرە تۇرمايدىكەن. تەندە قۇۋۋەت بولمىغاندىكىن ئۆپكەم قىسىلىپ ئورنۇمدىن تۇرالماي قالدىم. بۈگۈن ئىككى رەكەت نامازنى ئاران ئادا قىلدىم. ئاللاتائالا ئامانىتىنى ئالسىمۇ رازى ئىدىم.

قۇتبىددىننىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان كۆكسىگە بىر چاڭگال كۈل سېپىلگەندەك بولدى. ئۇ ئازراق ۋاقىت ئويلىنىپ تۇردى-دە، ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى.

— يۈرۈڭ، ئاغا، سىزنى ساپ ھاۋاغا ئاچىقاي. بۇ قاراڭغۇدا بىر كېسەللىكىڭىز ئون بولىدۇ.

دەرۋىش خالىمايراق قوزغالدى، قۇتبىددىنغا ئەگىشىپ چىقىپ ئۇجمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇردى.

— سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى قۇتبىددىن، — مەن بازارغا بېرىپ سىزگە دورا ئىزلەپ باقاي.

ئۇ بابا ماچىندىن رۇخسەت سوراپ خانىقادىن چىقتى. جامە مەسچىتىنىڭ يېنىدا قاتار دۇكانلار بار ئىدى. ئۇ بىر تېۋىپنى تېپىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دەرۋىشلەر تائىپىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ تېۋىپ دورىسىغا ھەق ئالمىدى. ئەسلىدە قۇتبىددىننىڭ يېنىدا بابا ماچىن بەرگەن بىر كۈمۈش تەڭگىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى.

قۇتبىددىن تېۋىپ بەرگەن دورىنى ئېلىپ ئالدىراپ خانىقاغا قايتتى. بىمار دەرۋىش يەنىلا ئۇجمىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى، چۆلدە يالغۇز قېلىپ ئۇسسۇزلۇقتىن مادارى قالمىغان كىشىدەك ئېغىزىنى ئېچىپ تېز - تېز نەپەس ئالاتتى. قۇتبىددىن ئىچكىرىگە كىرىپ، ساپال قاچىدا سۇ ئاچىقتى.

— ئاغا، دورا ئىچىڭ، كۈنگە ئۈچ قېتىم ناسىۋالدەك كاپ

ئىدى.

قۇتبىددىن تا پېشىنگىچە كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماي ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ يۈردى. ئۇ ئىچىدە مۇناجات ئېيتاتتى: «ئەي ئەرزۇ ـ ساما ئىگىسى، زىكرىيادەك كۈنۈ تۈن زىكىر بىلەن بولدۇم. ئۆزۈڭ قوللىغايسەن! خاتىرەمنى جەم قىلغايسەن، يۈزۈمنى يورۇق قىلغايسەن، تايانچىم پەقەت سەن ئۆزۈڭسەن...»

ھېلىقى سۆھبەت بولغان ھۇجرىغا دەرۋىشلەر بىر ـ بىرلەپ يىغىلىشقا باشلىدى. مۇرىتلار ھەزرەتنىڭ ئىماملىقىدا پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى، كېيىن خۇددى زىكىر ۋاقتىدىكىدەك چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. شەيخ ئوتتۇرىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەر ۋاقىتتىكىدەك ئوڭ تەرەپتە سۇلايمان، سول تەرەپتە باباماچىن بىلەن ئىسمايىل خوجا ئولتۇردى. قۇتبىددىن ئەندىشە بىلەن شەيخنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى. بېشىدىن كۇلاھنى ئالدى ۋە تەقدىرىگە تەن بەرگەن مەھبۇستەك بېشىنى ئەگدى. سىناق ۋاقتىدا شەيخ گويا سالىكقا مەدەت، ئىلھام بەرمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ بېشىغا ئالىقىنىنى قويۇپ تۇراتتى. شەيخ قۇتبىددىننىڭ بېشىغا ئالىقىنىنى قويدى، يىگىتنىڭ پاكىز قىرىلغان تاقىر كاللىسى ئىسسىق ئىدى. شەيخ قۇتبىددىننىڭ گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان دىلىغا قۇلاق سېلىپ راھەتلىنىۋاتقاندەك بىرنەچچە دەقىقە سۈكۈتكە چۆمدى، ئاندىن ئېغىر ـ بېسىق، مۇلايىم ئاۋازدا سۆز باشلىدى:

— قېنى، تەرىقەتنى تۈركىينىڭ ئاساسلىرىنى ئېيتىڭچۇ، ئوغلۇم...

يەسسەۋىيە تەرىقىتى بىرنەچچە پەرز ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار مۇرىتلىق شەرتلىرى، تەرىقەت ئەھكامى، ۋاجىپلىرى، سۈننەتلىرى، سۇلۇكنىڭ ئەدىپى، شەيخلىك ۋە مۇرىتلىق ئەركانى دەپ ئاتىلاتتى. قۇتبىددىن تۇنجى سوئالنىڭ يېنىكلىكىدىن سۆيۈندى. ئۇ بۇ پەرزلەرنى، پەرزلەرنىڭ شەرھىنى بەش قولدەك ياد بىلەتتى، كېچىسى ئويغىتىپ سورىسىڭىزمۇ ئادىشىپ قالمايتتى.

قۇتبىددىن تېزدىن جاۋاب بەردى:

بولىدۇ. سالىھ — ئىچكى ئالىمى پاكىز، ياخشىلىققا مايىل، ئىمانى تولۇق ئادەمدۇر. ساھىبدىل — تەرىقەتتە يەتتە مەقامنى ئىگىلىگەن، كۆڭۈل كۆزى ئويغاق، دىلى ئويغاق شەخستۇر. تۆتىنچىسى، مەرتىۋە — ئەڭ ئالىي مەقام بولۇپ، بۇ شەيخلىك، ئارىپلىق پەللىسىدۇر. تەسەۋۋۇپ قائىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىنسان كۆكسىدە بەش نۇر بار. ئۇلار قەلب نۇرى، روھ نۇرى، سىر نۇرى، يوشۇرۇن نۇر ۋە چوڭقۇر مەخپىي نۇر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ نۇرلارنىڭ رەڭگى، جىلۋىسى ھەرخىل بولىدۇ. سوپى ئۆمۈر بويى ئاشۇ بەش نۇرنىڭ ئىشقىدا زەخمەت چېكىشى كېرەك. بەشىنچىسى، يەنە ئاخىرقى نۇرغا سازاۋەر بولغان كىشى ئەللامە، ئەۋلىيا، قۇتبۇل ئەقتاپ، يەنى روھىي ئالەمنىڭ يېگانىسلىق دەرىجىسىگە ئېرىشىدۇ. چوڭقۇر مەخپىي نۇرغا يېتىپ مەخپىي سىر بىلەن ئاشنا بولغان سوپىلار ئۇچۇن زامان ياكى ماكاننىڭ پەرقى قالمايدۇ، ئۇ قۇشلار، ھايۋانلار بىلەن سۆزلىشەلەيدۇ، تىرىك ۋە ئۆلۈك جىسىملارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىدۇ، خالايىقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ، ئالەمدىن ئۆتكەن مەرھۇملارنىڭ روھى بىلەن سۆزلىشەلەيدۇ، كەلگۈسى تەقدىردىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. نۇرى تەجەللى دەپ ئاتالمىش بۇ نۇرغا شەيخۇل ماشايىخ كەبى ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەرلا مۇيەسسەر بولالايدۇ.

قۇتبىددىن ھازىرچە ئىككىنچى باسقۇچنىڭ ھارپىسىدا، خىرقە كىيىپ سالىكلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ تۈن بويى تىلاۋەت قىلىپ، مۇناجات ئېيتتى، ئۆزىنى ئۆزىدىن بۇرۇن خىرقە كىيىپ، پىرنىڭ قولىدىن يېشىل تامغىلىق كۇلاھنى ئالغان سالىھلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ھاياجىنى كۈچىيىپ باراتتى. ئەتىسى ئۇ بابا ماچىندىن بىر سۆز ئاڭلىدى. قۇتبىددىننى پىرنىڭ ئۆزى سىناقتىن ئۆتكۈزەرمىش. بۇنى ئاڭلاپ قۇتبىددىننىڭ پۇت - قوللىرى بوشىشىپ كەتتى. بىر تەرەپتىن، بۇ ئۇلۇغ بىر بەخت ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر سىناقتىن ئۆتەلمىسە ئۆلگەن بىلەن باراۋەر

جازەتسىز سۆز قىلماسلىق ۋە پىرى كامىلىنىڭ بېشارەتلىرىنى، كارامەتلىرىنى ئەستە تۇتماق، ئۇنى دىلغا جا قىلماق پەرزدۇر.

شەيخ «توغرا» دېگەندەك بېشىنى چايقىدى ۋە ئېغىر - بېسىق هالدا «ۋاجىپ» دېدى. بۇ تەرىقەتنىڭ ۋاجىپلىرىنى ئېيتىش دېگىنى ئىدى. قۇتبىددىن خۇددى تىلاۋەت قىلىدىغاندەك كۆزلىرىنى يۇمدى. سوئال مۇرەككەپ، ئۇنىڭ شەرھىمۇ مۇشكۇلرەك ئىدى.

قۇتبىددىن تەرىقەتنىڭ ۋاجىپلىرىنى تەرپلەپ ئېيتىشقا تەمشەلگەندى، شەيخ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— تەپسىرگە هاجەت يوق، سۈننەتكە ئۆتۈڭ، ئوغلۇم.

تەرىقەتنىڭ سۈننەتلىرىمۇ ئالتە ئىدى. سالىك جامائەت بىرلە ناماز ئوقۇمىقى، سەھەرلىرى ئويغاق بولمىقى، ئىبادەتنى ئەسلا تەرك قىلماسلىقى، پىكرى - زىكرى بىلەن ئىشقى ئىلاهىيغا باغلىنىپ تۇرۇشى، ياخشىلىق ۋە هىدايەت يولىغا يېتەكلىگۈچى پازىل كىشىلەرگە سۆزسىز ئىتائەت قىلىشى لازىم ئىدى. قۇتبىددىن سۈننەتنىڭ شەرتلىرىنى تۈگىتىپ، مېھمان - مۇساپىرلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىنىڭ قائىدىلىرىنى ئېيتتى:

— مېھماننى ئوچۇق يۈز ۋە دىلدا سۆيۈنۈش بىلەن ئۇزاتماق زۆرۈر بولىغىنى كەبى، ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەن مۇساپىرنى كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاللاغا شۈكۈر قىلىپ قوبۇل قىلماق لازىمدۇر. مېھمان نەچچە كۈن قېشىڭىزدا بولسا ئۇنى شۇنچە كۈن غەنىيمەت بىلىڭ. ئۇنىڭ غېرىبلىقىنى، سىزگە نىسبەتەن مۇساپىرلىقىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىڭ. مېھمان نېمىنى تىلىسە تىلىكىنى بەجا كەلتۈرۈڭ، ئۇنىڭ هاجىتىدىن چىقىشتىن چارچىماڭ...

ئەمدى شەيخلىك ۋە مۇرىتلىق ئەركانى قالغانىدى. قۇتبىددىن بۇ پەرزنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى كۆڭلىدە گۆھەردەك ساقلايتتى. مەزكۇر ئەركان شەرتلىرى قۇتبىددىننىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئارزۇسىغا ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن (ئۇ قاچانلاردۇر شەيخنىڭ قولىدىن ئىرشات ئېلىپ، شەيخلىك مەرتىۋىسىگە مۇيەسسەر بولۇشنى خىيال قىلاتتى) ياكى بۇ ئەركاننىڭ تەركىبلىرى يەسسە-

— تەرىقەتتى تۇركمي، يەنى يەسسەۋىيە تەرىقىتى بەش ئاساس بىرلە مۇستەھكەمدۇر. ئۇلارنىڭ جۇملىسىگە تەۋھىدنى ئاساس قىلغان تەسەۋۋۇپ، شەرىئەتكە ۋە ھەق مۇستاپا سۈننىتىگە مۇتلەق ئېتىقاد، شەرىئەتكە تايانغان تەرىقەت، زىيارەت ۋە مۇشاھىدە، خىلۋەت ۋە زىكىر كىرىدۇ.

— توغرا.

بابا ماچىن شەيختىن ئىجازەت سوراپ سوئال بەردى:

— خىلۋەت نېمىدۇر؟

بۇ سوئالغىمۇ قۇتبىددىننىڭ جاۋابى تەييار ئىدى.

— خىلۋەتنىڭ ھەربىر ھەرپى بىر ھىدايەت، تەقسىر.

— توغرا — دېدى باباماچىن. يەنە شەيخ سوئال تاشلىدى:

— تەرىقەتنىڭ ئەھكامىنى ئېيتىڭ؟

— تەرىقەتنىڭ ئەھكامى ئالتىدۇر. مەرىپەتتى ھەق، ساخاۋەتتى مۇتلەق، ساداقەتتى مۇھەققەق، يەقىنى مۇستەغرەق، تەۋەككۇلى رىزقى مۇئەللەق، تەپەككۇرى مۇدەققەق.

— يەنى؟

— يەنى، ھەقنى تونۇماق يولىدا مەرىپەتكە ئىنتىلمەك، مۇتلەق ۋە ئۈزلۈكسىز ساخاۋەت كۆرسەتمەك، ئاللاغا ساداقەت ساقلىماق، ساغلام كۆڭۈل ئىگىسى بولماق، يەتتە ئىقلىمنىڭ ئىگىسى ئاتا قىلغان رىزقىغا قانائەت قىلىپ، چوڭقۇر تەپەككۇر، مۇلاھىزە بىرلە روھىيىتىمىزنى پاكلىماق.

قۇتبىددىن ئەمدى ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋېلىپ، خىيالىدا ۋاجىپى تەرىقەتنى ئويلاپ، ئېغىز جۇپلەپ تۇراتتى. بىراق، شەيخ ئۇنىڭ خىيالىنى بىلىپ تۇرغاندەك، كۇتۇلمىگەندە تەرىقەتتى ئەدەپتىن سوراپ قالدى. بۇ سوئالمۇ يېنىك ئىدى، شۇڭا قۇتبىددىن تەمتىرەپ قالمىدى.

— ئەدەپنىڭ شەرتلىرى ئالتىدۇر، پىرىم. جامائەتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرماق، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتماق، ئەكسىچە ئۆزگىلەرنى ئۆزىدىن يۇقىرى ھېسابلىماق، ئە-

لاتتى. بولۇپمۇ مەھمۇدخاننى ياقتۇرمايتتى. سۇلايمان خارەزملىك ئىدى. سۇلتام مەھمۇد ۋە يېزىنىسى سۇلتان سەنجەر سۇلايمانغا خارەزمنى ئىككى پۇتلاپ دەسسەپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. قۇتبىددىن ئەنە شۇ مەھمۇدخاننىڭ ئوغلى، سەنجەرنىڭ جىيەن تۇغقىنى. ئۇ قۇتبىددىننى ئۇنىڭ دادىل، توغرا جاۋابىغا تەلمۇرۇپ ئولتۇرغان دەرۋىشلەرنىڭ ئالدىدا ئوسال قىلماقچى بولدى. شەيختىن ئىجازەت ئېلىپ سوئال تاشلىدى:

— ئەھكاملارنى، پەرزنى ياخشى بىلىدىكەنسىز، ئىنىم. ھەز-رىتىمنىڭ بىر ھېكمىتى بار. ئۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ ئۆتەي.

قۇل خاجە ئەھمەد ھەق سۆزىنى سۆزلەپ ئۆتتى،
ئىلمۇل يەقىن شەرىئەتنى كۆزلەپ ئۆتتى.
ئەينۇل يەقىن تەرىقەتتىن بوزلاپ ئۆتتى،
ھەققۇل يەقىن ھەقىقەتتىن ئېيتتىم مانا.

بۇ يەردىكى «يەقىن» لەردىن مەقسەت نېمىدۇر؟

سۇلايمان «قېنى ئەمدى بىر سايراڭچۇ، كۆرەيلى» دېگەندەك مىيىقىدا كۇلۇمسىرىدى. قۇتبىددىن ئۇنىڭ قارامتۇل، كەڭ، چو-قۇر يۈزىگە قاراپ ئويلىنىپ قالدى. «ھەزرەتنىڭ بۇ ھېكمىتىنى ياد بىلىمەن. ئەسلا مەنىسىنى ئويلاپ كۆرمىگەنىكەنمەن. نېچۈن ئۇنىڭ مېغىزىنى چاقمىدىم؟ ... خوش، يەقىن دېگەن بۇ گەپ بىگۇمان، شۈبھىسىز دېگەنلىكتۇر. ئەيــن دېگەن گەپ كۆز، كۆ-ڭۈل كۆزى دېگەنلــكتــۇر... شۈبھىسىز ئىلىم، كۆز بىرلە كۆ-رۇش ۋە...»

شۇ چاغدا شەيخ قۇتبىددىننىڭ بىلىكىنى تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن گويا مۆجىزە يۈز بەردى. قۇتبىددىننىڭ ئەقلى پىرنىڭ قولىدىن روھىي مەدەت ئالغاندەك بولدى. ئۇ ئىككىلىنىپراق، پەسرەك ئاۋازدا دېدى:

— تەقسىر، بەندەئى ئاجىزنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ئىلمۇل يەقىن ئىدراك بىلەن، ئەقلىي دەلىللەر ئارقىلىق يېتىدىغان ئىلىمدۇر.

ۋي ھېكمەتلىرىدەك ساددا، راۋان ۋە گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ-
كىن ئۇلارنى تىلىدىن چۈشۈرمەيتتى، ھامان ئىچىدە پىچىرلاپ
تەكرارلاپ يۈرەتتى. ئەركاننىڭ پەرزلىرىمۇ تەرىقەتنىڭ باشقا ئەھ-
كاملىرىغا ئوخشاش ئالتە ئىدى: ئىلمى دىنۇل يەقىن، يەنى ئىلىم-
لەرگە شەكسىز ئىشەنمەك؛ ھىلمى مۇبىنۇ مەتىن — ئاشكارا ۋە
ھەقىقىي مۇلايىملىق؛ سەۋرى جەمىل ياكى بەرداشلىق سەۋر ئىگە-
سى بولۇش؛ زىرائى جەلىل ياكى ئۇلۇغ بىر خاھىش بىلەن ئاللا-
نىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش؛ ئىخلاسى خەلىل، يەنى پەقەت يالغۇز
ئاللاغىلا ئىخلاس قىلىش ۋە قۇربى جەزىل — ئۆزىنى ئاللاتائالاغا
ناھايىتى يېقىن تۇتۇش. ئۆزئارا ماس كەلگەن، نازۇك، جاراڭلىق
بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى جۇشقۇنلىتىپ، كۆزلىرىگە ياش يام-
راتتى. ئۇ تەلمۈرۈپ شەيختىن تەرىقەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا
نائىل قىلىدىغان سوئالنى كۈتتى. ئەمما ھەزرەت ئۇنىڭ بېشىدىن
ئاستا قولىنى ئالدى.

— شەيخلىك ۋە مۇرىتلىق ئەركانىنى ئاللا نېسىپ قىلسا
ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە سورارمىز.

بۇنىڭ بىلەن ھەزرەت قۇتبىددىنغا نېمىنىدۇر ۋەدە قىلغاندەك
قىلاتتى. قۇتبىددىن چەككەن زەخمەتلىرىگە رازى بولدى، قىسمەت-
لىرىگە شۈكرى دېدى. باياتىن شەيخ ئۇنىڭ بېشىغا ئالىقىنىنى
قويۇپ تۇرغاندا پىكرى روشەن، كۆڭلى سۈزۈك ئىدى، ئەمدى
ھەزرەت قولىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن مېڭىسى سىقىلغاندەك، ئې-
ڭى خىرەلەشكەندەك، ئۆزىنى خېلى بوشاپ قالغاندەك ھېس قىلىش-
قا باشلىدى.

سىناق مۇراسىمىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ، سۇلايماننىڭ كۆڭلىگە
شۈبھە، گۇمان كەلدى، ئىچىدە شەيتان ۋەسۋەسە قىلدى: «ھەزرى-
تىم نېمە سەۋەبتىن سابىق شاھزادىنى شۇ قەدەر ياقلايدۇ؟ سەل
كەم ئوتتۇز يىل بولدى، مەن شەيخنىڭ ئېتىكىدىن قول ئۈزمەي
يۈرۈپتىمەن. ياشلا بىر مۇرىتقا شۇنچە مەرھەمەت كۆرسىتىشنىڭ
نېمە ھاجىتى؟» شاھ، سۇلتان دېسە سۇلايماننىڭ يەلكىسى قورۇ-

غۇن ھېكايەتلەرنى ياد بىلەتتى. ھەتتا ئەبۇبەكىر شىبلىنىڭ بىر
ھېكمەتنى تۇمار قىلىپ بويىنىغا ئېسىۋالغان بولۇپ، ھەر ۋاقىت
بېشىغا مۇشكۈل ئىش چۈشسە ئۇنى سىلاپ قوياتتى. مەزكۇر تۇمار-
غا «تىلەيمەنكى، تىلىمىگەيسەن» دېگەن سۆز پۈتۈلگەنىدى. بۇ
سۆزنىڭ مەنىسىنى قۇتبىددىن ئۆزىچە، تىلىكىم شۇكى بىراۋدىن
بىرنېمە سورىما، نەپسىڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئىرادەڭگە ھاكىم بول،
شۇندىلا ئاللادىن مەدەت تىلىمىگەيسەن، بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادا بىراۋ-
غا تىرناقچىلىك ياخشىلىق قىلغان بولساڭ رازى بول، ئەسلا بەندى-
دىنمۇ ھەم خەلقئالەمدىنمۇ مۇكاپات كۈتمە... دېگەن مەنىلەردە
چۈشىنەتتى.

شىبلى پەلسەپىسىنى قۇتبىددىننىڭ ئاجايىپ زوق - شوق
بىلەن قايناپ - تېشىپ تەلقىن قىلىشى باباماچىننىڭ ھەۋسىنى
كەلتۈردى. ئەگەر ئالدىدا شەيخۇلئىزەم بولمىغان بولسا ئۇ «ۋاھ»
دەپ ۋارقىراپ تاشلىغان بولاتتى.

سىناق خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. شەيخ مۇراسىمنى ئاخىر-
لاشتۇرماقچى بولدى. شۇ چاغدا قۇتبىددىن قولىنى كۆتۈردى،
دەرۋىشلەرلا ئەمەس گۇۋاھلىققا كەلگەن ئۆلىمالارمۇ ئەجەبلەندى.
قۇتبىددىن شەيختىن رۇخسەت ئېلىپ سۇلايمان تەرەپكە قارىدى:

— مۆھتەرەم مەۋلانە سۇلايمان ئاغىمىزنىڭ سوئاللىرىغا مۇنا-
سىپ جاۋاب تاپالماي كەمىنىڭىز خىجىل بولدۇم. بۇ جاھاندا بىلى-
دىغانلىرىمىزدىن بىلمەيدىغانلىرىمىز كۆپ ئىكەن، نېمە ئىلاج دې-
گەن خىيالدىمەن. ئەمما، مەن ئاجىز بەندە ئاللانىڭ دەرگاھىغا
بىلمىگەن نەرسەمنى بىلىۋېلىپ بېرىشنى ئەۋزەل كۆرىمەن. ئەگەر
جانابىي مەۋلانىگە ئېغىر كەلمىسە، پېقىرىڭىزگە ئاشۇ دەپتىرى
سانىينىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، ھەققىڭىزدە دۇئا
قىلغان بولۇر ئىدىم...

ھەزرەت قۇتبىددىننىڭ پاراسىتىگە ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇدى.
سۇلايمان بىسەرەمجان بولدى. چۈنكى، دەپتىرى سانىي ئۇستىدە
ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بار ئىدى. شەيخنىڭ بۇ ئىبارىسىنى

شەرئىتى ھەققە، ئىنشائاللا تەلىم، تىلاۋەت مۇتالىئە يولى بىرلە ئېرىشكەيمىز. ئەينۇل يەقىن سەزگۇ ئەزالارنىڭ ياردىمىدە ئەمەس، ئويغاق دىل، جۇشقۇن قەلب ۋە روھىي بىر تۇيغۇ ئارقىلىق يېتىلى-غان مەرتىۋىدۇر. بۇ — تەرىقەت يولىدۇر. كېيىنكى مەقامغا كەلسەك، ئۇ ھەققۇل يەقىنىدۇر. ئىلىم - ئېرپاندىن قۇۋۋەت ئېلىپ، روھىي ئالەمنىڭ سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولۇپ، بۇ پانىي دۇنيادىن قول ئۈزۈپ ئاندىن بۇ مەرتىۋىگە يېقىنلىشىش مۇمكىن...

شەيخ مەنىلىك يۆتەلدى. سۇلايمان قىزاردى. قۇتبىددىن تەر-لەپ كەتتى، ئۇ سۇلايماننىڭ ئالدىدا مات بولمىغانىدى.

سۇلايمان مەغلۇبىيەتكە تەن بەرگۇسى كەلمىدى. ئۇ تىلىدا قۇتبىددىننى قۇتلۇقلىغان بولدى.

— ئاپىرىن، ئىنىم، ئەمدى ئەقلىڭىزنى بىر نامايان قىلىڭ. پىرىم: «رىيازەتنى قاتتىق تارتىپ، قانلار يۇتۇپ، مەن دەپتىرى سانىي سۆزىن ئاچتىم مانا» دېگەن. ئېسىڭىزدىدۇر؟

قۇتبىددىن ھە دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنداق بولسا بۇ يەردىكى «دەپتىرى سانىي» دېگىنى نېمە؟

قۇتبىددىننىڭ كۆڭلى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ «دەپتىرى سانىي» نى بىلمەيتتى. ئەسلىدە بۇنى بىلىشمۇ سوپىلىق شەرتلى-رىگە كىرمەيتتى. سۇلايماننىڭ كۆرەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن تۇغۇل-غان مۇشكۇلاتتىن قۇتبىددىننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شەيخ:

— پاراسەت — ئادەمگە نېسىپ قىلىنغان كارامەتتۇر. سۇلاي-مان، شۇكۇر قىلىڭ، بۇ جاھاندا بىلگەنلىرىمىزدىن بىلمىگەنلىرى-مىز كۆپتۇر. بۇ مۇراسىم ھېكمەتلەرنىڭ تەھلىلى ئەمەس، بابا قۇل، سىز نېمە دەيسىز؟ — دېدى.

بابا ماچىن مەغرىب ۋە مەشرىقتە ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ-لار توغرىسىدا سوئال تاشلىدى. قۇتبىددىن ئۇلارنىڭ تەرجىمىھا-لى، دىلى توغرىسىدا كۆپ ئاڭلىغان، شىبلى، غەززالى، باغدادى، مەنسۇرى ھەللاج كەبى شەيخۇل ماشايىخلارنىڭ ھاياتىغا ئائىت نۇر-

يىن تېزدىن ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ ئۈچ قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈردى. شەيخ قۇتبىددىننىڭ بېشىغا كۇلاھ كىيدۈردى. كۇلاھنىڭ ئالدى تەرىپىگە يېشىل ياپراق شەكلىدە تامغا بېسىلغان، ياپراقنىڭ ئىچىگە بىر - بىرىگە پاراللېل ئۈچ قاتار ئاق سىزىق تارتىلغانىدى. بۇ يەسسەۋىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ سوپىلىق بەلگىسى ئىدى. يېشىل ياپراقلىق تامغا چېكىلگەن كۇلاھ ئۈچ مەقامنىڭ كەمىدە ئىككىسىنى بېسىپ ئۆتكەن خەلپە - شاگىرتلارغا نېسىپ بولاتتى.

قۇتبىددىن شۇ كۈنى سوپىلىققا خاس نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشتى، ئەتراپتىكى دەرۋىشلەر ئۇنى تەۋەررۈك ھېركا بىلەن مۇبارەكلەشتى.

قۇتبىددىن بىرنەچچە كۈنگىچە «دەپتەرى سانىينىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بەرسىكەن» دېگەن ئۈمىدتە سۇلايماننىڭ ئېغىزىغا تەلمۈرۈپ يۈردى. ئەمما، سۇلايماندىن سادا كەلمىدى. قۇتبىددىن «مەيلى، بىر كۈنى پىرىمنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بىلىۋالارمەن» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

قۇتبىددىن خۇپتەن نامىزىنى تۈگىتىپ كۆرپىگە سوزۇلدى، بىراق، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئەتە ئۇلار سەمەرقەنتكە قاراپ يولغا چىقماقچى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا شەھىرىنىڭ كوچىلىرى، ئەزىمەت چىنارلىرى، پەدەرى بۇزرۇكۋارى، مېھرىبان ئانىسى ئۆتتى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى كۆرمىگىنىگە ئىككى يىلدىن ئاشتى. ئۇلار قۇتبىددىندىن ئايرىلىپ نېمە كويلارغا گىرىپتار بولدىكىن؟

قۇتبىددىننىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقىپ يۈزىگە چۈشتى، كۆڭلى ئېچىشتى. كۆز ئالدىدىن ئانىسىنىڭ سىيماسى نېرى كەتمىدى. گويا خىيالىدا ئانىسى ئۇنىڭغا قولىنى سوزۇپ يىغلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. قۇتبىددىن تولغىنىپ شىۋىرلىدى: «ئانا، سىزنى سېغىندىم، بەكمۇ سېغىندىم... قاچان دىدارىڭىزغا تويىمەن، ئانا؟»

ھەركىم ئۆزىچە تەلقىن قىلاتتى. مۇبادا ئۇنىڭ شەرھى يۈزەكى بولۇپ قالسا، شاھزادە ئۇنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىپ ھەممىلا يەردە سۇلايماننىڭ دېگىنى بويىچە ئىزاھلايدۇ. ئۇنداقتا سۇلايماننىڭ ئابرۇيى قانداق بولىدۇ؟

سۇلايماندىن بۇرۇن ھەزرەت ئېغىز ئاچتى:

— ھازىر بۇنىڭ پۇرسىتى ئەمەس. كېيىنچە سۇلايمان سىزگە دەپتىرى سانىينى ئوقۇپ بەرگەي.

سۇلايمان ئىچىدە «ئۇنىڭدىن دەپتىرى سانىينى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ» دەپ ئۆزىنى كايىدى. كېيىن «خىرقە كىيىش ئالدىدا تۇرۇپسەن، ۋاتىلداۋەرمەي ئەدەپ ساقلاپ تۇرساڭچۇ» دەپ ئىچىدە قۇتبىددىننى كايىغان بولدى.

شەيخنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىسمايىل خوجا خەلىپىلىك لازىمەتلىكلىرىنى ھازىر قىلدى. ھەزرەت «پاتىھە» سۈرىسىنى تىلاۋەت قىلدى. ئاندىن قۇتبىددىننىڭ شەنىگە ئىككى ئېغىز ماختاش سۆزى قىلىپ، پەتىۋا بەردى:

— بىز ياش مۇتەسەۋۋۇپلاردىن بولمىش مۇرىتىمىز قۇتبىددىن مەھمۇدخان ئوغلىنى ئىلمىي دىندا، ئاللاغا بولغان ئىخلاستا، قۇربى ئەقلىدە ئىمتىھان قىلىپ بۇل سالىكنىڭ ئىخلاسىغا، سالاھىيىتىگە، بىلىمىگە ئىمان كەلتۈردۇق. ئۇنى خەلىپە ھەمدە ئەسھاب مەرتىۋىسىگە لايىق كۆردۇق. ئىلاھا، بۇل مۇرىتىمىز ھەق يولىدا چەككەن زەخمەتلىرىمىزنى ئاقلىغاي، جۇملە مۆمىنلەرنىڭ كۆڭلىگە ئاللانىڭ پەرزىنى، ھەق مۇستاپانىڭ سۈننەتلىرىنى سالغاي، ئىنسانلارنى ياخشىلىققا، ئىمانغا دەۋەت قىلغاي، ئاللاتائالا ياقلىغان ئىسمىڭىز تا قىيامەتكىچە يولدىشىڭىز بولغاي، سىزدىن يورۇقلۇق كۆرگەن كىشى ئىككى دۇنيا راھىتىنى كۆرگەي، ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر!

بارلىق قوللار پاتىھەگە كۆتۈرۈلدى. شەيخ ئىسمايىل خوجىنىڭ قولىدىن يېڭى يۇڭ چاپاننى ئېلىپ قۇتبىددىنغا كىيگۈزدى. قۇتبىددىن ئېڭىشىپ شەيخنىڭ ئېتىكىنى، قولىنى سۆيدى، كې-

تىكتۇرۇپ كېيىك ئۈتى سېلىنغان خۇشبۇي قىمىزنى ئىچىپ ئارام ئالاتتى.

مەخمۇدخان بۇ يىل سەمەرقەنت يېقىنىدىكى ئابكوھەككە ئاق ئۆي تىكتۇردى. ئۇ كېيىنكى ئۈچ ـ تۆت يىل ئىچىدە قىتانلار ۋە قارلۇقلار بىلەن ئېلىشىۋېرىپ ھارغانىدى. شۇ سەۋەبتىن شەھەردىن يىراقلاپ كەتكۇسى كەلمىدى. گۆھىرىم — سەمەرقەنت كۆز ئالدىمدا تۇرسۇن، دەپ كوھەك قىرلىرىدا ئىستىراھەت قىلىشقا جەزم قىلدى.

ئۇ يازنى دىلخۇشلۇق بىلەن ئۆتكۈزدى. شاھانە كېمىلەر بىلەن زەرەپشاندا سەيلە قىلدى. مىزان ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇرگۈت تاغلىرىغا ئېيىق ئوۋلاشقا چىقتى، قاپقان قويدۇرۇپ، ئېيىق بالىسىنى تۇتتۇردى. ئۇنىڭغا ئۆزىچە گور بالا دەپ نام قويدى. گورخان — قىتانلارنىڭ خانى ئىدى، ئۇ مەھمۇدخان بىلەن ئۇنىڭ يېزنىسى سەنجەرنى نېمە ئازابلارغا گىرىپتار قىلمىدى؟ سۇلتان مەھمۇدخان گورخاننى بىر ھايۋانغا تەڭلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئەلەمنى ئالماقچىدى. مەھمۇدخان دوغىلاقىنە، قوڭۇر ئېيىق بالىسىنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ خىيال سۇرۇپ ئولتۇراتتى، ئېيىق بالىسى قەپىسىنىڭ چېتىگە بېرىپ كاللىسىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ ياتاتتى، ئاندا ـ ساندا سۇ ئىچىپ قوياتتى، خالاس. ئانىسىدىن ئايرىلغىنىغا ماتەم تۇتۇۋاتقاندەك كۆن بويى غىڭشىپ چىقاتتى.

ئاخىر مەلىكە ئايتۇغدى سۇلتاننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ھايۋاننىڭ ساۋابىنى تىلىدى: «بېگىم، شۇ ئولجىڭىزنى ماڭا بەخشەندە قىلسىڭىز، بىچارىگە رەھىم كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇمۇ مېھرىگە زار. گۆدەككە تائامدىن بۇرۇن مۇلايىم سۆز لازىمدۇر».

سۇلتاننىڭ غۇرۇرى خورلانغاندەك بولدى. ئەمما، سۆيۈملۈك مەلىكىنىڭ گېپىنى يىرالمىدى. «ئۆزى پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ قاقشاپ يۈرۈپتۇ، شۇ جانىۋارنى ئالسا ئالسۇن» دەپ ئېيىق بالىسىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى. مانا بىرنەچچە كۈندىن بېرى گور بالا

# 14. ئەرۋاھ مەدەتكار

مەنزىلى مەھمۇد ئىمىش ئالىي مەقام،
ئول مەقامنى ئىستە ھەقتىن، ۋەسسەلام.
ھەقنى بىلسەڭ بۇ ئالەم سۇلتانىسەن،
بىلمىسەڭ يا دىۋە، يا شەيتانى سەن.

— نەسىمى

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى بولمىش سۇلتان
مەھمۇدخان ياز بويى سۇياپ ساھىلىدىكى قارارگاھىدىن ئايرىلمى-
دى. مانا، كۈز ئاخىرلاشماقتا، ھە دېمەي قارلىق، قىرولىق قىش
كېلىدۇ. تۈنلەر سالقىنلىشىپ قالدى. ئەمما، سۇلتان قارارگاھى-
نى شەھەردىكى سارىيىغا كۆچۈرۈشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. بىر
كۈن، بىر ھەپتە بولسىمۇ دالا - تۈزنى غەنىيمەت بىلدى. ياۋا
گۈللەر، ئەركىن شاماللار، ئاقار سۇلارنىڭ يېنىدا بولۇشنى خالى-
دى. بۇ كۆڭۈلنىڭ مەيلى ئەمەس، بالىلىقىدىن بېرى قان - قېنىغا
سىڭىپ كەتكەن ئادەت ئىدى. ئېھتىمال ئەجدادلىرىدىن روھىغا
ئۆتكەن مىراستۇر. رەھمەتلىك دادىسىمۇ نورۇزدىن تا قار ياغقۇچە
چۆل - باياۋاندىن، ئېدىر قىرلاردىن، يايلاقلاردىن، شارقىراق
ئېقىنلاردىن، ئارچىزار تاغلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى. مەھمۇد-
خان دىمىق شەھەر ھاۋاسىدىن كەڭلىكلەرنى، يۇلتۇزلۇق، ئايلىق
كېچىلەرنى ئەۋزەل كۆرەتتى. قارلىغاچ كەلدى دېگۈچە قارارگاھنى
زەرەپشان دەرياسى بويىغىمۇ، ئۆرگۈت تاغلىرىغىمۇ، ئابىگەرىم
بۇلاقلىرى ياكى ئامانقۇتان قىرلىرىغىمۇ كۆچۈرەتتى. ئاق ئۆي

— ئۇمۇ ئانا ـ دە، بېگىم. ئانىنىڭ يۈرىكى بالىنىڭ ئېسىنى تۇيىدۇ. توۋا قىلدىم، نەچچە كۈندىن بېرى مېنىڭمۇ كۆڭلۈم سىرقىراۋاتىدۇ. قۇتبىددىننى كۆرىدىغان ئوخشايمەن. ئىنشائاللا، مۇشۇ يېقىن پۇرسەتتە بالامنىڭ دىدارىغا قانغايمەن دەپ ئۈمىد قىلىمەن...

ئايتۇغدىنىڭ «ئاسىي ئوغۇل» نى تىلغا ئالغىنى مەھمۇدخانغا ياقمىدى.

— ئەمدى ئۇنداق ئوغلىمىز يوق. ئۇ بىزدىن، سىزدىن ۋاز كېچىپ قەلەندەر بولۇپ كەتكەن. خوش، كېچىسى ئۇيقۇڭىزنى بۇزۇۋاتقان بولسا، گور بالىنى كۆزدىن يوقاتقۇزۇۋېتەي.

ئايتۇغدىنىڭ رەڭگى ئۆچتى.

— بېگىم، ئەگەر بۇ بىچارە جانىۋارنى كۆزدىن يوقاتسىڭىز، پۇشايمان قىلغايسىز. ئۇنداقتا مەلىكىڭىزدىنمۇ ئۈمىد ئۈزۈڭ...

سۇلتان يىگىرمە يىللىق ياستۇقدىشىدىن بۇنداق سۆزنى كۈتمىگەندى، بىردەم ئەجەبلىنىپ قالدى، كېيىن ئاستا گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ چازا قۇردى.

— مۇبارەك سۆزىڭىزنى يەنە بىر تەكرارلاڭ، مەلىكەم، — دېدى سۇلتان ئالقىنىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ، — قۇلىقىم نېمە دېگەنلىكىڭىزنى تۇزۇك ئاڭلىمىدى بولغاي...

ئايتۇغدى كىرپىك قاقماي گېپىنى تەكرارلىدى:

— ئەگەر، بېگىم بىر بىگۇناھ جانىۋارنى جېنىدىن جۇدا قىلسا، ياستۇقدىشىدىنمۇ ئايرىلغۇسى. سۆزۈم شۇ.

مەھمۇدخان ئايتۇغدىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ سۇلتان سەنجەرگە ئاجايىپ خىزمەت قىلغان شەۋكەتلىك باھادىر بۇرۇكيارۇغ ئەمىرنىڭ ئەركە قىزى ئىدى. ئايتۇغدى چەۋەندازلىق ۋە كامان ئېتىشتا يىگىتلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرسە، نازاكەتتە، ئاياللىق لاتاپەتتە، شېرىن سۆزلۈكتە قىزلارنىڭ ھەسىتىنى قوزغايتتى. سۇلتان بىر قېتىم ئۇنىڭغا كېنىزەككە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى. ئايتۇغدى گەپ قىلمىدى، ئوغلىنى، كېنىزەكلى-

ئايتوغدىنىڭ خاس چېدىرىنىڭ يېنىدا ياشىماقتا. سۇلتان گاھىدا بۇ سابىق ئەسىرىنى كۆرگىلى بارىدۇ. بىر كۈنى ئاجايىپ بىر مەنزىرىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قالدى. مەلىكە خۇددى چۆرىگە ئوخشاش كىيىنىپ، قولىدا كۈمۈش تاۋاقنى تۇتقىنىچە قەپەسنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئېيىقنىڭ بالىسىغا مېھىر ئىزھار قىلىۋاتاتتى: «مانا سۈت ئىچكىن... كۆزلىرىڭ ئاجايىپ چىرايلىق ئىكەن، مەسالى مېنىڭ ئوغلۇم قۇتبىددىنىنىڭ قارا كۆزلىرىگە ئوخشايدىكەن. مە ئىچكىن... قورسىقىڭ توق بولسا ماغدۇرۇڭدىن كەتمەيسەن، خۇدا خالىسا بىر كۈنى ئازاد بولغايسەن. يەنە ئارچىزارلىققا بېرىپ ئاناڭ بىلەن دىدارلاشقايسەن، قارا كۆز! مە ئىچ...»

سۇلتان ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن جاھىللىق بىلەن مەلىكىنىڭ چېچىنى چاڭگاللىدى:

— ھىم، مەلىكە، پادىشاھلىقنى ئۆز قولىڭىزغا ئالدىڭىزمۇ؟ بىزدىن رۇخسەتسىز بىر ھايۋانغا ئازادلىق ۋەدە قىلىۋاتىسىزغۇ؟ قېنى ئىچكىرى كىرىڭ.

مەلىكە تاۋاقنى قەپەسنىڭ ئالدىغا قويدى. سۇلتان بىر تېپىپ تاۋاقنى ئۆرۈپ تاشلىدى. ئېيىق بالىسى قورقۇپ قەپەسنىڭ بۇرجەكىگە قاچتى.

سۇلتان چېدىرغا كىرىپ پەي ياستۇققا يانپاشلىدى. ئايتوغدى تۆۋەن تەرەپتە ئولتۇردى. خېلىغىچە ئىككىسىدىن سادا چىقمىدى. ئايتوغدى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى، بېشىنى ئېگىپ ئولتۇردى.

— سۆزلەڭ، مەلىكەم! — دېدى سۇلتان ئاچچىقلىنىپ.

مەلىكە خاننىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى:

— ئۈچ كۈندىن بېرى بۇ ئېيىقنىڭ ئانىسى كېلىپ ئۆيىقۇمنى بۇزۇۋاتىدۇ. ھەر كۈنى خۇپتەن بىلەن يېتىپ كېلىدۇ، ئېيىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ پەرياد قىلىدۇ.

— ئېيىق بالىسىنىڭ تۇتقۇن ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىپتۇ؟ ئايتوغدى كۈلۈمسىرىدى:

تۇراتتى. شۇ چاغدا يەنە ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. يىراقتىن بۇقىنىڭ مۆرىگىنىدەك بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. سۇلتان ئاستا ئورنىدىن تۇردى، چاۋاك چالدى، ھېچكىم كىرمىدى. ئۇ ئۇستىگە يۇڭ چەكمىنىنى، پۇتىغا كېپىشىنى ئېلىپ، بېشىغا سۆسەر تۇمـ-قىنى كىيدى - دە، سىرتقا چىقتى، ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئىككى قاراۋۇل كاللىسىنى ساڭگىلاتقىنىچە داڭ قېتىپ ئۇخلاپ ئولتۇراتـ-تى. سۇلتان ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان نەيزىلىرىنى ئېلىپ چۆرۈپ تاشلىۋەتتى. مەلىكىنىڭ چېدىرى ئەللىك قەدەمچە نېرىدا ئىدى. ئىككى - ئۈچ كىشىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئەتراپ سۈتتەك ئايدىڭ، كېنىزەكلەر ئالدىراپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشتى. ئايپالتا كۆتۈرگەن كېلەڭسىز بىر كىشى ساي تەرەپكە يۈگۈرەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھەدەپ «مەلىكەم، مەلىكەم، بارماڭ، ئۇ مەخلۇققا يەم بولىسىز!» دەپ ۋارقىرايتتى.

سۇلتان مۇلازىملار كېتىۋاتقان ئېدىرغا قاراپ ماڭدى، يۈز قەدەمچە مېڭىپ توختىدى. كوھەك سۈيىنىڭ قارشى تەرىپىدە ئۈچ ياشلىق بۇقىدەك كېلىدىغان قاپقارا بىر ئېيىق تۇراتتى، ئېيىق ھەدەپ ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ ھۆركىرەيتتى. سۇلتان يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭدى، كۆزى ئايتۇغدىغا چۈشتى. ئۇنى بىر توپ ئاياللار قورشىۋالغان بولۇپ، ئەتراپىدا قوراللانغان نۆكەر-لەر يۈرۈشەتتى. ئايتۇغدىنىڭ بېشى يالاڭ بولۇپ، ئۇ ئانا ئېيىقتىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ تۇراتتى. ئېيىق توختىماي ھۆركىرەيتـ-تى، گويا ئىنتىزار بولۇپ بىراۋنى چاقىرغاندەك نالە قىلاتتى...

بىردەمدىن كېيىن سۇدىن ئېيىقنىڭ بالىسى ئۈزۈپ ئۆتتى ۋە بىر - ئىككى سىلكىنىپ ئانىسى تەرەپكە قاراپ كېتىپ ئېتىلدى. ئانا ئېيىق سەكرەپ كېلىپ بالىسىنى باغرىغا ئالدى - دە، تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ كېتىپ قالدى. مەلىكە تىترەك ئاۋازدا قولىنى كۆتۈردى: «ئىلاھا، ئاناڭنى تاپقىنىڭ راست بولسۇن... تەڭرىم، بۇ دۇنيادا ھېچكىم جىگەر پارىسىدىن ئايرىلمىسۇن... يالغۇز ئۇ-

رىنى ئېلىپ مەرۋگە كېتىپ قالدى. مەھمۇدخان ئارىغا يېزىنسى سۇلتان سەنجەرنى قويدى. ئايتۇغدى: «جانابىي مەھمۇدخانغا ئېيتىڭلار، ئاۋۋال خانىش بىلەن كېنىزەكنىڭ پەرقىنى چۈشەنسۇن، ئاندىن ئەھلى ئايالىنى تەلەپ قىلسۇن» دېدى. ئاخىرى سۇلتاننىڭ ئۆزى مەرۋگە باردى، ئايتۇغدى بىلەن ياش قوتىبىددىننى ئېلىپ قايتتى. شۇنىڭدىن بېرى، رەپىقىسىنىڭ رايىغا باراتتى، ئەمما بۈگۈن ئۆتكەن ئىشنى ئۇنتۇدى.

— دېمەك، شەرىئەتلىك ئېرىڭىزنىڭ قارارىدىن سىزگە بىر ياۋايى مەخلۇقنىڭ جېنى ئەزىز ئىكەن ـ دە؟

— ياق، بېگىم. ماشايىخلار ئېرىك — پىرىك دېگەنىكەن. سىلى پىرىم ئىكەنلا، مۇبارەك قوللىرىنى بىھۇدە قانغا بويىمىسىلا. تېخى دۇنيانىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىپ كۆرمىگەن بىر جانىۋارنى ئۆلتۈرۈپ، نېمىگە ئېرىشكەيلا؟

— مەن سىزنىڭ تىنچلىقىڭىزنى ئويلاۋاتىمەن.

— قۇللۇق، بېگىم. مېنىڭ تىنچلىقىمنى ئويلىغانىكەنسىز، ئۇنىڭ جېنىنى ماڭا بېغىشلاڭ. بۇ ئېيىقنىڭ بالىسىنى ماڭا ھەدىيە قىلغاندىڭىزغۇ؟ ھەدىيە قىلىنغان نەرسە قايتۇرۇۋېلىنامدۇ؟

سۇلتان ئايتۇغدىنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرى ئالدىدا يەنە يول قويدى.

— بولىدۇ، ئەنە بېغىشلىدۇق، — دېدى سۇلتان ساقىلىنى سىلاپ، — نېمە قىلسىڭىز ئىختىيارىڭىز.

ئايتۇغدى ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلتانغا تەزىم قىلدى.

— سىز بىر نارەسىدە جانىۋارنىڭ غېمىنى يېگەن بولسىڭىز، ئالالاتائالا سىزنى دەرگاھىدا ساقلىسۇن، بېگىم...

كېچىدە مەھمۇدخان قىيا ـ چىيادىن ئويغىنىپ كەتتى. تۆگە يۇڭىدىن قىلىنغان يەكتىل، ئىسسىق يوتقاننى تېپىپ تاشلاپ، قەددىنى رۇسلىدى ۋە ھازىرلا كۆرگەن چۈشىنى ئويلىدى. يۈزىگە پاتىھە تارتىپ «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ قويدى، ئاسمانغا قارىدى. پەردە تارتىلغان تۈڭلۈكنىڭ ئۈستىدە كۈمۈش ئاي شولا تۆكۈپ

ھەزرەتلىرىنىڭ مەقبەرىسىگە بارمىغىنىغىمۇ بىر يىلدىن ئېشىپ-تۇ. ئەسلىدە ئۇ بۈيۈك زاتنىڭ قەبرىسى قول سوزسا يەتكۈدەك يەردە — سوغدى كەنتىدە ئىدى. سۇلتان ئىچىدە «مېنىڭ قىلغان-لىرىم ئىنساپلىق كىشىنىڭ ئىشلىرى ئەمەس، ئەرۋاھلارنىڭ سۆ-زى تىرىكلەرگە ۋەسىيەت. پەرز ۋە سۈننەتتىن، ئىلاھىي ۋاقىپلار-دىن غەپلەتتە قاپتىمەن. مەندىن ئاسىيلىق ئۆتتى، پەدەرى بۇزرۇك-ۋارىم، ئىنشائاللا، ئەمدى روھىڭىزنى بىئارام قىلمايمەن. توۋا ئىچرە ئۆرتىنىۋاتىمەن، قىبلىگاھىم» دېدى.

سۇلتان پاراسلاپ يېنىپ تۇرغان شاملارغا بىر - بىرلەپ نەزەر سالدى، دىلىنى ئۆرتەۋاتقان نادامەت، ئەپسۇس، توۋا ئوتلىرىغا ئەنە شۇ شاملاردىن ئوخشاشلىق تاپتى، ئىچىدە ئىستىغپار ئېيتىپ، «پاتىھە» سۈرىسىنى ئوقۇدى، ئالىقانلىرىنى يۈزىگە سۈرتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇلازىممۇ پاتىھەگە قول كۆتۈردى.

شايى پەردىنى قايرىپ قارچىغىغا باھادىر خۇددى قارا قۇيۇندەك كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بويى سەل كەم ئۈچ گەز كېلەتتى، ئۇ سۇلتاننىڭ قارارگاھىدىكى قاراۋۇللارنىڭ سەردارى ئىدى. قارچىغا باھادىرنىڭ رەڭگى ئۆڭگەن، چىرايىدا قان يوق، كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن بولۇپ، گويا ھازىرلار ئادەم ئۆلتۈرۈپ كەلگەن قاتىلدەك ھاسىرايتتى.

— سۇلتانىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ... ئۇ ئىتنىڭ بالىلىرى ئوخلاپ قاپتۇ. ھازىر ئىككىسىنى دەرەخكە باغلىتىپ قويدۇم. پەرمانىڭىزغا مۇنتەزىرمەن. بېشىنى كەس دېسىڭىز، ئۆز قولۇم بىلەن كەسكەيمەن، بۇ باشقىلارغا ئىبرەت بولغاي...

— ئۇلارنى يالىڭاچ قىلىپ سۇغا پىشىڭلار، — دېدى سۇلتان خاتىرجەم ئاۋازدا، — ئاندىن ئىت باقار قىلىپ قويۇڭلار.

قارچىغا باھادىر قاراۋۇللارنىڭ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇ سۇلتاننىڭ نېمە ئۈچۈن گۇنا-ھىدىن ئۆتكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى. مەھمۇدخاننىڭ قىبلىگاھى-نىڭ ئەرۋاھى ئالدىدا توۋا قىلىپ، كۆڭلىنىڭ شامدەك ئېرىپ

زۇڭگە سېغىندىم، سېنىڭدىن ئۆزگە تايانچىم يوق...» مەلىكىنىڭ ئاۋازى سۇلتانىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. ئۇ دەرھال كەلگەن ئىزى بىلەن قايتتى. چېدىرنىڭ ئالدىدا قاراۋۇللار ھامان خورەك تارتىپ ئۇخلاپ ئولتۇرۇشاتتى. سۇلتانىنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئىككى قاراۋۇلنى تېپىپ ئۆرۈۋەتتى ـ دە، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

سۇلتانىنىڭ ئويغاقلىقىدىن خەۋەر تاپتىمۇ قانداق، ئىجازەت سوراپ مۇلازىم كىردى. ئۇ چېدىرنىڭ تۆت تەرىپىدىكى تىللا شامدانلارغا ئوت ياقتى. چېدىر يورۇدى.

مۇلازىم پەگاھقا بېرىپ تىزلاندى، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ پەرمان كۈتۈپ ئولتۇردى. سۇلتان ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى، يۇزلىرى ئېچىشىپ، باياتىن كۆرگەن چۈشىنى ئويلايتتى. ئۇ چۈشىدە قىبلىگاھىنى كۆردى، رەھمەتلىك پالەچ كېسىلى بىلەن جان تەسلىم قىلغانىدى. ئۇ تەختىراۋاندا ئولتۇرارمىش، غەمكىن كۆزلىرىنى مەھمۇدخانغا تىكىپ، تەسلىكتە تىلغا كېلىپ: «ئوغلۇم، مەئىشەتنى دەپ پۇقرالارنى ئۇنتۇدۇڭ... بىمارنىڭ ئەھۋالىنى سورىمىغان تېۋىپنى قانداق تېۋىپ دېگىلى بولسۇن... پۇقرالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىساڭ سەن قانداق سۇلتان بولدۇڭ. ئەلنى ئارىلىمايسەن، بازار ئارىلىمايسەن... جامائەت بىرلە ئىبادەت قىلىشنى ئۇنتۇدۇڭ... كۆزۈڭنى ئاچ، بالام، بارار يولۇڭنى ئويلا...»

سۇلتان سەسكىنىپ كەتتى. ئاتىسى «بارار يولۇڭنى ئويلا» دەپ ئۇنى تاڭلا مەھشەردىن ئاگاھلاندۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئىشارە ئۇنى ئەرشئەلادىن زېمىنگە چۈشۈرگەندەك بولدى. دەرۋەقە، سۇلتان كېيىنكى چاغلاردا كۆڭۈل خاھىشىغا بېرىلىپ ئەتراپىتا نېمە ھادىسىلەرنىڭ سادىر بولۇۋاتقانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلدى. ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، دان چېچىۋاتقان دېھقانىنىڭ ئېتىزىنى كۆرمىگىنىگە قانچە ئۇزۇن بولدى؟ قىتالارنىڭ باسقۇنىدىن كېيىن سەمەرقەنت بازارلىرىنى ئارىلاپ كۆردىمۇ؟ قەبرىستان تەۋەررۇك جايلارنى ئاخىرقى قېتىم قاچان زىيارەت قىلغانىدى؟ ھەتتا ئىمام بۇخارى

# 15. زەھەر دەرىخىنىڭ مېۋىسى

قوياش پاتسا ئۆكۈنمە، ئەتە ئۇ
تاڭنى باشلاپ كېلىدۇ.

— «ئاۋېستا»دىن

بۇ كاج پەلەكنىڭ ئىشلىرى قىزىق ئىكەن، گاھىدا شۆھرەتپە-رەسلىك بىلەن باشلانغان ئىش ياخشىلىق بىلەن تۈگەيدۇ، ئەكسىچە ياخشىلىق، خۇشاللىق ۋەدە قىلىدىغان كۈن ۋەسىيەت، غەم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

سۇلتان مەھمۇدخان سۇبھى بىلەن ئەركانى دىن ۋە ئۆلىما پازىللارنى ئېلىپ، ئاق تۇلپارىغا مىنگەندە كۆڭلى سۇنبۇلە سۈيد-دەك تىنىق ئىدى. كەچكە بېرىپ كۆڭلى ۋەيران بولدى. كۈنلەر-دىن بېرى قەلبىنى قاپلاپ تۇرغان خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

مەھمۇدخان دەبدەبە بىلەن يولغا چۈشتى. ئالدىدا جاكارچىلار خانىنىڭ سەمەرقەنتكە تەشرىپ بۇيرۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، ئات چاپتۇرۇپ كەتتى. سۇياب ساھىلى ئەمدىلا ئويغىنىپ ئويغانغاند-دى. ئىككى تەرىپى لەرزان شاخلىق دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان تار كوچىلاردا ئېشەك ھارۋىلىق، قېچىر ھارۋىلىق دېھقانلار ئۇچرايت-تى. بۇ ھارۋىلاردىكى سېۋەتلەردە كۈزنىڭ مېۋىلىرى يالتىرايتتى. دېھقانلار بازارغا ئالدىرايتتى، تاڭ ئاقارماستىن بۇرۇن سەمەرقەنت رەستىلىرىدىن جاي ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇلاغلىرىنى قوغلايتتى.

تۇرغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟
قارچىغا باھادىر ئىچىدە ھەقتائالاغا شۇكرى ئېيتىپ يەرگە يۈكۈندى.
— ئۆمۈر بويى سادىق قۇلىڭىزمەن، ھەزرىتىم...
سۇلتانىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا باشقىچىلا يېقىملىق ئاڭلاندى:
— بېرىڭ، ئۆلىمالارنى ئويغىتىڭ. بامدات نامىزىنى قەلئەدە، چوڭ جامەدە ئوقۇشنى نىيەت قىلدىم.
قارچىغا باھادىر ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى، مۇلازىممۇ ئورنىدىن تۇردى.
— قۇرئان كەلتۈرۈلسۇن، — دېدى سۇلتان قىسقىغىنە. يانپاشلاپ مۇلازىم ئىشىككە قاراپ ماڭدى.
سەلدىن كېيىن قارچىغا باھادىرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— جېنىڭلارنى تىلىۋالدىم، لەنىتىلەر، ئەمدى ئايغىمنى سۆيسەڭلارمۇ ئاز! يۈز دەرھەمدىن جازا تۆلەيسىلەر، ئاندىن خالىغانلارنى ئىت باقار قىلىمەن، خالىمىغانلارنىڭ كەينىگە تېپىپ ھەيدەيمەن!
خانىنىڭ خاس قاراۋۇللىرىنى ئىت باقار قىلىپ قويۇشى مىسلى كۆرۈلمىگەن ھاقارەت ئىدى. ئەمما يۈز دەررە يەپ مەجرۇھ بولۇپ قالغاندىن يۈز دەرھەم تۆلەپ ئىت باقار بولۇش ئەلاراق ئىدى. قاراۋۇللار قارچىغا باھادىرنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ شەرىتىگە رازىلىق بىلدۈرۈشتى.
قارچىغىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكى سۇلتانىنىڭ ئېرىپ تۇرغان ئىسسىق باغرىغا سوغۇق سۇ بولۇپ سېپىلدى. «ئىمانسىز، — دەپ ئۇھ تارتتى مەھمۇدخان، — بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭدىن ئۆزگە سادىق مەھرەم يوقمىدۇر؟ ئۇ بىتەۋپىقنى قانداق قىلىش كېرەك، غاپىل قاراۋۇللارغا قوشۇپ ئۇنىمۇ ئىت باقار قىلايمۇ؟ بۇ دۇنيادا دوست تاپماق تولىمۇ دىشۋار ئىكەن...!»

خەزىنىدار ئۆزەڭگىگە پۇتىنى تىرەپ ئات ئۈستىدە ئۆزىنى رۇسلىدى.

— ئەي مۆمىن مۇسۇلمانلار! ھەزرىتى ئالەمپاناھ شول قۇتلۇق سۇبھىدە جەننەت كەبى سەمەرقەنتكە قويغان مۇبارەك قەدەملىرىنى خەير - ئېھسان قىلىشتىن باشلىدى! — دەپ ۋارقىرىدى، — ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، مەھمۇدخان ئىبنى ئارسلانخان جانابلىرى مۇرۇۋۋەت ئەيلەپ، پۇقرالىرىغا خەير - سەدىقە تارقىتىدۇ!

خەزىنىدار قويندىن بىر خالتىنى ئېلىپ ئېغىزىنى يەشتى ۋە ئەتراپقا سىقىملاپ دەرھەم چېچىشقا باشلىدى. خالايىق بىر - بىرىنى بېسىپ، يانجىپ يەرگە يېپىشتى. خەزىنىدار بەشىنچى خالتىنى سۇلتاندىن يوشۇرۇنچە يانچۇقىغا سالدى.

سەمەرقەنتنىڭ ئۇلۇغۋار، نەقىشلىك جامىئە مەسچىتىدە بامدات نامىزىنى ئۆتەپ سۇلتان مەھمۇدخان يەنە ئاتقا مىندى. ئەركانى دۆلەت ۋە ھۆكۈمالارنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەر ئارىلىدى. قۇشخانىلارنى، رەستىلەرنى، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكانلىرىنى، مەدرىسىلەرنى كۆردى. قۇسەم ئىبنى ئەبباس شەيخنىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلدى. كونا كۆتۈرۈلگەندە چاربازارنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. ئاتىسى رەھمەتلىك «تەكەببۇر بولساڭ مازار ئارىلا، غاپىل بولساڭ بازار كەز. بازار كۆزگە ئارام، مازار كۆڭۈلگە تەسەللى بېرىدۇ» دېگەن گەپنى دائىم تەكرارلايتتى.

سۇلتان بىسمىللا دەپ بازارغا كىردى، كىردىيۇ، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. بازار گويا داش قازاندەك قايناپتتى. توغرا، سەمەرقەنت بازىرى مەغرىب ۋە مەشرىقتە مەشھۇر ئىدى. بۇ يەردە ئۇ رۇسىيىدىن كەلگەن يۇڭ سودىگەرلىرى، قەشقەرلىك زەرگەرلەر، دەشتى قىپچاقتىن كەلگەن ئاتچىلار، شام ۋە ئىراقتىن كەلگەن سودىگەرلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. سەمەرقەنت بازىرىنى پىيادە كېزىش ئۈچۈن بىر كۈن ۋاقىت يەتمەس ئىدى. ئات بازىرى، قوي بازىرى، باققالچىلىق بازىرى، گەزمال بازىرى، قۇل

شەھەرگە يېقىنلاشقانسېرى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشلىرى تېزلىدى. ئۇ يەنە ئاتىسىنىڭ ئەرۋاھىنى ئېسىگە ئالدى، دىلىدا تەكبىر ئېيتتى. چوڭ جامائەنىڭ ئالدىغا يىغىلىدىغان كىشىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. «راست، مەندىن غاپىللىق ئۆتۈپتۇ، شەھەرگە كىرىپ جامائەت بىرلە ناماز ئۆتىمىگىنىمگە ئۈچ ئاي بوپتۇ. مەركەزدىن يىراق قالغان مۆمىنگە ئوخشاپ قاپتىمەن».

سۇلتان سەمەرقەنتنىڭ سۇ سېپىپ سۈپۈرۈلگەن رەتلىك كوچىلىرىغا قەدەم باسقىنىدا نەقىشلىك، ھەيۋەتلىك مۇنارلاردىن مەزىننىڭ نامازغا چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

سۇلتان ھەمراھلىرى بىلەن جامائە مەسچىتىگە بۇرۇلدى. كوچىلاردا ئادەم كۆپەيدى. «پوش، پوش» دەپ يول ئېچىپ بېرىۋاتقان قارچىغا باھادىرنىڭ ھەيۋىتىدىن چۆچۈپ، پۇقرالار ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشماقتا، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، ئاق تۇلپارنىڭ ئۈستىدە ئەتراپىغا ھەيۋەت بىلەن بېقىپ كېلىۋاتقان سۇلتان مەھمۇدخانغا تەزىم بەجا كەلتۈرمەكتە. سۇلتاننىڭ ئۈستىدە يېشىل لاۋا چەكمەن، بېشىدا ئىمامى ئەزەم مەزھىپىدىكى شەيخلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە ئورالغان چاقفان سەللە. سەللىنىڭ ئالدىدا بەدەخشان ياقۇتى پارلاپ تۇراتتى. سۇلتان ھەر قېتىم ئىككى يېنىغا بېقىپ پۇقرالارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندا ياقۇت يالت - يۇلت قىلىپ يالتىراپ كېتەتتى، ئۇ كىشىلەردە ھەۋەس، ئاداۋەت، كىنايە، پەخىر ۋە قانداقتۇر چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان تۇيغۇلارنى پەيدا قىلاتتى.

يول بويى كىيىمى يېلىڭ، ئاياغلىرى يالاڭ كىشىلەرنى كۆرۈپ سۇلتاننىڭ كۆڭلى ئېرىدى، سەدىقە بېرىشنى ئويلاپ قالدى، سول يېنىغا ئۆرۈلۈپ كىمگىدۇر ئىما قىلدى. ئېتىنى دېۋىتىپ خەزىنىدار ياندىشىپ كەلدى.

— ئۇلارغا بىزنىڭ نامىمىزدىن سەدىقە بېرىڭ، — دېدى سۇلتان، — ھەققىمىزگە دۇئا قىلسۇن.

ھەبەشتەك قاپقارا بىر زەڭگى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپە-يىپ تۇراتتى، ئالدىدا قاپقارا ئاياق، بۆز داستىخان تۇراتتى. بۇ مەجنۇن سۈپەت يىگىت بىر - بىرىگە خىلاپ، بىمەنە سۆزلەرنى قىلىپ ۋارقىرايتتى:

— ئەسسالامۇ، ئەلۋىدامۇ مۇشۇ يەردىدۇر! تۇركنى كۆلدۈر-گەن نەرسە ئەجەمنى يىغلىتۇر، ئەكسىچە ئەجەم كۆلگەندە تۇرك زار - زار يىغلىغاي! دېھقان تېرىپ ئالتە ئاي كۈتكەي، مېنىڭ تېرىغىنىم ئالدىمدىلا ئۈنۈپ چىققاي! شەك كەلتۈرسەڭ ئالدىمغا كەل...

سۇلتان سول يېنىدا تىترەپ تۇرغان بازار نازارەتچىسىگە قارىدى:

— بۇ كىم؟

— كەشمىرلىك مۇساپىر، ئالەمپاناھ، — دېدى بازار نازارە-تچىسى ئېگىلىپ، — ئۇنى كەشمىرلىك دىۋانە دەپمۇ ئاتىشىدۇ. بىر بۇردا نان ئۈچۈن رەم ئېچىپ پال كۆرىدۇ...

مەھمۇدخان ئۇندىمەي ئالدىغا قاراپ ماڭدى، كېيىن رەمچى-نىڭ سىرلىق سۆزى يادىغا چۈشۈپ توختىدى. «ئەسسالامۇ، ئەلۋىدا مۇشۇ يەردىدۇر دېدى. نېمە ئۈچۈن تىرىكلىكنىڭ ئىپتىدا-سى بىلەن ئىنتىھاسى بۇ دىنىسىزنىڭ قولىدا بولغاي؟»

سۇلتان كەشمىرلىك يىگىتكە قارىدى:

— ئەي مۇساپىر! مەن ئۈچۈن پال سال، ئاندىن كېيىن ئەسسالام بىلەن ئەلۋىدانىڭ تەرىپىنى سۆزلە!

يىگىت خانىنىڭ ئەپتىگە ئۇزاق تىكىلدى، ئۆزىچە نېمىلەرنى-دۇر دەپ پىچىرلىدى، قوينىدىن ئالىقانداك ئەينەكنى ئېلىپ قارى-دى، بىر سىقىم يالتىراق تاشلارنى داستىخانغا چاچتى.

— سېنى بۇ يەرگە ئاتاڭ باشلاپ كەلدى، — دېدى تاشلارغا قاراپ، — كۆكسۇڭدە مانا بۇنداق (ئۇ ئاستىدىكى قورام تاشنى شاپىلاقلاپ قويىدى) تاش بار ئىدى، ئەمدى ئۇ تاش ئېرىدى. ئەمما، كەچتە ئۇ تاش قايتا ئىچىڭگە كىرگەي. سۆزۈمدىن غەزەپلەنسەڭ

بازىرى، دورا ـ دەرمان بازىرى، قۇش بازىرى، كۆكتات بازىرى، مېۋە ـ چېۋە بازىرى، ئوۋچىلىق بازىرى، تېرە بازىرى… ئىشقىلىپ، ئالەم يارالغاندىن بېرى بىر ـ بىرىنىڭ رىزقىنى قە-يىپ يا بىرىگە نېسىۋە بېرىپ يۈرگەن يۈزلەپ، مىڭلاپ كەسىپ ئىگىلىرىنى بۇ يەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. بازارنىڭ تىلى ھەم ئۆزگىچە ئىدى، ئوتتۇرىدا تۇرۇپ بىردەم قۇلاق سالساڭ ھەربىر كىشى گويا ئۆز تىلىدا سايرىشىۋاتقان قۇشلارنى ئەسلىتەتتى…

سۇلتان مەھمۇدخان كۆكتات بازىرىغا باردى. دىمىغىغا نەم-خۇش، يېقىملىق بىر پۇراق گۇپپىدە ئۇرۇلدى. ھەرخىل چېچەك-لەر، كۆكتاتلار ئىچىدىن رەيھاننىڭ پۇرىقى ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى. «سەمەرقەنت رەيھىنىنى پۇرىغان مېيىتمۇ تىرىلۇر» دەپ ئويلىدى سۇلتان رەستىگە نەزەر سېلىپ. سۇلتاننى تونۇپ ئاللىقا-چان خۇدۇكسىرەش ۋە ئۈمىد ئارىلاش ئورۇنلىرىدىن تۇرغان كۆك-تاتچىلار خانغا تال سېۋەتتىكى ھەرخىل كۆكتات ۋە ئىپار پۇراقلىق گۈللەرنى تەڭلەشتى. مەھمۇدخان رەستىلەرنى ئارىلاپ ئىچكىرىلە-گەنسېرى كۆڭلى مەست بولۇپ، زوقمەن ھېسلارغا تولاتتى، شۇن-داق ئاۋات ۋە باياشات بىر ئۆلكىنىڭ بىردىنبىر ئىگىسى ئىكەنلىكى-دىن غۇرۇرى گۈمبەزدەك يۈكسىلەتتى. ئىختىيارسىز سۇلتاننىڭ خىيالىغا ئەرەب شائىرى ئەبۇلپەتھە بۇستىنىڭ ئاجايىپ بىر بېيىتى كەلدى. بۇستى: «ئۇ دۇنيادا ئادەملەر ئۈچۈن جەننەت بار، بۇ دۇنيانىڭ جەننىتى سەمەرقەنتتۇر» دېگەنىدى. سۇلتان قولىدىكى بىر توپ رەيھاننى پۇراپ ئەتراپىغا ئارىلاپ باقتى. «جەننەتكە ئوخ-شايدىغان سەمەرقەنتىم، ئىلاھا ساڭا كۆز تەگمىگەي، سېنىڭ ھۆسنىڭگە كۆز ئالايتقانلارنىڭ كۆزىگە توپا ياغقاي، راھىتىڭمۇ، زەھمىتىڭمۇ ئۆز ئۇلۇسىڭغا بولغاي…»

زەرگەرلىك ۋە دورا ـ دەرمان دۇكانلىرى ئارىسىدا سۇلتان غارايىپ بىر مەنزىرىگە دۇچ كەلدى. قەبرە تېشىدەك يوغان بىر قورام تاشتا جۇلدۇر چاپان كىيىپ، بېلىگە زۇننار باغلىغان،

گېپى كەلدى: «كەچتە ئىچىڭگە تاش كىرگەي... بۇ تاشنى سۆز ئېرىتكەي...» سۇلتان بۇ سىرلىق كارامەتنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ خېلىغىچە ياتتى. كۈتۈشتىن يامان نەرسە يوق ئىكەن. خەۋپ - خەتەرنىڭ ئۆزىدىن كۆرە ئۇنىڭ ۋەھىمىسى يامان، دەپ ئەللامىلەر بىكار ئېيتمىغانىكەن. «كەچتە ئىچىمگە كىرىدىغان قانداق تاشتۇر ئۇ؟» مەھمۇدخان خوراپاتقا ئىشەنمەيتتى، دىنغىمۇ مۇتەئەسسىپلەردەك بېرىلىپ كەتمەيتتى، دىنىي ئۆلىمالارنى ئۆزىدىن ياتلاشتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن پەرز سۈننەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىۋاتقان كىشى قىياپىتىدە يۈرەتتى. ئەمما، بەربىر ئېغىر جەڭدىن بۇرۇن قانىنىڭ يۈرىقىنى سەزگەن جەڭگىۋار چەۋەندازدەك دىلى قېتىپ، يۈرىكى كۆكسىنى تېشىۋېتىدىغاندەك ئېغىۋاتاتتى. سۇلتان: «دىۋانە بەربىر دىۋانە - دە، بىر چاڭگال تاشقا قاراپ ئېغىزىغا كەلگەننى ۋالاقلايدۇ» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە ئۇرۇندى. ئەمما، ئۇنۇمى بولمىدى. «سېنى ئاتاڭ باشلاپ كەلدى» دېدىغۇ. كارامەت كۆرسەتتى «ئاخشام چۆچۈپ ئويغانغىنىمنى، چۈش كۆرگەنلىكىمنى نەدىن بىلگەندۇر ئۇ؟» دېگەن ئىزتىراپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ قوچۇشقا باشلىدى.

سۇلتان ياتقان يېتى چاۋاك چالدى. ئىشىكئاغىسى كىرىپ كەلدى.

— مەجۇن بىلەن قىمىز كەلتۈرۈڭ.

ئىشىكئاغىسى بىلەن مۇلازىم تىللا لېگەندە غاز گۆشى، نان، بىر چىنە، كوزىدا قىمىز، شۇنىڭغا لايىق مەجۇن كەلتۈردى. سۇلتان مەجۇندىن كۆپرەك قوشۇپ بىر چىنە قىمىز ئىچتى، يۈردكىنىڭ كۆيۈشى بىرئاز بېسىققاندەك بولدى، غاز گۆشىدىن ئازراق يېدى، ئاردىن سەل ئۆتۈپ مەجۇن كۈچىنى كۆرسەتتى. سۇلتاننىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغان خاتىرجەمسىزلىك پەسەيگەندەك بولدى.

ئىككىنچى چىنە قىمىز سۇلتاننى تامامەن سەرخۇش قىلدى. ئۇ يانپاشلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

كاللام دارغا يەتكەي، شۇ ئەلۋىدا ماڭا. بېشارىتىم ئوڭدىن كەلسە يەنە مېنى سېغىنىپ كېلۇرسەن، شۇ ئەسسالام ماڭا!

سۇلتان سەسكەندى:

— تاش نېمە بولغاي، ئۇنى كىم ئېرىتۇر؟

— قەدىمدىن قالغان رىۋايەت باردۇركى، ئەي غاپىل كۆڭۈل پاتسا يىغلىما، ئۇ تاڭلا ئالەمنى قايتا مۇنەۋۋەر قىلغاي... ئاخشاملىقتا سېنىڭ كۆكسۈڭگە مېھمان بولىدىغان تاشنى سۆز ئېرىتكەي...

كەشمىرلىك يىگىت داستىخاندىكى تاشلارنى ۋە ئەينەكنى يىغىشتۇردى.

سۇلتان ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى، يېنىغا قولىنى سېلىپ بىر دىنار ئالدى - دە، يىگىتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. رەمچى يىگىت تىللا تەڭگىگە مەنسىتمىگەندەك كۆز تاشلىدى، كېيىن ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى ھەمدە ھىجىيىپ قويدى.

— ھازىر تىككىنىم كۆز ئالدىمدا ئۇنۇپ چىقتى...

شۇ چاغدا بىر سېۋەت نان كۆتۈرۈپ ناۋاي كېلىپ قالدى. رەمچى يىگىت سېۋەتتىن ئىككى ناننى ئېلىپ تىللانى تەڭلىدى. ناۋاينىڭ كۆزى چىقىپ كېتەي دېدى.

— ئال، ئايغىم ھارام بولمىسۇن، — دېدى يىگىت، — مىڭ تىللادىن بىر بۇردا نان ئەلا. بۇ دۇنيانىڭ چىرايىمۇ، چىنارىمۇ بىر بۇردا نان دېگەن گەپ بار.

مۇساپىرنىڭ «چىنار» دېگەن گېپى سۇلتانغا نەشتەردەك سانجىلدى. ئەمما، ئۇ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئەتراپىدىكىلەرنى ئەگەشتۈرگىنىچە بازارنىڭ ئايغىغا قاراپ كەتتى.

سۇلتان كوھەكتىكى قارارگاھىغا يېتىپ كەلگەندە ئەسىر نامىزى ۋاقتى بولغانىدى. ئۇ سەپەردە يۈرگەن كىشىدەك تۆت رەكەت نامازنى تۈگەتتى - دە، پەي تەكىيىگە يانپاشلىدى. تۇساتتىن كەيپىياتى بۇزۇلدى، كۆڭلىگە يانپىشىدىكى گۈللۈك تەكىيىدەك تاش پاتقاندەك بولدى، خىيالىغا لاپ قىلىپ كەشمىرلىك يىگىتنىڭ

ئىلتىماسلىرىغا ياق دېگىلى تىلىم بارمىدى ... — دېدى.
سۇلتان خەتنى ئېلىپ قارىيىنىڭ ئەپتىگە ئىنچىكىلەپ قاراپ قويىدى. ئۇنىڭ ئۇچايىسىز لىنىپ تۇرغانلىقىنى كارزاپلىقتىن ئەمەس، ئەكسىچە مېنىڭ سالاپىتىمنىڭ سۇرىدىن دەپ ئويلىدى. «سىزگە مۇجازەت» دەپ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. مەۋلۇتقارىي ئاسان قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ، دەرھال چىقىپ كەتتى.
سۇلتان خەتنى ئېرەنسىزلىك بىلەن ئاچتى. خەت ئىككى ۋاراق ئىدى. بىرىنچى ۋارىقى چوڭ - چوڭ ھەرپتە ناھايىتى سەت يېزىلغانىدى. مەھمۇدخان خەتنىڭ بېشىدىكى ئادەت بولۇپ كەتكەن ھەمدۇسانالارنى تاشلاپ ئاخىرىغىراق كۆز يۈگۈرتتى. «... بىز سىز جانابىي ئالىيلىرىغا تەۋە سابراندا ئىستىقامەت قىلغۇچى مۆمىن پۇقرالىرىڭىز دۇرمىز. سۇلتانىمىزنىڭ شانۇ شەۋكىتىگە سايە چۈشۈرمىسۇن دېگەن قۇتلۇق نىيەتتە مەزكۇر نامىنى پۈتمەكتىمىز. سىز پىرىم دەپ قول بەرگەن شەيخ سەلتەنىتىڭىزنىڭ دۈشمىنى بولمىش خارەزمشاھ ئاتسىزنىڭ ۋەلىئەھدى ئابدۇلپەتىھكە مېھىر كۆرسىتىپ، ئۇنى خەيرلىك دۇئالىرى بىلەن مۇبارەكلەپ تۇرۇپتۇ. كۆزىڭىزنىڭ قارىسى شاھزادە قۇتبىددىننى سىزدىن تىرىك جۇدا قىلغىنى كەملىك قىلدىمۇ؟ شەيخنىڭ بۇل يوسۇندىكى مۇھەببەتنامىسىنى بىز ئۆلىمالار ئەھلى يەتتە ئىقلىمنىڭ ئىگىسى سۇلتان سەنجىرى ئىككىنچى ئاتالمىش سىزدەك ئالىي ھىممەتلىك تەقۋا ساھىبى سۇلتان مەھمۇدخانغا نىسبەتەن بوھتان دەپ بىلگەيمىز. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە قول خوجا ئەھمەد شەيخنىڭ ئۆز قولى بىلەن پۈتۈلگەن نامەنى ئەۋەتتۇق. ئاللا مەدەتكار، ھەق مۇستاپا يار بولۇپ، سىز جانابىي ئالىيلىرى پىرىڭىزنىڭ مۇناپىقلارچە سىرىدىن ئاگاھ بولسىڭىز ئەجەب ئەمەس. جېنىڭىز ھەققىدە دۇئا قىلىپ، تاج - تەختىڭىزگە ۋە دۆلىتىڭىزگە بەرىكەت تىلەپ، سابىراندىكى قارى - قۇززاتلاردىن دەپ بىلگەيسىز. ۋەسسالام».
ئەھلى ئۆلىمالارنىڭ گېپى بويىچە، ئىككىنچى مەكتۇپ شەي-

سۇلتان ئۇيقۇدىن قارا بېسىپ ئويغاندى. نامازدىگەرنىڭ ۋاق-
تىمۇ ئۆتكەنىدى. «سالاتقىمۇ چاقىرماپتۇ، لەنىتىلەر» دەپ مۇلا-
زىملىرىدىن ئاغرىندى، كېيىن مەجۇن يېگەنلىكىنى ئەسلەپ خى-
جىل بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە هامان بىر قارا تاش چۆكۈپ ياتقان-
دەك قىلاتتى.

سىرتتىن تەمتىرىگەن هالدا ئىشىكئاغىسى مارىلىدى. سۇلتان-
نىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا بوسۇغىدىن
ئۆتتى.

— هەزرىتىم، بىر مۇساپىر ئىجازەت سوراپ تۇرۇپتۇ...

— كىم ئىكەن؟ — دېدى سۇلتان غەپلەت ئىچىدە.

— يەسسىدىن كەلگەنمىش. خان جانابلىرىغا تاپشۇرىدىغان
ئامانىتىم بار دەيدۇ.

يەسسى دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، مەهمۇدخان تېتىكلەشتى. يەس-
سىدە ئوغلى قۇتبىددىن بار. «ئەجەبا ئوغلىدىن خەۋەر كەلگەن
بولسا؟»

— كىرسۇن.

ئىشىكئاغىسى چىقىپ كەتتى. سەل پۇرسەتتىن كېيىن موللا
قىياپەتلىك بىر يىگىتنى باشلاپ كىردى. بۇ مەۋلۇتقارىي ئىدى.

قارىي دەرهال تىزلاندى، سۇلتاننىڭ هەققىگە دۇئا قىلدى،
كېيىن قوينىغا قولىنى تىقىپ ئورالغان قەغەزنى ئالدى ـ دە، قوش
قوللاپ سۇلتانغا تۇتتى.

— بۇ نېمە؟ — دېدى خان قاپىقىنى سېلىپ.

— مەكتۇپ، شاهىم. بۇنى سەبران ئۆلىمالىرى پۈتكەن.
سۇلتانىمىزنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇر دەپ ئەمىر قىلغان.

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟

قارىي سەل ئوڭايسىزلاندى، كېيىن ئەشرەپخان قازىنىڭ گې-
پىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— پېقىرىڭىز بىر سودىگەرمەن. تۈركىستان دىيارىدىن بۇخا-
رايى شەرىپكە تىجارەتكە ماڭغانىدىم. مۆھتەرەم زاتلىرىمىزنىڭ

دىگارى ئالەم [بەس، ئاز كۇلۇڭلار] دەپتۇرلار. بۇل مۇبارەك ئايەتىنىڭ مەنىسىنى ئوبدان بىلىپ ۋۇجۇدىڭىزغا تەپەك- كۇر ئەيلەڭ، ئوغلۇم. ئۆز يۇرتىنى پارە - پارە قىلىپ تالىشىۋاتقان بىر ۋەتەن پەرزەنتلىرىگە ۋەسىيەت - خېتىم شۇلدۇر.

بېيىت:

سېنى قويماس ئەجەل ھەرگىز نېچە ھۆكمىڭ راۋان بولسا،
ھۇكۇمەت بىرلە ئالەمنى ئەگەر زىرۇ زەبەر قىلساڭ.

سىزگە لەۋھى مەھپۇز ئىگىسى ئىنساپ تەۋپىق ئاتا قىلسۇن.

— شەيخ قۇل خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي

سۇلتان مەكتۇپنىڭ ئاخىرىدىكى شەيخنىڭ مۆھرىگە باقتى. بوتىلاقنىڭ كۆزىدەك بېجىرىم، قاپقارا مۆھۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ھەزرىتى سۇلتان خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي» دېگەن پۇتۇك ئويۇلغان گەردىشتە يەسسەۋىيدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئون ئۇلۇغ ئەھمەدلەرنىڭ ئىسىملىرى تىزىلغانىدى. سۇلتان ئۇلارغا پەرىشان ھالدا كۆز يۈ- گۈرتتى، بىراق شەيخنىڭ نامىدىكى غەلىتىلىكنى بايقىمىدى. ئۇ تەسەۋۋۇپ ئىلمىدىن خەۋەردار ۋە زېرەكرەك بولغىنىدا بۇ غەلەتنى ھېس قىلار، ئاقىۋەتتە پۇشايمان ئوقلىرىغا گىرىپتار بولماس ئى- دى. ئەپسۇسكى، مەھمۇدخان بارلىق سۇلتانلارغا ئوخشاش قىلىچ كامان ئىلمىدا ماھىر، لېكىن ئەقلىي ئىلىمدە ناتىۋانراق ئىدى.

مەھمۇدخان كاسىدىكى ئانار سۈيىنى سۈمۈرۈپ، بىرئاز تىن ئالدى. ئۆلىمالار: «شەيخ مەككەئى مۇكەررەمەگە قاراپ سەپەر قىلدى، يېقىن پۇرسەتتە سەمەرقەنتكە يېتىپ بارغاي» دەپ خەۋەر بەرگەنىدى. سۇلتانىنىڭ قەلبى داۋالغۇدى. «ئەگەر شەيخ بىز تەرەپ- كە تەشرىپ بۇيرۇسا، ئېھتىمال ئوغلىمىز قۇتبىددىنمۇ قوشۇلۇپ كېلەر. مانا ئۈچ يىلدىن بېرى تەخت ۋارىسى ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ

خۇل ماشايىخنىڭكى ئىدى. مەھمۇدخان بۇ خەتنى ئازراق ئەجەبلە-
نىش ۋە دىلىدا كىچىككىنە غەشلىك بىلەن قولىغا ئالدى. ئاۋۋال
ئۇششاق، راۋان يېزىقتا تىكىلىپ قالدى. ئۇ سۇلتانئول ئارىپىنىڭ
ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.
خەتتىن شەيخنىڭ نەپسى، روھىيىتى ئۇرغۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى.
سۇلتان نېمىشقىدۇر تىترەپ كەتتى. توساتتىن چىرايلىق ئۇششاق
ھەرپلەرگە جان كىردى، «نۇن» — كۇمۇش ھالقىلارغا ئايلاندى،
«سىن» ئۆتكۈر چىشلىق ھەرىگە ئايلاندى، «ئەلف» ئۆزۈن ئېرغاي
تاياقتا ئۆزگەردى، زىغىردەك نازۇك چېكىتلەر بولسا قارا يۇلتۇز-
لاردەك چېدىرنىڭ ئىچىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى...

سۇلتان خىيالىنى يىغىپ قەغەزگە تىكىلدى. دەل شۇ چاغدا
ئىختىيارسىز بارماقلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قال-
دى، بەدىنى قىزىدى. سۇلتان كەلىمە ئېيتتى، كېيىن ئۆزىنى
زورلاپ نامەنى ئوقۇشقا باشلىدى. نامە قىسقىلا ئىدى:

«مۇرىتىمىز شاھزادە ئابدۇلپەتىھ باھادىرخانغا: دىنىي
ئىسلامنى كېڭەيتىش يولىدا چەككەن زەخمەتلىرىڭىزنىڭ ئەج-
رى ساۋابىنى بىر كۇنى ياراتقاننىڭ ئۆزى بەرگەي. ئەمما،
ئېسىڭىزدىن چىقارماڭكى، كاللامىشېرىپتە، دىندا زورلاش
يوقتۇر. پەرۋەردىگارى ئالەم ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ناھايىتى
زالىم ۋە ناشۇكۇر بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سىز ۋە بىزنى
زۇلۇمدىن ھەزەر قىلماققا چاقىرىدۇ. چۇنكى، كىمنىڭ كۆڭ-
لىگە ئاللانىڭ شاراپەتلىك نۇرى يەتسە، بەس، ئول ئۆز ئىخ-
تىيارى بىلەن مۆمىنلىككە ئېرىشكەي. ئەسلا قىلىچ شىلتىپ
باش كەسمەككە ھاجەت يوقتۇر. قاننىڭ ھىدى پۇراپ تۇرغان
يەردە ھاياتنىڭ چېچىكى كۆكەرمەس. سىز سۇلتان خەنجەر
قوۋمىلىرىدىن شىكايەت ئەيلەپ، ھەققىڭىزگە خەيرلىك دۇئا
تىلەپسىز. سەنجەرىلەرگىمۇ، خارەزملەرگىمۇ گېپىمىز بار-
دۇر: سىلەر كۆپ كۇلمەكنى ئىختىيار قىلىپسىلەر. پەرۋەر-

ھۆكۈمالار بىلەن سۆھبەتتە يۈرگەندە، قۇتبىددىن قەلئەدىن بىر قەدەممۇ داجىماي، ئىنچىل شەيخنىڭ ھۇزۇرىدىكى ساما يىغىلىشلىرىغا ئىشتىراك قىلدى، دەرۋىشلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، خانىقا ئەھلىدىن ئەسلا ئايرىلمىدى.

سەپەر ئاخىرلىشىپ سۇلتان قايتىش نىيىتىگە كەلگەندە، قۇتبىددىننىڭ يەسسىدە بىر مەزگىل قېلىش ئىستىكىنىڭ بارلىقىنى بىلدى. ئەمما، ئۇنى تېخى نارەسىدە دەپ قوشۇلمىدى، ئۆزى بىلەن سەمەرقەنتكە ئېلىپ كەتتى. قىش ئۆتۈپ چېچەكلەر ئېچىلىشقا باشلىغاندا، قۇتبىددىن يەنە ئاتىسىدىن: «پىر بوۋامنى زىيارەت قىلسام» دەپ ئىجازەت سورىدى. سۇلتان ئەركە ئوغلىنىڭ مەيلىگە بېقىپ رازى بولــدى. ئەپسۇسكــى، قۇتبــىددىن يەسسىگە باردى-يۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتمىدى. ياز ئۆتتى، كۈز ئۆتتى. سۇلتانىنىڭ غەزىپى كەلدى. ئۇ: «تۇغقان ئانىسى بىرلە قېبىلىگاھىدىنمۇ ئارتۇق كىم بار بۇ ئالەمدە؟» دەپ ئويلىدى. ئەمما، ئوغلىنىڭ مىجەز - خۇيىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن مۇلايىم تەرزدە خەت يازدى: «ئوغلۇم، سىز بىزنى سېغىنمىغان بولسىڭىز، بىز سىزنى سېغىندۇق. مېھرىبان ئانىڭىزنىڭ كۆزلىرى ياشلاندى، بىزمۇ ھاسىدەك يۆلەنچۈكىمىزنى ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەيمىز. ئېلىڭىزگە، مۇبارەك ئائىلىڭىزگە دەرھال قايتىڭ».

ئەمما، قۇتبىددىن قايتمىدى. ئەمدى سۇلتان قەھر ئېتىغا مىنىپ، غەزەپ قامچىسىنى قولىغا ئالدى. ئون باھادىر نۆكىرىنى قوراللاندۇرۇپ يەسسىگە يولغا سالدى: «ئول قاچقۇننىڭ قولىغا كىشەن سېلىپ، تېزدىن ئېلىپ كېلىڭلار. شاھزادە، تەخت ۋارىسى، دەپ ئاياپ ئولتۇرماڭلار!».

نۆكەرلەر قۇتبىددىننى كىشەنلەپ سەمەرقەنتكە ئەكەلدى. ئەمما، قۇتبىددىن ئۆيدە بىر ئايمۇ تۇرماستىن يەنە يەسسىگە قېچىپ كەتتى. «سەن بىزدىن كەچكەن بولساڭ، بىزمۇ سەندەك پەرزەنتنىڭ مېھرىدىن كەچتۇق» دېدى سۇلتان ئۆزىچە ۋە ئىككىنچىلەپ ئوغلىنى تىلغا ئالمىدى. شۇنىڭدىن بۇيان قۇتبىددىن شەيخنىڭ

دەرگاھىدا مۇرىت بولۇپ يۈرۈپتۇ، گويا شاھزادە ئەمەس، دەر-
ۋىش، قەلەندەر، جەندە كىيگەن تەركىدۇنياچىغا ئوخشاش...»
سۇلتاننىڭ كۆز ئالدىدا تۇنجى قېتىم شەيخنى زىيارەت قىلغان
چاغ گەۋدىلەندى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل، ئىككى ئاي مۇقەددەم،
مەھمۇدخان شەيخۇل ماشايىخ خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي جانابلىرىنى
تاۋاپ قىلغىلى سەمەرقەنتتىن يەسسىگە قاراپ ئاتلاندى. ئەتراپىدا
سادىق ئەمىرلىرى، خاس خادىملىرى، ئاكابىر - ئەشرەپلىرى،
سەمەرقەنت، بۇخارانىڭ ئۆلىما ۋە پازىللىرى، قازى - قۇززاتلىرى
بار ئىدى، خەير - ئېھسانىنىمۇ مول ئالغانىدى. ئۇنىڭ نىيىتى
ئەۋلىيالار سەرۋىرى، غايىب شاھادەت ساھىبى سۇلتانۇل ئارىپىننى
زىيارەت قىلىش، ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇش، دۇئاسىنى
ئېلىپ، سەلتەنىتىگە روناق ۋە بەرىكەت تىلەش ئىدى. تاغىسى،
يەتتە ئىقلىمنىڭ سەردارى سۇلتان سەنجەر يەسسەۋىي تەرىقىنىڭ
مۇخلىسى ئىدى. ئۇ ھەزرەت بىلەن مەكتۇپ ئالماشتۇرۇپ تۇرات-
تى، شەيخنىڭ نەسىھەتلىرىنى جان دەپ ئاڭلايتتى. مەھمۇدخان
بۇ زىيارىتى بىلەن تاغىسىنىمۇ رازى قىلىشنى ئويلىدى. سۆيۈملۈك
رەپىقىسى ئايتۇغدىن بولغان ئوغلى قۇتبىددىننىمۇ يېنىغا ئېلە-
ۋالدى. تەخت ۋارىسى بولمىش قۇتبىددىنغا ئەۋلىيا بوۋىسى ئاق
پاتىھە بەرسە دېگەن ئۈمىدتە ئىدى.
سۇلتان بىر ئايغا يېقىن يول يۈرۈپ، دەل قوغۇن پىشىشقىدا
يەسسىگە يېتىپ كەلدى. بۇ مەھمۇدخاننىڭ ھەزرەتنى تۇنجى قېتىم
كۆرۈشى ئىدى. ئۇ شەيخنىڭ ئېتىكىنى كۆزىگە سۈرتۈپ تاۋاپ
قىلدى، پىرىم دەپ قول بەردى، بىر ھەپتە ھەزرەتنىڭ خىزمىتىدە
بولدى. ئوغلى قۇتبىددىننى ھەزرەتنىڭ ئالدىدا يۈكۈندۈرۈپ بۇ
بالىغا ئىرشات بېرىڭ، ئۆمرىگە كامال تىلەڭ، ئۇنىڭ بىلەن قارا-
خانىيلارنىڭ سەلتەنىتى مەڭگۈ شانۇ شەۋكەتتىن، زەپەردىن مەھ-
رۇم بولمىغاي، دەپ ئۆتۈندى.
قۇتبىددىن شۇنىڭ بىلەن ھەزرەتكە قاتتىق باغلىنىپ قالدى.
سۇلتان مەھمۇدخان ئىلكىدىكى ۋىلايەتلەرنى ئايلىنىپ، ھاكىم ۋە

# 16. ئاسىي پەرزەنت

تا كىشىگە دەرد تەگمەي، بولمىدى باغرى كاۋاب،
دىلدا دەردىڭ بولمىسا، دەردى سەرىمنى كولىما.
بەھرى رەھمەتكە كىرىپ، قىلدىم ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم،
مەرىپەتتىن بىخەبەرسەن، دەقتەرىمنى كولىما.

— مەشرەب

قۇتبىددىن تۇرلۇك خىياللار بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلىدىيۇ، تۆردە، تەختتە ئولتۇرغان ئاتىسىغا كۆزى چۈشۈپ يۈركى سېلىپ كەتتى، تېزدىن ئالدىغا قاراپ ماڭدى. گۈللۈك، يۇمشاق ئەجەم گىلەملىرىنى يېنىك دەسسەپ، تېزلا پەدەرىنىڭ ئىستىقبالىغا باردى. گويا قۇلدەك يەر سۆيدى، بېشىنى گىلەمدىن كۆتۈرۈپ قول قوشتۇردى. ئەمما، ئاتىسىنىڭ كۆزىگە قايتا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. مۇڭلۇق، تىترەك ئاۋازدا ئىستىغپار ئېيتتى:

— ئاسىي پەرزەنتىڭىزنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈڭ، قىبلىگاھىم...

مەھمۇدخان ئوغلىنىڭ چىرايىغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش بىلەن تولغانىدى. سۇلتانىنىڭمۇ قېرىلىقتا يۇزلەنگەن ناتىۋان قەلبى سەل بولدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئىززەت نەپسى ئاجىز بولغىنىدا، سەۋر قىلالماس، ئىختىيارسىز تەختتىن تۇرۇپ كەتكەن بولاتتى. پەرزەنت سېغىنىشى ئۇنى تەختىراۋاندىن ئۇزۇۋالماقچى بولاتتى. ئەمما، تەنتەك ئوغلىنىڭ قىلمىشىدىن زەخىم يېگەن

بوسۇغىسىدا خىزمەتكارمىش، يىرتىق جەندە، قىڭغىر قالپاق كە-
يىپ، چورۇقىنى سۆرەپ دەرۋىشلەرنىڭ ئارىسىدا زىكىر سىلىپ
يۈرەرمىش...

سۇلتان شەيخنىڭ مۆھرىدىكى «ھەزرىتى سۇلتان» دېگەن
سۆزگە قاراپ پىچىرلىدى: «شۇمۇ ئىنساپقا كىرەمدۇ، پىرىم؟ بىز
نېمە يامانلىق قىلدۇق؟ بىر ئېغىز ياخشى سۆزىڭىزنى راۋا كۆرمى-
ڭىز مەرتىۋىڭىز تۆۋەنلەپ كېتەرمىدى؟ كۆزۈمنىڭ گۆھىرى،
ئوغلۇمنىڭ دەردىدە كۆيگىنىم يەتمەسمىدى؟ نېمىشقا سىزمۇ بىزگە
زەھەر دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى تەڭلىمەكچى بولىسىز؟ ھىم-
مەت بىلەن ۋاپانىڭ مۇكاپاتى شۇمۇ؟»

سۇلتان ئىككى ۋاراق يىپەك قەغەزگە قاراپ يەنە خېلىغىچە
ئولتۇردى. كەشمىرلىك دىۋانىنىڭ سوغۇق بېشارەتلىرىنى ئەسلە-
دى، كۆز ئالدىغا قەلەندەر سۈپەت ئوغلى كەلدى، داۋاملىق قايتى-
نى ئاچمايدىغان، تەكەببۇر كۆرۈنىدىغان، قىسقا ئەمما كەسكىن
سۆزلەيدىغان ھەزرىتى سۇلتانمۇ گەۋدىلەندى. سۇلتانىنىڭ گورخان
ۋە قارلۇقلار بىلەن بولغان جەڭدىن قالغان قەلب جاراھىتى ئەمدىلا
تىنىشقا باشلىغانىدى. مانا بۇ نامە تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ يارىسى يەنە
ئېچىشتى، خورلۇقى كەلدى، ئانار سۈيىدىن يەنە ئىچتى.

سۇلتان قەغەزنى يىغىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى. تىللا كەمە-
رىنى چىڭىتىپ باغلىدى، ئۆزىنى بەردەم، ھەيۋەتلىك قىياپەتتە
تۇتۇپ تاشقىرىغا چىقتى. «بالا كەلسە سەۋر قىل» دېگەن گەپ بار،
بالادىن خۇدا ساقلىسۇن، ئوغلۇم كەلمەكتە. ھەزرەت سەنجەرلەر
خانىدانىنىڭ شەنىگە سۆز ئېيتقان بولسا ئېيتىپتۇ. چۈنكى سۇلتان-
لار بىلەن شائىرلار زامانە ئەۋەلدىن تا قىيامەتكىچە ئىختىلاپلىق-
تۇر. بۇنىڭغا زېدە بولۇپ جىگەرنى كاۋاپ قىلماسلىق زۆرۈر.
كىشەنلەپ كەلتۈرەلمىگەن ئوغلۇم ئۆز پۇتى بىلەن كەلمەكتە.
ئەمدى قېشىمدا قالغاي. بۇ خۇش خەۋەرنى ئېيتىپ ئانىسىنى
خۇشال قىلاي. ئەمدى قەسىرگە قايتقىنىمىز تۈزۈك، شاھزادىنى
قەسىر ئالدىدا كۈتۈۋالغىنىمىز ياخشى.

سۇلتان ئايتۇغدىنىڭ قىزىل چېدىرى تەرەپكە ماڭدى.

شۇڭا ئوڭ يېنىغا يىقىلاي دېدى. سۇلتان ئىچىدە پۇشايمان قىلدى: «قاتتىق تەگدى، قورۇپ كەتسۇن جاھىللىق. ئۇ ئورنىدىن تو-رۇپ چىقىپ كېتىشتىن تايمايدۇ، مىجەزى قاتتىق، ئانىسىغا تارتقان».

قۇتبىددىننىڭ يۈزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. بىراق، ئورنىدىن قوزغالمىدى. ھەيران قالارلىق يېرى ئۇ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان بىر زەمبىل يۈكنىڭ يېرىمىدىن قۇتۇلغاندەك، ۋۇجۇدىدا يەڭگىللىك ھېس قىلدى. «دېمەك، قىبلىگاھىم گۇناھىمدىن ئۆ-تۈپتۇ، ھەر ھالدا قوغلاپ چىقارمىدى، يەنىلا كۆڭلىدىن ئۆچمەپتى-مەن، شۈكۈر...»

ئاخىرى سۇلتاندىن سادا كەلدى:

— قېنى ئەمدى سۆزلىشەيلى!

قۇتبىددىن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاتىسىنىڭ يۈزىگە قاراپ بىچارىلەرچە كۈلۈمسىرىدى.

سۇلتان ئوغلىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە قايتىدىن نەزەر سالدى، ئىچىدە قايناپ تۇرغان مېھرىنى سەزدۈرگۈسى كەلمىدى:

— ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىڭىزدە شاھزادە ئىدىڭىز، قەلەندەر بولۇپ قايتىپسىز - دە! بىزنىڭ دىۋانە ئوغلىمىز يوق، مانا بۇ تاج - تەختنىڭ ئىگىسى بولمىش ۋەلىئەھدىمىز بار دەپ يۈرۈپتى-مىز. بۇ قانداق قىياپەت؟ بېرىڭ، سېسىق جەندىلىرىڭىزنى ئال-ماشتۇرۇڭ، ئاندىن بىرنېمە دېيىشكەيمىز.

قۇتبىددىن خېلى دادىل ھالدا:

— ئەپسۇسكىم، پۇرسەت ئۆتتى، قىبلىگاھىم، — دېدى ئەدەپ بىلەن، — رەسۇلۇللا ئېيتىمىشكى، تازىلىق ئىماندىندۇر. بۇل ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇلكى، ھەربىر مۆمىن مۇسۇلمان بارچە نەرسىلىرىنى پاكىز تۇتمىقى لازىمدۇر، بولۇپمۇ كىيىدىغان لىباس-لىرىنى، سوپىلار لىباسلىرىنى سېسىق دېيىش توغرا ئەمەس، ھەزرىتىم.

سۇلتاننىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئىستىھزا ئارىلاش كۈلدى.

ئاتلىق كۆڭلى، پادىشاھلىق كىبرى بۇنىڭغا يول قويمايتتى.

قۇتبىددىن ھامان يەردىن كۆز ئۈزمەي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. سۇلتان ئوغلىغا بىر مىنۇت ئىنچىكىلەپ تىكىلىپ قالدى. قۇتبىددىننىڭ ئۈستىگە سەھرالىقلار كىيىدىغان يۇڭ چەكمەن، پۇتىدا كونا چورۇق، بېلىدە بىر ئەنلىك كەمەر، بېشىدا قەلەندەرلەرگە خاس كۇلاھ بار ئىدى. سۇلتان كۇلاھنىڭ پېشىگە بېسىلغان يېشىل ياپراق نۇسخىسىغا قىزىقىپ تىكىلدى. ئالىقاندەك ياپراقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۇزۇن - ئۇزۇن ئاپئاق سىزىقلار تارتىلغانىدى. بۇ سىزىقلار تاغ باغرىدا ئېرىۋاتقان قار پارچىلىرىنى ئەسلىتەتتى. سۇلتانغا قۇتبىددىننىڭ بوينىدىكى بارماقتەك قارا تاشمۇ غەيرىي تۇيۇلدى. «بۇ قەلەندەرنىڭ تۇمارىمىكىن» دەپ ئويلىدى سۇلتان ۋە قىسقا يۆتەلدى. قۇتبىددىن ئاتىسىنىڭ ئىشارىتىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. سۇلتان يۈزىگە قەھرلىك تۇس بەردى، قاپقىنى سالغىنىچە بارماقلىرىنى ئىلماق قىلىپ ئۇنى ئىشارەتلىدى. قۇتبىددىن تىزلىنىپ ئالغا ئىنتىلدى، تەختىراۋاننىڭ يېنىغا بېرىپ ئاتىسىنىڭ ئۇزۇن تونىنى تۇتۇپ، ئېتىكىنى كۆزىگە سۈرتتى. ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى پەدەرىنى بەكلا سېغىنغان، ئەگەر ئىشارەت بولسا، ئۆزىنى ئاتىسىنىڭ باغرىغا ئېتىشقا تەييار ئىدى. ئەمما، سۇلتان مەھمۇد جىم ئىدى. سۈكۈنات خېلىغىچە سوزۇلدى، ئۇ گويا مەڭگۈ داۋام قىلىدىغاندەك قىلاتتى.

قۇتبىددىن بېشىنى كۆتۈرۈپ خوجىسىدىن مەرھەمەت، بىر ئېغىز ياخشى گەپ كۈتكەن ۋاپادار ئىتتەك قىبلىگاھىنىڭ بوغۇلۇپ تۇرغان قىپقىزىل يۈزىگە، ئاق ئارىلىغان ساقال - بۇرۇتلىرىغا قارىدى.

— شەپقىتىڭىزگە زارمەن، ئاتا، گۇناھىمنى كەچۈرگەيسىز...

سۇلتان ئۇن چىقارمىدى، قولىنى قىلىچتەك شىلتىپ ئوغلىنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك سالدى. قۇتبىددىن بۇنى كۈتمىگەنىدى،

ۇراۋانلار بىلەن ئۆتۈن تېرىپ، مال بېقىپ، كوچا سۈپۈرۈپ، ھاجەتخانا تازىلاپ يۈرگەنمىش! شاھزادىـدىـى ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن تەڭ قويۇپ، ئۇنىڭغا كوچا سۈپۈرگۈزۈش قايسى مەزھەپتە بار؟!

«ھەممىسىنى بىلىپتۇ» دەپ ئويلىدى قۇتبىددىن. دەرھەقىقەت، سوپىلار سۇلۇكىگە قوشۇلغان ياش مۇرىتنى سىناشنىڭ يوللىرى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، ئۇنى قىرىق كۈن ئات باقتىلى سالاتتى، قىرىق كۈن چۆلدىن ئوتۇن تەرگىلى سالاتتى، يەنە قىرىق كۈن ھامماللىق قىلدۇراتتى، ھەتتا بازاردا تىلەمچىلىك قىلىشقىمۇ سالاتتى. دەرۋىشلىكنى ئىختىيار قىلغان مۇرىتلار ئېسىلزادىلەردىن بولسا، سىناق يەنىمۇ قاتتىقراق بولاتتى. قۇتبىددىننىڭ بېشىدىنمۇ قارلىق - قىرولىق، ھاقارەتلىك دەملەر ئۆتتى. ئۇنىڭ خانزادىلەرگە خاس غۇرۇرىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئېھتىمال بابا ماچىن ئۇنى ھەددىدىن زىيادىرەك قىيىنغاندۇر. ئەمما، قۇتبىددىن چەككەن زەخمەتلىرىگە پۇشايمان قىلمايتتى. ئەكسىچە...

— ھەزرىتى پىرىمگە قىلغان قۇلچىلىقىمدىن بەكلا رازىدۇرمەن، — دېدى قۇتبىددىن، — مال باقتىم، لاي ئېتىپ كېسەك قۇيدۇم، ياغاچ كەستىم، سۇ توشۇدۇم، ئېرىق قازدىم... مانا قوللىرىمغا قاراڭ، بۇزرۇكۋارىم، دېھقانلارنىڭ قاداق قوللىرىدىن پەرقى يوق. بىر بۇردا نان تېپىشنىڭ نەقەدەر مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئاپتاپ دوزاخنىڭ ئوتىدەك قىزدۇرىدۇ، تاپىنىڭغا تىكەنلەر سانجىلىپ تېشىۋېتىدۇ، كۆز ياشلىرى ئاچچىق تەرلەرگە قوشۇلۇپ نەپەسىڭنى بوغىدۇ. سەھرادىن ئەتىگەنلىك بازارغا ئوتۇن ئاپىرىمەن دەپ مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىسەن. يەلكەڭ يېغىر بولۇپ كېتىدۇ. بۇ دۇنياغا كەلگىنىڭگە پۇشايمان يەيسەن. ئەمما، ئوتۇننى سېتىپ ئۇنىڭ بەدىلىگە ئېلىپ يېگەن نان شۇنداق تاتلىق ۋە مەززىلىك بولىدۇكى، شۇ ياشقا كىرگۈچە، داستىخىنىڭىزدىن تۈز - تاماق يەپ بۇ قەدەر تاتلىقىنى تېتىمىغانىدىم، ئاتا. كۆپۈر سۆزلىگەن بولسام، ئالجىغان بولسام جېنىم

— دېمەك، بىزنىڭ ئۇستىمىزدىكى مانا بۇ زەرباپتىن سىزنىڭ جەندىڭىز پاكىزرەك ئىكەن - دە، ئوغلۇم؟

— ئەسلا ئۇنداق دېگىنىم يوق. ئىمانى پاكىز بەندىنىڭ لىباسىمۇ پاكىزلىقتا باراۋەردۇر. پادىشاھلار بارلىق خالايىقنىڭ مەنىۋى ئاتىسىدۇر، ئۇلارغا شەك كەلتۈرمەك گۇناھى ئەزىمدۇر.

سۇلتان ئۇدۇللا سوئال بەردى:

— مۇنداق قارىسام ئەقىل - ھوشىڭىز جايىدا كۆرۈنىدۇ. ئەمما، بىر مۇشكۇل سوئال ماڭا ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. قۇتلۇق ئائىلىڭىزدىن، مېھرىبان ئانىڭىزدىن، شاھزادىلىك مەرتىۋىڭىزدىن ۋاز كېچىپ تاپقىنىڭىز نېمە بولدى؟ مانا شۇ چىركىن كۇلاھمۇ؟ بويىنىڭىزدىكى ئاۋۇ قارا تاشمۇ؟ ياكى ئەسكى چورۇقىڭىزمۇ؟ زادى نېمىنى تاپتىڭىز؟

— مەن ئۆزۈمنى تاپتىم، بۇزرۇكۋار. زاھىرنى بۇزۇپ، باتىننى تۈزەت، دەيدۇ پىرى كامىلىم. شەيخىمنىڭ بۇ ھېكمەتلىرىگە ئەمدى ئەقلىم يەتتى. كىمكى ئىچكى ئالىمىنى سەرەمجان قىلماس ئىكەن، ئول كىشى ھەقنىڭ جامالىدىن بىخەۋەردۇر. بۇ ھەقىقەتنى ئەمدى چۈشەندىم. نادامەتلەر بولغايكىم، روھى كۆزۈم يۇمۇق ئىكەن، ھەزرىتىمنىڭ ئىنايىتى تۈپەيلىدىن سۈرەتنىڭ نېمىلىكى، مەنىنىڭ نېمىلىكىنىڭ پەرقىنى بىلدىم. ئىلگىرى بۇ غېرىب ئوغلىڭىز سۈرەتكە مەھلىيا بولغانىكەن، شۇڭا ئۆزۈمنى پەردازلاشقا بېرىلىپتىمەن. شەرىئەتنىڭ پوستىنىڭ نېمە، مېغىزىنىڭ نېمىلىكىدىن غاپىل قاپتىمەن. بۇ غەپلەتتىن سىز قىبلىگاھىم، مېنى ئاگاھ ئەتتىڭىز. پىرىمنىڭ دەرگاھىغا ئاپارغىنىڭىزنىڭ ھەققىگە تا قىيامەتكىچە دۇئايىڭىزنى قىلغايمەن، بۇزرۇكۋار.

— ھەزرەتنى زىيارەت قىلىشقا بارغاندا سەلتەنەتكە روناق ۋە بەرىكەت تىلىسۇن دېگەننى نىيەت قىلغانىدۇق. ئەسلا تەخت ۋارىسىنى قۇللۇققا قوبۇل قىلسۇن، دېگەن مۇددىئايىمىز يوق ئىدى. سۇلتانىڭىزغا قانداق مۇرىت بولۇپ، نېمە خورلۇقلارنى كۆرگىنىڭىزنى ئاڭلىدۇق. سەمەرقەنت ۋە بۇخاراخانىنىڭ ۋەلىئەھدى سەھ-

دۇ. ئەھلى تەرىقەت ئارىسىدا ئەل ـ جامائەتنى ھەق يولىغا چىل-
لاپ، كۈنۈ تۈن تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بەندىلەر
سان ـ ساناقسىز، قىبلىگاھىم.

— خەلقتە «ئېشەك مىنگەن ئەلدە كۆپ، يول تاپمىغان يولدا
كۆپ» دېگەن بىر ماقال بار. سەن ئېيتقان ناتىۋان بىچارىلەر
يولدىن ئاداشقان گۇمراھلاردۇر، شۈكرىكىم، مانا تۇغۇلغان ئې-
لىڭنى تېپىپ كەپسەن. ئەمدى قالغىنىنى تەڭرىم ئۆزى
ساقلىسۇن.

قۇتبىددىن سەگەكلەشتى. ئاتىسى ئۇنى توۋا قىلىپ، ئۆيگە
قايتىپ كەلدى، دەپ خام خىيال قىلىۋاتاتتى.

سۇلتان ئاستا تۇرۇپ تەختتىن چۈشتى. ئوغلىنى يېنىغا،
ئەتلەس كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى، ئۇنى يەلكىسىدىن قۇ-
چاقلىغان بولدى، كۇلاھىنى ئېلىپ قويۇپ، تاقىر بېشىنى سىلى-
دى. «كىچىككىنە ئاچقۇچ چوڭ ئىشىكنى ئاچىدۇ. تاتلىق گەپ
قىلاي، ئۇرساڭ ئېتى قاتىدۇ، سۆكسەڭ يۈزى قاتىدۇ، دېگەن گەپ
بار. مەجنۇنلۇقىنى تاشلىسا ئەجەب ئەمەس. تېخى ئۇنىڭ سۆڭىكى
قاتقىنى يوق. قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بۇ بالىنى سەرسانلىق
باياۋانلىرىدىن قايتۇرۇپ سارايغا جەلپ قىلماق دەركار.»

— بىز ۋالىدەڭ بىلەن سېنى ئىنتىزار بولۇپ كۈتتۇق.
سېنىڭ بۇ يەردىلىكىڭدىن ئۇ بىخەۋەر. بىلگەن بولسا پەرياد سېلىپ
كىرىپ كېلەتتى. بىز بازار بېغىمىزنى ئۆيلىمىقىمىز ۋاجىپتۇر.
تۈنۈگۈن جەننەت ماكان بوۋاڭ — ئىلاھىم پەرۋەردىگار ئۇنىڭ
ئاخىرىتىنى ئاۋات قىلغاي — چۈشۈمگە كىرىپتۇ. «سەن مېۋىدىن
قالدىڭ، كۆچەتلىرىڭ قېنى؟» دەپ جىگىرىمنى خۇن قىلدى.
مېنىڭ كۆچىتىم سەن ئۆزۈڭ، قۇتبىددىن. شۇنچە يىللاردىن بېرى
ئاچ ـ يالىڭاچ، مېھىرگە زار، بىر يۇتۇم سۇغا خار بولۇپ كىشى-
لەرنىڭ ئىشىكى ئەتراپىدا يۈرگىنىڭ يېتەر. كونا كىتابلاردا پۈتۈ-
لۈشىچە، بەزى شاھزادىلەر داۋاسىز دەردلەرگە يولۇقۇپ ئۆيدىن
چىقىپ كېتەرمىش. سېنىڭ نە دەردىڭ، نە كېمىڭ بار؟ سېنىڭ

دۇ. ئەھلى تەرىقەت ئارىسىدا ئەل - جامائەتنى ھەق يولىغا چىلا-
لاپ، كونىنى تونى تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بەندىلەر
سان - ساناقسىز، قىبلىگاھىم.

— خەلقتە «ئىشەك مىنگەن ئەلدە كۆپ، يول تاپمىغان يولدا
كۆپ» دېگەن بىر ماقال بار. سەن ئېيتقان ناتىۋان بىچارىلەر
يولدىن ئاداشقان گۇمراھلاردۇر، شۈكرىكىم، مانا تۇغۇلغان ئې-
لىڭنى تېپىپ كەپسەن. ئەمدى قالغىنىنى تەڭرىم ئۆزى
ساقلىسۇن.

قۇتبىددىن سەگەكلەشتى. ئاتىسى ئۇنى تۇۋا قىلىپ، ئۆيگە
قايتىپ كەلدى، دەپ خام خىيال قىلىۋاتاتتى.

سۇلتان ئاستا تۇرۇپ تەختتىن چۈشتى. ئوغلىنى يېنىغا،
ئەتلەس كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى، ئۇنى يەلكىسىدىن قۇ-
چاقلىغان بولدى، كۆلاھىنى ئېلىپ قويۇپ، تاقىر بېشىنى سىلى-
دى. «كىچىككىنە ئاچقۇچ چوڭ ئىشىكنى ئاچىدۇ. تاتلىق گەپ
قىلاي، ئۇرساڭ ئېتى قاتىدۇ، سۆكسەڭ يۈزى قاتىدۇ، دېگەن گەپ
بار. مەجنۇنلۇقىنى تاشلىسا ئەجەب ئەمەس. تېخى ئۇنىڭ سۆڭىكى
قاتقىنى يوق. قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بۇ بالىنى سەرسانلىق
باياۋانلىرىدىن قايتۇرۇپ سارايغا جەلپ قىلماق دەركار.»

— بىز ۋالىدەڭ بىلەن سېنى ئىنتىزار بولۇپ كۈتتۇق.
سېنىڭ بۇ يەردىلىكىڭدىن ئۇ بىخەۋەر. بىلگەن بولسا پەرياد سېلىپ
كىرىپ كېلەتتى. بىز بازار بېغىمىزنى ئۆيلىمىقىمىز ۋاجىپتۇر.
تونۇگۈن جەننەت ماكان بوۋاڭ — ئىلاھىم پەرۋەردىگار ئۇنىڭ
ئاخىرىتىنى ئاۋات قىلغاي — چۈشۈمگە كىرىپتۇ. «سەن مېۋىدىن
قالدىڭ، كۆچەتلىرىڭ قېنى؟» دەپ جىگىرىمنى خۇن قىلدى.
مېنىڭ كۆچىتىم سەن ئۆزۈڭ، قۇتبىددىن. شۇنچە يىللاردىن بېرى
ئاچ - يالىڭاچ، مېھرگە زار، بىر يۇتۇم سۇغا خار بولۇپ كىشى-
لەرنىڭ ئىشىكى ئەتراپىدا يۈرگىنىڭ يېتەر. كونا كىتابلاردا پۈتۈ-
لۇشىچە، بەزى شاھزادىلەر داۋاسىز دەردلەرگە يولۇقۇپ ئۆيدىن
چىقىپ كېتەرمىش. سېنىڭ نە دەردىڭ، نە كېمىڭ بار؟ سېنىڭ

قولىڭىزدا. ئۆز ھالال مېھنىتىڭ بىلەن تېپىپ يېگەن رىزىق، يەتتە ئالەمنىڭ مۇكاپاتى، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن لەززەتلىك بولىدىكەن...

سۇلتان ئويغا پېتىپ، ئوغلىنىڭ قارا چاقماقتەك يېنىپ تۇرغان نەملىك كۆزلىرىگە، يورۇق چېھرىگە تىكىلىپ قالدى.

— شۇنچە جەبىر - جاپادىن كېيىنمۇ توۋا قىلمىدىڭمۇ؟ — دېدى سۇلتان.

قۇتبىددىن باش چايقىدى.

— ئەكسىچە، بۇزرۇكۋارىم، شۇكۇر قىلدىم. راھەتكە غەرق بولدۇم. پىرىمنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلدىم. ھەزرىتىمگە يولۇقتۇرغىنىڭىز ئۈچۈن، سىز قىبلىگاھىمغا، غايىبانە رەھمەتلەر ئېيتتىم. پىرىم، «دېھقان ئەمەس، كەتمەن چېپىپ نان يېمىسە» دەپ ھېكمەت ئېيتتىدۇ. بۇ ھېكمەتنىڭ مەنىسىگە يەتكەندەك بولدۇم. ئەھلى جامائەت بىلىدۇكى، ھەزرىتىمنىڭ ئۆزىمۇ قوشۇق، كورەك ياساپ شۇلارنىڭ ھېسابىغا ئۆيىنى باقىدۇ. مېھنەتتىن كەلگەن لوقما ھالال بولغاي، دەپ ئۆگۈت قىلىدۇ.

قۇتبىددىنىڭ ھەربىر گېپىدە شەيخنى تىلغا ئېلىشى سۇلتاننىڭ غەشلىكىنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ يادىغا تونۇگۇن سودىگەر ئېلىپ كەلگەن خەت كەلدى. ئوغلى بىلەن دىدارلىشىش تەپتى بىلەن ئېرىپ تۇرغان كۆكسىگە سوغۇقلۇق يوگۇردى. «تۆت دانە قوشۇق ياسىغان كىشى قورسىقىنى تويغۇزالامدۇ؟ بۇ ئەلنىڭ كۆزىنى ئالداشتىكى بىر نىقاب بولسا ئەجەب ئەمەس».

— شەيخنىڭ بۇ ئىشى بىزگە غەلىتە تۇيۇلۇۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن تۆگە - تۆگىدە خەير - ئېھسان كېلىپ تۇرسا... شۇلارمۇ كەملىك قىلامدۇ؟

— سىزدەك ھىممەتلىك زاتلارنىڭ مەرھەمەتلىرى ھەق يولىغا كىرگەن دەرۋىشلەرنىڭ خىراجىتىدىن ئاشمايدۇ، ھەزرىتىم. پىرىم بۇ تۆگە - تۆگە خەير - ئېھسانلارغا كۆز قىرىنىمۇ سالمايدۇ. يېتىم - يېسىرلارغا، غېرىب - غۇرۋالارغا بۆلۈپ بېرىڭلار، دەي-

قىلسا، پىرى بىچارە كۆڭۈللەرنى ئوۋلاشنى ئىستەيتتى، ئاتىسى زىبۇ زىننەتلىك، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشنى ئەۋزەل بىلسە، پىرى قارا مېھنەت بىلەن پىقىرانە، بىر كۆڭۈلۈك رىزىق غېمى ۋە ھۆسنى مۇتلەق ئىشقى بىرلە ھايات كەچۈرۈشنى ئەلا بىلەتتى. «نەپسىڭنى قوغلا، نەپسىڭنى قوغلا!» دېدى قۇتبىددىن ئىچىدە ۋە بوينىدىكى تىلسىم تاشنى تۇتۇپ قويدى. تاشتىن گويا ئەكس سادا قايتقاندەك بولدى: «دۇنيا ئۈچۈن غەم يېمە، ھەقتىن ئۆزگىنى دېمە!»

ئاتا ئوغلىدىن جاۋاب كۈتەتتى.

— خوش، نېمە دەيسەن؟

— بۇزرۇكۋارىم، مەن غېرىب پەرزەنتىڭىز سەككىز نەپسىنىڭ ئۈچىنى قولغا ئالدىم. ئىنشائاللا بۇنىڭدىن كېيىن قالغىنىنىمۇ قولغا ئالغايمەن. سىز ئېيتقان تەدبىر ئىبادەتتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىپ، يەنە ئۇنى سۇندۇرغان بىلەن باراۋەردۇر. مەن «قۇرئان كەرىم» نى سۆيۈپ، ماڭلىيىمغا بېسىپ تۇرۇپ، ئەھلى جامائەتنىڭ ئالدىدا قەسەم ئىچتىم. قەسەمخورلۇق قىلىپ ھەقنىڭ سالامىنى ساتقاندىن كۆرە ئۆلگىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟

— تىرىك تۇرۇپ تۆردە يوق، ئۆلۈك تۇرۇپ گۆردە يوق، دېگەندەك بىرىگە ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن، قۇتبىددىن.

— سوپىلار تۆر دېگەن چۈشەنچىنى تەن ئالمايدۇ. بۇ دۇنيادا ھەممىمىز بەش كۈنلۈك مېھماندۇرمىز. گويا ئاۋۇ ئىشىكتىن كىرىپ، ماۋۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىمىز. شۇ سەۋەبتىن، بىز ئۆتكۈنچى نەرسىلەرگە پەرقسىز قاراپ ئۆگىنىپ قالغانمىز. مال ـ دۇنيا، شان ـ شەۋكەت، مەرتىۋە، تاج ـ تەخت... ھەممىسى ئامانەتتۇر. ھامان بىر كۈنى ئەزرائىل ھەقنىڭ خىزمىتىگە چاقىرىپ كەلگەندە ئىسكەندەر كەبى ئوچۇق قول كېتىمىز. بۇ دۇنيانىڭ غېمىنى يەپ، ئۇرۇشۇپ ـ سوقۇشۇپ، يەر، ئابرۇي تالىشىپ، بىر قاچا ئۇماچ بىلەن تويىدىغان قورسىقىڭ ئۈچۈن يۈز يىللىق مال توپلاشنىڭ نېمە كېرىكى. بەس، قانائەت، سەۋر، مۇرۇۋۋەت ئەلا ئەمەسمۇ؟ تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئايەت ھەدىسلەرنىڭ ھېكمە-

بۇ تۇتقان يولۇڭ ئىسىلزادىلەرگە ياراشمىغاي، گادايلار، ئاتا ـ
ئانىسىدىن بىزار بولغانلار، ئەھلى ئايالىدىن قول ئۈزگەنلەرنىڭ
ئىشى بۇ! قىيامەت كۈنى پۇشتىپاناھىم ۋە مېھرىبان ئانام رازى
بولۇپ دۇئا قىلسۇن دېسەڭ، مانا بۇ چېركىن لىباسلىرىڭدىن
كەچ، شاھزادىلەرگە خاس قىياپەتكە كىرگىن، قۇتلۇق خانىدانىڭنى
تاۋاپ قىل، يېنىمدا قال. مەن ھۆكۈمايۇ، ئۆلىمالارنى چاقى-
رىپ، سەلتەنەتكە جار سالدۇرۇپ، مەسچىتلەردە نامىڭنى خۇتبىگە
قوشۇپ ئوقۇتىمەن. بۈگۈندىن باشلاپ ۋەلىئەھدى قۇتبىددىن ئىب-
نى مەھمۇدخان ئىبنى ئارسلانخان سەمەرقەنت پادىشاھلىقىنى ئۆز
قولىغا ئالدى دەپ جاكارلاتقۇزىمەن.
سۇلتان قىلىچ تۇتقان قولى بىلەن ئوغلىنىڭ تاقىر بېشىنى
ئاستا ـ ئاستا سىلاپ ئولتۇراتتى. لېكىن، قۇتبىددىن بۇ قولدىن
ئاتىلىق تەپتىنى سەزگەندەك ئەمەس ئىدى. تەخمىنەن قىرىق كۈنچە
ئىلگىرى ئۇنىڭ بېشىنى بىر قول سىلىغان، ئۇ قولنىڭ ئىسسىقى
جېنىنى يايرىتىپ، ۋۇجۇدىغا قۇۋۋەت، ئىلھام، ئەقلىگە زىيا بې-
غىشلىغانىدى. چۈنكى، ئۇ قول مۇبارەك قول ئىدى، پىرى كامى-
لى، ئۇلۇغ ئەۋلىيا ھەزرىتى سۇلتانۇل ئارىپىنىنىڭ تەۋەررۈك
قوللىرى ئىدى.
قۇتبىددىنىنىڭ يادىغا خىرقى كىيگەن كۈنى پىرىنىڭ قىلغان
سۆزلىرى كەلدى: «بۇل سالىكنىڭ ئىخلاسىغا، سالاھىيىتىگە،
بىلىمىگە ئىمان كەلتۇردۇق. ئۇنى خەلىپە ھەمدە ئەسھاب مەرتىۋى-
سىگە لايىق كۆردۇق. ئىلاھا، بۇ مۇرىتىمىز ھەق يولىدا چەككەن
زەخمەتلىرىمىزنى ئاقلىغاي، جۈملە مۆمىنلەرنىڭ كۆڭلىگە ئاللا-
نىڭ پەرزىنى، ھەق مۇستاپانىڭ سۈننەتلىرىنى سالغاي، ئىن-
سانلارنى ياخشىلىققا، ئىمانغا دەۋەت قىلغاي، ئاللا تائالا ياقلىغان
ئىسمىڭىز تا قىيامەتكىچە يولدىشىڭىز بولغاي...» قۇتبىددىن ئاتى-
سى بىلەن پىرىنىڭ سۆزلىرىنى خىيالەن سېلىشتۇردى.
ئاتىسى مال ـ دۇنيا ۋەدە قىلسا، پىرى قانائەت قورغىنىنى ئىگى-
لەشكە ئۈندەيتتى، ئاتىسى ھۆكۈمدارلىق مەرتىۋىسىنى تەكلىپ

داستىخىنىڭىزدىن نېمەت يەپ چوڭ بولدۇم، ئاخىر بويۇنتاۋلۇق قىلدىم. شۇندىمۇ رەھمىتىڭىزدىن ئۈمىدۋارمەن...

— ئەگەر گۇناھىڭدىن ئۆتمىسەمچۇ؟ ئاتا رازى — خۇدا رازى دېگەن گەپ بار. ئاتاڭنى نارازى قىلىپ، ئاناڭنى يىغلىتىپ، مەجنۇندەك بىماكـان، بىمەنزىـل يۈرگىنىـڭنى ئاللاتائالا خۇش كۆرەمدۇ؟

— سىز رازى بولمىسىڭىز، يالغۇز ئاللاغىلا يالۋۇرۇشتىن باشقا ئىلاجىم يوق. پەدەرىم، شۇ ئوغلۇمنىڭ ئىمانى رەھمەت دەرياسىدىن بەھرە ئالسۇن، بۇ پانىي دۇنيادا ئۆز پەرزىنى ئادا قىلىپ ياشىسۇن دېسىڭىز، ئەركىمگە قويۇپ بېرىڭ. سىزدىن شۇنى ئۆتۈنىمەن، ئاتا...

— ئەركىڭگە قـويۇپ بەرمـەستىن، سولاتـقۇزسام قانداق قىلىسەن؟

— سىزدەك ئاقىل، دانىشمەن زاتقا بىر تاغار گۆشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ جېنىم ئىلكىڭىزدە، ئەمما جاھانىم، كۆڭلۈم ئۆزۈم ئىستىگەن يەردە بولغاي.

سۇلتان ئەمدى خىيالغا پاتتى: «ياخشى گەپلەرنى قىلىپ كۆردۈم، كۆنمىدى، ھەيۋىدىن ھېيىقمىدى. شەيخ پىرىمنىڭ سېھىر - جادۇسى شۇ قەدەر ئۆتكۈرمىدۇ، سۆڭىكى قاتمىغان بىر شاھزادىنى ئائىلىسىدىن جۇدا قىلىپ، تۇزاقىقا چۈشكەن قۇشتەك ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۆلىما-لارغا مەسلىھەت سېلىپ كۆرەيمۇ ياكى بىرەر موللىنى چاقىرتىپ ئىسسىق - سوغۇق قىلدۇرۇپ كۆرەيمۇ؟ خوتۇن ئېلىپ بېرىمەن دەپ باقايمۇ؟... ياكى بولمىسا شەيخىمنىڭ ئۆزىدىن ئۆتۈنەيمۇ؟ بىزنى مۇرىتىمىز دېسىڭىز بۇ ئاسىيغا نەسىھەت قىلىڭ، تۇغۇلغان يېرىدە قالسۇن، دەپ ئىلتىجا قىلايمۇ؟ پۇرسەت تېخى بار، ئالدىرى-ماي، ئۇلار تېخى سەمەرقەنتتە بەش — ئون كۈن تۇرىدۇ. ھازىرچە يۇمشاق گەپلەرنى قىلىپ جاۋابىنى بېرەي».

— بىزنىڭ ئاخىرقى سۆزىمىز شۇكى، — دېدى سۇلتان، —

تىنى سېتىپ، بىر غېرىبنى زار - زار يىغلىتىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ راھىتىگە كۆڭۈل قويۇپ، ھالال - ھارامنىڭ پەرقىگە بارماي، تەقۋا ئىبادەتنى ئۇنتۇپ... ئاقىۋەتتە ئەپسۇس بىلەن توۋا قىلماقتىن، كۆز ياش تۆكۈپ ئاللاتائالانىڭ رەھمىتىنى تىلىمەكتىن نېمە پايدا؟ گۇناھ قىلىپ ئىستىغپار ئېيتىشتىن كۆرە ئۆزىنى تىزگىنلەپ بىر سائەت بولسىمۇ بۇرۇنراق ھەق يولىدا ئەرزىيەت چەكمەك ئەلا ئەمەسمۇ؟ پىرى كامىلىم: زاھىت بولما، ئابىت بولما، ئاشىق بولغىل دەپ بىكار ئېيتمىغان. يەنە ئول زات ئېيتىدۇلەركى:

نەپسىڭ سېنى ئاخىر دەمدە گادا قىلغاي،
دىن ئۆيىنى غارەت قىلىپ ئادا قىلغاي.

ئۆلەر ۋاقىتتا ئىمانىڭنى جۇدا قىلغاي،
ئاقىل بولساڭ نەپسى بەتتىن بولغىل بىزار!

مەھمۇدخان ئۇزۇن ئۇھ تارتتى، ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان غەزىپىنى ئاران بېسىپ سورىدى:

— سەن بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ ھېكمەت ئېيتقىلىمۇ؟ ياكى ماڭا تاج - تەختتىن ۋاز كېچىڭ دەپ نەسىھەت قىلغىلىمۇ؟ خۇداغا مىڭ شۈكرىكىم، ھېلىمۇ شەمشىرىمنى مەھكەم تۇتقايمەن، ئىككى دەريا ئارىسىدىكى ئەزىم بىر مەملىكەت ئىلكىمدە تۇرۇپتۇ. مەن سېنىڭ تەرىقىتىڭنى پارچە پۇلغا ئالغايمەن!

قۇتبىددىن مۇنازىرىنىڭ ئۇزۇن ۋە ئاياۋسىز داۋام قىلىدىغانلىقىنى سېزىپ سۈكۈت قىلدى، خېلىدىن كېيىن پەس ئاۋازدا سۆزلىدى:

— ئاتا، مەن سىزدەك بۇزرۇكۋارىم بىلەن ئانامنى بىر قۇر كۆرۈپ، دىدارىغا قېنىپ خوشلاشقىلى كەلدىم. ئەمدى قايتا كۆرۈشىمىزمۇ، كۆرۈشمەيمىزمۇ خۇدا بىلىدۇ... مەندىن رازى بولۇڭ،

# 17. ئەشرەپخان قازى تەشۋىشتە

ئۆيدە كۆلدۈرگەن نەرسە مۇساپىرچىلىقتا يىغلىتارمىش.

— شەرق ھېكمىتى

ئىككى كۈندىن بېرى، سەمەرقەنتتىكى قۇربەت دەپ ئاتالغان خانىقاغا ئادەم سىغمايۋاتاتتى. خانىقا چوڭ ھەم كەڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئىچكى ھويلىسى يۈز قەدەمچە كېلەتتى، تۆت ئەتراپقا دائىرە شەكلىدە ھۇجرىلار سېلىنغان بولۇپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆلچەك، كۆلچەكنىڭ بويىدا شاتۇت، بېھى، باداملار ئۆسۈپ كەتكەنىدى. بۇ مەنزىل قەدىمدىن بېرى «ياھەبىب!» دەپ قوللىرىغا ھاسا تۇتقان دەرۋىشلەرنىڭ قونالغۇسى ئىدى. سەمەرقەنتتىن بۇخاراغا ياكى مەرۋ، خوراساندىن تۈركىستانغا قاراپ شامالدەك كۆچۈپ يۈرگۈچى سەرسان قەلەندەرلەر ۋە زاكىرلار ئۈچۈن قۇربەت خانىقا، يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق باشپاناھ ئىدى. بۇ يەردە ئىككى كۈندىن بېرى ئاجايىپ بىر روھ ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ يەر كىشىلەرنىڭ تاۋاپخانىسىغا ئايلانغانىدى. سۇلتانۇل ئارىپىن شەيخ ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئەرىمەرۋپىنى ئاڭلاپ، دىدار كۆرۈشۈش ئۈمىدىدە كەلگەن جامائەت بامداتتىن تا ناماز شامغىچە ئاستانىدىن نېرى كەتمەيتتى. زىيارەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئىگىسىنىڭ ھەممىسى، سودىگەرلەر، مەدرىسە تالىپلىرى، دۇئا تەلەپ قىلىپ كەلگەن ياشلار، توۋا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئازغۇن-

دەرگاھىمىزدا قېلىشنى ئويلاپ، شاھزادە، سىزگە مۆھلەت بې-
رەي، ئويلىنىپ كۆرۈڭ. كىنىدىك قېنىڭىز تۆكۈلگەن يۇرتنى
تاشلاپ ۋەتەنسىز شامالدەك يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ يۈرۈشتىن نېمە
تاپىسىز...

قۇتبىددىن قۇللۇق بەجا كەلتۈردى.

— قىبلىگاھىم، «قۇرئان كەرىم» دە يوقاتقان نەرسىڭىزنى
ئويلاپ ئارتۇقچە ئۆرتەنمەڭ ۋە قولغا كىرگۈزگەن نەرسىلىرىڭىز-
دىن ئارتۇقچە شادلانماڭ، دېيىلگەن. مەن ئىگەمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى
تۇمار كەبى دىلىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە مۆھۈرلىگەنمەن.

— ماقۇل، سىزگە ئىجازەت، ۋالىدىڭىزنى تاۋاپ قىلىڭ.

قۇتبىددىن تەزىم قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يۈرىكى تېپىرلاپ
ئانىسىنىڭ ھۇزۇرىغا ئاتلاندى.

تى، ئاندىن قالسا ئۆزىنى شەيخكە سۆھبەتداش قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ سەمەرقەنتكە يېتىپ كەلگىنىگە مانا ئىككى كېچە ـ ئىككى كۈندۈز بولۇپ قالدى، ئەمما قارىيدىن دېرەك يوق ئىدى. ئۇ: «ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرالىدىمىكىن ياكى بابا ما-چىندەك بىر زەڭگىنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئېغىز دىكى نانىدىن ئايرى-لىپ قالدىمـىكىن، ئۇ يارىمـاسنىڭ قارىسى ئەجـەب كۆرۈنمەي-دۇغۇ؟» دېگەن خىياللارغا باردى.

قازى شۇلارنى ئويلاپ ئىچىدە ناماز ئەسىرگىچە ئازراق مۈگدە-ۋالماقچى بولۇپ ھۇجرا تەرەپكە بۇرۇلغاندا، يېنىدىكى ھەمتاۋاقلا-رىدىن بىرى، سابىرانلىق موللا تاجىددىن دېدى:

— شەيخىڭگە قارا، ئۆزىنى ئەزىز قىلىپ ئېلىپتەك غادىيىۋاپ-تۇ، بېشى ئەرشىئەلاغا يەتكەن تەكەببۇرغا ئوخشاپ قاپتۇ! ھەي ئىنساپ، خەلق سەندىن مال ـ دۇنيا سوراۋاتقىنى يوق، بىر ئېغىز سۆزۈڭنى ئاڭلىماقچى، خالاس. ھەتتا پەيغەمبەر بولساڭمۇ، «قۇر-ئانى كەرىم» دىن تۆت كەلىمە قىرائەت قىلىپ، ئاندىن ئىشىڭنى قىلمايسەنمۇ! مانا كەمىنىگە ۋەز ئېيت دېسە تا يەتتە خۇپتەنگىچە چارچىماي ئېيتار ئىدىم. ۋادەرىخ، بىراۋغا ئىشتىھا بېرىسەن، بىراۋغا ئاش بېرىسەن...

ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن قازىكالاننى بىئارام قىلىدى-غان يەنە بىر ۋەقە سادىر بولدى.

شەيخنىڭ خانىقانىڭ تۆردىكى ھۇجرىسىدا ھەج سەپىرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرى ۋە ھەجنىڭ ئاداسى ھەققىدە پاراڭ بولۇۋاتات-تى. بۇ يەردە سۇلتانئول ئارىپىن، سۇلايمان خوجا، بابا ماچىن، ئەشرەپخان قازى، سەمەرقەنت ئۆلىمالىرىدىنمۇ ئۈچ ـ تۆت كىشى بار ئىدى. قۇتبىددىن پەگاھدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇستازلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىۋاتاتتى. ئىشكتىن خانىقا ساھىبى كىردى. ئۇ سۆھـبـەتنى بۆلەلمەي ئۆرە تۇرۇپ قالدى. شەيخ ئۇنىڭغا بۇرۇلدى.

— نېمە گەپ، ھاجى ئوبۇلقاسىم؟

لار، ئەھلى ئايالىدىن كەچكەن نادانلار، پەرزەنت تەلەپ قىلىپ كەلگەن زەئىپەلەر، شەيخكە مۇرىت بولۇش ئۈچۈن قەسەم ئىچكەن زاھىتلار بار ئىدى.

شەيخ يىراق يولدىن ھېرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرچە خالايىق-نىڭ ئالدىدا ۋەز ئېيتقىلى ئىلھامىمۇ، مادارىمۇ يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەلنىڭ كۆزىگە بىر كۆرۈنۈپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. غەلۋە - غۇدۇر قىلىپ گۇلدۇرلەپ تۇرغان كىشىلەرگە ھەكىم سۇلايمان مۇراجىئەت قىلدى:

— مۆھتەرەم سەمەرقەنت ئەھلى! ئەزىز مۇسۇلمانلار! كۆ-رۈپ تۇرۇپسىلەر، پىرى كامىل سەپەردە چارچاپ قالدى. پېقىر سىلەردىن بىر - ئىككى كۈن سەۋر قىلىشنى سورايمەن. خۇدا خالىسا، ھەزرەت ئۇشبۇ جەننەت كەبى مەنزىلدە بىرەر ھەپتە بولغۇ-سىدۇر. سۇلتانۇل ئارىپىن جانابلىرىنىڭ سىلەرگە ئېيتىدىغان مۇبارەك ئەمرىمەرۇپلىرى ناھايىتى كۆپ. ئىنشائاللا بىرگە ئاڭلە-غايمىز. ياراتقاننىڭ ئۆزى قوللاپ، ھەممىمىزنى مۇرادىغا يەتكۈز-سۇن، ئامىن!

يۈزلەپ قوللار بىرلىكتە دۇئاغا كۆتۈرۈلدى. ئادەملەر ئاستا - ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى.

شەيخنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ئۆز قونالغۇلىرىغا كىرىپ كېتىش-تى. ئادەتتىكىدەك، بابا ماچىن بىلەن قۇتبىددىن بىر ھۇجرىنى ئىگىلىگەنىدى. قۇتبىددىن ئاخشام ئانىسىنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقتە-يۇ، ئانىسىنىڭ خانىسىغا ئېتىلدى، ئانىسىنى سۆيۈندۈرۈپ يىغلاتتى ۋە: «بۈگۈن مەن پىرىمنىڭ قېشىدا بولمىقىم ۋاجىپ، مەن ئول ھەزرەتنىڭ خاس خادىمىدۇرمەن» دەپ يەنە يىغلاتتى.

ئەشرەپخان قازى ھەجگە ئاتلانغان كۆپلىگەن يەسسىلىكلەرگە ئوخشاش مۇساپىرخانىغا چۇشمەي خانىقانى تاللىدى. ئۇ ئىمكانقەدەر ھەزرەتكە ياندىشىپ يۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ھېلىقى مەخپىي خەت سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قولىغا تەگكەن بولسا، خاد-نىڭ كەيپىياتى قانداق بولدىكىن، دېگەننى بىلىشنى ئارزۇ قىلات-

ئىچىدە مەۋلۇتقارىينى قارغىدى: «لەنىتى نامىمىزنى خانغا يەتكۈزمەپتۇ. يەتكۈزگەن بولسا بۇنداق مەدھىيە كەلمەس ئىدى. قايسى گۆردە يۈرگەندۇر ئۇ؟»

قازىكالان بېشى ئاغرىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلدى ۋە پۇشۇلداپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى ئارقىلىق يەرنىڭ تېگىدە بولسىمۇ مەۋلۇتقارىينى تاپتۇرماقچى، نامىنىڭ ئىگىسىگە يەتكەن - يەتمىگەنلىكىنى بىلمەكچىدى. چۈنكى، قازىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرى مەۋلۇتقارىينىڭ جاۋابىغا قاراشلىق ئىدى.

ئەلچى كەينىگە بۇرۇلۇپ كىمگىدۇر ئىما قىلدى. خىزمەتكار يىگىت ئاغزى بوغۇلغان خالتىنى ئەكېلىپ ئىككى قوللاپ ئەلچىگە تۇتقۇزدى. ئەلچى خالتىنى شەيخنىڭ ئالدىغا قويدى.

ھەزرەت خاننىڭ ھەققىگە دۇئا قىلدى، ئەلچىگە ئىجازەت بەردى:

— ئاللا نېسىپ قىلسا، ئەتە پېشىندىن كېيىن سۇلتان جانابى ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىگە تەييارمىز.

بۇ جاۋابتىن ئەلچى ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. ھەزرىتى سۇلتاننىڭ ھارغىنلىق قاپلىغان مۆلۈلۈق كۆزلىرىگە تەلمۈردى. «ئەۋلىيا بوۋا نېمە دېمەكچىدۇر؟ ئەتە سارايغا تەشرىپ بۇيرۇيمەن دېمەكچىمۇ ياكى خان مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن دېمەكچىمۇ؟» ئەلچى خانقاغا مەخسۇس مەكتۇپ بىلەن مىڭ تىللا ئەكېلىۋاتقىنىدا، شەيخۇل ماشايىخنى خاننىڭ ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم، دەپ ئويلىغانىدى.

شەيخ ئۆلىمالارنىڭمۇ مەڭدەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ پىكرىنى ئوچۇق بايان قىلدى؛

— بىزنىڭ ئىشىكىمىز خان ھەزرەتلىرى ئۈچۈن ھەر دائىم ئوچۇق، مەرھەمەت قىلسۇن، — دېدى يۈزىگە پاتىھە تارتىپ. ئەلچى ھەيرانلىق بىلەن قوزغالدى. ئۆلىمالار بىر - بىرىگە قاراشتى.

ئەلچى قوللۇق قىلىپ چىقىپ كەتتى. شەيخ قۇتبىدىنىنى

— پىرىم، خان ھەزرەتلىرىنىڭ خاس ۋەكىلى كەپتۇ. ئىجا-زەت سوراۋاتىدۇ، جانابلىرىغا مەكتۇپ بارمىش.

ئەشرەپخان قازى: «ئاخىر باشلاندى، خان غەزەپ ئىتىغا مىنگەندەك قىلىدۇ» دېگەن خىيال بىلەن ئورنىدا قىمىرلاپ قويدى.

— كىرسۇن، — دېدى شەيخ. بىر لەھزىدىن كېيىنلا قاۋۇل، زەڭگەر رەڭلىك موۋۇت چەكمەن كىيگەن، ئەل قاتارى سەللە ئورىغان، بېلىنى ئىككى يەردىن باغلىغان سۇزۇك كۆزلۈك باھادىر يىگىت كەلدى. ئۇ شەيخكە تەزىم قىلدى: «پىرىمنىڭ قەدەملىرىگە ھەسسانات!» دېگەندەك قۇتلۇقلاش سۆزلىرىدىن كېيىن، زەرھەل قۇتىغا سېلىنغان مەكتۇپنى ئىككى قوللاپ سۇندى. شەيخ مەكتۇپنى ئېلىپ شەيخنىڭ كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان سۇلايمان خوجە-نىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئوقۇڭ، ھېكىم خوجا.

خاننىڭ ئەلچىسى ئېتىكىنى يىغىشتۇرۇپ ئولتۇردى، يۈزىگە پاتىھە تارتتى. سۇلايمان مەكتۇپنى ئېچىپ، بىر ۋاراق يىپەك قەغەز ئالدى ۋە پەس ئاۋازدا ئوقۇدى:

«مەككەئى مۇكەررەمە سەپىرى تۇپەيلىدىن قۇتلۇق شە-ھىرىمىزگە تەشرىپ بۇيرۇغانلىرىدىن بېشىمىز ئاسمانغا يەت-تى. ئاللاتائالانىڭ ساۋابى يولىدا ھىجرەت قىلغان مۆمىنلەر-نىڭ دۇئاسىنى تىلەپ، بىر - ئىككى پارە نېسىۋە ئەۋەتتۇق. مەرھەمەت نەزىرى بىرلە قوبۇل قىلغايلا. سۆھبەتلىرىگە دا-خىل بولماق ئۈمىدى بىلەن ھەققىلىرىگە دۇئا قىلىپ تۇرۇپ-تىمىز. تامغاچخان مەھمۇدخان ئىبن ئارسلانخان مۆرىتىڭىز-دىن دەپ بىلگەيسىز. جامادىيەلئاخىرنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى، چارشەنبە».

خەتنى ئاڭلاپ ئەشرەپخان قازىنىڭ يۈزى قىزىرىشقا باشلىدى.

كىشىلەرنىڭ ھالىنى سوراپ يېتىپ بارغۇچە چاراقلاپ تۇرغان ئاپ-
تاپنىڭ يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. ھەزرەت مەقبەرىنى كۆرۈپ
بىر چاقىرىمچە يىراقلىقتا ئاتتىن چۈشتى، ئاتنىڭ يۈگىنىنى قۇت-
بىددىنغا تۇتقۇزدى - دە، خالايىقنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يول باشلىدى.
ئىمامنىڭ قەبرىسىگە شارىلداپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. «بۇخارا ئەمىرى
تۆكمىگەن ياشنى پەلەك تۆكۈۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى شەيخ. شەيخ-
نىڭ خىيالىغا ئەمىر خالىد ئىبن ئەھمەد زۇھەلىنىڭ گۇمراھلىقى
كەلدى. بىر كۈنى ئەمىر ئىمامنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ:
«ئەبۇ ئابدۇللاغا ئېيتىڭلار، تارىخ كىتابلىرىنى ئەكېلىپ مېنىڭ
ئالدىمدا ئوقۇپ بەرسۇن» دەپتۇ. ئەلچى ئەمىرنىڭ پەرمانىنى ئى-
مامغا يەتكۈزۈپتۇ. ئىمام گەپنى قىسقىلا قىلىپ: «قۇشقا دان
كېرەك بولسا بويۇن سوزىدۇ، ئىلىم ئىستىگەن كىشى مېنىڭ
ھۇزۇرۇمغا كەلسۇن. مەن ئىلىمنى خار قىلىپ ئىشىكمۇ ئىشىك
مارىلاپ يۈرۈشنى نومۇس دەپ بىلۇرمەن» دەپتۇ. بۇ گەپ ئەمىرگە
ئېغىر كەپتۇ. ئەمما، ئۇ ئىلىم ئېلىشتىن كۆرە بۇخارايى شەرىپنى
خاراب قىلىشنى ئەۋزەل بىلىپتۇ. مۇقەددەس نەپەس ئىگىسى دەپ
شۆھرەت قازانغان ئەبۇ ئابدۇللا بۇخارادىن قوغلىنىپتۇ. ئۇ پەيغەم-
بەرنىڭ يېشىغىمۇ يەتمەي ئاللانىڭ رەھمىتىگە بېرىپتۇ.

شەيخ ئىمام بۇخارىي تەسنىپ قىلغان ھەدىسلەرنى ئىچىدە
ئايەتتەك تەكرارلىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر يورۇپ، بىر خىرەلەش-
تى. ئۇ بۇ مۇبارەك زاتنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر نامىدىن
پەخىرلەنسە، غېرىبلىق ۋە موھتاجلىقتا كەچكەن ئاخىرقى كۈنلىرى-
نى ئەسلەپ دىلى ئىزتىراپقا تولدى. «بىر يۈز يەتمىش يىلدىن
بېرى دىن ئەھلى بۇ مۇبارەك زاتقا تەلپۈنۈپ كەلمەكتە. خىرتەڭ
كەنتى ھىجرەتكە قۇدرىتى يەتمىگەن بىچارىلەرنىڭ مەككىسىگە ئاي-
لاندى. بۇ ئاجايىپ دۇنيا ئىكەن، تىرىكلىكىڭدە گۆھەر سۆزلىرىڭ-
نىمۇ پىستىنىڭ پۇرچىقىغىمۇ ئالمايدىكەن، ئۆلگەندىن كېيىن
ۋادەرىخ دەپ ياش تۆكۈشەر ئىكەن، پىرىم دەپ سېغىنىشار ئىكەن،
پەرۋەردىگار يەر يۈزىگە بەندىلىرىڭگە توغرا يولنى كۆرسەت، ياخشى-

يېنىغا چاقىرىپ:

— مانا بۇنى ئوبۇلقاسىمغا ئاپىرىپ بېرىڭ، — دېدى خالتىنى ئىشارە قىلىپ، — خانقانىڭ خىراجىتىگە سەرىپ قىلسۇن.

قۇتبىددىن تىللا قاچىلانغان خالتىنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئىشىككە بارغاندا شەيخ ئەسكەرتتى:

— ئاندىن كېيىن قولىڭىزنى يۇيۇۋېتىڭ.

قۇتبىددىن قولىنى كۆكسىگە قويدى.

— بولىدۇ، پىرىم.

سۇلتانۇل ئارىپىننىڭ بىر خىسلىتى بار ئىدى. قايسى شەھەرگە قەدەم قويسا، ئاۋۋال بۇ ماكاندا ئۆتكەن ئەزىز ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلاتتى. شەيخ ئەتىسى مەسچىتتى جامائەدە بامدات نامىزىنى ئۆتىدى، كېيىن ئەھلى جامائەتكە قىسقىلا ۋەز ئېيتتى، قىتالار بىلەن بولغان جەڭدە شېھىت بولغان مەرھۇملارنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلدى، يۇرتقا ئامانلىق، پادىشاھلارغا تەۋپىق ۋە ئىنساپ تىلەپ، يولىغا راۋان بولدى. ھەزرەتنى ھەدىسچىلەرنىڭ سەردارى ئىمام بۇخارىنىڭ ئەرۋاھى چىللاۋاتاتتى.

ئىسلام دۇنياسىدا سەھىھ، يەنى توغرا ۋە مۆتىۋەر سانالغان ئالتە ھەدىسلەر توپلىمى بار. بۇ ھەدىسلەرنى توپلىغانلارنىڭ كۆپ قىسمى مانا شۇ قەدىمكى تۈركىستان تۇپرىقىدا تەۋەللۇت تاپقان. ئەركانى دىن ئەھلىگە دەستۇر بولغان بۇ ھەدىسلەرنى توپلىغۇچىلار ئىيسا ئەت ـ تىرىمىزىي، ئابدۇرەھمان دارىمى ئەسسەمەرقەندىي كەبى تۈركىي قوۋملارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ نامى بىلەن باغلىق ئىدى. ئىمام بۇخارىي بولسا ئەنە شۇ ھەدىسشۇناسلارنىڭ سەردارى ئىدى. بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ پەيدا بولسا ئۆلىما، مۇپتى، پەقىھلار «ئىمام بۇخارىي ھەزرەتلىرى بۇ ھەقتە نېمە دېگەندىكەن؟» دەپ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھەدىسلەر توپلىمى «ئەل - جامىئى ئەس ـ سەھىھ» نى ۋاراقلايتتى.

ئىمام بۇخارىينىڭ مەقبەرىسى سەمەرقەندنىڭ يېنىدا، خەرتەڭ قىشلىقىدا ئىدى. شەيخ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كەنتلەردە توختاپ،

ئالدى. ھەزرەتنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان يەنە بىر مەنزىلى بار ئىدى،
بۇ مەنزىلمۇ ئىمام بۇخارىينىڭ مەقبەرىسىدىن قېلىشمايتتى.

شەيخ شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى كونا بىر ئىمارەتنىڭ
ئالدىغا بېرىپ توختىدى. رېمونت قىلىنماي تاشلىنىپ كەتكەن
تاملار قارغىش تەگكەن كىشىنىڭ قولىنى ئەسلىتەتتى. لەمپە چې-
رىپ، ساڭگىلاپ كېتىپتۇ. يېرىقلىرىغا بارماق سىغىدىغان قوش
قاناتلىق ئويما دەرۋازا، دەرۋازىدىكى كۈمۈش ھالقىلار، يەرگە
پېتىپ كەتكەن بوسۇغا خارابىنى ئەسكە سالاتتى.

شەيخ دەرۋازىدىن ئاتلىغاندا بىردىنلا يۈرىكى سىيلىپ كەتتى.
ئۇنىڭ بۇ يەرگە قەدەم باسمىغىنىغا ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپ قالغانى-
دى. ئۇ يىگىرمە ياش چاغلىرىدا يەسسىدىن بۇخارايى شەرىپكە،
سەدرى ئەزەم بۇرھانىدىن ئائىلىسىگە كېلىپ ئالىي تەلىم ئېلىشقا
كىرىشكەنىدى. ئۇ شۇ يەردە ئۈچ - تۆت يىل ئۆز زامانىسىنىڭ
ئەللامىلىرىدىن تەلىم ئالدى، كېيىن تەقدىر شامىلى ئۇنى بۇ
يەرگە، سەمەرقەنتكە، مانا شۇ غاتىپەر مەدرىسىسىگە تاشلىدى. بۇ
قۇتلۇق دەرگاھنى ئۇنىڭ ئىككىنچى ئۇستازى، سوپىلىق تەرىقىتى-
نىڭ قۇتبى خوجى يۈسۈپ ھەمەدانى ھەزرەتلىرىنىڭ مۇقەددەس
نەپەسلىرى ئاۋات قىلىپ تۇراتتى. شۇ چاغدىمۇ ياش ئەھمەد بوسۇ-
غىدىن كامالى ئېھتىرام، ھاياجان، ئەندىشە ۋە ئۈمىد بىلەن ئاتلى-
غانىدى.

شەيخ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھويلىسىغا كىردى. ئەتراپقا
قارىدى. ئىچكەركى ھويلا تاشقىرىقى ھويلىدىنمۇ بەتتەر ئىدى.
جىمجىت ھۇجرىلار، قۇرۇغان دەرەخلەر، سۇسىز كۆلچەك، ئەت-
راپ خازانلار بىلەن تولغانىدى...

ھەزرەت ئۆگزىسى ئۆلتۈرۈشۈپ كەتكەن سۆيۈملۈك ئايۋانغا
چىقىپ كونا بورىنىڭ ئۈستىگە يۈكۈندى، ئېڭىشىپ يەرنى سىيپى-
لىدى، مەدرىسىنىڭ تۇپرىقىنى كۆزىگە سۈرتتى، بىردەمدىن كې-
يىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېتىپ تۇرغان قۇتبىددىنغا قاراپ ئېغىز
ئاچتى:

لىنقا دەۋەت قىل، يامانلىقتىن قايتۇر دەپ رەسۇلىللانى ئەۋەتتى. ئۇممەتلىرى قۇلاق سالمىدى. مۇستاپا ۋەسىيەتلىرىنى ساھابىلىرىگە ئېيتتى، ساھابىلەرنىڭ ۋەزلىرىمۇ بۇ ئاسىي خەلققە كار قىلمىدى. كېيىن پازىللار، دانىشمەنلەر ئادەم ئاتىنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئەمرى-مەرۇپ قىلدى. ئەپسۇسكى، ئۇلارمۇ قەدرى تاپمىدى. شاھلار مال - دۇنياسى بىلەن مەغرۇر، ئۇچ يۈز ئاتمىش تومۇرلىرىدا ھېرىسمەنلىك، كىبىر، ھەۋەس، ھايۋانىي نەپس جوش ئۇرىدۇ. تەقۋا ئەھلى شاھلارنىڭ داستىخىنىغا كۆز تىكىدۇ، پۇقرا بولسا قورساق غېمىدە. ئىلىم خار، ھازىرمۇ شۇنداق. ئەجەبا مەھشەرگىچە تالىبى ئىلىملەرنىڭ ماڭلىيىغا يېزىلغىنى شۇمىدۇر؟ ئېرپان گويا قاراڭغۇ يولنى يورۇتقۇچى شام چىراغتۇر. بۇ خەلق قاچان چىراغنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ؟ قاچان چىراغ تۇتقان كىشىنىڭ ئېتەكىنى تۇتىدۇ؟ ئىمام بۇخارىي جانابلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى نېمە بولاركىن، ئۇلارمۇ خالىد ئىبن ئەھمەدكە ئوخشاش، بۇ دۇنيانىڭ ئەللامىسىنى بىر غەلۋىر بۇغدايغا سېتىۋالىمەن، دەپ خىيال قىلارمۇ؟ ئىلىمسىز ئەل ئۈزگىلەرگە يەم بولۇپ، ئۈزگىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا يانجىلغاي. يائاللا ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىسمايىل بۇخارىي ھەزرەتلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن، مىڭ يىلدىن كېيىن كېلىدىغان ئەۋلادلىرىنى ئۈزۈڭ ساقلا، ئۇلارغا ئىمامنىڭ قۇتلۇق نەپەسلىرىنى بۇيرۇغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قورسىقى تويۇپ، كۆڭۈللىرى روشەنلىشىپ، پىكىرلىرى ئۇچقۇر، تەپەككۇرلىرى زىيادە بولسا ئەجەب ئەمەس. سەندىن تىلىكىم شۇ، مەدەتكارىم...»

شەيخ قايتتى. يامغۇر توختاپ، توپ - توپ بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن قۇياش يالتىراپ بالقىدى.

شەيخ سەمەرقەنتكە قايتقاندا مەزىنلەرنىڭ پېشىن نامىزىغا توۋلىغان ئەزىنى ئاڭلىنىۋاتاتتى. شەيخ نامازدىن كېيىن مۇرىتلىرىغا رۇخسەت بەردى، ئەڭ يېقىن مەھرىمى بابا ماچىن، سۇلايمان، قۇتبىددىننى ئەگەشتۈرۈپ شەھەردىكى بىر تار كوچىغا قاراپ يول

تى، ئاز سۆزلەيتتى، ئاخىرەتلىكنى تىرىكلىكتە هازىرلاپ بولغا-
نىدى. ئوتتۇز ئالتە قېتىم پىيادە مەككىگە باردى. «قۇرئان كە-
رىم» نى مىڭ قېتىم خەتمە قىلدى، سەككىز مىڭ دىنسىزنى
مۇسۇلمان قىلدى...

يۇسۇپ ھەمەدانىي ئابدۇللا بەرقىينى، ھەسەن ئەنداقىينى،
ئابدۇلخالىق ۋە ئەھمەدنى پەرزەنتىم دەپ قارايتتى. زىكىر ۋاقتىدا
ئۇلارنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، ئۆزۈن بارماقلىرى بىلەن بې-
شىنى سىلاپ ئولتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن گويا ئۇلارغا كامالەت
تىلىگەندەك قىلاتتى. بىر كۆكلەم ۋاقتى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ تۆت
خەلىپىسىنى ئالدىغا چاقىردى. «بىز مىڭ توققۇز ئاي يەر يۈزىنى
چىڭداپ تۇرۇپتىمىز، — دېدى كۈلۈمسىرەپ، — مانا ئەمدى ئاللا
ئامانەتنى سوراپ تۇرۇپتۇ. خىزمىتىگە باراي، بىزدىن رازى بو-
لۇپ، شۇ ساقاللىق قېرىنىڭ مۇشكۈلى ئاسان بولسۇن دەپ تىلەڭ-
لار». ئۇستاز ۋەسىيىتىنى ئېيتتى: «ئابدۇللا يۈيسۇن، ئابدۇلخا-
لىق يۆلىسۇن، گۆرۈمنى ئەنداقىي كولىسۇن، ئەھمەد مازىرىمدا
‹ۋەن ـ نازىئات› نى ئوقۇسۇن». خەلىپىلەر ئۇستازىنىڭ ۋەسىيە-
تىنى ئادا قىلىشقا تەييار تۇرۇشتى. ئەمما، پىرىنىڭ ئۆمرى
ئۇزۇن ئىكەن. ئۆلۈمنى بويىنىغا ئالغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك،
ئاللا ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلدى. يەنە سەككىز يىل ياشاپ مەرۋىدە،
تۇغۇلغان يېرىگە يېقىن يەردە ئاللانىڭ رەھمىتىگە باردى.

شەيخ خۇددى ئوتتۇز ئۈچ يىل ئىلگىرىكىدەك پىچىرلاپ
«ۋەن ـ نازىئات» سۈرىسىنى تىلاۋەت قىلدى. گېلى بوغۇلدى،
كۆكسى ئېچىشتى. دەل شۇ پەيتتە مۆجىزە يۈز بەردى، تار،
قاراڭغۇ ھۇجرىدىن ئاق لىباس كىيگەن پىرى كامىلنىڭ سىيماسى
كۆرۈندى. ئۇستاز ئادەتتىكىدەك سىرلىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.
شەيخ تىلاۋەتنى توختىتىشى بىلەن يۇسۇپ ھەمەدانىينىڭ سىيماسى
قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى...

ئۇستازىنىڭ ئەرۋاھى بىلەن دىدارلىشىش شەيخنىڭ كۆڭلىگە
يورۇقلۇق بېغىشلىدى. «پىرىم خىزمەتلىرىمدىن رازىمىكىن دېگەن

— بۇ دەرگاھتا بىز تەرىقەت ئىلمىنى ئۆگەنگەندۇق. خوجە-
مىز تۆتىمىزنىڭ بېشىنى سىلىغانىدى.

بابا ماچىن بىلەن قۇتبىددىن بۇ يەرنىڭ ئۇلۇغ مۇتەسەۋۋۇپ
يۈسۈپ ھەمەدانىي ئىلىم بەرگەن مەدرىسە ئىكەنلىكىنى ئەمدى ھېس
قىلىشتى.

سۇلايماننىڭ ئاۋازى يېقىملىق، ياڭراق ئىدى، ئۇ كۆزلىرىنى
يۇمۇپ «ياسىن» نى ئوقۇدى.

دۇئادىن كېيىن ئۈچ مۇرىت بىر تەرەپتە قالدى. شەيخ ئادىتى
بويىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن، خىيال دېڭىزىغا غەرق
بولۇپ ھۇجرىلارنى ئايلىنىپ كەتتى.

شەيخنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى، تەپەككۇرىنى ئوتتۇز يىللىق خا-
تىرىلەر چۇلغىۋالدى. ئۇ ئاستا - ئاستا مېڭىپ يەنىلا قەدىرلىك،
ئەمما غېرىب ھۇجرىلارنى تاپتى. ھۇجرا قوپقۇرۇق، ئىچى قاراڭغۇ
ئىدى. شەيخ ئىشىكتە بىردەم تۇرۇپ قالدى. بۇ ھۇجرا بىر زامانلار
ئاۋات ئىدى، ئۇنىڭدا قىيامەتلىك دوستلىرى ئابدۇللا بەرقىي،
ھەسەن ئەنداقىي، ئابدۇخالىق غىجدۇۋانىي بىلەن بىر ناننى تۆتكە
بۆلۈپ يەيتتى، ھەرخىل ئىلىملەرنى بىرلىكتە ئۆگىنەتتى. شەيخ
كۆزلىرىنى يۇمدى، ئالدىدا يۈسۈپ ھەمەدانىي گەۋدىلەندى. ئەنە
ئۇ يەرگە قاراپ نەقىشلىك دەرۋازىدىن كىرىپ كەلمەكتە. ئۇزۇن
قوڭۇر ساقىلى يېنىك يەلپۈنمەكتە، ئۇستىدە دائىملىق لىباسى —
ئاددىي يۇڭ تون، پۇتىدا چورۇق، بېشىدا ناۋات رەڭ سەللە.
شەيخنىڭ خىيالىدىن ئۇستازىنىڭ سۈپەتلىرى بىر - بىرلەپ ئۆ-
تۈشكە باشلىدى. پىرى سۆزلىگەندە كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى،
مۇلايىم تەبىئەتلىك ئىدى. ئۇ تېببىي ئىلىمدىن چوڭقۇر خەۋەردار
بولۇپ، بىمارلارغا دورا يېزىپ بېرىپ كۆن كەچۈرەتتى...
ئۆزىنىڭ سالاپىتىدىن نومۇس قىلغاندەك دائىم مۈكچىيىپ
يۈرەتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ نېمىنىدۇر پىچىرلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ
باش ئاغرىقى بار ئىدى، بازارغا بېرىشنى ياقتۇرمايتتى، شاھلار،
ھاكىملار، بەگلەرنىڭ داستىخىنىغا بېرىشقا ئۆچ ئىدى، ئاز يەيت-

يولىدىكى تەنە ئارىلاش ۋەدىسىنى ئەسلەپ توۋا قىلدى. مەككەمۇ-كەررەمدىن ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆيلىنىغانلىرىنى شەيخكە ئېيتىشنى نىيەت قىلدى.

قۇتبىددىن ئالىلىقاچان دۇنيادىن تاق ئۆتۈشكە قەسەم قىلغاندى. ئۇ: «ھەق يولىنى ئارزۇ قىلىپتىمەن، سوپىيانە تۇرمۇشنى تاللاپ، تەرىقەت دېڭىزىغا كىرىپتىمەن يا چۆكۈپ كېتىمەن، يا بۇ دېڭىزدا ئۈزۈپ ھۆسنى مۇتلەقكە يەتكەيمەن» دېگەن قارارغا كەلگەندى.

شەيخ بۇ ئىككى مۇرىتىنىڭ پىكرىنى ئالىلىقاچان بىلگەندى. شۇڭا، ئۇلارغا ئۇستازى يۇسۇپ ھەمەدانىينىڭ ھاياتىدىن بىر ئىبرەتلىك ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى:

— ھەزرەتنىڭ بىرىنچى خەلىپىسى ھەسەن ئەنداقىي بۇخارانىڭ ئەنداق كەنتىدىن ئىدى، ئۆي - جايى، پەرزەنتلىرى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مەن ئەمدى ئەھلى ئايالىمنى ئەسلا كۆرمەيمەن، دېدى، سەۋەبىنى ئېيتمىدى. بۇ گەپتىن پىرىمىز خەۋەر تاپتى. ھۇجرىمىزغا كىرىپ ھەسەننى تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ نەسىھەت قىلدى: «شەرىئەت ۋە ئەقىل يۈزىسىدىن قارىغاندا سىز پەرزەنتلىرىڭىزگىمۇ، رەپىقىڭىزگىمۇ يېقىن بولۇشىڭىز كېرەك» دېدى. ئەنداقىينىڭ مىجەزى چۈس ئىدى. «نېمە بولغانلىقىنى بىر ئۆزۈم بىلىمەن، بىر ئاللا بىلىدۇ. مەن سوپىلىق خىرقىسىنى كىيدىم، ئەھلى ئايالدىن ۋاز كەچتىم، ئۆزگە ۋەجىم يوق» دېدى. پىرىمىز بۇ سۆزدىن ئازار چەكتى. شۇ كۈنى غايىبتىن «ئەي يۇسۇپ، بىز ساڭا ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈشنى نېسىپ قىلدۇق، ھەسەن ئەنداقىيغا بولسا ھەم ئەقىل كۆزى، ھەم قەلب كۆزىنى بەردۇق» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. نەتىجىدە پىرىمىز ھۇجرىمىزغا كېلىپ ھەسەندىن ئۆزرە سورىدى. ئەنداقىي يىغلاپ تۇرۇپ پىرىنىڭ قولىنى سۆيدى. بۇ قىسسىدىن خۇلاسىنى ئۆزۈڭلار چىقىرىۋېلىڭلار.

ھەسەن ئەنداقىيغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ۋەقە ئۈچ مۇرىتقا ئۈچ

ئەندىشىدە ئىدىم، شۈكرىكىم، رازى بولۇپتۇ» دەپ ئويلىدى شەيخ ئىچىدە.

شەيخ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا قايتتى. تۆتەيلەن خارابىگە ئايلىنىپ قالغان مەدرىسىگە ئاخىرقى قېتىم كۆز تاشلاپ تاشقىرىغا چىقتى. شەيخ ھامان خىيال ئىلكىدە ئىدى، بۇنى ھېس قىلغان سۇلايمان بىلەن قۇتبىددىن ھەزرەتنىڭ ئىزىدىن ئاستا كېلىۋاتاتتى. بابا ماچىننىڭ تىلى تېز بولغاچقا شەيخكە ياندىشىپ سورىدى:

— شەيخىم، پىرى كامىلىڭىز يۈسۈپ ھەمەدانىي جانابلىرى ئەھلى ئايالىدىن ۋاز كېچىپ، كەمىنىگە ئوخشاش يالغۇز ئۆتكەنىكەن ـ دە؟

— يەتمىش بەش يېشىغا قەدەر دۇنيادىن تاق ئۆتكەنىدى، كېيىن ئۆي ـ روزغار يۈكىنى بوينىغا ئالدى.

— قېرىغاندا بىر مەھرەم كېرەك بولغانىكەن ـ دە؟

شەيخ بابا ماچىنغا قارىمىدى، خۇددى ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك ئويچان ھالدا دېدى:

— ھەربىر مۆمىن مۇسۇلمانغا بىر مەھرەم كېرەك. مەيلى ئۇ ياش بولسىمۇ، قېرى بولسىمۇ. بۇ ھەق مۇستاپانىڭ سۈننىتى.

ھەزرەتنىڭ گېپى سۇلايمانغا ياقتى، لېكىن قۇتبىددىنغا ياقمىدى. سۇلايماننىڭ يېشى قىرىقتىن ئاشتى، ئۇ ھەزرەتنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي، ئىسسىق ـ سوغۇقنى بىرگە كۆرۈپ يۈرۈپتۇ. قۇرئان تىلاۋىتى، سوپىلىق تەرىقىتى ئۇنىڭغا بەيتۇل ھەرەمدەك مۇقەددەس. بىراق، ئۇزۇن كېچىلەردە ئۇنىڭ خىيالى قاچىدۇ، جىگىرى خۇن بولىدۇ... يىگىتلىك گۈلشىنى خازان بولۇپ، قېرىلىق سەھراسىغا يۈزلىنىۋاتقان ۋۇجۇدى مۇلايىم، مەسۇمە ۋە ئىمانلىق بىر مەھرەمنى خالايدۇ. ناۋاتتەك تىلى تاتلىق، قارلىغاچ بالىسىدەك ۋىچىرلايدىغان بالىلارنىڭ بېشىنى سىلىغۇسى كېلىدۇ، گۆدەكنىڭ ھىدىنى سېغىنىدۇ. ئۆزىنىڭ بالىسى بولسا، بالام دېسە، ئەركىلەتسە، سۆيسە...

سۇلايماننىڭ دەردى يەنە قوزغالدى. ئەمما، ھەزرەتنىڭ ئۇترار

# 18. نەققاشنىڭ سەۋەنلىكى

ئادەملەرنىڭ يامىنى ئۆلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆلىمالارنىڭ يامىنىدۇر.

— ھەدىس

ھەركىمكى يامان بولسا، جازا تاپقۇسىدۇر.

— مىرزا بابىر

سۇلتان مەھمۇد خانىقا ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى، ئەركانى دىن ۋە ئەمەلدارلىرى بىلەن ھويلىغا كىردى، ئەتراپقا سەپسېلىپ قاردى. ئۇ: «شەيخ ئىستىقبالىمغا چىقار» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ھەزرەت كۆرۈنمىدى. سۇلتاننى سەمەرقەنتنىڭ شەيخۇلرەئىسى، شەھەر ھاكىمى، مۇدەررىسلەر، شەيخ بىلەن مەككە زىيارىتىگە كېتىۋاتقان كىشىلەر، پۇقرالار كۈتۈپ تۇراتتى. مەھمۇدخان يورغىلاپ يول باشلاۋاتقان شەھەر ھاكىمىنىڭ كەينىدىن تۆردىكى خاس خانىغا قاراپ ماڭدى. سۇلتاننىڭ شەرىپىگە خانىقادىكى بىردىنبىر مەجلىسخانا مەخسۇس سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قىرىق — ئەللىك چاغلىق ئادەم سىغاتتى.

مەجلىسخانا ئىشىكىدە سۇلتان كەينىگە ئۆرۈلدى، «نامە!» دەپ خاس مۇلازىمغا قاراپ قولىنى سوزدى. مۇلازىم ئالدىراپ قوينىغا قول سېلىپ، بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئەدەپ بىلەن ئۇزاتتى. مەھمۇدخان ئۇنى ئىچ يانچۇقىغا سېلىپ بوسۇغىدىن ئاتلى-

خىل تەسىر قىلدى: قۇتبىددىن قەتئىي ئۆز پىكرىدە قالدى، سۇلاي-
مان يۇسۇپ ھەمەدانىينى قوۋۋەتلىدى، بابا ماچىنغا بولسا ئىككى
دۇنيا بىر قەدەم ئىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى مەھرەم ئىشقىدا ئەمەس،
زىكرى ئاللا ۋە يولىنىڭ تانابىنى تارتىپ، ئۇچۇپ - قونۇپ يۇرۇش
شەۋقى بىلەن ئۆرتىنەتتى.

— بابا قۇل، سىز دەرھال خانىقاغا بېرىڭ، — دېدى شەيخ،
بابا ماچىنىنىڭ ئاستا مېڭىپ قىيىنلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — خان
ھەزرەتلىرى تەشرىپ بۇيرۇماقچىدى. ساقلاپ قالمىسۇن.

بابا ماچىن تۆت ئاتلاپلا يولىنىڭ بۇرۇلۇشىدا غايىب بولدى.
شەيخ ھەمراھلىرى بىلەن چوڭ كوچىغا چىققاندا بابا ماچىن ئاللىقا-
چان خانىقانىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ بارغانىدى.

قۇربەت خانىقاسىنىڭ ئىچى - تېشىدا ئادەم كۆپ ئىدى،
سەرۋازلاردىن گادايلارغىچە، شەيخۇلرەئىستىن رەمچىگىچە، تىجا-
رەتچىلەردىن ئەرزدارغىچە يىغىلغانىدى. ھەممىسى ئىنتىزار. بە-
راۋ ئۆز دەردىنى ئېيتىپ نىجات سورىغىلى سۇلتان مەھمۇدخانىنى
كۇتسە، بىراۋ شەيخۇل ماشايىخ خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ دىدارىغا
مۇشتاق ئىدى.

نامە ئاشكارا بولسا قالغىنىنى ئاندىن كۆرىمىز» . قازىكالان ئاخشام
مەۋلۇتقارىينى تاپتۇرغان، ئۇنىڭ «نامىنى خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆز
قولىغا تاپشۇردۇم» دېگەن قەسىمىنى ئاڭلاپ ئارام تاپقانىدى.

ئاددىي بۆز داستىخانغا مۇلازىملار چىنە ـ ئىدىشلاردا شەربەت،
تاتلىق تائاملارنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى. شەيخ قىتانلار بىلەن بول-
غان جەڭدە سەمەرقەنت ئەھلىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى
ئەسلىتىپ، سۇلتاندىن كۆڭۈل سورىدى:

— سەھەردە ئىمام بۇخارىي ھەزرەتلىرىنىڭ مەقبەرىسىنى زى-
يارەت قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق. يول ئۈستىدە ئاشۇ بىگۇناھ
شېھىتلەرنىڭ بېشىغا دۇئا قىلىش نىيىتىمىز بار ئىدى. ئىمان
تارتىدۇ، لېكىن ئاياغ ماڭمايدۇ. بارساق گويا، «بىزنىڭ تەقدىرى-
مىز قانداق ئىدى؟» دەپ ئوتتۇزمىڭ شېھىت كېپەنلىرىنى سۆرەپ
چىقىپ كېلىدىغاندەك. شۇڭا، يولىمىزغا قايتتۇق. ۋادەرىخ!

شەيخنىڭ گېپى سۇلتانىنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ بىر
ئېغىز «ۋادەرىخ» دېگەن سۆز سۇلتانىنىڭ يارىسىنى تاتىلىغاندەك
بولدى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى ئاڭلىسا سۇلتانىنىڭ يەتمىش ئىككى
بوغۇمىغا ئاغرىق كىرىۋالىدۇ، كېچىسى ئۇيقۇسى قاچىدۇ، كۈندۈ-
زى غەم باسىدۇ. ئاشۇ قىرغىن، شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيەت،
خورلۇقلار سۇلتانىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەندەك بولدى.

بۇنىڭدىن بەش يىلچە بۇرۇن قولان، مەركى ئەتراپلىرىدا،
سەيھۇن بويلىرىدا ياشىغۇچى قارلۇقلار مەھمۇدخانغا قارشى ئىسيان
كۆتۈردى. مەھمۇدخان ئۇلارنىڭ ئىسيانىنى ئاياۋسىز باستۇردى.
ئەمما، قارلۇقلار تىنچىمىدى. خۇپىيانە ھالدا ياردەم سوراپ خا-
رەزم شاھى ئالائىددىن ئاتسىزغا ئادەم ئەۋەتتى. ئالائىددىن ئاتسىز
ۋەدە بەردى، سۇلتان سەنجەرنىڭ تۇزلۇقىغا تۈكۈرۈپ، ئارىغا قى-
تانلارنىڭ خانى گورخاننى سالدى. لەنىتى گورخان ئۆزىگە تەڭ
بولالمىغان ئەھۋالدا، ئۆزگىگە بوي بولىمەن دەپ، مەھمۇدخاننىڭ
تاغىسى ھەم يېزنىسى سەنجەرگە مەكتۇپ يوللىدى.

«سەن كاپىرنىڭ بىز مۆمىنلەر بىلەن نېمە ئىشىڭ بار؟ —

دى. مەجلىسخانا خىلىلا يورۇق بولۇپ، بۇرجەك ـ بۇرجەكتە يوغان ـ يوغان شامـلار پارلـداپ يېنىـپ تۇراتتى، ئىچكىرىدە ئۇچ ـ تۆت بوۋاي ئولتۇراتتى.

سۇلتانىنىڭ سەللىسىگە قوندۇرۇلغان باش بارماقتەك ياقۇتنى كۆرۈپ شەيخ ئاستا قوزغالدى ـ دە، خانىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى، سۇلتان قەدىمىنى تېزلەتتى، ئۇلار مەجلىسخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە يۈزلەندى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، پىرىم! — دېدى سۇلتان شەيخنىڭ بۇغداي ئۆڭ، سەپەر شامىلىدا قارايغان چېھرىگە قاراپ. ھەزرەت تۇنجى بولۇپ قول ئۇزاتتى، يۈزىدە مۇلايىم بىر ئىپادە جىلۋە قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇ.

سۇلتان ئېگىشىپ شەيخنىڭ قوللىرىنى سۆيدى.

— مىڭ مەرتە شۇكرىكىم، ئاللاتائالا دىدارىڭىزنى نېسىپ قىلدى. قەدەملىرىڭىزگە ھەسسانات، پىرىم.

ئۇلار تۆرگە ئۆتتى. شەيخ سۇلتاننى ئوڭ تەرىپىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇلاردىن كېيىن باشقىلار ئۆز مەرتىۋىسى بويىچە ئورۇن ئالدى. ئەشرەپخان قازى يۇقىرىراقتا تۇرغانىدى، ئەزىز مېھمانلارغا مۇلازىمەت قىلىمەن دەپ ئۆزى پەگاھقا يېقىنلاشتى.

شەيخ دۇئاغا قول ئاچتى.

— ئامىن! پەرۋەردىگارى ئالەم ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن، قول ئاستىڭىزدىكى غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ دۇئاسىدىن بىنېسىپ قىلمىسۇن، سەمەرقەنت ئەزىمە شېھىتلەرنىڭ قېنى تۆكۈلمى-سۇن، دىنىي ئىسلام يولىدا بىر نۆۋەت ئەرزىيەت چەكسىڭىز، ئاللادىن مىڭ قەتلە شاپائەت ياغقاي، قۇتلۇق مەنزىلىڭىز ئاۋات بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىگىلىرىگە بۇيرۇسۇن، ئاللاھۇئەكبەر!

ئەشرەپخان قازى ئالىقانلىرىنى يۈزىگە سۈركىدىيۇ، شەيخ بى-لەن سۇلتاننىڭ ئۆزئارا مەرھەمەت كۆرسىتىشكەنلىكلىرىنى كۆ-رۈپ ئىچىدە كۈلدى: «ھازىرچە بىر ـ بىرىڭلارنى يالاپ تۇرۇڭلار،

قايتۇرۇۋالدى. ئەمما، نۇرغۇنلىغان ئەمىرلىرى، باھادىرلىرى شېھىت كەتتى. ھازىر ئاشۇ جەڭ مەيدانى چوڭ بىر قەبرىستان. كىشىلەر مەيلى مۇسۇلمان، مەيلى كاپىر بولسۇن ئۇلارنى دەپنە قىلىپ، ئۈستىگە تاش دۆۋىلەپ بىر تۆپىلىك بەرپا قىلغان. نېمىشقىدۇر ئاۋام خەلق بۇ مازارنى «كاپىرىستان» دېيىشىدۇ، ئۇ يەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن كىشىلەر يۈرەكلىرىنى تۇتۇپ ئۆتىدۇ. دۇئاغا ئېچىلغان قوللار تىترەيدۇ...

بىرنەچچە دەقىقە مەجلىسخانىنى سۈكۈنات قاپلىدى. گويا ھەممەيلەن بېشىنى سىلىپ ئاشۇ شېھىتلەرنىڭ روھىنى يادىغا ئالغاندەك ئىدى.

نىھايەت سۇلتان مەھمۇدخان داستىخاندىن باش كۆتۈردى.

— مۇسىبەتتە قالدۇق، پىرىم، — دېدى ئۇزۇن ئۇھ تارتىپ، — گۇناھ ھەممىدىن ئۆتتى، ئەگەر ئۆز يۇرتىغا تويماي ئۆزگە ئەلگە كۆز ئالايتقان گورخان بولمىغاندا...

— يەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈلگەن مەرھۇملار بىلەن يەرنىڭ ئۈستىدە پەرياد ئۇرۇپ قالغان يېتىم - يېسىرلاردا نېمە گۇناھ، — دېدى شەيخ كەسكىن ئاۋازدا، — گۇناھ ئالدى بىلەن سىزدە جانابىي مەھمۇدخان، ئاندىن قالسا ئۇلۇغ ئەمىردە. سىز قارلۇقلارنىڭ داد - پەريادىغا قۇلاق سالغان بولسىڭىز، ئۇلار ياردەم سوراپ قىتانلارنىڭ ئالدىغا بارماس ئىدى. بۇ نېمە شۇملۇقكى، پەرزەنت ئۆز ئاتىسىدىن مېھىر تىلىسە، لېكىن شەپقەت تاپالماي ياتنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇپ بارسا؟! ئەقىل بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغان ئىشنى زورلۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش سىزگە يارىمايتتى. سىز مىسالى بىر تېۋىپ، پۇقرالىرىڭىز بىمار. ئۇل پۇقرالار دەردىم بار دەپ كەلسە سىز بولسىڭىز ئاۋازىڭىزنى چىقارما ناتىۋان، دەپ بىمار كىشىنىڭ ئۈستىگە چېرىك تارتىپسىز. مەردلىك مەردلەرنىڭ ئىشى، خاتانى بويۇنغا ئېلىپ توۋا قىلىش لازىمدۇر. خوش، ئەمدى ئۇلۇغ ئەمىر سۇلتان سەنجەر جانابلىرىنىڭ قىلغانلىرىنى ئويلاپ كۆرۈڭ. سىز ئەمەسكى، مانا شۇ ئەزىم

دېدى جاۋاب خېتىدە سەنجەر، — ئېلىڭ باشقا، دىنىڭ باشقا، ئۆز ئۆكۈزۈڭنى ھەيدەپ يۈرۈۋەر، ماڭا ھەمدەم بولماقنى خالىساڭ مۇسۇلمان بول، ئاندىن كېيىن سەن بىلەن مۇرەسسە قىلغايمەن. تەكلىپىمگە كۆنمىسەڭ قىلىچىمنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرگەيسەن!» گورخان، ئالائىددىن ئاتسىزنىڭ ھەربىي ياردىمىگە، قارلۇقلارنىڭ مەدەتلىرىگە تايانىدىمۇ سەمەرقەنتكە قاراپ باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. ھېلىمۇ مەھمۇدخاننىڭ يادىدا، سۇنبۇلە ئېيى ئۆتۇپ مىزان ئېيى كىرگەندى. خوجەنت بىلەن سەمەرقەنت ئارىسىدا قاتاۋان دەشتىدە ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى توقۇنۇشتى. گورخاننىڭ لەشكەرلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، مەھمۇدخاندىن نارازى خەلق كۆپ ئىدى. سەنجەر ئەۋەتكەن ياردەمچىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، مەھمۇدخاننىڭ لەشكەرلىرىمۇ يۈز مىڭغا يېتەتتى. ئۇرۇش ئۇرۇش بولۇپ بۇنداق دەھشەتلىك ئۇرۇش بولغان ئەمەس. تىرىكتىن ئۆلۈك، ئۆلۈكتىن تىرىك كۆپىيىپ كەتتى. ئىچىڭدىكى ياۋ يامان دېگەن گەپ راست ئىكەن. قارلۇقلار ۋەھشىي ھايۋاندەك قۇتراپ جەڭ قىلدى. ئۇلار قورال - ياراغلىرى قالمىسا قوللىرى، چىشلىرى، پۇتلىرىنى ئىشقا سالاتتى، جان تەسلىم قىلىۋېتىپمۇ ئاتلارنى ئارغامچا بىلەن چىرماپ يىقىتاتتى. ئۆلگەنلەرنىڭ قورسىقىنى يېرىپ قۇزغۇنلارغا تاشلاپ كېتىشەتتى.

شۇ قېتىملىق جەڭدە سۇلتان سەنجەرنىڭ لەشكەرلىرى قىرىق يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئەگەر قاچمىغان بولسا سۇلتان مەھمۇدخانمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلۈشى مۇقەررەر ئىدى. ھېلىمۇ شۈكرىكىم ئەمىر ئەبۇل پازىل بار ئىكەن. ئۇ شاھىنىڭ خاس چېدىرىغا كىرىپ گويا سۇلتان سەنجەردەك ئولتۇردى. ئۆزىنى گورخاننىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بۈيۈك ئەمىرنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالدى.

مەھمۇدخان ئەسىرلىك ئازابىنى تارتقان ھەدىسى، سۇلتان سەنجەرنىڭ خوتۇنى تۈركان خاتۇننى ئەسلىدى. ئۇ گورخاننىڭ شەرتىنى ئادا قىلىپ ھەدىسىنى بەش يۈز مىڭ دىنار بەدىلىگە

ئىمانى سالامەت كىشى ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلۇر. ئۇمىد شۇلكىم، سۇلتان سەنجەرنىڭ دىيانىتىگە تېخى دەز كەتمىگەندەك قىلىدۇ.
ئوقنىڭ قۇدرىتى يالغۇز كامانىنىڭ زەربىسىگىلا ئەمەس، ئوق ئاتقۇچىغىمۇ باغلىق بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ماختاش ياكى ئالقىش كىمنىڭ لەۋزىدىن ئېيتىلغىنىغا قاراپ قوبۇل قىلىنىدۇ. شەيخنىڭ ئاۋۋال سۇلتانلارنى مالامەتكە كۆمۈپ، ئاخىرىدا سۇلتان سەنجەرنىڭ شەنىنى ئۇنچىۋالا يەرگە ئۇرمىغانلىقى ۋەزىيەتنى بىر ئاز يۇمشاتتى. شەيخنىڭ تەنىسىدىن مەھمۇدخاننىڭ زەردىسى قايىدى. ئۇ بىر - ئىككى قېتىم قولىنى باغرىغا باستى، ئىچىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئاشۇ خەتنى ئېلىپ ھەزرەتنىڭ ئالدىغا قويماقچى، «پىرىم، بىز سىزگە قول بېرىپ مۇرىت بولدۇق، سىز بولسىڭىز رەقىبە. مىزنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۇنىڭغا مۇنداق مەكتۇپلارنى يوللاپسىز، شۇمۇ ئىنساپتىنمۇ؟» دەپ ئۆزىنىڭ مىننەتلىرىنى تۆكمەكچىدى. ئەمما، شەيخنىڭ دەشنامىلىرىنىڭ ئاخىرىدا تاغىسىنىڭ پايدىسىغا ئۆرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، خىيالىدىن ياندى. شەيخ كۆز قىرى بىلەن سۇلتانىنىڭ قوينىدا بىرنېمە بارلىقىنى ئالللىقاچان بايقىغانىدى:
— ئامانىتىڭىزنى تاپشۇرۇپ، دەۋايىڭىزنى قىلىڭ، خان جانابلىرى، دەرد ئىچىڭىزدە قالمىسۇن. سىزمۇ بىزمۇ كۆڭۈلنى تازىلىۋالايلى.
سۇلتان جامائەتكە قارىدى. ئۇ شەيخ بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىشنى ئىستەيتتى.
— بۇ جامائەتتىن نېمىنى يوشۇرىسىز، سۇلتان؟ يېرىمى سىزدىن، يېرىمى بىزدىن. خۇدادىن يوشۇرمىغان نەرسىنى بەندىدىن قىزغانماق مۇناسىپ ئەمەستۇر.
سۇلتان ئەتراپتىكىلەرگە خۇشياقمىغاندەك نەزەر سالدى - دە، قوينىدىن خەتنى ئېلىپ ھەزرەتنىڭ ئالدىغا قويدى.
— بۇ مەكتۇپنى ئالغاندىن بېرى ئارامدىنمۇ، راھەتتىنمۇ

خانىقادەك خىرمانغا ئوت قويۇش ئۈچۈن مىسراكتەك بىر تال تارشا كۇپايە قىلۇر. سۇلتانىنىڭ بىر ئېغىز تەكەببۇر سۆزى مىسالى گۈگۈت بولۇپ ئۇرۇش ئوتىنى ياقتى. بىزنىڭ سۆزىمىز غەلەت بولغان بولسا ئېيتىڭ، خان ھەزرەتلىرى...

مەھمۇدخان سۇلتان سەنجەرنىڭ يېنىنى ئالدى:

— تاغىمىز گورخان «سەن بىزنىڭ روزغارىمىزغا بۇرنۇڭنى تىقما» دېگەن مەزمۇندا نامە ئەۋەتتى. ئەمما، گورخان بىلەن ئاۋۇ بىتەۋپىق خارەزملىك ئالائىددىن ئاتسىز خىيانەت قىلدى...

— نامەنىڭ قۇيرۇقى خۇرجۇندا قالدى، — دېدى شەيخ ئىستىھزا بىلەن، — مۇبادا سىز بىلمىگەن بولسىڭىز، بىز ئېيتىپ بېرەيلى. سۇلتان سەنجەر گورخانغا «مۇسۇلمان بول، بولمىسا مەندىن شەپقەت تىلىمە!» دېگەن مەزمۇندا شەرت قويدى. سۇلتانىنىڭ خاتاسى شۇ. «ئۆزۈڭنى ئەر بىلسەڭ، ئۆزگىنى شىر بىل» دېگەن ماقال بار. كالامىشېرىپتە، دىندا زورلاش يوقتۇر، جاھىل ۋە بىتەۋقۇا كىشىلەرنى ئىمانغا كەلتۈرمەكچى بولساڭ، مۇلايىم سۆز ۋە ئەقىل - ئىدراك بىرلە تەرغىب قىل، دېيىلگەن. ئۆز دىنى، ئۆز مەزھىپىدە مۇستەھكەم بىر بەندىنى قىلىچنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھەق يولىغا مەجبۇري كىرگۈزۈش يوللۇقمۇ؟ بۇ ئالەمنىڭ بالاسى تەرسا، جوھوت، نەسرانى، بۇتپەرەس دەپ ئىرق ئايرىشتا، دىن ۋە مىللەت ئايرىشتا. رەسۇلىللا ئۇممەتلىرىم بىر كۈنى تەڭرىنىڭ بالاسىغا يولۇققاي، دەپ ۋەسىيەت قىلغان. «نېمە بالا؟» دەپ سورالغاندا، ھەق مۇستاپا: «بۇ — كىبىر، ھەۋەس، تەكەببۇرلۇق، ئادەملەر ئارىسىدىكى رىقابەت، مال - دۇنيا تالىشىش، نىزا ۋە ھەسەتتۇر. بۇ ئىللەتلەر سەۋەبىدىن ئاۋۋال خالايىقنىڭ خاراكتېرى بۇزۇلغاي، ئاندىن كېيىن دۇنيادا جېدەل - ماجىرا باشلانغۇسى» دەپ جاۋاب بەرگەنلەر. سۇلتان سەنجەر ئۇلۇغ زاتتۇر، ئەمما ئۇ زات تەكەببۇرلۇقى ۋەجىدىن ئاللانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولدى. شېھىت كەتكەن بىگۇناھلارنىڭ ئەرۋاھى سۇلتان جانابلىرىنى ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا بىئارام قىلىپ تۇرىدىغانلىقلىرى شۈبھىسىزدۇر.

بىزنىڭكى ئەمەس. مۆھۈرمۇ نۇسخا ئېلىنغان، چولتا ئۈستىغا ياستىپتۇ.

سۇلتان مەھمۇدخان ئاپئاق شايى قەغەزگە بېسىلغان چوك مۆھۈرگە تىكىلدى. سۇلايمان خەتكە بوي سوزدى. سەمەرقەنت ئۆلىمالىرى بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى. ئەشرەپخان قازى تېپىرلاپ، رەڭگى ئۆڭۈپ تۇرۇپ شەيخكە، تۇرۇپ سۇلتانغا ئالاق - جالاق قاراشقا باشلىدى. بابا ماچىن ئەشرەپخان قازىنىڭ دۈپدۈگىلەك يۈزلىرىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى.

سۇلتان كۆپكۆندۈزدە، ئەل ئارىسىدا بىرەر بىگۇناھ كىشىگە تۆھمەت قىلىپ قويغان تۆھمەتچىدەك قىزاردى، چۆچۈپرەك ئېغىز ئاچتى:

— پىرىم، بۇ مۆھۈر ئۆزلىرىنىڭكى بولسا كېرەك يا ھەزرىتى سۇلتان خاجە ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ باشقا مۆھۈرلىرىمۇ بارمۇ؟

شەيخ سۇلتان مەھمۇدقا تەنلىك قارىدى.

— سىزنىڭ تونىڭىزنى كىيىپ، بېشىغا جىغا قىستۇرۇپ، بېلىگە تىللا كەمەر باغلاپ، كۈمۈش شەمشەر ئاسقان كىشى سىزگە ئوخشىشى مۇمكىنمۇ؟ ئوخشىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ ئىمانسىز ئەسلا سۇلتان مەھمۇدخان بولالماس. سۇلتان — سىز. مەنە باشقا، سۇرەت باشقىدۇر. ئەسلىي بىلەن نۇسخىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ئەقىل كېرەك ئەمەس، ئازراقلا پاراسەت بولسا كۇپايە. قېنى مۆھۈردىكى پۈتۈكنى يەنە بىر ئوقۇپ كۆرۈڭچۇ.

سۇلتانۇل ئارىپىننىڭ خاس مۆھۈرنى مەھمۇدخان ئىككى - ئۈچ قېتىم كۆرگەنىدى. ئۇ مۆھۈرنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتۈكنى خاتا- سىز ئوقۇدى.

— بەللى! ئەمدى مۆھۈرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىنى ئوقۇڭ.

يەسسەۋىينىڭ مۆھرى يۇمىلاق شەكىللىك ئۈچ ھالقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەڭ سىرتقى ھالقىغا ئايەتلەر پۈتۈلگەن، كىچىك ھالقىغا شەيخنىڭ ئۇنۋانى ئەسكەرتىلگەنىدى. ئوتتۇرىدىكى ھالقىدا بولسا خاجە ئەھمەد يەسسەۋىيدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئون ئۇ-

مەھرۇم قالدىم. چۈنكى، سىز پىرىم دەپ قول بەرگەن ئەۋلىيا. سىز، نېمىشقا بىزدەك سادىق مۇرىتلىرىغا بەتنام چاپلاشنى راۋا كۆرگەندۇر، گۇناھىمىز نېمىدۇر؟ ئىخلاسىمىزمۇ ياكى يالغۇز پەرزەنتىمىزنى خىزمىتىگە تاشلاپ بەرگىنىمىزمۇ دەپ گۇمان ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆرتەنمەكتىمەن...

سۇلتاننىڭ گېپى ئەشرەپخان قازىغا تېگىپ كەتتى. ئەشرەپخان قازى ئىچىدە «ئاۋۋال سەن ئارامىڭنى يوقاتقان بولساڭ، خەت ئوقۇلغاندىن كېيىن، پىرىڭ راھىتىدىن ئايرىلغاي. خوپ بولدى» دەپ ئويلىدى.

— قېنى ئوقۇپ كۆرەيلى، سىزنى بۇقەدەر ئەرزىيەتكە سالغان ئول نېمە خەتتۇر، — دېدى شەيخ ۋە خەتنى سۇلايمانغا ئۇزاتتى، — قازىكالانغا بېرىڭ، ئۇنىڭ قىرائىتى ياخشى.

ئەشرەپخان قازى بۇنى كۈتمىگەنىدى، شۇڭا تەمتىرەپ قالدى.

— شەيخىم، بىزنىڭ كۆزىمىز ئاجىزراق، شۇڭا...

— سىزنىڭ كۆزىڭىز ئاجىز بولغان بىلەن زېھنىڭىز ئۆتكۇر، — دېدى شەيخ قاپىقىنى سىلىپ، — غەلەت يەرلىرىنى تۈزىتىپ ئوقۇيالايسىز، ئوقۇڭ!

شەيخنىڭ گېپىنىڭ تېگىدىكى مەنىنى بابا ماچىن بىلەن سۇلايماندىن باشقىلار چۈشەنمىدى.

قازىكالان تەڭقىسلىقتا قالدى، خەت ئۇنىڭ قولىغا يەتكەنىدى، دۈمچىيىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. خەتنى ھەجىلەپ ئوقۇپ بولۇپلا، باشقىلاردىن بۇرۇن خىتاب قىلدى:

— بوھتان، بوھتان بۇ. شەيخىمىزنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسىنى كۆرەلمەيدىغانلار پۈتكەن بۇنى! ئاشۇ خەتنى ئەكەلگەن مەلئۇننى دەرھال تاپماق لازىمدۇر!

— مەكتۇپنى بۇياققا بېرىڭ! — دېدى شەيخ زەردە بىلەن. قازىكالان مەكتۇپنى ھەزرەتكە بەردى. ھەزرەت مەكتۇپنى داستىخانغا قويۇپ ئارراق كۆز تاشلىدى ـ دە، غەمكىن كۈلۈمسىرىدى.

— بۇل مەكتۇپتا پېقىرنىڭ سۆزلىرى بار. ئەمما، يازما

ماشايخىنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ تېپىرلاپ كەتتى. سۇلتانئول ئارىپىن قازىغا ئۆتكۈر نىگاھىنى سانجىپ، «ئاتىلارنىڭ ئۆلۈمى ئىتلارنىڭ بايرىمى ئىكەن ـ دە، جانابىي قازىكالان؟» دېگەندەك قىلاتتى.

قازى كېيىملىرىنى تۈزەشتۈردى، كېيىن قەيەردە، كىمنىڭ ھۇزۇ-رىدا ئۆلتۈرگانلىقى يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك ئاستا قوزغال-دى. ئۇ بۇ ھالدىن قۇتۇلۇشنى نىيەت قىلغانىدى. «خۇدا ساقلى-سۇن، گەپ چۇۋۇلۇپ سىر ئېچىلسا بۇ تەكەببۇر خان بىلەن شەيخ قارىينى تاپتۇرۇپ كەلگۈسى. ئۇ چاغدا ساقالغا ئەلۋىدا دەپ، ئېشەككە تەتۈر مىنىپ بازار ئايلىنىشقا ھازىر بولماق كېرەك...» دېگەنلەرنى ئويلىدى قازى.

قازى پەگاھدا ئولتۇرغانىدى، ئاستا تۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ شۇم نىيىتىنى بايقاپ تۇرغان شەيخ ئەمىر قىلدى:

— قازى، جايىڭىزغا ئولتۇرۇڭ!

ھەممەيلەن يالت قىلىپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى. خالايىققا كەينىنى قىلىپ، سوررەڭ يۈز تاغاردەك تۇرغان قازى دەرھال ئولتۇردى ـ دە، كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالدى.

شەيخ سۇلايمانغا قارىدى:

— ھېكىم خوجا، خان جانابلىرىغا بىزنىڭ مۆھۈرنى بېرىڭ.

سۇلايمان قويىندىن ئاچا قۇتىغا سېلىنغان خاس مۆھۈرنى چىقاردى، ئۇنى قوش قوللاپ مەھمۇدخاننىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قوي-دى. خان ھامان خىجالەت ۋە مالامەت يۈكىدىن خالاس بولماي چىشىنى چىشلەپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، سەۋرچانلىق بىلەن شەيخ-نىڭ مۆھۈرىگە كۆز يۈگۈرتتى. «شەيخ ئەھمەد ھەزرەۋىيە» دېگەن نامنى ئۈچ قېتىم ھەجىلەپ ئوقۇدى، پېشانىسىنى سىلىدى... ئېغىر ئۇھ تارتتى... ئاندىن جىمىپ قالدى. شەيخ ئۇنىڭغا «ئەمدى پەرقىنى بىلگەنسىز، تەقسىر؟» دېگەندەك نەزەر سالدى.

— ئاتىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلار! — خاننىڭ ئاۋازى گۈر-كىرەپ چىقتى. بۇ غەزەپلىك ئاۋازدىن ئەشرەپخان قازىلا ئەمەس،

لۇغ زات — ئون ئەھمەدنىڭ ئىسمىشەرىپى كەلتۈرۈلگەندى. ئۇلار ئەھمەدى مۇرسەل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم (مۇھەممەد پەيغەمبەر)، شەيخ ئەھمەدى ھەنبەل، شەيخ ئەھمەد خەيرۇن - نەسساج، شەيخ ئەھمەد ھەزرەۋىيە، شەيخ ئەھمەد رەۋىيە، شەيخ ئەھمەد مۇختار، شەيخ ئەھمەد خامى، شەيخ ئەھمەد كەبىر، شەيخ ئەھمەد سادىرىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. مەكتۇپتا دەسلەپكى تۆت ئەھمەد توغرا يېزىلغان، بەشىنچى ئەھمەد ھەزرەۋىيەنى نەققاش بىلەلمىدىمۇ ياكى ئالدىراقسانلىق قىلدىمۇ ھەزرىيە دەپ يازغانىدى. سۇلتان مەھمۇدخانمۇ نەققاشنىڭ خاتاسىنى تەكرارلىدى — قانداق يېزىلغان بولسا شۇنداق ئوقۇدى.

— توختاڭ! — دەپ قولىنى كۆتۈردى ھەزرەت ۋە جامائەتكە نەزەر سالدى، — بۇ يەردە سەمەرقەنت ئۆلىمالىرىمۇ ئولتۇرۇپتۇ، قېنى، تەقسىرلەر، ئېيتىڭلار، بۇ ئالەمدە ھەزرىيە دېگەن مۇبارەك زات ئۆتكەنلىكىدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟

سورۇندا گۇرۇڭ - گۇرۇڭ باشلاندى. سەمەرقەنتنىڭ شەيخۇلئىسى خوجا ئابدۇرەززاق ئېغىز ئاچتى:

— بىز ئىسلامىيەت ئالىمدە ھەزرىيە دېگەن كىشىنى بىلمەيمىز، شەيخ ئەھمەدى ھەزرەۋىيەنى بىلۇرمىز. بۇ زاتى شەرىپ قۇسەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جانابلىرىنىڭ ئۇستازى بولىدۇ.

مەھمۇدخان بىئارام بولدى. قارامتۇل چىرايى يەنىمۇ تۇتۇلۇپ كەتتى، قولىدىكى مۆھۈرنى ئايلاندۇرۇپ قارىدى. گويا شۇ باھانە بىلەن ئۆلىمالارنىڭ دەشناملىرىدىن قۇتۇلماقچى بولدى. ئىچىدە ئۆزىنى كايىدى: «ئەجەبا رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقىنى قۇسەم ئىبنى ئابباسقا ئۇستازلىق قىلغان شەيخ ھەزرەۋىيەنى بىلمىسەم قانداق بولغىنى؟ ۋادەرىخ، بىلمەيدىكەنمەن، يەنە مات بولدۇم!»

سەمەرقەنت ئۆلىمالىرى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار سۇلتاننىڭ مۆھرىنى خاتا ئوقۇغانلىقىدىن سوغۇق تەرگە چۆمۈلگەندى. ئەشرەپخان قازى «خوپ بولدى» دېگەندەك ئۆلىمالارغا مەغرۇر كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويدى، كېيىن كۆزى شەيخۇل

يەرگە چاقىرىپ: «ئەمدى كۆزدىن يىراق تۇر، ئوق نىشانغا تەگ-
دى، قاراڭنى كۆرسەتمە» دەپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشنى ئەمىر
قىلغانىدى. قازىنىڭ خۇشال بولۇپ كېتىشى شۇ سەۋەبتىن ئىدى.
ئەمما، ئىنسان بالىسىنىڭ مىڭ بىر قۇسۇرلىرىدىن بىرى شۇكى،
ئۇ ئۆزىنىڭ قۇسۇرىدىن كۆرە يات كىشىلەرنىڭ قۇسۇرىنى تىلغا
ئېلىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. پەرۋاسىزلىق، كۆپ ھاللاردا شەرمەندى-
لىك بىلەن خاتىمىلىنىدۇ.
بۇ قېتىم قازى ئەنە شۇ پەرۋاسىزلىقنىڭ قۇربانى بولدى.
مەھمۇدخان بىر چاكىرىغا ئىما قىلدى.
— ھېلىقى سودىگەرنى چاقىرىڭ.
چاكار شىپىلداپ چىقىپ كەتتى. سەل پۇرسەتتىن كېيىن
رەڭگىرويى ئۆچكەن مەۋلۇتقارىي كىردى. ئۇ ئىشىكتىن ئاتلىدىيۇ،
يەرگە يىقىلىپ خانغا تەزىم قىلدى. مەجلىس ئەھلى ئاددىي كىيىن-
گەن ئورۇق بۇ يىگىتكە قاراپ ئۆزئارا كۆز ئىشارىتى قىلىشىۋاتقاندا
ئەشرەپخان قازى پۇرسەتتىن پايدىلاندى. ئۇ ئۈمىلەپ دېگۈدەك
نۆكەرلەرنىڭ پۇتىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتىيۇ، ھويلىغا ئېتىلدى.
ئەمما، جېنىنى قۇتقۇزالمىدى. بابا ماچىن ھامان قازىدىن كۆز
ئۈزمەي ئولتۇرغانىدى، ئۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى ــ دە، ئى-
شىكنىڭ ئالدىدىلا قازىنى تۇتۇپ مەسخىرىلىك كۈلدى:
— يول بولسۇن، تەقسىر، پىرىمىزنىڭ دەرگاھىدىن رۇخ-
سەتسىز چىقىپ كەتكىنىڭىز ئەدەپسىزلىك بولدىمۇ، قانداق؟
— ھەئە، سەنمىدىڭ، بوتام؟ ئۆزۈڭ بىلىسەن، موللا بابا
قۇل، پەجىمىم بوشراق... تاھارەت سۇندۇرۇۋالاي دېگەنتىم...
— ھاجەتخانا ماۋۇ ياقتا، تەقسىر، سىز بولسىڭىز دەرۋازىغا
قاراپ كېتىۋاتىسىز.
— ئېغىزىڭغا ئىگە بول، كۈيدۈرگە، ماڭ، پىرىمىنىڭ ئالدىغا
كىر، مەن ھازىرلا...
بابا ماچىن قازىغا ئەگەشتى.
— تەقسىر، بىز سىزنى ئاسرىمىساق بولمايدۇ. بارىدىغان

ئۆلىمالارمۇ شۇركۇنۇپ كەتتى.

خان سول يېنىغا، شەيخ تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قولىنى كۆكسىگە قويدى.

— بىزدىن ئاسىيلىق ئۆتتى، پىرىم، ئەپۇ قىلىڭ...
شەيخ ئۈندىمىدى.

ئەشرەپخان قازىنىڭ ماجالسىز ۋۇجۇدىغا قايتىدىن جان كىرگەندەك بولدى: «خەيرىيەت، خۇدا بىر پالاكەتتىن ساقلىدى، سافال - بۇرۇتۇم ئامان قالدى، شۇكۇر...»

شۇ پەيتتە سەمەرقەنتنىڭ شەيخۇلىرەئىسى خوجا ئابدۇرەززاق ئىجازەت سوراپ گەپكە ئارىلاشتى:

— خان ھەزرەتلىرى، «ھەدىس شېرىپ» تە ئېيتىلمىشكى، يامانلارنىڭ ئەڭ يامىنى — ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جاھىل ئۆلىمالاردۇر. ئەل - ئۇلۇس كۆرۈپ تۇۋا قىلسۇن دەپ ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ. رىياكارلار جازاسىز قالسا، ئول رىياكارلىق يەنە داۋام قىلغۇسىدۇر. پېقىر قۇلىڭىزنىڭ بىر ئۆتۈنچى باردۇر. ئول بەتەۋپىق نىجىسنى تاپتۇرۇپ جازاغا تارتماق دەركار، بۇنىڭ بىلەن مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا يەنە تۆھمەت تاشلىرى يېغىلمىغاي.

مەھمۇدخان «بولىدۇ» دېگەندەك بېشىنى ئىرغىتتى. ئەشرەپخان قازى پەگاھدا تۇرۇپ بۇ سۆزنى قۇۋۋەتلىدى:

— جانابىي شەيخۇلىرەئىس ناھايىتى توغرا ئېيتىدۇ. قولىدا تەسۋى تۇتۇۋېلىپ شەۋكەتلىك خانىمىز بىلەن پىرى بۇزرۇكۋارىغا تۆھمەت قىلغان قايسى ئىمانسىز ئۇ! بىز سەبران ئۆلىمالىرى ئول كاززاپ بوھتانچىنى تاپتۇرۇپ شەرئىي ھۆكۈم بىرلە جازا بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز!

قازى شۇنداق دېدىيۇ، ئىچىدە خۇشال بولدى: «مەكتۇپنى ئەكەلگەن مەۋلۇتقارىينى تېپىپ بولدۇڭلار، ئۇ ھازىر قايدىسەن بۇخارا دەپ ئېشەكىنى نىختاپ كېتىپ قالغان بولسا ئەجەب ئەمەس».

ئەشرەپخان قازى خۇپتەن مەزگىلىدە مەۋلۇتقارىينى مەخپىي

مەكتۇپىدىكى ئاچتۇرۇپ ئوقۇغان كىم ئىدى؟ ئۇمۇ ئۆزلىرى، تەقسىر! — مەۋلۇتقارىي يىغلاپ تاشلىدى، — سىز مېنىڭ ئاخىرەتىمنى كۆيدۈردىڭىز... تاڭلا مەھشەر كۈنى ئىككى قولۇم ياقىڭىزدا بولغاي...

قازىكالان قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە قالدى. ھازىر ئورنىدىن تۇرۇپ «يالغان، بۇل مەكتۇپنى مەن يازدۇرمىدىم!» دېسە ئاۋۇ تەكەببۇر شەيخ قولىغا قۇرئان تۇتقۇزۇشى مۇمكىن. قازى قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىشتىن قورقىدۇ. ئۇ چاغدا قازىنىڭ بېشىغىمۇ شاھابىددىنىنىڭ كۈنى چۈشىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. ئەكسىچە ئەيىبلىرىنى بوينىغا ئالسىچۇ... قازىنىڭ ئۆتى ئېچىشتى. خىيالىدىن مۇئەززەم سەمەرقەنت بازىرى، يېغىر ئېشەك، ساقال - بۇرۇتىنى قىرىش ئۈچۈن ئۇستىرا بىلەپ تۇرغان ساتىراش ئۆتتى. سابرانلىق مۇرتلىرىنىڭ ئالدىدا سازايى بولغىنىدىن كۆرە ئۆلگىنى ئەلا ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئويلاپ - ئويلاپ ئىككىنچى يولنى تاللىدى. «ھەي، بىر ئۆمۈر ئېغىز - بۇرنۇڭ قىڭغىيىپ، مەجرۇھ بولۇپ يۈرگەندىن كۆرە بىر كۈنى سازايى بولسا نېمە بولۇپتۇ، تا ھازىرغىچە سازايى قىلىنىش بىلەن ھېچكىم ئۆلگىنى يوق. بۇ دېگەن يات يۇرت، سابران ئەمەس، بەش - ئالتە ئاي ئىچىدە ساقال - بۇرۇتمۇ ئۆسۈپ قالىدۇ. قالغىنى ئاللاغا تەۋەككۇل...»

ئەشرەپخان ئىككىلىنىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۈچ - تۆت قەدەم ئالدىغا مېڭىپ خانىنىڭ ئالدىغا يىقىلدى.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ، ئالىيلىرى... ئىتلىق قىلىپتىمەن. مېنى شەيتان يولدىن ئازدۇردى. ئاشۇ سەبران مۇدەررىسى مۇھەممەد رەسۇلنىڭ گېپىگە كىرىپ ئەقلىمدىن ئازدىم. ئاللا مەكتۇپنى مەن پۈتمىدىم. مەن شەيخنىڭ مەرتىۋىسىنى ياخشى بىلمەن. بۇ زاتنىڭ سىزنى زاتى ئالىيلىرىغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى قەدىرلەيمىز. ھەزرىتىم ئىجازەت بەرسە...

قازىنىڭ گېلىدىن چىققان گەپ ئېغىزىغا كەپلىشىپ قالدى.

— مانا بۇ سودىگەر قىياپىتىدىكى قارىي ئەللىك تاياق ئۇرۇل-

يېرىڭىزگە ئۆزۈم ئاپىرىپ ئەكېلەي...

قازى ۋارقىراپ تاشلىدى:

— نېرى تۇر، بىتەۋپىق! ھەي مۇسۇلمانلار مېنى بۇ ئالۋاستىنىڭ زۇلمىدىن خالاس قىلىڭلار، ئۇ مېنىڭ ئىمانىمنى بۇلغىماقچى!

— ئۆزى يوق نەرسە قانداق بۇلغانغاي، تەقسىر! قېنى بۇياققا مېڭىڭ.

قازى ئىشتانىبېغىنى چاڭگاللىغىنىچە ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ھاجەتخانا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. بابا ماچىن گەرچە ئانچە ئەندىشە قىلىپ كەتمىسىمۇ، قازىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ھاجەتخانىنىڭ سەل بېرىسىدە كۆزىتىپ تۇردى.

قازى چىقتى. تەقدىرگە تەن بېرىپ بابا ماچىننىڭ ئالدىغا چۈشتى ـ دە، مەجلىسخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بوسۇغىدا مەۋلۇتقارىي تىك تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىۋاتاتتى. ئۇ بەرگىدىن ئۆزۈلەي ـ ئۆزۈلەي دەپ تۇرغان زەپىرانە ياپراقتەك تىترەيتتى، تىلى گەپكە كەلمەي كالۋالىشاتتى.

قازى بوسۇغىدىن ئاتلاۋېتىپ مەۋلۇتقارىينىڭ بىقىنىغا قاتتىق تۇرتۇپ قويدى. بۇ «ئېغىزىڭغا ئېھتىيات بول، سىرنى ئاچساڭ ئەدىپىڭنى بېرىمەن» دېگىنى ئىدى. ئەمما، قارىينىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— نېمىشقا بىقىنىمغا تۇرتىسىز، تەقسىر؟ — دېدى ئۆزىنى تەمكىنرەك تۇتۇشقا تىرىشىپ، — ئۇرغاندىن تۇرتكەن يامانمىش. تۇرتسىڭىزمۇ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرسىڭىزمۇ گەپنىڭ راستىنى ئېيتىمەن. مانا بۇ مەكتۇپنى سەمەرقەنتكە ئاپىرىپ خانىمىزنىڭ قولىغا تاپشۇرساڭ، ھەجگە ئالغاچ كېتىمەن، دېگەن كىم ئىدى؟ ئۇ سىز، دەل سىز. شەيخۇل ماشايىخ بەكمۇ تەكەببۇر، ئۇ خانىمىزنى نەزەرگە ئىلمايدۇ، دېگەن كىم ئىدى؟ ئۇمۇ دەل سىز، تەقسىر! شاھابىددىن ھاجى ئارقىلىق يالغان مۆھۈر ياساتتۇرۇپ، بىراۋغا تۆھمەت خېتى يازدۇرۇپ خارەزم شاھىنىڭ ئوغلىغا پۇتۇلگەن

قۇتبىددىن جانابلىرىنىڭ دەرگاھلىرىدا خىزمەتتە بولماقتا. مەن شاھزادە بىلەن سۆزلەشتىم. سىزدەك زاتى پاكنىڭ ئىسمىشەرىپلىرىنى تىلىدىن چۈشۈرمەس بوپتۇ. كۆپ تەربىيە ئېلىپ، پەزىلەت، كامالەت ئىگىلەپتۇ. بۇ بەش كۈنلۈك دۇنيا ھەممىمىزگە ئامانەتتۇر. يىگىتلىك گۈلشىنى ئاخىرلىشىپ، ئۆمۈر كارۋىنى قىرىلىق باياۋىنىغا قاراپ يول سالۇر. شۇنداق ئىكەن سەلتەنەتنى كۆزى زېرەك، ئەقلى ئۆتكۈر، قولىدا كۈچى بار شاھزادىگە تاپشۇرۇش ئۈمىدى كۆڭلىمىزگە نۇر سالۇر ۋە لېكىن سۆھبەتتىن مەلۇم بولدىكى، شاھزادە بىزنىڭ مۇرادىمىزنى ھېس قىلمىدى ياكى تاج - تەختتىن ئۆزىنى يىراق تۇتماقتا. پىرىمدىن ئۆتۈنۈشۈم ۋە ئۈمىدىم شۇلكىم، شاھزادىگە ئىجازەت بەرسە، ئۇ سارايغا قايتىپ ۋەلىئەھدلىك خىزمىتىنى ئادا قىلسا.

شەيخ ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا مۇشكۇل مۇنازىرىنىڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. قۇتبىددىن سوپىلىق خىرقىسىنى سېلىپ، شاھزادىلىك لىباسىنى كىيىشكە رازى بولمىغاندەك قىلاتتى. ھەزرەت ئىچىدە شۇكرى ئېيتتى: «ئاتا بىرلە ئانا دىدارى جەننەتتىن ئارتۇق دېيىلمىشتۇر. ئاتا - ئانىسىنىڭ جامالىغا خىرقە بىلەن تىلسىم تاشنى تېگىشمىگەن بولسا، قۇتبىددىندىن كۆڭلۈم توق. زەخمەتلىرىم زايە كەتمەپتۇ، رەببىنا، ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلغايسەن. بىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تەرىقەت چىرىغىمىزنى يېقىپ تۇرغۇچى مۇرىتلىرىمىزدىن بىرى شۇ بالا بولسا ئەجەب ئەمەس».

سۇلتانۇل ئارپىن سۇدىن ئوتلاپ ئاستا ئېغىز ئاچتى:

— مەنتىقە جەھەتتىن ئالغاندا قۇتبىددىن پەدەرى بۇزرۇكۋارى بىلەن ۋالىدەئى مېھرىبانىنىڭ ئالدىدا تەسلىم بولمىقى لازىم ئىدى، خان جانابلىرى.

— ئەپسۇسكى، ئۇ خانىقاغا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. ناھايىتى توغرا ئېيتتىلا، تەقسىر، تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ تۇپرىقىدىن، ئاتا - ئانا مېھرىدىن خانىقا ئۇلۇغمۇ، پىرىم. ئاخىر قۇشلارمۇ دان يەپ، سۇ

سۇن! — دېدى خان ئاۋازى بۇزۇلغان هالدا، — ئىماننى ساتقان قازىكالان سازايى قىلىنسۇن!
ئەشرەپخان قازى ئۆمىلەپ خاننىڭ ئالدىغا باردى.
— سادىغىڭىز بولاي، خان هەزرەتلىرى، ئەللىك ئەمەس يۈز تاياقىمۇ رازىمەن. خۇدايىم بەختىڭىزنى بەرسۇن، رەسۋايىئالەم قىلمىسىڭىز، بۇ قېرىغان يېشىمدا سازايى بولغاندىن كۆرە ئۆلگىنىم ئەلا.
خاننىڭ غەزىپى قوزغالدى:
— قاتىلدا بىر گۇناھ بولسا، ئۇنىڭ قولىغا خەنجەر تۇتقۇزغان كىشىنىڭ گۇناھى ئىككى هەسسە بولىدۇ. قازىنىمۇ ئەللىك دەررە ئۇرۇپ سەمەرقەنتتىن قوغلاپ چىقىرىڭلار! ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈڭلار بۇ ئىمانسىزنى!
هەش - پەش دېگۈچە نۆكەرلەر ئەشرەپخان قازى بىلەن مەۋلۇتقارىينى هەيدەپ چىقىپ كەتتى.
سۇلتانۇل ئارىپىننىڭ پاتىهەسىدىن كېيىن جامائەت ئورنىدىن قوزغالدى. خانىدا خاننىڭ خاس خادىملىرى هەم شەيخنىڭ مەھرەملىرى قالدى. مەھمۇدخان شەيخكە تەكەللۇپ بىلەن باقتى:
— پىرىمىزغا ئىككى ئېغىز ئەرزىمىز بار ئىدى.
شەيخ سۇلايمان بىلەن بابا ماچىنغا قاراپ بېشىنى قىمىرلاتتى. ئۇلار پىرىنىڭ ئىشارىتىنى چۈشىنىپ ئاستا قوزغالدى.
— سىلەرگىمۇ رۇخسەت، — دېدى خان خاس خادىملىرىغا.
خانىدا مەھمۇدخان بىلەن سۇلتانۇل ئارىپىنلا قالدى. سوپىلارنىڭ شەرتى بويىچە بۆز داستىخان سېلىندى، سەمەرقەنت نېنى بىلەن مېۋىلەر تارتىلدى. خاننىڭ ئالدىغا شەربەت قويۇلدى. هەزرەت داغ سۇ ئىچەتتى.
بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، مەھمۇدخاننىڭ كۆڭلى خىرەلەشتى، ئەمما قەلب يارىسىنى قايتا تىرناپ ئولتۇرۇشنى خالىماي دەرهال كۆڭلىدىكى گەپنى قىلدى:
— پىرىم، ئىككى يىلدىن بېرى كۆزىمىزنىڭ قارىسى شاھزادە

تۇرۇپ ئۇنى روھىي جەھەتتىن ئىسكەنجىگە ئالسىڭىز، ئۇنىڭغا
زۇلۇم قىلغان بولمايمىزمۇ؟ كۆڭۈل ئىشى نازۇك ئىش. كۆڭۈلگە
بىر ئىگەمدىن باشقىسىنىڭ ئامال قىلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر...
خان جىلە بولۇشقا باشلىدى. ئۇ شەيختىن مەدەت كۈتكەن،
ئەقەللىيسى، بىز قۇتبىددىنغا نەسىھەت قىلىپ باقايلى دېيىشنى
كۈتكەنىدى. ئۇنى ئەركىگە قويۇپ بېرىڭ دەيدۇ. ئۇن سەككىز
ياشقا كىرگەن، دەل كۈچىگە تولغان، قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىت-
نى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىش ئۇنىڭدىن تىرىكلا ئايرىلىش دېگەن-
لىك ئەمەسمۇ؟ ياق، خان ئاسىي ئوغۇل بىلەن ئايرىم سۆزلىشى-
دۇ، تۇغقان ئانىسىنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ نەسىھەت قىلى-
دۇ، يالۋۇرىدۇ، لازىم بولسا تەھدىتمۇ سالىدۇ. قانداق ئامال
قىلىپ بولمىسۇن قۇتبىددىننى سەمەرقەنتتە ئېلىپ قالىدۇ.
خان ئۇزاق سۈكۈتكە چۆمدى، كېيىن سۆھبەتنى ئاخىرلاش-
تۇرماق ئويىدا تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلىدى:
— نېمە ئىلاج، پىرىم. ئۆز ئوغلىمىزغا ئىگىدارچىلىق قى-
لىش ئارزۇسىدا ئىدۇق. تەقدىرنىڭ يازمىشى شۇنداق ئىكەن.
ئاللانىڭ ھۆكمىگە بويسۇنماقتىن باشقا نېمە ئامال بار...
— ھەممىمىزگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى يالغۇز ئاللادۇر،
خان ھەزرەتلىرى، — دېدى شەيخ سۆھبەت تامام دېگەن مەزمۇندا.
ئەسىر نامىزى يېقىنلىشىپ قالغان، يىراق - يېقىندىن ئەزان
ئاۋازى ياڭراشقا باشلىغانىدى. شەيخ داستىخانغا پاتىھە ئوقۇپ ئور-
نىدىن تۇردى. مەھمۇدخانمۇ شەيخكە ئەگەشتى.
مەھمۇدخان شەيخنىڭ كەينىدىن ھويلىغا چىقتىيۇ، قولىدا
كۈمۈش چۆگۈن كۆتۈرۈپ پىرىنى كۈتۈپ تۇرغان قۇتبىددىنغا كۆ-
زى چۈشۈپ، بىر پەس تۇرۇپ قالدى. قۇتبىددىن ئۆزىنى چەتكە
ئېلىپ ئۇلارغا يول بەردى. مەھمۇدخان ئوغلىغا سىناق نەزىرى
بىلەن قاراپ قويۇپ، تاش ياتقۇزۇلغان ھويلىدىن دەرۋازىغا قاراپ
ماڭدى. قۇتبىددىن ئاتىسىنىڭ كەينىدىن مەيۇس ھالەتتە تەلمۈرۈپ
قالدى.

ئىچكەن ماكانىغا ئىنتىلىدۇ، ئەمما بۇ نېمە هالدۇركى، ئەقلىم هەيران.

شەيخ خانغا تەنە ئارىلاش قاراپ قويدى.

— خان جانابلىرى، سىز نەپسى روهى بىلەن نەپسى هايۋان-نىڭ پەرقىنى نەزەردىن ساقىت قىلدىڭىز. مانا بۇ داستىخاندىكى نېمەتلەر بىزدىكى نەپسى هايۋاننى قاندۇرۇشقا يېتەرلىكتۇر. ئەم-ما، ئىگەمنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتى يالغۇز قورساق غېمىدىلا بول-ماس. ئۇلارغا نەپسى روهى ئۈچۈن هەم ئوزۇق لازىمدۇر. ئىنسان مەخلۇقاتلار ئىچرە ئەڭ مۆكەررەم زات بولغانىكەن، ئۇنىڭغا نەپسى هايۋاندىن بۇرۇن روهىي ئېهتىياج پەرز بولغاي. بەندىسىنىڭ كۆزى توق، كۆڭلى توق بولسۇن. قورسىقى توق، لېكىن كۆڭلى ئاچ كىشىنىڭ ئىمانى پۈتۈن بولماس. قۇتبىددىنغا كەلسەك... ئول يىگىتنىڭ مەرىپەتتىن تەرىقەت، تەرىقەتتىن هەقىقەت سىرى ئىنتە-لىشى سىز ئېيتقان قۇشنىڭ نەپسىدىن پەرق قىلۇر. قۇشنىڭ دەردى دان ۋە سۇدا. قۇتبىددىننىڭ غېمى پۈتكۈل روهىي ئالەمنى بېزەپ، ۋۇجۇدىنى جىمى هايۋانىي نەپسىلەردىن تولۇق ئازاد قىل-ماقتۇر. سالىه پەرزەنت ئاتا بىرلە ئانىنىڭ كۆڭۈل هۇزۇرى، پەخرى ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، پىرىم. ئەمما ئاشۇ پەرزەنت ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇلارنى شاد ئېتەي، دۇئاسىنى ئالاي دەپ ئويلىمىقى پەرز ئەمەسمۇ؟ ئاتا رازى — خۇدا رازى دېيىلمىشتۇر.

— توغرا، ئاللانىڭ ئىرادىسى ئاتىنىڭ مېهرىدىن ئۇلۇغدۇر. ياراتقان ئىگەم قۇتبىددىننىڭ كۆكسىگە بىر قېتىم نۇرى تەجەللى ئاتا قىلىپتۇر. بۇل نۇر شاهزادىلىك هەۋىسىدىن، بۇ دۇنيانىڭ ئىشرەتلىرىدىن، مال - مۈلۈك يىغىش هۇزۇرىدىن ئۈستۈن كەل-گەن بولسا نېمە ئامال قىلىسىز؟ ئاللانىڭ هۆكمىگە بويسۇنماقتىن ئۆزگە ئىلاجىڭىز بارمۇ؟ سىزدىن لازىمى خەيرلىك دۇئا بىلەن قۇتبىددىننى ئەركىگە قويۇپ بېرىشتۇر. پېقىر ئۇستاز بولۇپ تۇ-رۇپ ئۇنى تەرىقەتتىن قايتۇرسام، سىز پەدەرى بۇزرۇكۋار بولۇپ

پولات ئىشىك تاراقلىدى. بىر غېرىچ شام بىلەن بىر قاچا سۇ كۆتۈرۈپ گۈندىپاي كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇندىمەي تۆرگە ئۆتتى، شام بىلەن كاسىنى تامنىڭ ئويۇقىغا قويدى - دە، گەپ - سۆز قىلماستىن قايتتى، ئىشىككە بارغاندا كەينىگە ئۆرۈلدى:

— ھاجىتىڭىز بولسا ئىشىكنى ئۇرۇڭ، بېگىم.

قۇتبىددىن باش لىڭشىتتى.

— قۇللۇق، تەقسىر.

ئىشىك يەنە ئېتىلدى.

قۇتبىددىن ئىچى كۆيۈپ، ئۇسساپ ئولتۇرغانىدى، قاچىدىكى سۇنى ئېگىز كۆتۈردى، بىراق تولۇق ئىچمىدى. ئۇنىڭ نەپسى تىزگىنلەنگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن جىسمى كۆيۈپ سۇغا تەشنا بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى تارتتى، قاچىنى ئورنىغا قويدى.

قۇتبىددىن قوللىرىنى ياستۇق قىلىپ ئۆزۈن سوزۇلدى. ئۇ بۇنداق يېتىشقا كۆنۈپ كەتكەنىدى. دەرۋىشلەرنىڭ ياستۇقى تاش، كۆرپىسى يەر دېگەن ھېكمەت بىكار ئېيتىلمىغان. شۇڭا، ئۇ ئۆزى-نى زەي باسقان سولاقخانىدا ئەمەس، دەرۋىشلەر بىلەن بىرگە ياتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ خاتىرجەم ئىدى، كېيىن كۆزلىرىنى يۇمدى. كۆز ئالدىدا يەنە قىبلىگاھى گەۋدىلەندى...

بىر سائەت بۇرۇن سۇلتان مەھمۇدخان ئوغلىنى سارايغا چا-قىرتتۇردى. ئۇ ھېلىمۇ ئوغلىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىدى. سۇل-تان: «ئوغلۇم ئۈچ كۈندىن بېرى ئانىسى بىلەن سىردىشىپ ئولتۇ-رۇپتۇ. ئانىنىڭ سۆزى مەلھەم ئىمىش. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئاسىي بالىنىڭ كۆكسىدىكى تاش ئېرىسە، تاج - تەختىمنىڭ ئىگىسى بولۇپ، قېشىمدا قالسا ئەجەب ئەمەس. يا تەڭرىم، ئوغلۇمغا تەۋ-پىق ئاتا قىلغايسەن» دەپ ئويلىدى.

قۇتبىددىن كىردى. ئۇ دەرۋىشلەرگە خاس جەندىسىنى سېلى-ۋەتكەنىدى، لېكىن شاھانە لىباس كىيمىگەنىدى. ئۈستىدە ئاددىي كۆكۈچ يەكتەك، شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان شالۋۇر، بېشىدا كىچىك-كىنە سەللە ئورالغان دوپپا بار ئىدى. قۇتبىددىننىڭ چىرايى

# 19. شاھزادە نەزەربەندتە

كۆزۈم ئاچتىم، سېنى كۆردۈم،
قول كۆڭۈلنى ساڭا بەردىم،
ئۇرۇغلىرىم تەكىم قىلدىم،
ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن.
سۆزلىسەم سەن تىلىدا سەن،
كۆزلىسەم سەن كۆزۈمدە سەن،
كۆڭلۈمدە ھەم جېنىمدا سەن،
ماڭا سەن ـ ئوق كېرەكسەن.

— ئەھمەد يەسسەۋىي

سولاقخانىنىڭ ئىشىكى شاراقلاپ يېپىلدى. قۇتبىددىن قاراڭ-غۇلۇققا كۆنەلمەي، بىردەم تەمتىرەپ تۇردى. سولاقخانىدىن ئاش-لانغان تېزىنىڭ ھىدى كېلەتتى. نەمخۇش، بەتبۇي پۇراق نەپەسنى سىقاتتى. قۇتبىددىن ئىككى قەدەم ئالدىغا ماڭدى، ئەتراپقا قارى-دى. پەتنۇستەك كىچىككىنە پەنجىرىدىن ئازغىنا نۇر چۈشۈپ تۇ-راتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا ئازراق كۆندى، يەنە ئۈچ ـ تۆت قەدەم ئالدىغا قاراپ ماڭدى، يەرنى سىلاشتۇردى. بىر ئادەم سىغىدىغان لاي سۇۋاق سۇپىنى كۆرۈپ، ئاستا ئولتۇردى. ئۇ ئىچىدە «بۇ كۈنۈڭگىمۇ شۈكۈر، تەڭرىم» دېگىنىچە دەرۋىشلەر-گە خاس ھالەتتە بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ خېلى-غىچە ئولتۇردى.

ئوغۇل ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئالدى.

— مېنى ئەپۇ قىلىڭ، بۇزرۇكۋار. مەن ئازغان قۇلىڭىز-مەن. ئىختىيارىم ئۆزۈمدە ئەمەس. مەن ئىلاھىي ئىشقا ئۆزۈمنى ئاتىغانمەن. ئەمدى بۇ يولدىن ئوغلىڭىزنى ياراتقان ئىگەمدىن باشقا ھېچكىم قايتۇرالمىغاي.

«قاراردىن يانماپتۇ، يارىماس! — دېدى مەھمۇدخان ئىچىدە، — دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتىدىن، سەلتەنەت - شەۋكىتىدىن، ئاتا - ئانا مېھرىدىن ئۈستۈن تۇرغان قانداق ئىشقتۇر ئۇ؟ بەس، مەن مەھمۇدخان تىرىك بولسام سەندەك كۆچەتنى يا كۆكەرتىمەن ۋە يا سۇندۇرۇپ قۇرۇتۇۋېتىمەن!»

— سەن قانداق پاراسەتسىز مەخلۇق، نېمە ئۈچۈن ھەدىسى شېرىپكە بويسۇنمايسەن؟ رەسۇللا: «سېنىڭ مال - مۈلكۈڭمۇ، ئۆزۈڭمۇ ئاتاڭغا تېگىشلىكتۇر» دېگەن. بۇ ھەدىس يادىڭدا بولسۇن!

— مېلىم، جېنىم ئىلكىڭىزدە، قىبلىگاھىم. مەندەك ئازغۇننى دۇنياغا كەلتۈرۈپ، ياخشى ئىسىم، ياخشى جىسىمنى راۋا كۆرگەن پەدەرى بۇزرۇكۋارىمغا مىڭ جېنىم بولسىمۇ پىدا بولسۇن. ئەمما، دۆلەت ئىگىسى بولۇپ بىراۋلارغا ھۆكۈم يۈرگۈزمەكتىن كۆرە، ئىلاھىي يولغا بويسۇنماقنى ئەۋزەل بىلدىم، ئاتا.

مەھمۇدخان قىسقا ۋاقىت ئويغا پاتتى، كېيىن گويا ئوغلىنىڭ تەرىپىنى ئېلىۋاتقاندەك، مۇلايىم ئاۋازدا دېدى:

— ماقۇل، دۆلەت سوراشقا مەيلىڭ يوق بولسا ئىختىيارىڭ. شۇنداقتىمۇ بىزنى ئاتا، ئەنە شۇ بىچارە ئايالنى ئانا دەپ تاۋاپ قىلساڭ، بىرلا سۆزىمىزگە قۇلاق سال، بالام. ئاتىلىق پەرزىنى ئادا قىلىپ بىر پاكىز ئايال زاتىنى جۈپتى ھالاللىققا ئېلىپ بېرەي.

قۇتبىددىن مەيۇس كۈلۈپ قويدى.

— پېقىرىڭىز دۇنيادىن تەنھا ئۆتۈشنى ئىختىيار قىلدىم، قىبلىگاھىم. بىزنى ياراتقان پەرۋەردىگارىمۇ يالغۇز، ئۇنى دەپ

ئوچۇق ئىدى. ئۇ سالامخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم بىلەن كەلدى، كېيىن يۈكۈنۈپ ئاتىسىنىڭ ئېتىكىنى كۆزىگە سۈرتتى، ئاندىن يەنە قەددىنى رۇسلىدى. قىبلىگاھىنىڭ ئەمرىگە تەييار ھالدا قوللىرىنى قوشتۇرۇپ تۇردى.

سۇلتان مەھمۇدخان ئوغلىغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە قۇتبىددىنىنىڭ چىرايىغا رەڭ كىرىپ قالغاندەك ئىدى. سۇلتان: «تۇغۇلغان ئۆيىدە شاھانە كۆرپە ـ يوتقاندا ياتماق نېمىدېگەن راھەت، دەرۋىشلەر ئارىسىدا پۇتۇن يېتىپ، پۇتۇن قوپۇش نېمىدېگەن ئازاب؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئەمما، خان بىلمەيتتىكى، قۇتبىددىن كۇندۇزى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا يۇرەتتى، ناماز ئەسىردىن كېيىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ قۇربەت خانىقاسىغا باراتتى ـ دە، دەرۋىشلەر ئارىسىدا زىكىر ـ ساما بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

مەھمۇدخان ئوغلىنىڭ بوي ـ بەستىگە بېقىپ، ئىچىدە بىر خىل پەخىرلىك تۇيغۇ ھېس قىلدى: «بۇ باشقا سەللە ئەمەس، دۇبۇلغا ياراشقاي، بۇ قوللارغا ساپايى ئەمەس، شەمشەر زىننەت بەرگەي، شاھزادە! سەن ھەرپىلىرىمگە زىرۇزەۋەر بېغىشلاپ، ئۆكسۈگەن كۆڭلۈمنى ئەرشكە يەتكۈزگەيسەن!»

ئاخىر ئاتىدىن ئەمر بولدى:

— ئولتۇر، شاھزادە.

قۇتبىددىن تەزىم بىلەن يۈكۈندى، ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ، چوغدەك گىلەمگە تىكىلىپ ئولتۇردى.

— كۆزۈمگە قارا!

قۇتبىددىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاتىسىغا ئىتائەتكارلىق بىلەن باقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى غەمكىن، ئەمما ئانىسىدىن ئۆتكەن بۇ قاپقارا يوغان كۆزلەردە قەتئىي بىر قارا چاقناپ تۇراتتى.

— ئاخىرقى قېتىم سېنىڭدىن سورايمەن. مەملىكەتنى قولۇڭغا ئېلىپ دەرگاھىمىزدا قالامسەن ياكى ئاشۇ دەرۋىشلەر بىلەن بىرگە كېتەمسەن؟

كەسكىن ھالدا، — زىنھار قولۇمدىن چىقارماسمەن. سەن ئۈچۈن ئىككى يول بار: يا ۋەلىئەھدلىكنى قوبۇل قىلغايسەن، ياكى بولمىسا ئۆمرۈڭنى زىنداندا ئۆتكۈزگەيسەن. قايسىسىنى تاللاشنى ئۆزۈڭ بەلگىلە!

قۇتبىددىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ سۈكۈتكە چۆمدى. مەھمۇدخان مەنىلىك يۆتەلدى. قۇتبىددىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىگە گۇناھكارانە تەلمۈردى.

— ئاسىي پەرزەنتىڭىزدىن رازى بولۇڭ، قىبلىگاھىم. پېقىرىڭىز شاھانە سارايدىن غېرىبانە خانىقانى ئەۋزەل كۆرىمەن.

خان چاۋاك چالدى، ئىشىكئاغىسى كىرىپ كەلدى.

— بۇ گۇمراھنى دەرھال زىندانغا تاشلاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى مەھمۇدخان، — شاھزادە دەپ ئاياپ قويماڭلار. ئۇنى يالغۇز زىندانغا تاشلاڭلار.

خان كەسكىن ئورنىدىن قوزغالدى ـ دە، تەختنىڭ كەينىدىكى مەخسۇس ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئىككى نۆكەر كىرىپ قۇتبىددىننى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى.

بۇ تار زىندان ئەمدى قۇتبىددىن ئۈچۈن ئازادە خىيال ئۇممانىدىغا ئايلاندى.

قۇتبىددىن قاچىدىكى سۇدىن ئوتلىدى، كۆزىنى يۇمدى. سوپىلارنىڭ قەدىمكى بىر ھېكمىتى ئۇنىڭ قەلبىنى نۇرلاندۇردى. قۇتبىددىننىڭ كۆڭلى زېرەك كۆزگە ئايلاندى. كۆز ئالدىدىن ئۇنىڭ كەچمىشلىرى خۇددى تەسۋىنىڭ دانىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى. ھەيھات، ئۇنىڭ غېرىب بېشىغا نىمە سەۋدالار چۈشمىدى. قىرىق كۈن ئات باقتى. قىرىق كۈن يەر سۈپۈردى. يەنە قىرىق كۈن دەشتلەردە پۇتلىرىغا تىكەن كىرىپ، قوللىرى تىلىنىپ ئوتۇن تەردى. خەلپىلەرگە تاھارەت سۈيى تەييارلىدى، ئوتۇن ياردى، ھەتتا ھاجەتخانا تازىلىدى. مۇرىتلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىنى ئېسىگە ئالسا قۇتبىددىننىڭ بەدىنىدىن ئوت چىقىپ، يەتمىش ئىككى تومۇرى بىراقلا سوقۇشقا باشلايدۇ.

سوقىدىغان قەلبمۇ يالغۇز. بىر قەلبكە ئىككى ئىشق سىغماس. پېقىر قۇلىڭىز ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي ئىلاھىي ئىشققا بېغىشلىدىم.

— بەكلا ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىپسەن، قۇتبىددىن، — دېدى مەھمۇدخان تېشىپ كېلىۋاتقان غەزىپىنى بېسىپ، — تەنھا ياشاپ دۇنيادىن نام ـ نىشانسىز ئۆتمەك شەرىئىتىمىزگە خىلاپتۇر. ئەنە، پىرى مۇرشىدىڭ ھەزرىتى سۇلتانغا قارا، ئۇمۇ ئۆي تۇتقان، ئەھلى ئايالى، بالىلىرى بىلەن ياشايدۇ.

— پىرىم كامالەت مەرتىۋىسىگە يەتكەن، پىرىم مىسالى بىر ساما، بىز شۇ سامانىڭ ئېتەكلىرىدۇرمىز. پېقىرىڭىزدىكى ئىمان نۇرى پىرىمنىڭ مەقاملىرىدىن بىر زەررىدۇر، خالاس. بىز كامالەت مەرتىۋىسىدىن تېخى كۆپ يىراقتىمىز.

قۇتبىددىننىڭ خاتىرىسىگە ئاجايىپ بىر مەنزىرە كەلدى. ئۇ «ئېيتسام بولارمۇ، بولماسمۇ؟» دېگەندەك ئىلتىجا ئارىلاش ئاتىسىغا قارىدى. سۇلتان مەھمۇدخان «تەكەببۇر بولساڭمۇ، دانا تەكەببۇر بولۇپسەن» دەپ ئوغلىغا ھەۋەس ۋە ئەلەم بىلەن تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ نىيىتىنى سەزدى.

— تىلىڭدا بىر سۆز تۇرۇپتۇ، قېنى ئېيت، — دېدى.

قۇتبىددىن مىننەتدار بولغان قىياپەتتە سۆز باشلىدى:

— دەشتتە ئوتۇن تېرىپ يۈرەتتىم. ئۈستۈمدىن بىر توپ قۇشلار ئۇچۇپ ئۆتتى، ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ قاراپ تۇردۇم. يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلەشتى. ھېس قىلدىمكى، ۋۇجۇدۇمدىن مۇشتتەك بىر نەرسە ئايرىلىپ چىقتى، ئۇ ئاسماندىكى قۇشلارغا قوشۇلدى ھەمدە شۇ قۇشلار بىلەن ئۇچۇپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇ قۇشلارنىڭ كەينىدە قېلىشقا باشلىدى ـ دە، ئاخىر كۆكسۈمگە قايتىپ كەلدى. بىلدىمكى، ئۇ جان قۇشۇم ئىكەن، غايىبتىن بىر ئاۋاز كەلدى: «ئاسماندىكى قۇشلار جەننەتكە قاراپ ئۇچقاندى، سەن تېخىچە كامالەت مەرتىۋىسىگە يەتمەپسەن، شۇ سەۋەبتىن جان قۇشۇڭ يەنە ئۆز قەپىسىگە قايتىپ كەلدى...»

— ئاشۇ قەپەس ئەمدى مېنىڭ قولۇمدا، — دېدى مەھمۇدخان

«سەمەرقەنتتىن كەلگەن سودىگەرمىكىن، شىۋىسىمۇ تونۇشلۇق.
خۇداغا شۈكرىكى بۇ بازاردا ئۇنى بىراۋ تونۇمايدۇ...»
بىرەر ھەپتىدىن كېيىن قۇتبىددىننىڭ «يۈزى قاتتى» ، ئەمە-
دى ئۇنىڭدا شاھزادىلىك غۇرۇرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى...
ئۇتلۇق تەسىراتلار ھامان ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئارام بەرمەيۋاتات-
تى. ئۇ سۇدىن يەنە بىر ئۇتلاپ قويدى.
كەچ كىردى. پەنجىرىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. قۇتبىددىن
چازا قۇرۇپ زىكرى قەلبىيە، يەنى سۆزسىز ئىبادەت بىلەن مەش-
غۇل بولۇپ ئولتۇراتتى. شۇ پەيت ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى.
يوغان شامنى كۆتۈرۈپ گۇندىپاي كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدە
ئاپئاق كىيىنگەن بىر ئايال كۆرۈندى. گۇندىپاي ئۆزىنى چەتكە
ئېلىپ ئايالغا يول بەردى. ئايال بوسۇغىدىن ئاتلاپلا «بالام، كۆ-
زۈمنىڭ نۇرى! » دەپ نىدا قىلدى. قۇتبىددىن ئانىسىنىڭ ئالدىغا
باردى. ئايتۇغدى ئوغلىنى باغرىغا باستى - دە، يۈز - كۆزلىرىنى
سىلىدى، پېشانىسىگە سۆيدى.
گۇندىپاي چىقىپ كەتتى. ئايتۇغدى قۇتبىددىننى خۇددى بى-
مارنى يۆلىگەندەك يۆلەپ سۇپىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە يۈكۈنۈپ ئوغلى-
نىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلىدى، كۆز يېشى ئارىلاش يىغلامسىرىدى.
— يالغۇزۇم... قانىتىم ... يۈرىكىمنىڭ پارىسى، ساڭا نېمە
بولدى؟ مەن بىچارىگە شۇنچە كۆرگۈلۈكلەر ئازمىدى...
ئايتۇغدى ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ھۆكرەپ يىغلىدى. قۇتبىد-
دىن ئۈندىمىدى، ئانىسىنىڭ ئەنبەر پۇراپ تۇرغان چاچلىرىنى سى-
لىدى، ۋۇجۇدى كۆيۈشۈپ، جېنى ئۆرتەندى. ئۇنىڭ بېشى غوڭۇل-
دايتتى، گەپ قىلاي دېسە گېلىدا ياڭاقتەك بىر تاش تۇرۇۋالغاندەك
قىلاتتى.
— ئانا... ئانا... — دېدى قۇتبىددىن ئانىسىنىڭ چاچلىرىنى
ھىدلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئانا -
بالىنىڭ كۆز ياشلىرى قوشۇلۇپ كەتتى.
ئايتۇغدى ئازراق نەپسىنى رۇسلاپ ئوغلىنىڭ يېنىغا ئولتۇر-

قۇتبىددىننىڭ پىرىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن دەسلەپكى كۈن-لىرى ئىدى. تەرىقەت ئەھكامىغا ئاساسەن، مۇرىت ئۆزىدىكى مەن-مەنلىكنى ئۆلتۈرۈشى، شۇ يول بىلەن دەرۋىشلەر جامائىتىگە يېتە-شىۋېلىشى كېرەك ئىدى. قۇتبىددىن — تۇنۇگۇنكى شاھزادە، سەمەرقەنت تەختىنىڭ ۋارىسى. ئۇنىڭدىن كىبىرنى سۇندۇرۇش بابا ماچىنغا تاپشۇرۇلدى. بابا ماچىن ئەسلىدىن كۆڭلى يۇمشاق، شەپ-قەتلىك كىشى ئىدى. ئەمما، ئۇ ھازىر تېۋىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىشى لازىم ئىدى. تېۋىپ رەھىمدىللىك قىلىپ جاراھەتكە تىغ سالمىسا، يارا يامراپ كېتىشى مۇمكىن. بابا ماچىن بولسا شۇ تېۋىپلىق يولىنى تۇتۇپ، قۇتبىددىننى يەسسىدىكى چوڭ بازارغا ئەگەشتۈرۈپ باردى ھەمدە ئۇنى كەچكىچە تىلەمچىلىك قىلىشقا بۇيرۇدى. قۇتبىددىن ئورنىدىن سەھەر تۇراتتى؛ باشقا مۇرىتلارغا ئوخشاش ئوچاققا سالام بېرىپ ئاللادىن رىزىق تىلەيتتى - دە، بازارغا قاراپ ماڭاتتى. ئۇستىدە جۇلدۇر تون، بوينىغا ئىككى تەرىپىدىن شوينا ئۆتكۈزۈلگەن ئاياق ئېسىلغان، پۇتىدا ياماق چو-رۇق، دىلىدا زىكرۇسانا بىلەن بازارغا كىرەتتى، ئاۋازى تىترىگەن ھالدا «ھەق دوست، يائاللا!» دەپ توۋلايتتى، تۇرۇپ كۆزلىرىگە ياش كېلەتتى، خورلىناتتى. ئادەتتىكى خىزمەت باشقا، ئەمما كى-شىلەرنىڭ كۆزى ئالدىدا تىلەمچىلىك قىلىش باشقا گەپ ئىكەن. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ تېگى - تېگىدىن ئىسيانكار بىر نىدا كېلەتتى: «يا رەببىم! سەمەرقەنت پادشاھىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى كىشلەر-نىڭ ئالدىدا قولىنى سوزۇپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرسە بۇ نېمە كۆرگۈلۈك؟!» ئەمما ئامال قانچە، پىرىنىڭ ئەمرى ۋاجىپ. قۇتبىددىن يەنىلا ئالغا ئىنتىلەتتى. «بىر ناتىۋانغا خۇدا يولىدا خەير - ئېھسان قىلىڭلار... ھەق دوست، يائاللا! ھەق دوست، يائاللا! ...» دەپ توۋلايتتى. ئاياققا جىرىڭلاپ بىر - ئىككى كۈمۈش تەڭگە تاشلىناتتى. بۇ تەڭگىلەر گويا شاپىلاق كەبى قۇتبىددىننىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغاندەك بولاتتى. قۇتبىددىن تەرلەپ كېتەتتى، ئەتراپقا قارايتتى، قانداقتۇر بىر تونۇش بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى،

ئايتوغدى نان سۇندۇرۇپ ئوغلىنىڭ ئېغىزىغا سالدى. قۇتبىددىن ئانىسىنىڭ ئالقانلىرىنى قايتا - قايتا ھىدلاپ سۆيدى. ئايتوغدىنىڭ خىيالىدىن بىر پىكىر كەچتى: «ئەجەبا، پىر ھەزرەتنىڭ سېھرى ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھرىدىن ئۇلۇغمىدۇر؟ خۇدا گۇۋاھ، بۇ سىرغا ناقىس ئەقلىم يەتمەيدۇ!»

ئايتوغدى «مەن ئاتاڭدىن يوشۇرۇن كەلدىم، ئەمدى چىقاي» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن گۇندىپاي كونا كۆرپە ۋە بىر توننى ئەكىرىپ تاشلىدى. قۇتبىددىن قوللىرىنى ياستۇق قىلىپ سۇپىغا سوزۇلدى.

دى، قۇتبىددىننىڭ مۈرىسىنى ۋە بېشىنى ئۇزاق سىلىدى ۋە ئاخىر غەمكىن، ئۆكسۈگەن ئاۋازدا دېدى:

— ئەمدى مەن قانداق قىلاي، بالام؟ بۇ بەختسىز ئاناڭنى زار - زار قاقشىتىپ، تاشلاپ كېتىشنى نىيەت قىلدىڭمۇ؟

قۇتبىددىن جاۋاب بەرمەستىن ئۇزۇن ئۇھ تارتىپ قويدى.

— مېنىمۇ ئەكەت، جېنىم بالام، گاداي بولساڭ گاداي بولى-مەن، ئادا بولساڭ ئادا بولىمەن. بۇ دۇنيانىڭ شادلىقى نېمە؟ ئىككى ئالەمنىڭ راھىتىنى سېنىڭ بىر دانە مويۇڭغا تەڭ قىلماي-مەن! مەلىكىلىك مەرتىۋىسىگە تۈكۈردۈم، سارايغا ئوت قويىمەن! مېنىڭ سېنىڭدىن باشقا كىمىم بار؟

قۇتبىددىن ئاستا گەپ قاتتى:

— دۆلەت ئىگىسى ئاتام...

— مەن ئۈچۈن پەرزەنت مېھرى ئەرنىڭ مېھرىدىن ئەلا.

قۇتبىددىن ئانىسىنىڭ بېشىدىن قولىنى تارتتى.

— بەرگەن سۈتىڭىزگە رازى بولۇڭ، ئانا، سىزنى ئەكېتەل-مەيمەن. مېنىڭ يولۇم يىراق. ئەمدى بۇ پېقىر ئوغلىڭىز ھەق يولچىسىدۇر.

ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئايتوغدى ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەمدى باشقا گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغاندەك قىلاتتى.

ئايتوغدى بىر بوغچىنى ئېلىپ مەخمەل داستىخاننى يايدى، داستىخانغا ھەرخىل تائاملارنى قويدى.

— ئال، بالام، گۆشتىن ئال، قۇۋۋەت بولىدۇ. ئاتاڭ غەزى-پىدىن يانغۇچە ئاجىزلاپ قالىسەن.

— مەن گۆش يېمەيمەن. بىزنىڭ يېيىشىمىز مېۋە بىلەن سەي - كۆكتات. دەرۋىشلەردە قورسىقىڭ ئاچ، كۆڭلۈڭ توق بولسۇن دېگەن ھېكمەت بار. ئانا، ئۆز قولىڭىز بىلەن ئاخىرقى قېتىم بىر توغرام نان يېگۈزۈڭ. ئېغىزىمغا ئەمچەك سالغان قوللى-رىڭىزنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى ئېسىمدە ساقلىۋالاي.

ھەزرەتنىڭ بىر ھېكمىتىنى پىچىرلاپ قىرائەت قىلدى:

بۇ ۋۇجۇدۇم شەھرىنى پانىي قىلادۇر، دوستلىرىم،
بۇ قەپەسنىڭ تۇتىسى پەرۋاز ئېتەدۇر ئۇچقىلى،
بىر قارانغۇ شولىسىز يەرگە بارادۇر دوستلىرىم،
ئەي مېنىڭ يارەنلىرىم، ھىممەت تۇتۇڭ ئىمانىمە،
دۇشمىنىم ئىمانىمە زەخمەت بىرەدۇر، دوستلىرىم.
......

تاشقىرىدا ئىشىك تاراقلىدى. ئات كىشنىدى. بوغۇق ئاۋازلار ئاڭلاندى. پەنجىرە تەرەپتىن جارچىنىڭ سوزۇق، جاراڭلىق ئاۋازى كەلدى: «ئەي ئادەملەر، پىردەۋسۇل ئەلا سەمەرقەنت سۇلتانى كاشىپۇل ھەقايىق... مەھمۇدخان ئىبىن ئارسلانخان جانابلىرى...» جارچىنىڭ خىتابى يىراقلاپ كەتتى. پەدەرىنىڭ نېمە ئىشقا ئاتلانغانلىقى قۇتبىددىنغا مەۋھۇم بولۇپ قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، يەنە ھېكمەت ئوقۇشقا باشلىدى:

ئىزىم يادى ئۇلۇغ يادتۇر، ئېيتار بولساڭ،
ھەسەل يەڭلىغ چۇچۇك بولۇر تىلىم مېنىڭ.
ئۆزۈم پېقىر، قىلدىم مۇنكىر، بولدۇم ھەقىر،
قانات قاقار ئۇچار قۇشتەك كۆڭلۇم مېنىڭ.

تۇرلۇك ئەيشىم، تۇرلۇك ئىشىم، مۇڭلۇق باشىم،
ئىرىدى جانىم، كەتتى ھوشۇم، ئاقتى ياشىم،
يازۇغ بىلەن تولدى تۇگەل ئىچىم - تاشىم،
بىنىيازىم ئاچىپ بەرسۇن يولۇم مېنىڭ.

كۆزۈم چۇشتى، كۆڭلۇم ئۇچتى، ئەرشكە يەتتى،
ئۆمرۈم كەچتى، نەپسىم قاچتى، بەھرىم تاشتى،

# 20. ھەق يولچىسى

كىتابىم، قۇرئانىم، دەرسىم،
ھەدىسىم، ئەبجەتىم، لەۋھىم،
سالاتىم، تائىتىم، زۇھدىم،
ساۋابىم، ھەججۇ، ئەركانىم.

— نەسىمى

ئۈچ كۈندىن بېرى قۇتبىددىن ھاۋاسى سىپسىق، قاپقاراڭغۇ ھۇجرىدا ئاتىسىنىڭ ۋە تۇگمەن تېشىدەك خىياللارنىڭ ئەسىرى بولۇپ ياتاتتى. تاڭ ئاتىدۇ، كۈن پاتىدۇ، يەنە تاڭ ئاتىدۇ. ئەمما، قۇتبىددىننىڭ كۆڭلى يورۇمىدى. ئۇ ھەقتىن ھىدايەت كۈتەتتى. «ھەق يولىغا كىرىپ ھەق يولچىسىغا ئايلاندىم. ئىنشائاللا، قادىر ئىگەم مەرھەمىتىنى ئايىماس» دەپ ئۈمىد قىلاتتى.

ئۇ يىرتىق كۆرپىنىڭ ئۈستىگە سوزۇلۇپ، ئۆزۈن - ئۆزۈن خىياللارغا باراتتى، مۇبارەك خانىقانى، خانىقادىكى بۇرادەرلىرىنى ئەسلەيتتى. كۆز ئالدىغا شەيخۇل ماشايىخ كەلدى. خاس خادىمىنىڭ نام - نىشانسىز كەتكەنلىكىدىن ھەزرەت بىئارام بولۇپ رەنجىپ قالدىمىكىن؟ باباقۇل ئاغامچۇ؟ ئۇ بەلكىم: «ھە شاھزادەم، يۇك چەكمەن ئېغىرلىق قىلدىمۇ؟ يۇمشاق ئورۇنغا نېمە يەتسۇن؟» دەپ كۈلۈپ يۈرگەندۇر.

قۇتبىددىن مەسلەكداشلىرى ئالدىدا ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلدى، باش - ئاخىرى يوق خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن

قويۇلۇپ كەلدى:

ئەرنى كۆرسەم ئەگەشتىم، ئىستىكىمنى سورىدىم،
بارچىسى سەندە دېدى، قالدىم ھەيران ئىچىمدە.

قۇتبىددىن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى، ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى قوش قوللاپ ئۇرۇشقا باشلىدى. گۇندىپاي كىردى، «خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، بېگىم» دېگەندەك بوسۇغىدا ئۆرە تۇردى.

— تېزدىن ھۆكۈمدارغا ئەرزىمنى يەتكۈزۈڭ. مەن پەدەرىمنىڭ شەرتلىرىگە رازىمەن.

— باش ئۈستىگە، بېگىم، — دېدى گۇندىپاي ئىشىكنى يېپىپ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇتبىددىن تويلۇق كىيىملەرنى كىيدى.

سۇلتان مەھمۇدخان يالغۇز ئوغلىنىڭ تويىنى ئاجايىپ ھەشەمەت بىلەن ئۆتكۈزۈشنى نىيەت قىلدى. سۇياپ ساھىلىغا يۇزلەپ يېپەك چېدىرلارنى تىكتۇردى. شەھەردىن تا دەريا بويىغىچە بولغان كوچىلارغا سۇ سېپىلدى، خەۋەرچىلەر كەنتمۇ كەنت ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ خالايىقنى شاھانە بەزمىگە چىللىدى. مەزىنلەر مۇنارلاردىكى ئورۇنلىرىنى جارچى مەدداھلارغا بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. جارچى مەدداھلار، ساخاۋەتتە ھاتەم سۇپەت، ئادالەتتە نۇشىرۋان، جەڭدە رۇستەمى زال... مىسكىنلەرنىڭ پاناھى، دىنىي ئىسلامنىڭ شەمشىرى سۇلتان مەھمۇدخان ئىبنى ئارسلانخان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان خالايىقنى باغى دىل كۇشاغا تەكلىپ قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ جار سېلىشتى.

تۆت - بەش كۈن ئارىسىدا سۇياپ بويلىرى يەر يۈزىنىڭ جەننىتىگە ئايلاندى. بىرياندا مۇغەننىلەر نەغمە چېلىپ دىللارغا ئوت سالماقتا، بىر ياقتا ياغاچ پۇتلۇق ئۇستىلار ئويۇن كۆرسەتمەكتە، دەريا ئۈستىدە دارۋازلار لەڭگەر تۇتۇپ ئۇچماقتا، گۈلدۈرلەپ يېنىپ تۇرغان گۇلخاننىڭ ئەتراپىدا سېھىرگەرلەر، ئېيىق

كارۋان كۆچتى، مەنزىل ئاشتى، ھېرىپ چۈشتى،
سىر ئۇلاشتى، نېتاڭ بولغاي ھالىم مېنىڭ...

قۇتبىددىن جان قۇشىدىن قۇتۇلغان كىشىدەك بىر نەپەس دېمىنى چىقارماي قېتىپ قالدى. كېيىن ھالسىز ئەلپازدا شۈېرلىدى: «سىر ئۇلاشتى، نېتاڭ بولغان ھالىم مېنىڭ... نېتاڭ بولغاي ھالىم مېنىڭ... ھالىم مېنىڭ...»

ئۇ مۇشكۇلىگە چارە ئىزلەيتتى، ئۇ: «ئەي تەڭرىم، دەردىمگە ئۆزۈڭ يەتكىن، سەندىن باشقا يۆلەنچۈكۈم يوق» دەپ دۇئا قىلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ مۇگدەۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالدى.

قۇتبىددىن چۈش كۆردى، چۈشىدە شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان سايغا تۇتاش چىرايلىق بىر باغ بارمىش، ئەتراپ گۈللۈك، كاتتا بىر بەزمە بولۇۋاتارمىش. كىشلەرنىڭ ھەممىسى ياسىنىۋالغانمىش. يىراقتىن كاناي - سۇنايىنىڭ ساداسى كېلەرمىش. قۇتبىددىن ساي بويىدا ياتارمىش، يېنىدا سۇدەك پاكىز بىر قىز بارمىش. يېقىملىق كۈلەرمىش، قۇتبىددىنغا يېقىنچىلىق قىلارمىش. قۇتبىددىن گويا ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك، كىرپىك قاقماي سۇغا تەلمۈرەرمىش. شۇ پەيت ئېقىننىڭ ئۇ تەرىپىدە ھەزرەت پەيدا بولارمىش. ئۇ قۇتبىددىنغا ھومىيىپ قاراپ قويۇپ بۇرۇلۇپ كېتىپ قالارمىش. قۇتبىددىن شۇ ھامان ئۆزىنى سۇغا ئاتارمىش...

قۇتبىددىن تەرلەپ ئويغاندى. سۇمۇ، پىرىمۇ يوق، قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ، كاللىسى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ياستۇقتىن ئاران بېشىنى ئۇزدى، ئىستىغپار ئېيتتى. «بۇ بىر غايىب ئىشارەت، پىرىمنىڭ رەنجىگىنى راست ئىكەن. قانداق چارە قىلىپ بولسىمۇ بۇ بەتبۇي يەردىن قۇتۇلماق لازىمدۇر. ئەمما قانداق چارە تاپقاي؟»

بىردىن قۇتبىددىننىڭ خىيالى سۇزۇلدى، يۈرىكىگە قانداقتۇر بىر زەڭگەر نۇر چۈشتى. شۇ ھامان دىلى پارلاپ «پىرىم! پىرىم!» دەپ تاشلىدى. تىلغا سۇلتانۇل ئارىپىننىڭ مىسرالىرى

خوجا ئابدۇرەززاق شەيختىن ئىككى ئېغىز جاۋاب ئەكەلدى:
مەرھەمەتلىرى ئۈچۈن قۇللۇق، — دېگەنىدى ھەزرەت، — «ئەپسۇسكى، پۇرسىتىمىز يار بەرمەيۋاتىدۇ. يول تەييارلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز».
ھەزرەتنىڭ كارۋىنى شۇ كۈنىلا بۇخارايى شەرىپ تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. شەيخۇل ماشايىخنىڭ خانىنىڭ تەكلىپىگە قىيا باقماي كەتكەنلىكى مەھمۇدخانىنىڭ مەست كۆڭلىنى تىرناپ ئۆتتى. بۇ ئۇنىڭغا خاسىيەتسىز بىر ئالامەت بولۇپ تۇيۇلدى. «نېمە چارە»، — دېدى ئىچىدە مەھمۇدخان، — ئول ھەزرەت ئەۋلىيائى كەبىر، بىز بولساق سۇلتان سەنجەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇرمىز، كىچىك بىر خاندۇرمىز».
ھەزرەتنىڭ سەمەرقەنتتىن كەتكەنلىكىنى بىلىپ قۇتبىددىننىڭ دىلى سەدپارە بولدى. ئۇنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ كۆيۈپ، بەزمىنىڭ ئاياغلىشىشىنى كۈتەتتى. ئاشۇ كېلىننىڭ دىدارىغا بىر قاراپ قويۇپ ئاندىن دىلىغا پۈكۈپ قويغان مۇرادىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ پىرىنىڭ سۆھبىتىنى سېغىندى. مانا توققۇز كۈندىن بېرى ئۆيۈردىن ئاداشقان ئارغىماق ئاتتەك نە كۆزىگە، نە دىلىغا تەسكىن تاپالمايدىغان بىر مەنزىلدە يۈرەتتى.
توي دەبدەبىسىنىڭ بەشىنچى كۈنى بەزمە ئەۋجىگە چىقىپ كېلىن ئەكېلىش مۇراسىمى باشلاندى. كېلىن — مەھمۇدخاننى ھېلىقى قاتاۋان باياۋىنىدىكى جەڭدە ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغان ئەمىر ئابدۇلپەزىلنىڭ قىزى زۇلپىزار ئىدى. قىزنى ئەكېلىشكە خان ئۆزىنىڭ ئەڭ ياۋاش، ھەيۋەتلىك پىلىنى ئەۋەتكەنىدى. يۈزلەپ باللار، ئايالار، نۆكەرلەرنىڭ قورشاۋىدا زەرباپ ماتالار بىلەن زىننەتلەنگەن ھەيۋەتلىك پىل بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سورۇنغا كىرىپ كەلدى. پىلچى پىلنى ئۇدۇللا خان ئولتۇرغان تەختنىڭ ئالدىغا قاراپ يېتىلىدى. زەر مەخمەل ۋە باشقا قىممەتلىك توقۇلمىلار بىلەن چۈمكەلگەن تەختىراۋاندا كېلىن يەرگە چۈشۈرۈلدى. كېلىننىڭ بېشىدىن تىللا تەڭگە چېچىلدى. قىزنىڭ ئالدىغا ئىرىم

ئويناتقۇچىلارمۇ، قىزىقچىلار كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاشماقتا
ئىدى. داش قازانلار پۇرقىراپ قايناۋاتتى. قىرىق خىل قوغۇن،
يۈز خىل مېۋە ئارتىلغان هارۋىلارنى سۆرەپ كېلىۋاتقان ئات ۋە
قېچىرلار هاسىراپ پۇشقۇراتتى. نەچچە ئايلاردىن بېرى يەر ئاستىدا
قايناپ ياتقان هەيۋەتلىك كوزىلارنىڭ ئاغزى ئېچىلغانىدى. كاسىلار
قولمۇ قول ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، چىرايلار كۈلگۈن رەڭ ئالغانىدى.
بۈگۈن مەيپۇرۇش مەيخورغا، مەيخور مەيپۇرۇشقا ئايلانغانىدى.
سۇلتان مەھمۇدخانمۇ تىللا گەردىشلىك كاسىنى قولىغا ئالغا-
نىدى. ئۇ باغنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان هەيۋەتلىك چېدىر-
نىڭ ئالدىدا، ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ توي تەييارلىقىنى كۆزىتىۋا-
تاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مەستانە بىر خۇشخۇيلۇق جىلۋە قىلاتتى.
قەلبىدە شۈكۈر بىلەن قانائەت ئورۇن تالىشاتتى. شۈكرىسى شۇ-
كى، ئوغلىنى هۆكمىگە بويسۇندۇردى. قۇتبىددىن دەرۋىشلىك
جەندىسىنى سېلىۋەتتى. سۇلتان: «ئىنشائاللا، ئەمدى ئۇ دەرگا-
هىمدا قالغاي، نېسىپ قىلسا ئەركاندۆلەتنى جەملەپ سەلتەنەت
تىزگىنىنى ئاڭا تاپشۇرغايمەن. بەس، ئەمدىغۇ خانىقانى تاشلاپ،
سارايغا تولۇق يېنىپ كەلگۈسى» دەپ ئويلىدى.
«خانىقا» دېگەن سۆز مەھمۇدخاننىڭ يادىغا سۇلتانۇل ئارىپىن-
نى سالدى. توي هارپىسىدا مەھمۇدخان پىرى كامىل هۇزۇرىغا
سەمەرقەنتنىڭ شەيخۇلىرەئىسى خوجا ئابدۇرەززاقنى ئەلچى قىلىپ
ئەۋەتكەنىدى. ئەلچىگە «هەق سۇبهانە ۋە تائالاغا هەمدۇسانالاردىن
كېيىن ئەرزى دىلىمىز شۇكى، سىزدەك زاتى شەرىپ هەزرىتىم-
نىڭ قۇتلۇق نەپەسلىرىدىن بەهرىمەن بولۇپ، پەزلۇ كامالەت ئىگە-
لىگەن پەرزەنتىمىز شاهزادىنى ئەرلىك مەرتىۋىسىگە نائىل قىلماق
ئارزۇسىدىدۇرمىز. بىزدەك ئىرادەت ئەهلىنىڭ داستىخىنى سىز-
دەك پىرى كامىلغا مۇنتەزىردۇر. مۇبارەك نەزەرلىرى بىرلە قەدەم
تەشرىپ قىلسىلا، خاندانىمىز نۇرغا تولۇر ئىدى. هەققىلىرىدە
دۇئا قىلىپ قۇللۇق مەقامىدىكى مۇرتىڭىز مەھمۇد تابغاچخان»
دەپ مەكتۇپ يېزىپ بەردى.

دىكى ئاپئاق شايى پەردىنى قايرىدى. قىز يەردىن كۆزىنى ئۈزمەيت-
تى، ئۇنىڭ ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى يۈزىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس
تىترىشىدىن سېزىلىپ تۇراتتى. قۇتبىددىن قىزنىڭ ئاپئاق چىرايى-
غا مەھلىيا بولۇپ قالدى.

— بەس ئەمدى، بېگىم، يەنە قاراۋەرسىڭىز قىزىمىزغا كۆز
تەگكەي، — دەپ ھەزىللەشتى بىرىنچى يەڭگە، — ئىسرىق ئورنىغا
دىدار ھەققى بېرىڭ!

قۇتبىددىن يەڭگىلەرنىڭ قولىغا يەنە تەڭگە تاشلاۋېتىپ، ھامان
زۇلپىزاردىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى. قىزنىڭ بادام قاپاقلىرى... سەل
تىترەپ تۇرغان گۈلنىڭ بەرگىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى... سەرۋى
قامىتى، ئىككى ئالەمنىڭ ھۆزۈرىنى ئۇرغۇتۇپ تۇرغان كېلىنلىك
كىيىملىرى قۇتبىددىننىڭ تىزگىنلەنگەن ھېس - تۇيغۇلىرىنى
ئازاد قىلىپ، ئۇنى شۇ كەمگىچە ئۆزىگە يات بولغان غەيرىي بىر
ۋەسۋەسە گىردابىغا يىقىتتى. قۇتبىددىن شۇ كەمگىچە سارايدىكى
خىزمەتكار ئاياللار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئارىسىدىكى قىز ۋە
كېلىنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىرەر قىزنىڭ يۈزىگە قىيا باقمى-
غان، قولىنى تۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىمى-
غانىدى. «ياق، بۇ ئىنسان ئەھلىدىن ئەمەس، كۆكتىن چۈشكەن
پەرىشتە، ئىنسان قىياپىتىگە كىرىپ ئالدىمدا تۇرۇپتۇ» دەپ ئوي-
لىدى قۇتبىددىن ۋە ئەمدى قانداق قىلاي دېگەندەك يېنىدىكى ئايالغا
قارىدى.

يوسۇن بويىچە يەڭگىلەر ئەمدى كېلىننى مەخسۇس ۋىسالخانىغا
ئۆزىتىپ قويۇشلىرى لازىم ئىدى. ئايال قۇتبىددىننى كىچىك بالى-
نى يېتىلىگەندەك چىمىلدىقتىن ئاچىقتى. ئۇلار ياندىش خانىلارنىڭ
بىرىگە كىرگەندىن كېيىن، قۇتبىددىن مەخمەل كۆرپىگە چازا
قۇرۇپ ئولتۇردى. ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى،
شېرىن - شېكەر مېۋىلەرنى كەلتۈردى، چاي قۇيۇپ سۇندى،
ئۆزىچە كۈلۈپ تۇرۇپ مەسلىھەت بەرگەن بولدى.

— كېلىننىڭ ئالدىدا تارتىنماڭ، بېگىم. سىز يىگىتلەر-

يۈزىسىدىن بىرنەچچە ئايلىق بولغان بوۋاق دومىلىتىلدى. ئاياللار يار - يار ئېيتىپ زۇلپىزارنى مەخسۇس يىپەك چىمىلدىققا ئۇزىتىپ كىردى.

قۇتبىددىن بىر چەتتە يىگىت ھەمراھلىرى (ئەمەلىيەتتە قاراۋۇللار) بىلەن بىللە بۇ سىرلىق مەنزىرىلەرنى كۆزىتىپ، لېۋىنى چىشلەپ تۇراتتى.

كەچ كىردى، مۇلازىملار لازىمەتلىكلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. تەرەپ - تەرەپتىكى ئۆچەي دەپ قالغان گۈلخانلارغا سۇ سېپىلدى. كىشىلەر ئاستا - ئاستا تارقىلىشتى. توي ئاخىرلاشقان، ئەمدى نىكاھ كېچىسىگە تەييارلىق باشلانغانىدى.

قۇتبىددىن ئۇستىگە زەڭگەر رەڭلىك يىپەك تون، بېشىغا ياقۇت قادالغان سەللە، پۇتىغا زەر باغلانغان ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئۇ خاس خانىسىدىن كېلىنىنىڭ ھوزۇرىغا يول ئالدى. چىمىلدىقنىڭ ئالدىدا بىر ئايال قۇتبىددىننى بىرئاز يالغۇز قالدۇرۇپ، ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئىچكىرىدىن ئۇنىڭ شوخ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يىگىتلەرنىڭ سۇلتانى، مەملىكەتنىڭ پاسبانى، قىزىلگۈلنىڭ يىلتىزى، سەرخىللارنىڭ يۇلتۇزى قۇتبىددىن تۆرەم تەشرىپ بۇيرۇدى! بىزگە ئاتالغان قۇيما ئۈزۈكىڭىزگە گۆھەر كۆز بولغىلى كەلدۇق!

كېلىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىككى يەڭگىسى زۇلپىزارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، سالامغا ھازىرلىدى. ئايال چىمىلدىقتىن چىقتى، ئاندىن قۇتبىددىننى ئىچكىرىگە ئەكىردى. كېلىن بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ سالام قىلدى. يىگىت نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇۋەردى. يەڭگىلەردىن بىرى قېشىنى ئېتىپ كۈلدى:

— سالام ھەققى بېرىڭ، تۆرە!

قۇتبىددىن يېنىدىن بىرنەچچە تىللا تەڭگىنى ئېلىپ يەڭگىنىڭ قولىغا تاشلىدى. قائىدىگە ئاساسەن ئىككىنچى يەڭگە قىزنىڭ يۈزى-

لاتتى. يىگىت قىزغا قىيا باقتى. ئەمدى نېمە دېيىش كېرەك؟ چۈنكى، ئۇ قىز بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشنى خالىمايدۇ، جۈپتى ھالاللىقنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ؟ نېمە ئامال قىلسۇن ياكى گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسۇنمۇ؟ ئىشىكنىڭ ئالدىدا، باغنىڭ ئەتراپىدا قۇتبىددىنغا كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈرگەن نۆكەرلەرنى يېڭىپ قېچىپ كەتسۇنمۇ؟ خۇداغا شۈكۈر، بىلىكىدە كۈچى بار، تۆت ئەمەس سەككىز نۆكەرنىمۇ بىر تەرەپ قىلىدىغانغا كۈچى يېتىدۇ...

قىز كىچىك پىيالىگە خۇشبۇي چاي قۇيدى، ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بىلەن قۇتبىددىنغا ئۇزاتتى. قۇتبىددىن چاينى ئېلىۋېتىپ:

— ئاۋارە بولماڭ، سىڭلىم، ئولتۇرغان يېرىڭىزدە سۇنۇۋېرىڭ، — دېدى.

«سىڭلىم» دېگەن سۆز زۇلپىزارنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتكەندەك بولدى، بىراق ئۇ مەيۇس كۈلدى:

— بېگىم، نىكاھ بىرلە باغلىنىپ ئەر - ئاياللىق بوسۇغىسىدا تۇرغان كىشىلەر بىر - بىرلىرىگە ئاكا - سىڭىل بولغايمۇ؟

قۇتبىددىن ئىچىدە قىزنىڭ پاراستىگە ئاپىرىن ئېيتتى. ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى. «شۇنداق دانا، چىرايلىق بىر ئاجىزەنىڭ بەختىگە زامىن بولدۇق - دە، يىگىت! باشتىلا ياق دېسەڭ بولماسمىدى، تەنتەك؟»

ئارىنى سۈكۈت قاپلىدى. قىز قۇتبىددىننىڭ يۈزىگە تۇنجى قېتىم زوقلىنىپ باقتىيۇ، ئاستا دېدى:

— بېگىم، بىرنېمە دەڭ...

قۇتبىددىن ئۇنچىقمىدى. تېخى تونۇگۇنلا ئانىسىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ يۈرگەن بۇ قىزغا نېمە دېسۇن؟ ئۇ زىكرۇ سامانى چۈشەنمىسە، ساپايىنى بىلمىسە، تىلسىم تاشقا ئەقلى يەتمىسە؟

— سىزگە نېمە دېسەم بولار، زۇلپىزار؟

قىزنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى. ئېرى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى. «دېمەك، كۆڭلى بار ئىكەن» دېگەن تۇيغۇ

نىڭ لاچىنىسىز، خوددى ئاپئاق كەپتەرنى كۆرگەن لاچىندەك بولۇڭ، — ئايال يەنە كۈلدى، — بېگىم، بىر كۈندە بارلىق يىگىتلىك كۈچىڭىزنى سەرپ قىلىپ، ئەتىسى قىزىمىزنى مىجىق-لانغان گۈلگە ئوخشىتىپ قويماڭ، چىراي كۈندە كېرەك...

ئايالنىڭ سۆزلىرى قۇتبىددىننىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ئىنتىزارلىق بىلەن بۇ تىللا قەپەستىن ئازاد بولىدىغان دەقىقىلەرنى كۈتەتتى.

يەڭگىلەر قىزنى ۋىسالخانىغا ئەكىرىپ قويۇپ ئۆزلىرى نەگە-دۇر غايىب بولدى. ئايال قۇتبىددىننى باشلاپ ۋىسالخانىغا كىر-دى. زۇلپىزار ۋىسالخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرا-تتى. ئۇ قۇتبىددىننى كۆرۈپ، يەنە ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئايال كېلىن بىلەن كۈيئوغۇلنى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن سىرتقا چىقىپ كۈمۈش پەتنۇستا ئىسرىق ئەكىردى ۋە كېلىن بىلەن كۈيئوغۇلنى ئىسرىقلىدى، كېيىن ۋىسالخانىنىڭ تۆردىكى تۆت قەۋەت قىلىپ سېلىنغان ماموق تۆشەكلەرنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاپئاق پەردىنى قايرىدى ۋە تەكچىدىن كىچىككىنە قۇرئاننى ئەكې-لىپ ياستۇقنىڭ تېگىگە قويدى، كېيىن تەكچىلەردە پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان يوغان شاملاردىن ئىككىسىنىلا قالدۇردى ـ دە، باشقىسىنى ئۆچۈردى، ئاندىن قولىنى ئېچىپ دۇئا قىلدى:

— ئىلاھا، ياراتقان پەرۋەردىگار ئىككىڭلارنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلسۇن، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر!

ئايال پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ۋىسالخانىدا ئەمدىلا ئون ئالتىگە قەدەم قويغان قىز بىلەن ئون سەككىز ياشنى ئېگەرلەپ مىنگەن، ۋۇجۇدىدىن كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىت قالدى.

قۇتبىددىن ئەتراپقا باقتى. دېرىزە پەردىلىرى توق قىزىل رەڭدە، تۆشەك ئۈستىدىكى ياپقۇچلارمۇ قىزىل، ئاستىدىكى خورا-سان گىلەملىرىمۇ چوغدەك قىزىل... بۇلار قۇتبىددىننىڭ قېنىنى ئۇرغۇتۇپ ھەۋىسىنى قىزدۇرۇش ئۈچۈن قەستەن قىلىنغاندەك قى-

ىنغا ئېلىپ، قۇتبىددىنغا كۆز ئۇزمەي تىكىلىپ قالدى. ئۇ بۇ يىگىتنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. بىر سائەتچە بۇرۇن چىمىلدىقتا كۆز قىرىنى سالدى. شۇ چاغدىلا دىلىغا ھاياجان چۈشكەن، يىگىتنىڭ قاپقارا، مۇڭلۇق كۆزلىرىنى، ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل يۈزىنى، قويۇق قاشلىرىنى، ئۆزىنى مەغرۇر تۇ- تۇشلىرىنى بىردىن ياقتۇرۇپ قالغانىدى. زۇلپىزار ئاللاغا ئىنايەت قىلىپ شۇنداق بىر يىگىتنى نېسىپ قىلغىنىغا شۈكۈر ئېيتاتتى، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ئۆزىنى يىگىتنىڭ قۇچىقىغا ئاتقۇسى كېلەتتى، ئەمما مەرتىۋىسى، قىزلىق شەرم - ھاياسى بۇنىڭغا يول قويمايتتى.

— بۇ بېيىتلارنى ئۆزىڭىز توقۇغانمۇ، بېگىم؟ — دېدى زۇل- پىزار قۇتبىددىنغا چوڭقۇر بىر مېھىر بىلەن تىكىلىپ.

— ياق، بۇلارنى بىر ئەۋلىيا، سۇلتانۇل ئارىپىن پۈتكەن.

— توغرا پۈتۈپتۇر، — دېدى زۇلپىزار، — ئىككىمىزنىڭ دىلىنى جايىدا شەرھلەپتۇ. ئول پىرىمنى خۇدا پاناھىدا ساقلىسۇن.

قىز تەتۈر قاراپ ئەسنىدى.

— مەن يالغۇز يېتىشتىن قورقىمەن. ئۆيدە سىڭلىم بىرگە ياتاتتى.

«بۇ ھىيلىڭىز ئاقمايدۇ، گۈزەل» دېدى ئىچىدە قۇتبىددىن ۋە تۆشەكنى ئىما قىلدى.

— ئارامگاھ سىزگە تەييار.

قىز نائىلاج دۇئا قىلىپ ئورنىدىن قوزغالدى، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تۆرگە ئۆتتى. ئۇنىڭ مىسكىن بىر كەيپىياتتا سىرتقى كىيىملىرىنى يېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قۇتبىددىن ئىچىدە ئۆزىنى لەنەتلىدى: «بىر ئاجىزەنىڭ بەختىگە زامىن بولدۇڭ، ئەي نادان!»

زۇلپىزار يىگىتكە ئۈمىدۋار قاراپ قويۇپ تۆشەككە چىقىپ ياتتى. قۇتبىددىن تولىمۇ ئۇزۇن ئولتۇردى. بىر چاغدا قىز ئۇھ تارتتى، ئۇنىڭ «بېگىم، توڭلىدىم» دېگەن نىداسى ئاڭلاندى.

قىزنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ ئۆتتى.
— بېگىم، ياش تۇرۇپ ئاجايىپ سىرلارنى بىلەرئىمىشسىز. سەيلە - ساياھەت قىلىپ، تاغۇتاشلار، چۆل - باياۋانلارنى كەزگەن دەپ ئاڭلىدىم.
— بۇلار سىزگە نېمە ھاجەت. مېنىڭ كۆرگەنلىرىمنى باشقا بەندە كۆرمىسۇن، — دېدى قۇتبىددىن ئويچان ھالدا. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا خىرقە كىيىپ، سەبران بازارلىرىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلىرى كەلدى. قىز تىلىنى چىشلەپ ئۆكسۇدى. قۇتبىددىن شەپقەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ يۈزىگە مۇلايىملىق بىلەن باقتى.
— مەن سىزگە غەزەل ئوقۇپ بېرەيمۇ؟
قىز يىگىتكە تەلمۈرۈپ باقتى، قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ جېنى ياشناپ كەتتى.
— ئوقۇڭ، بېگىم... جان قۇلىقىم سىزدىدۇر...
قۇتبىددىن پەنجىرە تەرەپكە تىكىلىپ ھېكمەت ئوقۇشقا باشلىدى:

ئىشقىڭ قىلدى شەيدا مېنى،
جۇملە ئالدى، بىلدى مېنى،
قايغۇ سەنسەن تۈنى - كۈنى،
ماڭا سەن — ئوق كېرەكسەن.
كۆزۈم ئاچتىم، سېنى كۆردۈم،
قۇل كۆڭۈلنى ساڭا بەردىم،
ئۆرۈغلىرىم تەركىن قىلدىم،
ماڭا سەن — ئوق كېرەكسەن.
سۆزلىسەم تىلىمدا سەن،
كۆزلىسەم كۆزۈمدە سەن،
كۆڭلۈمدە ھەم جېنىمدا سەن،
ماڭا سەن — ئوق كېرەكسەن...

زۇلپىزار ئىختىيارسىز ئېڭىكىنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارد-

بىلەن تەكرارلاشقا باشلىدى. بابا ماچىن قىياپەتتىكى كۆلەڭگە پەنجىرىنىڭ ئالدىدىن غايىب بولدى. قۇتبىددىن ئىستىغپار ئېيتتى.

زۇلپىزار يېنىك ئۇخلاپ ياتاتتى. قۇتبىددىن ئېھتىيات بىلەن ئورنىدىن تۇردى، ئۆتۈكىنىمۇ، يەكتىكىنىمۇ كىيمەي، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

قۇتبىددىن تۈنىڭ ئالدىدا باغقا ئۆز بۇرادەرلىرىنى يوشۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ ئۇلارنى ئاسانلا تاپتى، خىرقىسىنى، كۇلاھىنى كىيدى، پۇتىغا ئەسكى چورۇقنى ئىلدى، ھاسا بىلەن ساپايىنى ئىلىپ تامدىن سەكرەپ ئۆتتى. تۈن قاراڭغۇسىدا دەريانى بويلاپ ماڭدى. ئاسماندا يۇلتۇزلار كۆز قىساتتى. يىراقتا ئىت ھۇۋلىدى.

قۇتبىددىن بۇخارايى شەرىپنى كۆزلەپ يورۇپ كەتتى.

يىگىت ئىنساپ يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇردى، شايى يەكتەكنى يەلكىسىدىن ئالدى، ئۆتۈكلىرىنى سالدى، ئاستا بېرىپ قىزنىڭ يېنىغا سوزۇلدى. زۇلپىزار قولىنى ئۇزاتتى:

— قولۇمنى تۇتۇپ يېتىڭ، بېگىم. كۆزۈمگە ھەرخىل نەرسىلەر كۆرۈنۈپ كەتتى...

قۇتبىددىن قىزنىڭ قولىنى تۇتتى، تىللا بىلەزۈك سېلىنغان ئاپئاق، نازۇك بىلەك مۇزدەك ئىدى، ئاستا ـ ئاستا قىزنىڭ قولى ئىسسىشقا باشلىدى، كېيىن تومۇرلىرى گۈپۈلدەپ سوقتى. قىزدىكى ھاياجان قۇتبىددىنغىمۇ ئۆتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر نەرسە يۈگۈردى، مېڭىسىگە قان قۇيۇلدى، ھەربىر جانىنى مەڭگۈ ئاسراپ قېلىشقا ئۈندەيدىغان بىر خىل ئارزۇ ـ ئىستەك ئويغاندى. قۇتبىددىن دەرھال بويىنىغا قولىنى سوزۇپ تىلسىم تاشنى سىلىدى. شۇ زامان تېنىدە تېپىرلاپ تۇرغان ھېرىس يوقالدى. قىز كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. يىگىت بولسا ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي، پەنجىرە تەرەپكە قاراپ يېتىۋەردى. دەل شۇچاغدا پەنجىرە ئالدىدا دېۋىدەك بىر مەخلۇق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق، كاللىسى يوغان، كۆزلىرى پارقىراق بولۇپ، ئەپتى ـ ھالى... خۇددى بابا ماچىنغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ سارغايغان، رەتسىز چىشلىرىنى پارقىرىتىپ سۆزگە كىردى:

«بۇ دۇنيانىڭ ئەيش راھىتىنى سۈرۈۋالماسەن! ئىچسەڭ قىمىز ئىچ، سۆيسەڭ قىزنى سۆي! خالىغىنىڭ قوينۇڭدا يېتىپتۇ! سېنىمۇ ئەركەك دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ يالغان دۇنيا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا بىزمۇ ھەزرەتنىڭ ئەمرىمەرۇپىغا مەست بولۇپ يۈرۈپتىمىز... سەندەك شاھزادىلەرگە ئوتۇن تەرگۈزۈپ، يەر سۆپۈرگۈزۈپ... ۋاقتىڭ كەلدى، ئۇنى قولدىن بەرمە...»

قۇتبىددىن سەزدىكى، بۇ بابا ماچىن ئەمەس ئىدى. باباقول پىرى كامىل ھەققىدە بۇنداق كۇپۇر سۆزلەرنى قىلمايدۇ، لەۋزىنىمۇ بولمىغۇر سۆزلەر بىلەن بۇلغىمايدۇ...

قۇتبىددىن ئاللاتائالانىڭ توقسان توققۇز ئىسمىنى تېزلىك

سىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئاندىن قايتاتتى.

جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن زىكىر سۇلتانىيىدىگە ئىجازەت بېرىلىدى. زىكىر ۋاقتىدا شەيخ «ھەق، ھۇ! ھەق، ھۇۋ!» دەپ غۇلاچ تاشلاۋاتقان دەرۋىشلەرگە قاراپ كۆڭلى ئېرىلىدى. ھالقىدا كۈمۈش قوڭغۇراقتەك تونۇش بىر ئاۋاز كەملىك قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ھەزرەت قۇتبىددىننى ئەسلىدى، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ كالتە پەملىكىدىن رەنجىدى. ھەزرەت: «شۇنچە پەند - نەسىھەت، ئەقىل - ئىدراك بىرلە پۈتمىگەن ئىشنى زۇلۇم بىلەن پۈتتۈرۈپ بولۇرمۇ؟ بۇلبۇلنى تىللا قەپەستە سايرىتىشنى ئارزۇ قىلىپتۇ ئۇلار. بۇلبۇل ئىلھامنى نەدىن ئالىدۇ؟ بۇنى ئەھلى دىل بىلىدۇ. ئالىقانلىرى قىلىچ تۇتۇپ قاپىرىپ كەتكەن كىشى نەدىن بىلسۇن؟» دەپ ئويلىدى.

ھەزرەت قۇتبىددىننىڭ غەيرىي يول بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ زورلۇق بىلەن تويى قىلىنماقچى بولغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدى. شۇ سەۋەبتىن خاننىڭ داستىخىنىغا بارمىدى، ئەكسىچە ئۇنى ئۇمەرا ۋە ئۆلىمالارنىڭ كۆزى ئالدىدا رەت قىلىپ، شەھەرنى تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما؛ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە قۇتبىددىندىنمۇ گۇمانى بار ئىدى: «ئەجەبا بۇ يىگىتنىكى شەيتانى ۋەسۋەسە ئىلاھىي تەپەككۇرنى مەغلۇپ قىلغانمىدۇر؟ رەسۇلۇللا دېمىشكى، ئادەم پەرزەنتىنىڭ ئىچىدە شەيتانى لەئىن مىسلى قاندەك كېزىپ يۈرىدۇ. سابىق شاھزادە شەيتاننىڭ قۇتراتقۇلۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولسا، بىز ئاڭا يېتەرلىك تەلىم بېرەلمەپتىمىز».

زىكرى سۇلتانىيە ئاخىرلىشىپ قالغانىدى، ئەمما شەيخنىڭ كۆز ئالدىدىن قۇتبىددىن كەتمەيتتى. ھەزرەت زىكىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ خەلپىسىنىڭ يەككە ئاۋازدا ھېكمەت ئېيتىپ، دەرۋىشلەرنىڭ ھاياجىنىنى يەنىمۇ جۇشقۇن بىر پەللىگە كۆتۈرۈشكە ئۈگىنىپ قالغانىدى. ئەپسۇسكى، ئاللانىڭ ھۆكمى شۇنداق ئىكەن.

كۈن كۆتۈرۈلگەندە زىكىر تۈگىدى. تەرلەپ پىشىپ كەتكەن

# 21. مۇبارەك تەسۋى

خىلۋەت ئىشىكىن ياپقىل،
سۆھبەت ئىشىكىن ئاچقىل،
شەيخلىق ئىشىكىن ياپقىل،
دوستلۇق ئىشىكىن ئاچقىل.

— ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىي

نەچچە كۈندىن بېرى قۇربەت خانىقاسى يىراق تۈركىستاندىن كەلگەن مۇساپىرلار ۋە شۇ يەرنى ماكان تۇتقان مىسكىنلەر، دەرۋىشلەر بىلەن ئاۋات ئىدى. بۇ يەردە بامداتتىن تا خۇپتەنگىچە ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھەممە كىشى ئۆزىنى پەرۋانە كەبى خانىقاغا ئاتاتتى، ئەۋلىيائى كەبىرنىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولۇشنى، مۇبارەك بويىنى بىر كۆرۈپ دۇئاسىنى ئېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ھەزرەت سەمەرقەنتتە ئون كۈن تۇردى. «ئاققان دەريانىڭ ئېقىپ تۇرغىنى ئەۋزەل، بىر يەردە تۇرۇپ قالغان سۇنىڭ بۇزۇلۇپ سازلىققا ئايلىنىشى مۇقەررەر» دېگەندەك، ئون بىرىنچى كۈنى كارۋاننىڭ يولغا چىقىشىغا ئىجازەت بەردى. ھەزرەت خانىقاغا قارايدىغان ئوبۇلقاسىمنى چاقىرىپ، زىكىرگە ھازىرلىق كۆرۈشتى بۇيرۇدى. شەيخ بۇنىڭ بىلەن بىر يەردە تۇرۇپ زېرىكىشكە باشلىغان دەرۋىشلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتماقچى ۋە مۇشەققەتلىك سەپەرگە تەييار قىلماقچىدى. تەرىقەت قائىدىسىگە ئاساسەن ھەربىر شەھەر ياكى ئەل خانىقاسىدا قونۇم تاپقان دەرۋىشلەر سۇلۇك ھالقى-

ئامىن، ئاللا، ئۆزۈڭ ئەھلى پۇقرانىڭ رىزقىنى پۈتۈن قىلغايسەن، ئۇلارنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ئاسراپ، بىمارلىرىغا شىپالىق ئاتا قىلغايسەن، موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغايسەن، مۈشكۈلىنى ئاسان قىلغايسەن! يا رەببىم، پادىشاھلىق تەختىنى مەزمۇت قىل، خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئىمانىغا زەخمەت يەتمىسۇن، ئۇنىڭ كۆكسىدە، مۇرۇۋۋەت، ئادالەت، دىيانەت نۇرى مەڭگۈ پارلىسۇن، ئاللاھۇئەكبەر!

جامائەت گۇرۇلدەپ شەيخ بىلەن باراۋەر پاتىھەگە قول كۆتۈردى. شەيخ سۇپىدىن چۈشتى. كىشىلەر ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ يول بوشاتتى. ھەزرەت ئادىتى بويىچە يەرگە قاراپ خەلقنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. سەل نېرىدا بابا ماچىن شەيخنىڭ تورۇق ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ھەزرەت «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم!» دەپ ئۈزەڭگىگە پۇت قويدى، سۇلايمان قولتۇقىدىن يۆلىدى. شەيخ يېنىكلا ئېگەرگە مىندى، ئۆزىگە ھەيرەتلىك بېقىپ تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ ئاستا باش ئىرغىتتى ۋە ئېتىنى دېۋىتتى.

كارۋان سەمەرقەنتتىن ئايرىلدى. ئالدىدا چورۇق كىيىپ ھاسا تۇتقان پىدائىي دەرۋىشلەر كېتىۋاتاتتى. ئۇلاردىن كېيىن پىيادە زىيارەتچىلەر كېتىۋاتاتتى. بابا ماچىن ئاتنىڭ چەپ تەرىپىدە ئوڭ قولى بىلەن يۈگەننى مەھكەم تۇتۇۋالغان بولۇپ، تېنىگە سىغمايۋاتقان ھېسلىرىنى ئاران تىزگىنلەپ ئاستا قەدەم تاشلايتتى. شەيخنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يورغا ئاتتا سۇلايمان كېتىۋاتاتتى. ھەزرەتنىڭ كارۋىنىنى ئۇزىتىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر بىرەر چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئارقىدا قېلىشقا باشلىدى.

ھەزرەت كەينىگە ئۆرۈلدى. سەمەرقەنتنىڭ كالتە - كالتە مۇنارلىرى، مەسچىتى جامائەنىڭ گۈمبىزى، كۆجۈم يېشىللىقلار ئاران - ئاران كۆزگە چېلىقاتتى. «قايتا كۆرۈشەلمىسەك، خوش ئەمدى» دەپ شەيخ يۈزىگە پاتىھە تارتتى، سۇلايمانمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. كېيىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن بىر پىكىر كەچتى. پىر بۇنى

دەرۋىشلەر توپ - توپ بولۇپ هويلىدىن ئايرىلىشقا باشلىدى.

تاشقىرىدا سان - ساناقسىز كىشىلەر يىغىلغانىدى. كىشلەر-نىڭ ئىچىدە شەيخنىڭ غايىبانە مۇرىتلىرى، ئەركانى دىن، سارايى مۇلازىملىرى، مەدرىسە تالىپلىرى، مۇدەررىسلەر، يىراق كەنتلەر-دىن كەلگەن دېھقانلار، قولى قاداق، تىزى ياماق كاسىپلار، بالا يېتىلىۋالغان ئايالالار، چاربازارچىلار، يات ئەللىكلەر، ئىشقىلىپ، يەتمىش ئىككى خىل تائىپىگە مەنسۇپ كىشىلەر جەم ئىدى.

شەيخنىڭ كارۋىنى يەسسىدىن چىقىپ، ئوترار، ئىسپىجاپ، شاش ئارقىلىق سەمەرقەنتكە كىرىپ كەلگۈچە يۈزلەپ كىشى كې-لىپ قوشۇلدى. ئادەملەر دەرياغا قوشۇلغان ئېقىنلاردەك تۈركس-تانلىقلارنىڭ سېپىنى بارغانسېرى غولدىتىپ باراتتى. سەمەرقەنتتە كارۋان ئەزم بىر دەرياغا ئايلاندى. هازىر تاشقىنلاپ تۇرغان بۇ دەريا خانىقا ئالدىدا سۇلتانئول ئارىپىنىڭ بىر ئېغىز پەرمانىغا تەلمۈرۈپ چايقىلىپ تۇراتتى.

نىهايەت ئىشكتە شەيخ كۆرۈندى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىنى خۇددى قىلىچتەك يېرىپ شىددەت بىلەن چىقىپ كەلدى ھەمدە «بىسمىللا...» دەپ دەرۋازا ئالدىدىكى ئېگىز لاي سۇپىغا چىقتى. خالايىق گۇرۇلدەپ كەتتى. ئۆمرىدە شەيخنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن مۇسۇلمانلار: «شەيخىم! شەيخىم!» دەپ نىدا قىلىشتى. ھەزرەت كىشىلەر توپىغا كۆز يۈگۈرتتى. تەكەببۇر چىرايلار، ئۈمىدۋار نىگاھلار، يېلىنگ كىيىمدە تۈگۈلۈپ تۇرغان بىچارە كىشىلەر... قەۋس ئېيى ئاياغلىشىپ قالغان بولۇپ قىش باشلانغا-نىدى. سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى. شەيخ مىسكىن، مەلۇم قارا كۆزلەرگە بىر هازا تىكىلىپ تۇردى - دە، لېۋىنى چىشلىدى، ۋەز ئېيتىپ ئۇلارنى سوغۇق هاۋادا زۇلۇمغا قويۇشنى خالىمىدى، دەر-هال قىسقىلا دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— مۆھتەرەم جامائەت! ھەقتائالانىڭ ھىدايىتى بىرلە بىز يولغا چىققايمىز. بىزگە ئاقىۋول تىلەپ كېلىپسىلەر، ياراتقان ئىگەم ئۆمرۈڭلارنى زىيادە قىلسۇن. بەرگەن تۇزۇڭلارغا رازى بولۇڭلار،

ني چىشلىدى. ئەگەر يەنە ئىچىنىز ئاچسا پىرىدىن ئاچچىق گەپ ئاڭلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

زىكىر سەۋەبىدىن قىنى قىزىغان دەرۋىشلەر ئىرغاي ھاسىلە-رىنى يەرگە زەردە بىلەن ئۇرۇپ، ئاچچىق شامالغا كۆكسىنى كېرىپ مېڭىۋاتاتتى. كۈنگە ئون — ئون بەش پەرسەخ يول يۈرمىسە، جېنى تېنىگە سىغمايدىغان بابا ماچىن جىمجىت ئىدى. ئۇ ئاتىنىڭ قەدىمگە ماسلىشىپ كېتىپ باراتتى. كارۋان خارابىلاش-قان كەنتلەرنى، ۋەيرانە باغلارنى، ئادەمسىز داللارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، مەككـەئى مۇكـەررەمەگە بارغانسېرى يېقىنـلىشىپ باراتتى.

شەيخنىڭ بىر ھېكمىتى بار. ئۇ: «ئارقىدا قالغان تېگىنى ئەمەس، بارار بېغىڭنى ئويلا» دەيتتى. بۇخارايى شەرىپ تېخى ئۇزاقتا بولۇپ، يەنە كېمىدە ئالتە كۈنلۈك يول بار ئىدى. ئۇلار-نىڭ ئالدىدا مىيانقەلئە، كەرمەنە، تەۋسىس، غىجدۇۋان تۇرۇپتۇ. ھەزرەت تورۇق ئاتتا يەڭگىل چايقىلىپ كېتىۋېتىپ خىيالىدا بۇخا-رانى ئويلىدى. مەشرىقتىكى بۇ مۇئەززەم شەھەرنىڭ رەتلىك كوچە-لىرى، ھېكمەتكە تولغان مەدرىسىلىرى، جاھانغا داڭقى كەتكەن بازارلىرى، كۈندۈز ئاپتاپنى، كېچىدە ئاينى ئەكس ئەتتۈرگۈچى زىلال كۆللىرى بىرمۇ بىر كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. شەيخ-نىڭ بۇخارادىن ئايرىلغىنىغا ئون يىلدىن ئاشتى. شەھەر سامانىيلار دەۋرىدە ئاۋات ئىدى. قاراخانىيلار تەختنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلدى. كۆپلىگەن جامائەت سورۇنلىرى قۇرۇلدى. تاغدىن ساپال تۇرۇبىلاردا سۇ كەلتۈرۈلدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر كېڭەيتىلدى. مانا نەچچە زامانلاردىن بېرى شەھەر سەل-جۇقىيلار سۇلتانى مۇئىززىددىن سەنجەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. سەنجەر نېمىلەرنى قىلدىكىن؟ شەيخ دۇنيانىڭ ئۇ بۇرجىكىدە، دەشتى قىپ-چاقتا تۇرۇپمۇ گاھىدا ناخۇش خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇردى. بۇخارائى شەرىپتىكى بىچارە كاسىپلار توقۇيدىغان زەر يىپەكلەر، گىلەمچە-لەر توقۇغان جايـنامازلار، زەرباپ چاپانلار ۋە دەرپەردىلەر باغداد

پەملەپ خەلپىسىگە قارىدى:

— سۇلايمان، گېپىڭىز بارمىدى؟

پىردىن سىر يوشۇرۇشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى سېزىپ سۇلاي-مان ئېچىلغان قىياپەتتە دېدى:

— سېپىمىزدىن بىر كىشى كېمەيدى، پىرىم. شۇ ئىش كەمىنىگە ئارام بەرمەيۋاتىدۇ.

سۇلايمان قۇتبىددىنىنى نەزەردە تۇتۇۋاتاتتى. شەيخنىڭ بۇ ئىك-كى خەلپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىنھان بىر ئىختىلاپ بار ئىدى. ئوچۇقراقىنى ئېيتقاندا سۇلايمان نېمىشقىدۇر قۇتبىددىنىنى ياقتۇ-رۇپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ شاھزادىلىكىدىنمۇ ياكى پىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئارتۇقچە مېھرىبانلىق قىلىۋاتقانلىقىدىنمۇ... ئىشقىلىپ، سۇلايمان قۇتبىددىنىنى پىرىدىن قىزغىناتتى.

ھەزرەت سۇلايماننىڭ يۈزىگە قاراپ مەنىلىك كۈلدى:

— خارەزمدىمۇ بىر مەھرەمدىن ئايرىلىپ قالمىغىدۇق دەپ قورقىمەن. ھەربىر كىشى ئۆز ئېلىدە سەپىرىمىزدىن قېلىۋەرسە...

بۇ گەپ سۇلايمانغا تەستەكتەك تەگدى. پىر قۇتبىددىنىنى كۆزدە تۇتۇپ تۇرۇپ سۇلايمانغا ئىشارە قىلىۋاتاتتى.

— توۋا قىلدىم، پىرىم، — دېدى سۇلايمان چۆچۈپ، — بىز قۇتبىددىن بىرلە گويا ئاغا - ئىنىدۇرمىز.

ھەزرەت يولغا تىكىلدى، خىيالچان ئاۋازدا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى:

— كۆڭۈلنى كەڭ تۇتۇڭ، سۇلايمان قۇل. بىر تاغارغا بىر تاغار سامان سىغار، لېكىن كۆڭۈلگە جەيھۇن دەرياسىنىمۇ سىغ-دۇرغىلى بولۇر، — پىرىنىڭ ئاۋازىدا ئىستېھزا ئاھاڭى سېزىل-دى، — سىزنىڭ ئۇ ئىنىڭىز شۇ پۇرسەتتە نەپسى بىرلە جەڭ قىلىۋاتىدۇ. بۇمۇ بىر ئىمتىھاندۇر. قېنى سەۋر قىلىپ كۆرەيلى، كىم غالىب، كىم مەغلۇپ بولار ئىكەن.

سۇلايمان ئۆزىنى ئاقلاپ نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، تىلى-

بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئالدىدا بىر قوچاق ئوتۇن كۆتۈرۈپ قۇتبىددىن تۇراتتى! سۇلايمان سىرى پاش بولغان كىشىدەك بىردەم تەمتىرەپ قالدى، كېيىن نائىلاج كۈلۈمسىرىدى.

— پاھ، قانداق ئامال قىلىپ كەلدىڭىز بۇ يەرگە، شاھىنىم؟!

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاغا، — دېدى قۇتبىددىن ئىككى قولى بوش بولمىغانلىقى ئۈچۈن بېشىنى ئېگىپ، — ئاللاغا شۈكۈر، نېسىۋەمگە يېتىشۋالدىم.

سۇلايمان ھەزرەتنىڭ ھوزۇرىغا قۇتبىددىن بىلەن بىرلىكتە كىرىشنى خالىمىدى.

— ئوتۇننى ماڭا بېرىڭ، — دېدى ۋە قۇتبىددىننىڭ قولىدىكى ئوتۇننى ئېلىپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

سۇلايمان شەيخ چۈشكەن خانىدىكى ئوچاققا ئوتۇن سېلىپ ئوت ياقاي دەپ تۇراتتى، ھەزرەت مەنىلىك يۆتەلدى. سۇلايمان ئىختىيارسىز ئۆرۈلدى. شەيخنىڭ كەيپىياتى خۇشال ئىدى.

— سۇلايمان قۇل، سېپىمىز كېڭىيىپ قالغاندەك كۆرۈنمىدىمۇ؟ — دەپ كۈلۈمسىرىدى. سۇلايمان دەرھال يۈكۈندى، ئەمما ئۆزرە سورىمىدى، بېشىنى سېلىپ ئولتۇرىۋەردى.

— ئوتنى يېقىڭ، سوغۇق كۈچىيىپ كەتتى، — دېدى شەيخ. سۇلايمان دىۋىدەك گەۋدىسىگە ياراشمىغان ئەپچىللىك بىلەن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى. شەيخ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇ يەنە يېتىپ بارغۇسى باغنى سەيلە قىلدى، خىيالىدىن قىيامەتلىك دوستى، ساھىبى كارامەت ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىي نېرى كەتمىدى.

سۇلتانۇل ئارىپىن ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ھىجاز سەپىرىگە ئاتلانغانلىقىدىن ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىينىڭ خەۋىرى بار ئىدى. شەيخ بىرنەچچە ئاي مۇقەددەم خوجىغا قىسقىلا نامە پۈتۈپ ئەۋەتكەن، ئۇنىڭدا ئاللا نېسىپ قىلسا جامادىيەلئاخىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇخارايى شەرىپتە دىدار كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلغانىدى. خوجا شەھەر كېزىپ يۈرگۈچى سودىگەرلەردىن شەيخنىڭ سەمەرقەنتكە

خەلىپىنىڭ ئاستانىسىگە توشۇلارمىش. ئەل - ئۇلۇسنىڭ
تۆگە - تۆگە ماللىرى بىر دۇئانىڭ بەدىلىگە ئەكېتىلەرمىش.
بۇخارا كاسىپلىرى خەلىپە ئۈچۈن شۇنداق ھەيۋەتلىك بىر زەرپەردە
توقۇپتىمىشلەركى، ئۇنىڭ قىممىتى بۇخارانىڭ بىر يىللىق كىرى-
مىگە تەڭ ئىمىش. ئەلھەزەر! بۇ قانداق ئىنساپسىزلىقكى، بىر
ۋىلايەت ئەھلىنىڭ بىر يىل يىغىپ - تۆشىگەن مېھنىتى بەدى-
لىگە مۇسۇلمانلار خەلىپىسى شاھانە قەسرىنى بېزەپ، پارقىرى-
تىپ ئولتۇرسا؟! مۇسۇلمانلار ئەمرىنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ بۇ!
قېنى ئىنساپ، قېنى دىيانەت؟!

شەيخنىڭ يۈرىكى قايىنىدى. ئۇ خىيالەن دوستى شەيخ ئابدۇل-
خالىق غىجدۇۋانىيغا تەنە قىلدى: «مەرتىۋىڭىز يۇقىرى دوستۇم،
سۇلۇكنىڭ سەردارىسىز. نائىبلار، ۋالىيلارنىڭ يولىنى توسۇپ،
خەلقنىڭ ئۆزى تاپقان نېسىۋىسىنى ئۆزىگە بېرىشنىڭ چارىسىنى
قىلماق لازىم ئىدى.» ھەزرەتنىڭ كۆز ئالدى روشەنلەشتى. كۆ-
كۆچ، تىنىق بىر نۇر پەيدا بولدى. نۇر گۇمبەزگە ئايلاندى.
گۇمبەز ئىچىدىن ئابدۇلخالىق چىقتى. ئۇ قاپقارا كۆزلىرىنى دوس-
تىغا تىكىپ جاۋاب بەردى: «دەشنىمىڭىز ئورۇنلۇق، شەيخىم،
بىر ماقال باركى، تۇرك يىغلىغان گەپكە ئەجەملىك كۈلەرمىش.
ئۇلۇس چوڭلىرى بىرنى مىڭ، مىڭنى تۈمەن قىلىش كويىدا بۇخا-
رانىڭ مال - مۈلكىنى خەلىپىگە سەدىقە قىلىپ تۇرۇۋاتسا نېمە
ئىلاج؟ سۇ بېشىدىن لاي، دوستۇم».

شەيخنىڭ كۆزى ئالدىدىكى نۇر ئۆچتى. غىجدۇۋانىينىڭ تو-
نۇش سېيماسى غايىب بولدى. شەيخ كۆرگەنلىرىنى يەنە بىر مۇشا-
ھىدە قىلىپ يولغا تىكىلدى.

شەيخنىڭ كارۋىنى تىنماي يول يۈرۈپ ئۈچىنچى كۈنى كەرمە-
نەگە بېرىپ قوندى. بۇخاراغا يەنە ئىككى مەنزىل قالغانىدى. شەيخ
مۇساپىر سەپەرداشلىرىغا بىر كۈن ئارام بەردى. سۇلايمان خانىقادى-
كى بىر بىمارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ
شەيخۇل ماشايىخنىڭ خاس خانىسىغا يېقىنلاشتىيۇ، ھاڭ - تاڭ

سى قىسمەتلەردىن بېشارەت بېرىشلىرى مۇمكىن ئىدى. غىجدۇۋانىي ئاتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ قومۇشتەك قۇلاقلىرىغا تىكىلىپ كېلىۋېتىپ كۆزىنى يۇمدى، دوستىنى ئويلىدى، يىگىتلىك چاغلىرىنى ئەسلىدى، كۆز ئالدىدا يىگىرمە يىل بۇرۇنقى بۇخارائى شەرىپ، خانىقا گەۋدىلەندى.

ئابدۇلخالىق بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۈچ سوپى بار ئىدى. ئۇلار ئابدۇللا بەرقىي، ھەسەن ئەنداقىي، ئەھمەد يەسسەۋىي ئىدى. ئۇلار پىرى مۇرشىد، يۇسۇپ ھەمەدانىيدىن ئىلمىي ھال بويىچە تەھسىل ئېلىپ، يەتتە مەقامنىڭ تۆتىدىن ئۆتكەنىدى. ئابدۇلخالىق قوشۇلۇپ تۆت مۇرىت يېقىن ئاغا - ئىنى بولۇپ ئۇستازىنىڭ ئېتىكىنى تۇتتى. پىرىمۇ ئۇلارنىڭ بېشىدىن مۇبارەك قولىنى ئۈزمىدى، ساپالىق سۆھبەتلىرىدىن بىنېسىپ قىلمىدى. ئاھ، ئۇ كۈنلەرنىڭ پەيزى، بەرىكىتى! زىكرى سامانىڭ شىددىتى، زىكرى خۇپپىيەنىڭ لەززىتى، رەھنەماسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلاھىي ئالەم، ئەرشى كۇرسى، لەۋھۇ قەلەمنى ساياھەت قىلىش... پەنا بولۇپ ھەق دىدارىغا يېتىش ئىشقى... بۇلارنى ئۇنتۇغىلى بولامدۇ؟ تومۇرلىرىدا ئىسسىق قان ئايلىنىپ، كۆكسىدە نەپەس ئۇرغۇپ تۇرسىلا، ئۇنى ئەستىن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس...

يۇسۇپ ھەمەدانىي ئۆمۈر كارۋىنىنىڭ مەنزىلىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بايقىغان بولسا كېرەك، تۇغۇلغان ئېلى مەرۋىگە كەتتى. يەسسەۋىينى ئۈچىنچى، ئابدۇلخالىقنى تۆتىنچى خەلپە قىلىپ تەيىنلىدى. خانىقا ئىككى دوستىنىڭ ئىختىيارىدا قالدى. يەسسەۋىي ئون يىلچە ھالقىنىڭ سەردارى بولۇپ تۇردى، كېيىن تۈركىستانغا ئاتلاندى. پىرى كامىلدىن قالغان مۇبارەك تەسۋىنى دوستى ئابدۇلخالىقنىڭ قولىغا تاپشۇردى. بۇ، ئەمدى سۇلۇكنىڭ بېشى ئۆزىڭىز، بۇخارا سوپىلىرىنىڭ رەئىسلىكى قولىڭىزغا ئۆتتى دېگەنلىك ئىدى. مانا شۇ ۋەقەگىمۇ ئون يىل بولۇپ قاپتۇ. ئابدۇلخالىق شۇ مۇبارەك تەسۋىنى ئەزىزلەپ ساقلىماقتا. ھەر قېتىم ئۇنى قولىغا ئالغىنىدا ئابدۇللا بەرقىي، ھەسەن ئەنداقىي ۋە يەسسەۋىي خۇددى

كېلىپ چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىدى. جامادىيەلئاخىرنىڭ يىگىرمە ئال-
تىنچى كۈنىمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن ئەزىز مېھماندىن تېخە-
چىلا خۇش خەۋەر يوق ئىدى.

ئاخىر خەۋەر كەلدى، بىر زامانلاردا بىر بۇردا ناننى بۆلۈشۈپ
يېيىشكەن جان دوستى شەيخ ئەھمەد يەسسەۋىي كەرمەنەدە ئىمىش.
خوجىنىڭ روھ قۇشى كەرمەنەگە قاراپ ئۇچۇپ كەتكەندەك بولدى،
دەرھال ياش خەلىپىسى ئارىپ رېۋگەرنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى:

— شەيخۇل ماشايىخ كەرمەنەگە يېتىپ كەپتۇ. ئىستىقبالىغا
ئاتلىنىڭ، دىدارىغا مۇشتاق ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈڭ.

ئارىپ رېۋگەرى بابا ماچىنغا ئوخشاش يەل تاپانلاردىن ئىدى.
خوجىسى يول تەييارلىقىنى ئۈيلىغۇچە شەھەردىن چىقىپ راباتقا
باردى.

خوجا يېنىغا خەلىپىلىرىدىن ئەھمەد ساداقىي، سۇلايمان كەر-
مەنىينى ئالدى، ئۇنىڭدىن باشقا بۇخارانىڭ قىرىق ئۆلىماسىنى
ئەگەشتۈرۈپ بامداتتىن كېيىن غىجدۇۋانغا قاراپ يولغا چىقتى.
ئۇ دوستىنى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەدىردان يۇرتىدا كۈتۈۋېلىش-
نى نىيەت قىلغانىدى.

ئارىپ رېۋگەرى كەم دېگەندە ئون پەرسەخ كېلىدىغان يولنى
ئۈچ ئاش پىشىمدا بېسىپ كەرمەنەگە يېتىپ كەلدى ـ دە، شەيخ-
نىڭ خىزمىتىگە كىردى. خوجا ئابدۇلخالىق ھەمراھلىرى بىلەن
دوستىنىڭ ئىستىقبالىغا يولغا چىققان چاغدا شەيخنىڭ كارۋىنى
غىجدۇۋانغا قاراپ يولغا چىقتى. يول بارغانچە قىسقىراپ، ئىككى
بۇزرۇك ئۆزئارا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى، گويا سامادا ئىككى
تولۇن ئاي، يەردە ئىككى ئەزىم دەريا — سەيھۇن بىلەن جەيھۇن
بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى.

خوجا ئابدۇلخالىق سوپىلىقتا ئالىي مەقامغا يەتكەن نادىرى
دەۋران ئىدى. بۇنداق زاتلار ئۇچۇن زامان ۋە ماكاننىڭ پەرقى
قالمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى نۇرى تەجەللىي ـ روھىي قۇۋۋەت
ئارقىلىق ئۆتمۈش مەنزىللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى، بولغۇ-

## 22. قۇتبىددىنىنىڭ ئىشتىياقىغا دەز كەتتى

كاسىپ — ئاللانىڭ دوستىدۇر.

— ھەدىس

دېھقان ئەمەس، كەتمەن چېپىپ نان يېمىسە.

— ئەھمەد يەسسەۋى

خوجا ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىينىڭ ئاتىسى ئەسلىي رۇملۇق ئىدى. ئۇل زاتنى مەۋلانە ئابدۇلجەمىل دەپ ئۇلۇغلىشاتتى. زاھىرىي ۋە باتىنىي ئىلىملەردە زامانىسىنىڭ ئەللامىسى ئىدى، مەسچىتتە ئىماملىق قىلاتتى، تالىپلارغا قال ئىلمى، ھال ئىلمىدىن ساۋاق بېرەتتى. ئۆزى ئىمام مالىك مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىدى. بىر كۈنى ئۇل زاتى مۇبارەكنىڭ چۈشىگە خىزىر ئەلەيھىسسالام كىردى ۋە بېشارەت قىلدىكى: «ئەي ئابدۇلجەمىل، سەن پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي بۇخارايى شەرىپكە بارغىن، غىجدۇۋان دەپ ئاتالغان يەردە مەنزىل تاپقايسەن. سەندىن بىر پەرزەنت دۇنياغا كەلگەي، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئابدۇلخالىق قويۇپ، ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى ئالغايسەن.» ئابدۇلجەمىل مۇشۇ بېشارەت بىلەن غىجدۇۋانغا كۆچۈپ كەلدى، پەرزەنتلىك بولدى، ئۇنىڭغا ئابدۇلخالىق دەپ قۇتلۇق ئىسىم قويدى.

ھەقتائالا ئابدۇلخالىق دەپ ئاتالغان بۇ سۆيۈملۈك بەندىسىگە

تەسۋىنىڭ دانىسىدەك خىيالىدىن بىر ـ بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتتىدۇ، ئۇنىڭدىن تەكبىر ئاۋازى كەلگەندەك بولىدۇ...

ئەنە، ئەنە شۇ قەدىردان دوستى ھەجرۇل ئەسۋەت زىيارىتى سەپىرىدە بۇخاراغا تەشرىپ بۇيرۇماقتا. غىجدۇۋانىي ئىچىگە قامچا سالدى.

ھەزرەت ئەتىسى ئەسىر ۋاقتى بىلەن يېتىپ كەلدى. خوجا ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن كوچا ئېغىزىغا چىقتى. خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تورۇق ئاتتا ئولتۇرغان شەيخ كۆرۈندى. خوجىنىڭ يۈرىكى گۇپۇلدەپ ئالغا تەلپۈندى. شەيخ ئارىپ رىۋگەرىنىڭ ياردە-مىدە ئاتتىن چۈشتى، بېلىدىكى بەلۋاغنى رۇسلاپ قويۇپ، خوجە-نىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. سەپ ئىككىگە يېرىلىپ، كىشىلەر ئىككى ئەۋلىياغا يول بوشاتتى. خوجا ئابدۇلخالىق قۇچاق ئېچىپ كېلىپ دوستىنى باغرىغا باستى. ئۇ شەيخنىڭ ئوڭ يەلكىسىگە بېشىنى قويدى. شەيخمۇ خوجىنىڭ ئوڭ يەلكىسىگە بېشىنى قوي-دى، ئىككىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

بولالمايتتى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش يەل تاپان ئارىپ رېۋگەرى بىلەن تونۇشۇۋالغانىدى. ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ پىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى ياكى داستىخاننى سېلىپ قويۇپ سۆھبەتلىشەتتى. قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدا تاپىنىنىڭ قىچىشىشىنى بېسىش ئۈ- چۈن پات - پات غىجدۇۋاننى ئايلىنىپ كېلەتتى. قۇتبىددىن بولسا زېرىككەن ھالدا دەرۋىشلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى ياكى باغداتتىن بالاساغۇنغا كېزىپ يۈرگۈچى سودىگەرلەرنىڭ سەرگۈ- زەشتلىرىنى ئاڭلايتتى. ئۇ دۇنيانىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى، ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى كۆپ تېتىپ كۆرگەن سۇدا ئەھلىنىڭ ھەربىر گېپىنى، ھەربىر ھەسرىتىنى كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىۋالغۇ- سى كېلەتتى. ئۇلارنىڭ گاھ كۈلكىلىك، گاھ ئېچىنىشلىق، مۇبالىغە قوشۇلغان ھېكايەتلىرى قۇتبىددىننىڭ سەمەرقەنت ۋە يەس- سىدىن باشقا يولنى بىلمىگەن قەلبىگە ھەيرانلىق چوغىنى سېلىپ لاۋۇلدىتاتتى. ئەگەر سەيياھلارنىڭ مۇبالىغىلىرى ھەددىدىن ئې- شىپ كەتسە، قۇتبىددىن سورۇندىن ئاستا چىقىپ كېتىپ ئۆزىنىڭ ئىشىغا كىرىشىپ كېتەتتى. كۈندىلىك تائەت - ئىبادەت ۋە زىكرى- دىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەڭ ياقىدىغان ئىش قوشۇق ياكى چۆمۈچ ياساش ئىدى. بۇ قۇتبىددىننىڭ پىرى كامىلىنىڭ خىزمىتىدە يۈ- رۈپ ئۆگەنگەن ھۈنىرى ئىدى. شەيخ بوش ۋاقتى بولسىلا قوشۇق ياكى چۆمۈچ ياساپ شۇنىڭدىن كەلگەن دارامەت بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى. قۇتبىددىن ھەزرەتنىڭ بۇ ئىشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇ ھەزرەتتىن خۇپىيانە ھالدا قوشۇق ياساشقا كىرىشتى، ئەمما ئەپلەشتۈرەلمىدى. قوشۇقنىڭ سېپىنى چىقىرىش ئاسان، ئەمما قورسىقىنى چىقىرىش قىيىن ئىدى. قۇت- بىددىن قىڭغىر - قىيسىق بەش — ئون تال قوشۇق ياسىغىچە نەچچە قېتىم قولىنى كېسىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە كۈلكە بولدى. ئەمما، ئۇ قەيسەر ئىدى، «يا ئېتىڭ چىقسۇن، يا ئۆتۈڭ چىقسۇن» دېگەندەك كېچىلىرى بۇ ئىشنى تىنماي داۋاملاشتۇردى.

ئىلمىي ئىلاھىيدىن ئازراق ئىنايەت قىلغانىدى. ئادەتتە ئىلمىي ئىلاھىي ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنەتتى. ئۇلار، ۋەھىي، ئىلھام، پاراسەتتىن ئىبارەت ئىدى. ۋەھىي پەيغەمبەرلەرگە، ئىلھام ئەۋلىيالارغا، پاراسەت سوپى - دەرۋىشلەرگە ئاتا قىلىناتتى. ئابدۇلخالىقنىڭ كۆكسىگە بالا چاغلىرىدىلا پاراسەت ئۇرۇقى چېچىلدى. ئۇ توققۇز يېشىدا قۇرئاننى يادلىدى، ئون يېشىدا بۇخارادا رەھنەما دەپ ئاتالغان تەپسىر ئىلمىنىڭ سۇلتانى ئىمام سەدىردىنىنىڭ ئېتىكىنى تۇتتى. ئۇستازىنىڭ دەرگاھىدا بىرنەچچە يىل زەخمەت چېكىپ تەپسىر ئىلمىنى مۇكەممەل ئۆگەندى، كېيىن دەرۋىشلەرگە قوشۇلۇپ زىكىرگە كىرىشىپ كەتتى.

شەرق سوپىلىرىنىڭ يەكتاسى شەيخ ئەبۇ ياقۇپ يۇسۇپ ھەمەدانىي بۇخاراغا تەشرىپ بۇيرۇغاندا ئول زاتى پاكنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ باش قويدى. گاھ سەمەرقەنت، گاھ بۇخارادا پىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلدى، پىرىنىڭ مۇبارەك قولىدىن سوپىلىق خىرقىسىنى كىيدى. دوستى تۈركىي سۇلۇك ھالقىسىنىڭ بېشى شەيخ ئەھمەد يەسسەۋىي تۈركىستانغا كەتكەندىن كېيىن، بۇخارا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خانىقالار ئابدۇلخالىقنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتتى. خوجا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن غىجدۇۋان كەنتىگە چاغراققىنە بىر خانىقا بىنا قىلدى، ئۇنىڭغا ۋەخپە ئاجراتتى، خانىقاغا ياندىش قىلىپ مەدرىسە، مەسچىت سالدۇردى. بۇ يەر ئەمدىلىكتە ئاللانىڭ زىكرى بىلەن ھەق يولىغا كىرگەن دەرۋىشلەر، مەغرىبتىن مەشرىققە، مەشرىقتىن مەغرىبكە توختىماي قاتناپ يۈرىدىغان مۇساپىر يولۇچىلار ئۈچۈن قونالغۇ، قىشنىڭ سوغۇقى ۋە يازنىڭ ئىسسىقىدا باشپاناھ ئىدى. شەيخۇل ماشايىخنىڭ كارۋىنىمۇ شۇ يەرگە كېلىپ چۈشتى. ئىلگىرىدىن باشلاپ ئاۋات ۋە قايناق بۇ مەنزىل شەيخنىڭ قۇتلۇق قەدىمى تۇپەيلىدىن يەنىمۇ قىزغىنلىققا تولغانىدى.

قۇتبىددىن ئىككى كۈندىن بېرى ئەنە شۇ خانىقانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى كىچىككىنە ھۇجرىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىرگە قونىدىغان بابا ماچىن كۆپ چاغلاردا ھۇجرىدا

بېرى شەيخنىڭ قولتۇقىغا كىردى، زىكىردىن، تائەت ـ ئىبادەتتىن بوشىغان پەيتلىرىدە ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنى تەييارلاپ پىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئولتۇراتتى. شەيخ ياغاچتىن بۇيۇملارنىڭ نۇسخىسىنى يونۇپ، قالغان ئىشىنى قۇتبىددىنغا ھاۋالە قىلاتتى. قۇتبىددىن ئۇلارنى پەردازلاپ، راۋۇرۇس قىلىپ پۈتتۈرەتتى. قوشۇق، چۆمۈچ ۋە باشقا بۇيۇملار كۆپەيگەندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر خالتىغا سېلىپ بازارغا ئېلىپ باراتتى. بازاردا ئەلنىڭ كۆزىدىن چەترەك، خالىيراق بىر يەردە ئولتۇراتتى. ئالا خۇرجۇنىنىڭ ئۈستىگە ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى تىزىپ قوياتتى. بىر پەستىلا ئەتراپىغا خېرىدار توپلىناتتى. بازاردا ياغاچتىن ياسالغان تۈرلۈك ـ تۈمەن بۇيۇملار كۆپ ئىدى. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر خېرىدارلار قەلەندەر سۈپەت كىيىنگەن بۇ يىگىتنىڭ ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى. گويا ئەۋلىيانىڭ قولى تەگكەن مۇبارەك قوشۇقلارنى تونۇغاندەك بىردەمدىلا قۇتبىددىننىڭ ئالدىدىكى نەرسىلەرنى تالاپ كېتىشەتتى. قۇتبىددىن «بۇ پىرى مۇرشىدنىڭ كارامىتى بولسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئاللاغا شۈكرى ئېيتاتتى. ئۇ بازاردىن قايتىپلا يەنە شۇ ياخشى كۆرگەن مەشغۇلاتىغا كىرىشىپ كېتەتتى.

بۈگۈنمۇ قۇتبىددىن ئاپتاپقا چىقىپ، تېگىگە بىر ئەسكى تاغارنى تاشلاپ، تىزىغا بەلۋېغىنى يايدى، بىر يۈك خالتىدىن ئەسۋابلىرىنى ئالدى ـ دە، قوشۇق ياساشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ چاتىقى يوق ئىدى، قۇتبىددىنمۇ باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايتتى. ئەسلىدە خانىقا ئەھلىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىسىمۇ شۇنداق ئىدى. ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن بولاتتى. بىراۋ كىيىملىرىنى يامايتتى، كىمدۇر چورۇقىنى تىكەتتى، يەنە بىراۋلار بولسا قازان بېشىغا قارىشىپ، داش قازاندا تاھارەتكە سۇ ئىسسىتاتتى. دەرۋىشلەر بىر ئائىلىنىڭ ئىناق باللىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بىرەر ئېغىر ئىش بولسا، ئەتراپتىكىلەر دەرھال ياردەمگە كېلەتتى، بولمىسا بىر ـ بىرىنىڭ ئىشىغا دەخلى قىلىشمايتتى.

قۇتبىددىن پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشىغا كىرىشىپ كەتكەچكە،

بىر كۈنى ئۇ شەيخنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى ۋە تەكچىگە تىزىپ قويۇلغان تېخى تولۇق پۈتتۈرۈلۈپ بولۇنمىغان قوشۇق، چۆمۈچ-لەرنى كۆردى. قۇتبىددىن تىزلىنىپ پىرىدىن ئىجازەت سورىدى:

— بۇزرۇكۋارىم، ئەگەر ئىجازەت بەرسىڭىز ئاشۇ بۇيۇملارنى پۈتتۈرۈۋەتسەم...

شەيخ ئۇنىڭغا سىناق نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. قۇتبىددىن يەرگە تىكىلدى.

— بىر ئىشقا داۋاملىق مەشىق، مېھنەت بىلەن يەتكىلى بو-لۇر. كۆڭلىڭىزدە ھەۋەس پەيدا بولۇپتۇ، ئىجازەت بەردۇق، ساھا-بىلەرمۇ ھۇنەر ئىگىسى ئىدى. يىگىتنىڭ زىننىتى ھۇنەردۇر. ئېلىڭ، ئەمما قولىڭىزغا ئېھتىيات بولۇڭ.

قۇتبىددىن قوشۇق ۋە چۆمۈچلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

تۆت — بەش كۈندىن كېيىن ئۇ بىر چىرايلىق، بېجىرىم ياسالغان قوشۇقلارنى كۆتۈرۈپ ھاياجان ئىچىدە پىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. شەيخ ئۇلارنى بىرمۇ بىر قولىغا ئېلىپ قارىدى. قۇتبىد-دىننىڭ يۈرىكى تېپىرلاپ ئەمگىكىنىڭ باھاسىنى كۈتەتتى. ھەزرەت ئېغىز ئاچتى:

— مەخپىي ھالدا ھۇنەر قىلغىنىڭىزغا قانچىلىك ۋاقىت بولغا-نىدى، ئوغلۇم؟

قۇتبىددىننىڭ تىلى تاڭلىيىغا يېپىشىپ قالغاندەك بولدى. «ئەۋلىيادىن سىر ساقلاپ ياخشى قىلماپتىمەن. ئەمدى سامىنىم چېچىلدى» دەپ ئويلىدى قۇتبىددىن.

— توۋا قىلدىم، پىرىم، ئالتە ئايدىن بېرى كېچىلىرى شۇ ھۇنەرگە كىرىشكەنىدىم. ھۆددىسىدىن چىقالماي قالسام، ئەلنىڭ ئالدىدا ئۇيۇلۇپ قالماي دەپ...

— بارىكاللا! — شەيخ قۇتبىددىننى ئاقلىدى، — بۇنىڭدىن كېيىن قوشۇقنىڭ قورسىقىنى كىچىكرەك ئويۇڭ، تائامنىڭ يېرى-مى قوشۇقتا قالمىسۇن. لوقمىنى تولۇق يۇتماق سۈننەتتۇر.

— ئۇقتۇم، پىرىم، — دېدى قۇتبىددىن تەرلەپ، شۇنىڭدىن

لىرى ئېچىشتى.

يات كىشى يانچۇقىدىن خېلى كولىدى، ئاخىر قوشۇقنىڭ سېپىدەك قىلىپ ئورالغان قەغەزنى ئېلىپ قۇتبىددىنغا تەڭلىدى.

— مانا ئامانىتىڭىز، بېگىم. مەلىكەم سىزنى سېغىنىپ كېچە - كۈندۈز مۇبارەك كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس قان تۆكمەكتە...

قۇتبىددىن خەتنى ئالايمۇ، ئالمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا بابا ماچىن كېلىپ قالدى. قۇتبىددىن پىنھان بىر جىنايىتى ئاشكارا بولغان كىشىدەك تەمتىرىدى.

— بۇ تەقسىر سەمەرقەنتتىن مېنى ئىزدەپ كەپتۇ... — دېدى يات كىشىگە ئىما قىلىپ قۇتبىددىن. ھېلىقى كىشى ئۇستىدە گۈمبەزدەك تۇرغان ھەيۋەتلىك بابا ماچىنغا قورقۇپ قاراپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. بابا ماچىن ئۇنى كاللىسىدىن بېسىپ جايىدا ئولتۇرغۇزدى.

— ئايغاقچى ئىكەنسەن - دە، — دېدى ئۇ ئالىيىپ.

— ياق... مەن... مەكتۇپ ئەكەلدىم. مەلىكە... مەلىكىمىزدىن...

بابا ماچىن قۇتبىددىن بىلەن بىر ھۇجرىدا تۇرغاچقا، ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن سەۋدالاردىن خەۋەردار ئىدى. «سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئادەملىرى بۇ بالىنى گۆرىگىچە ئامان قويمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە قۇتبىددىننىڭ قولىدىكى ئۆتكۈر قىرغۇچنى تارتىۋېلىپ، يات كىشىنىڭ ساقىلىنى تۇتاملىدى.

— ھازىر سېنى كوچىغا چىقالمايدىغان قىلىپ قويىمەن! زەيپانىلەردەك ياغلىق چېگىپ يۈرىدىغان بولىسەن. ئىتنىڭ بالىسى!

بابا ماچىن يات كىشىنىڭ ساقىلىنى يېرىمىدىن كېسىۋالدى.

ئۇ ئەتراپنى بىر ئېلىپ داد سالدى:

— مۇسۇلمانلار، ئۇ مېنىڭ ئىمانىمدىن ئايرىدى! زالىمنىڭ زۇلمىدىن داد!

يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان كىشىنى بايقىماي قالدى. بىر چاغدا يېنىنىڭ يۆتەلدىن ئېسىنى يىغىپ بېشىنى كۆتۈردى. يېنىدا ئۆچكە ساقال، بۇرۇتمۇ ئالىراق، تۇرقى چاغراق بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇستىدىكى پاختىلىق چاپىنىنىڭ قارىغاندا يىراق يولغا ئاتلانغان سودىگەرگە ئوخشايتتى.

— ئىلاھا، قولىڭىز دەرد كۆرمىسۇن، — دېدى يات كىشى.

قۇتبىددىن «قۇللۇق، تەقسىر» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدىيۇ، ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. شۇ ھالدا ئازراق ۋاقىت ئۆتتى. كېيىن قۇتبىددىننىڭ ئۇستىدە چاقماق چېقىپ، ئاسمان گۈمبۈرلىگەندەك بولدى.

— شاھزادىلەرگە ياراشمايدىغان ھۈنەرنى ئۆگىنىپسىز، بېگىم...

قۇتبىددىننىڭ قەلبى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، يۈرىكىنىڭ سېلىشى تېزلەشتى، تېخى ھازىرلا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يايرىتىپ تۇرغان زوق ـ ئىشتىياقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى، ۋۇجۇدىنى گۇمان، قورقۇنچ ئارىلاش مەۋھۇم بىر تۇيغۇ ئىگىلىدى. ئۇ يالت قىلىپ يېنىدىكى كىشىگە باقتى، ئۇنىڭ يېنىدا ھېلىقى نىكاھ كېچىسى ھۇجرىنىڭ پەنجىرىسىدىن مارىغان شەيتانغا ئوخشاش مەخلۇق ئولتۇراتتى.

نەچچە يىللاردىن بېرى، قۇتبىددىن دەرۋىشلەر ئارىسىدا يۇرۇپ ھېسسىياتىنى تىزگىنلەشنى مەشىق قىلغانىدى. دەسلەپتە ئۇ ياشلىق تۇيغۇسىغا بېرىلىپ، يات كىشىگە مۇشت ئاتماقچى بولدى، كېيىن ئىستىغپار ئېيتىپ، ئۆزىنى بېسىپ سورىدى:

— تەقسىر، ئۆزلىرى كىم بولىدىلا؟

— خۇدا خالىسا، سىزگە خالىس خىزمەتكار بولساق دېگەن نىيەتتىمىز، بېگىم... سىزگە سۆيۈملۈك مەلىكىڭىزدىن مەكتۇپ ئەكەلدىم.

يات كىشى قوينىغا قولىنى سالدى. قۇتبىددىننىڭ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى، بوغۇزىغا بىر نەرسە تىقىلىۋالغاندەك بولدى، يۈز-

بابا ماچىن ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

— ئىمانىڭ بولسا پۇلغا سېتىلىپ، بىراۋنىڭ ئىزىدىن ئىزدەپ يۈرەمسەن، ناكەس؟! ماڭ، ئەمدى بېرىپ يەم يېگەن ئوتۇرۇڭغا بېرىپ هاڭرا!!

بابا ماچىن يات كىشىنى سىلكىپ قولىدىن تارتتى. ئۇنىڭ بارمىقى قاس قىلىپ سۇندى. ئۇ بىر قولى بىلەن كېسىپ تاشلانغان ساقىلىنى توسۇغانچە ۋارقىراپ خانىقادىن چىقىپ كەتتى.

بىر غېرىچ كېلىدىغان زەر قەغەزگە ئورالغان مەكتۇپ قۇتبىددىنىڭ قولىدا قالدى. ئۇ مەكتۇپنى قوينىغا سېلىپ قويدى.

— پىرىم سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى بابا ماچىن ۋە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

قۇتبىددىن هۇجرىسى تەرەپكە كېتىۋېتىپ سول كۆكسىنى سىلاپ قويدى، ئانىسىنىڭ خېتى، ئانىسىنىڭ سۆزى كۆكسىنى چوغدەك كۆيدۈرۈپ تۇراتتى.

# 23. ناشەرئىي خىراج

قانائەت بىر قورغانكى، ئۇنىڭغا كىرسەڭ، نەپ-
سىڭنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلىسەن.

— ئەلىشىر نەۋائىي

ھەزرەتنىڭ كارۋىنى ئاخىر بۇخاراغا يېتىپ كەلدى. خوجا ئابدۇلخالىق قەدىردان دوستى ۋە ئۇنىڭ مەھرەملىرى ئۇچۇن بىر چاغلاردا ئەھمەد يەسسەۋىي رەئىسلىك قىلغان، ئەمدىلىكتە بولسا ئۆزى باش بولۇپ تۇرغان خانىقادىن جاي ھازىرلاتقانىدى. دەرۋازىدىن كىرىۋېتىپ سۇلتانۇل ئارىپىننىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىر ئوت تۇتاشتى، يىگىتلىك گۈلشىنى ياشنىغان، بالاغەت مەۋسۇملىرى ئۆتكەن، كامالەت بېغىنىڭ سەرخىل مېۋىلىرى يېتىلگەن بۇ ئەزىز ماكانىنى كۆڭۈلدىن ئۆچۈرۈپ بولامدۇ؟

ھەزرەت خاس خانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ بىر نەپەس توختىدى. كېيىن «ئەلھەمدۇلىللا» دەپ ئىچكىرىپ بوسۇغىدىن ئاتلىدى.

تەرىقەت ئەھكامىغا ئاساسەن ئاددىي داستىخان سېلىندى. ساپال كوزىلاردا شەربەتلەر كەلتۈرۈلدى. كىچىك - كىچىك تەخسىلەردە بۇخارانىڭ مەشھۇر يېمىشلىرى تىزىلدى... شەيخ تۆت دانە كىشمىش، تۆت دانە پىستە، بىر چىشلەم نان يېدى، شەربەتتىن بىر - ئىككى يۇتۇم ئىچتى. خوجا ئابدۇلخالىق قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى سەل ئەگدى:

يىلىلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، سۆھبەتنى ياپتى. شەيخ كۆڭۈل كۆزىنى بۇخاراغا تىكتى: «بۇخارا — بەرنا شەھەر، شۇنچە زىبا شەھەر! ئۇنىڭ تېشىمۇ، ئىچىمۇ زەر بىلەن يۇغۇرۇلغاندۇر. شۇل سەۋەبتىن تىللا ئۆزۈكتەك قولدىن قولغا ئۆتەرمۇ؟ ئىلمۇ ئېرپان بۆشۈكى بۇخارا...»

شەيخنىڭ خىيالى خېلىغىچە سوزۇلدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە سالمان پارسىيدىن قالغان ھەدىس كەلدى. رىۋايەت قىلىدۇلەركىم، بىر كۈنى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مۇستاپاغا دېدىلەر: «يا مۇھەممەد، كۈنچىقىش تەرەپتە بىر مەملىكەت باردۇر، ئۇنى خوراسان دەرلەر. بۇل مەملىكەتنىڭ ئۈچ شەھىرىنى تاڭلا مەھشەردە ياقۇتلار، دۇرلار بىلەن زىننەتلەپ ئەكەلگەيلەر. ئۇل شەھەرنىڭ ئەتراپىدا مالائىكىلەر جەۋلان قىلىپ يۈرەرلەر. بۇ شەھەرلەر ئۆززە نۇرى ئىمان يىغىلىپ تۇرارمىش». ھەزرىتى پەيغەمبەر: «ئۇل شەھەرلەرنىڭ نامىنى ئېيتقىن!» دېدىلەر. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئېيتتىلەركى: «بۇ جەننەتى مەۋلىلارنىڭ نامى، بىرى قاسىمى، بىرى سەمەرىيە، ئانى پارسچىدە سەمەرقەنت دەرلەر. يەنە بىرى پاخىرەدۇر، پارسلار ئانى بۇخارا دەپ ئاتارلار.» رەسۇلىللا سورىدى: «نېمىشقا پاخىرە دەرلەر؟» جەبرائىل ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەردىكى: «ئۇل شەھەر ھەق يولىدا شېھىت بولغان بەندىلەرنىڭ كۆپلۈكى بىرلە پەخىرلەنگۈسىدۇر، نۇرى ئىسلامنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە ئۆلىمالارنىڭ كۆپلۈكى بىرلە پەخىرلەنگۈسىدۇر، شۇل بائىستىن ئانى پاخىرە دەرلەر.» رەسۇلى ئەكرەم، ئىلاھا بۇخارا ئەھلىنىڭ دىلىنى تەقۋا بىرلە پاك ئەيلىگىن، ئۇلارنى مەغپىرەت قىل، تا قىيامەتكىچە بەرىكىتىدىن ئايرىما، دەپ دۇئا قىلدىلەر.

ھەزرەت دۇئا قىلىپ ياستۇققا باش قويدى، سۆبھىدىن بۇرۇن يەنە دۇئا بىلەن باش كۆتۈردى. شەيخ ئاز ئۇخلايتتى، ئاز سۆزلەيتتى، يېمەكلىكنى ئاز يەيتتى، كەمدىن - كەم كۈلەتتى. شەيخ ئۇڭ قولىدا چۆگۈن كۆتۈرۈپ تۇرغان قۇتبىددىننى كۆرۈپ، ئىلدام

— خۇش كېلىپسىز ، شەيخىم، بۇل خانىقا مۇبارەك قەدەملە-
رىڭىزدىن نۇرلاندى. جانابىڭىزنى جېنىمىز بىلەن سېغىنغاندۇق.

بۇ تەكەللۇپقا جاۋابەن، شەيخمۇ بېشىنى ئېگىپ تەزىم قىلدى. خوجا ئابدۇلخالىق تەكچە تەرەپكە قاراپ ئارىپ رېۋگەرگە ئىما قىلدى. رېۋگەرى ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ پەردىنىڭ كەينى-دىكى تەكچىدىن كىچىكرەك بىر قارا قۇتىنى ئالدى، ئۇنىڭدىن بىر تەسۋىنى چىقىرىپ ھەزرەتكە ئۇزاتتى:

— پىرى مۇرشىد، ئاللانىڭ سۆيۈملۈك بەندىسى خوجىمىز-دىن سىز جانابلىرىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزگە قالغان نىشانەئى شەرىپ...

شەيخ قارا گۆھەردەك تەسۋىنى تونۇدى. بۇ ئۇستازى يۈسۈپ ھەمەدانىيدىن قالغان يادىكارلىق ئىدى. ئۇستازى بۇخارادىن كې-تەر چېغىدا بۇ تەسۋىنى، سىزگە ئامانەت، دەپ ئۇچىنچى خەلىپىسى بولمىش ئەھمەد يەسسەۋىيگە تاپشۇرغانىدى ھەمدە ۋەسىيەت قىلىپ: «ئىككىلا ھالقىنى سىزگە تاپشۇردۇق، ئوغلۇم. بۇل ھالقا بىرلە ئول ھالقىنى ئاۋات قىلغايسىز» دېگەنىدى. شەيخ ئۇستازىنىڭ سۆزلىرىنىڭ مېغىزىنى چاقتى: «بۇل ھالقا ئىسمىئەزەم، ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن سىيرىلغان تەسۋى، ئول ھالقا دەرۋىشلەر سۇلۇكى» ئىدى. شەيخۇل ماشايىخ تۈركىستانغا ئاتلىنىدىغان چاغدا، تەسۋىنى ئۇستازىنىڭ تۆتىنچى خەلىپىسى، زىكرى قەلبىيە (خۇپىيە) تەرەپ-دارى بولغان خوجا ئابدۇلخالىققا قالدۇرغانىدى. ھازىر ئەنە شۇ تەسۋى ئۇنىڭ قولىدا پارقىراپ تۇراتتى. ھەزرەت تەسۋىنى سۆيۈپ كۆزىگە سۈرتتى، كېيىن پىرى كامىلىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ، ئامانەتنى خوجا ئابدۇلخالىققا قايتۇرۇپ بەردى.

خۇپتەن بولغاندا مېھمانلار تارقىدى. ھۇجرىدا ئىككى دوست تەنھا قالدى. ھەر ئىككىلىسى يانمۇيان، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇ-راتتى. خوجا ئابدۇلخالىق سەزدىكى، دوستى بۇخارانىڭ خىيالى بىلەن بەند ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا مالاللىق يەتكۈزۈپ قويۇشنى خالىمىدى. شەيخمۇ خوجىنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ زىكرى قەلبىيەگە ما-

«ئاللا! ياﺋاللا!» دەپ نىدا قىلىشاتتى.
شەيخۇل ماشايىخ كىشىلەرگە كىرپىك قاقماي تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەرىپىدە خوجا ئابدۇلخالىق، سۇلايمان باقىرغانىي، دەسلەپكى ئۇستازى ئارسلانبابىنىڭ پەرزەنتى شەيخ مەنسۇر، خوجەنىڭ خەلپىسى ئەھمەد ساداقىي، چەپ تەرىپىدە ئارىپ رېۋگەرى، بابا ماچىن، قۇتبىددىن، بۇخارانىڭ سەدرى ئابدۇلئەزىز ئىبن بۇرھانىددىن، شەھەر ۋالىيسى پەزلۇللاھ قىران، سەمەرقەنتنىڭ شەيخۇلرەئىسى ئابدۇررەززاق، ئۇنىڭدىن باشقا بۇخارالىق ئۆلىمالار تۇراتتى.
قىسقا ئەمرىمەرۇپ ۋە دۇئادىن كېيىن شەيخ ئايۋاندىن چۈشۈشكە تەمشەلدى. شۇ پەيتتە كىشىلەر ئىككى بۆلەككە ئايرىلىپ، كەينىگە ئۆرۈلدى. دېھقان سۈپەت ئىككى يىگىت ئۈچ گەز كېلىدىغان مىس قەپەسنى ئىككى يېنىدىن كۆتۈرۈپ ئايۋانغا ئەكىرىۋاتاتتى. قەپەستە چىرايلىق تاۋۇس پارقىراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن سۆسەر تەلپەك، كۆكۈچ موۋۇت تون كىيگەن بىر كىشى كېلىۋاتاتتى.
يىگىتلەر قەپەسنى ئايۋانغا ئەكىرىپ شەيخنىڭ پۇتىنىڭ يېنىغا قويدى. سۆسەر تەلپەكلىك كىشى «بىسمىللا ...» دەپ ئايۋانغا كىردى ۋە شەيخكە تەزىم قىلدى، شەيخنىڭ ئېتىكىنى سىلاپ كۆزىگە سۈرتتى، كېيىن ئەرز ـ ھالىنى سۆزلىدى:
— پىرىم، كەمىنە ئاجىز قۇلىڭىز تەۋئىسلىق مۇلۇكدارلار ئەۋلادىدىندۇرمەن. ھەزرىتىمىز مەككەئى مۇكەررەمگە ئەزىم قىلىپلا... يىراق يولدا كۆزلىرىنى روشەن قىلسۇن دېگەن نىيەتتە جەننەت قۇشلىرىدىن بىرىنى جانابلىرىغا ھەدىيە قىلماقچى جۈرئەت قىلدىم.
سۆسەر تەلپەكلىك كىشى شەيختىن دۇئا كۈتۈپ بېشىنى ئەگدى. شەيخ:
— قەيەردىسىز، پەزلۇللاھ قىران؟ — دەپ ئەتراپىغا باقتى. ۋالىي قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بىر قەدەم ئالدىغا چىقتى. شەيخ

ئورنىدىن تۇردى. بۇخارانىڭ دەسلەپكى تېگى ئېتىۋاتاتتى.
سالاۋاتتىن كېيىن سوپىلارنىڭ قەدىمىي ئۇدۇمىغا ئاساسەن
شەيخ ئەھمەد يەسسەۋىي بىلەن خوجا ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىي قۇ-
چاقلىشىپ كۆرۈشتى. خوجا ئابدۇلخالىق شەيخنىڭ ئورۇق، قات-
تىق قوللىرىنى يۇمشاق، يوغان ئالىقانلىرىغا ئېلىپ دوستىغا مې-
ھىر بىلەن باقتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە شەيخ ئازراق ياشىنىپ قالغان-
دەك، ئەسلىدىن بۇغداي رەڭ چىرايى يەنىمۇ قارايغاندەك قىلاتتى.
ئۇ: «دەشتى قىپچاقنىڭ شاماللىرى كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇلۇسنىڭ ئىسلامغا بەيئەت قىلمىقى ئاسان ئەمەس. شەيخنىڭ
ساقىلى ئۇلارنىڭ زەخمىتىدىن ئاىلاپتۇ.» خوجا ئابدۇلخالىققا
شەيخنىڭ كۆزلىرى يېقىملىق كۆرۈنەتتى. ئادەمگە مۇڭلۇق، مە-
يۈس باقىدىغان، قارىغا مايىل، ئويچان ۋە تەگسىز بىر سىر يوشۇ-
رۇنغان بۇ ئۆتكۈر كۆزلەرگە ئۇزاق نەزەر سېلىش مۇشكۈل ئىدى.
شەيخنىڭ نەزىرىدە خوجا ئابدۇلخالىق جىسمانىي جەھەتتىن پىشىپ
يېتىلگەندەك قىلاتتى، قاۋۇل قامەت، ئۇزۇن ساقال، كەڭ پېشا-
نە، قاپقارا كۆزلەر، قىزىلىشراق... ئەمما قويۇق قاشلىرىغا ئازراق
قىرو قونۇپتۇ. دېمىسىمۇ دوستى تۆتىنچى مۇچەلنى تۈگىتىپ،
بەشىنچى مۇچەلنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپتۇ.
ئۇلار ناشتىدىن كېيىن بۇخارانى سەيلە قىلىشقا ئاتلاندى.
ھويلىغا نۇرغۇن كىشى توپلانغانىدى. ئۇلار ھەزرەتنىڭ ھەمراھلى-
رى، ئادەتتە خانىقادا تۇرىدىغان دەرۋىشلەر، تۈركىستاندىن كېلىپ
مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇخارادا تۇرۇپ قالغان قوۋملار، يەس-
سەۋىيە تەرىقىتىنى دەستۇر دەپ بىلگەن سوپىلار، شەھەردىكى
مەسچىتلەرنىڭ ئىمام، خاتىپلىرى، مەدرىسە تالىپلىرى ۋە باشقىلار
ئىدى. بۇ يېقى خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردىن، ئۇ يېقى رۇم
ئېلىگىچە ئەھمەد يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىنى قىرائەت قىلىپ يۈرگۈ-
چى مەدداھلار توپ ـ توپ بولۇپ، خانىقانىڭ ھويلىسىغا قىستىل-
شاتتى، ئەۋلىيانىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىر كۆرۈش ئۈچۈن توپ
ئىچىدىن بويىنى سوزۇپ ئىچكىرىگە ئىنتىلەتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ

قانلىقى ھەقىقەت. مالامەتتىن خالىي بولۇشنىڭ يولى — سەۋر قىلىش ۋە سۈكۈت ساقلاش» دەپ ئويلىدى.

كالتەكنىڭ چوڭى ۋالىيغا تەگكەنىدى. ئۇ بىئارام بولۇپ تىپىرلايتتى، ئۈستىگە قاراپ تېخىمۇ خىجىل بولدى. ئۇ بۈگۈن باشقا كۈنلەردىكىدىنمۇ ھەيۋەتلىكرەك كىيىنگەنىدى. شەيخنىڭ ئۇ-نى تاۋۇسقا قىياس قىلغىنىنى ۋۇجۇدىنى ئۆرتەپ تاشلىدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن «شەيخ ئەھۋالىمنى بىلسە كېرەك، ئۇ نېمىشقا مېنى تاۋۇسقا تەڭلەشتۈرىدۇ» دېگەنلەر كەچتى. تۆت يىل بۇرۇن خارەزم شاھ ئاتسىز بۇخارانى ئىگىلىگەندە ئۇنى ۋالىي قىلىپ قويۇپ كەتكە-نىدى. كېيىن سۇلتان سەنجەر قوشۇن تارتىپ كەلدى، بۇخارانى ئىلكىگە ئالدى. خارەزم شاھنىڭ ئادەملىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈز-دى. پەزلۇللاھ «مەڭگۈ قۇلىڭىزمەن، سۇلتانىم» دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن مەنسىپىنى ساقلاپ قالدى. سۇلتان سەنجەر ساددا، ئەپۇچان كىشى ئىدى، شۇڭا ئۇ قۇرئانغا ئىشەندى. بىراق، ۋالىي باغدات خەلىپىسىنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلاپ، ئاستىرتىن خارەزم شاھ ئاتسىزنىڭ خىزمىتىنى داۋام قىلدى. ئۇ بىلەتتىكى، باغدات خەلىپىسى بىلەن خارەزم شاھ ئالائىددىن ئاتسىز مەنىۋى ئاتا - بالا بولۇپ، سۇلتان سەنجەرگە قارشى تىل بىرىكتۈر-گەنىدى. پەزلۇللاھنىڭ نەزىرىدە خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ئۇزۇن دەررىسى بىلەن ھەممىنى — خەلىپىنىمۇ، خارەزم شاھ ئالائىددىن ئاتسىزنىمۇ، ئۇنىڭ سادىق ئايغاقچىسى بولمىش ۋالىينىمۇ باراۋەر ساۋاۋاتقاندەك قىلاتتى. «يەسسەۋىي يولىغا كەتكەي، نېسىپ قىلسا خارەزم شاھ ئالائىددىن ئاتسىز بۇ يەرگە كەلگۈسى، بۇخارانىڭ تىزگىنىنى يەنە قولىمىزغا چۈشكۈسى، ئىنشائاللا!» دەپ قويدى ۋالىي ئىچىدە.

شەيخ بىردەم نەپەسىنى راسلىدى، كېيىن كەسكىن، مەغرۇر ئاھاڭدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇخارا ۋالىيسىنىڭ بۇنداق ئىشلىرىنى پارا بېرىش دەپ قاراش كېرەك. خەلپە جانابلىرى بولسا بول ھارام لوقمىنى قوش

سۆسەر تەلپەكلىك كىشىگە ئۆرۈلۈپ، — بۇ جانىۋارنى ۋالىيغا ئاتا قىلىڭ. ۋالىي جانابلىرىنىڭ روھلىنىدىشىدىنى مانا شۇ تاۋۇستىن ئۆگەنسۇن.

ھەزرەتنىڭ گېپىدىكى ئاچچىق كىنايىنى خوجا ئابدۇلخالىق بىلەن بۇخارا ۋالىيسى پەزلۇللاھ قىراندىن باشقا ھېچ كىشى ھېس قىلمىدى. شەيخ پىكرىنى سەل ئۇچۇقراق بايان قىلغۇسى كەلدى.

— تۇركتە بىر ماقال باركىم، تاۋۇس قانىتىغا قاراپ روھلىنارمىش، پۇتىغا قاراپ خورلىنارمىش. بىز بۇخارايى شەرىپنىڭ پۇقراسىمىز دەپ پەخىرلىنىمىز. لېكىن، ئەھلى پۇقرانىڭ قولىنى قاپارتتۇرۇپ كۆزىدىن ياش ئەمەس قان تۆكۈپ تاپقان ھالال مېلىنى ئاببىاسىيلارغا تارتۇق قىلىشتىن ئار قىلمايمىز. ۋالىي (ھاكىم) جانابلىرى خەلىپە ئەل مۇفتەفىينىڭ كۆڭلىنى ئالغانغا مەغرۇر. قازى - قۇززاتلار پەتىۋا بىرلە مەشغۇل، كارۋانچىلار تۆگە يېتىلەپ بۇخارانىڭ ئالتۇنلىرىنى باغداتقا توشۇش بىلەن ئاۋارە! بۇ ئۇلۇسنىڭ ئىگىسى بارمۇ ئۆزى؟ ئۇنداقتا ئىگىسى كىم، ئېيتىڭلارچۇ، ئۇنىڭ ئىگىسى گورخانمۇ؟ خارەزم شاھ ئاتسىزمۇ، سۇلتان سەنجەر مەلىك شاھمۇ؟ ۋە ياكى بۇ تەرەپكە قولىنى سوزۇپ لوقما كۈتۈپ ئولتۇرغان خەلىپە — ئەمىرۇل مۇسلىمىن ئەل مۇفتەفىيمۇ؟

ھويلا ئېغىر سۈكۈتكە چۆكتى. تا ھازىرغىچە بۇخارا مۇنبەرلىرىدە ئەمىرۇل مۇسلىمىنىنىڭ شەنىگە بۇنداق گەپ ئېيتىلمىغاندى. خەلىپىنى ئەيىبلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ نامىغا سايە سالىدىغان سۆزلەرنى قىلىش، نە ھۆكۈمدارلارنىڭ، نە ئۆلىمالارنىڭ خىيالىغا كەلگەن ئەمەس. بۇخارا ئۆلىمالىرىنىڭ رەھنەماسى بولمىش ئابدۇلئەزىز ئىبنى بۇرھانىدىن شەرىئەتنىڭ دەلىلى دېگەن ئۇنۋانغىمۇ ئىگە ئىدى. شەيخنىڭ گېپى ئۇنىڭغا تەستەك بولۇپ تەگدى. ئۇ گېزىرىپ، لېۋىنى چىشلىدى، ئۇ شەيخكە ئىككى ئېغىز جاۋاب قىلماقچى بولدى، كېيىن بۇ نىيىتىدىن قايتتى. «سۆزلىگەندىن سۆزلىمىگەن ياخشىراق. يارنى ئېغىز ئالدۇرماي. بۇخارانىڭ ئېسىل ماللىرىدىن خەلىپىلىككە قىسمەن ئېھسان قىلىنىۋات-

# 24. دىيانەتكە خىيانەت

ئۇرۇشتا رەقىبىنى يەڭگەن كىشى باتۇر ئەمەس،
بەلكى غەزىپى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان كىشى باتۇر.

— ھەدىس

سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى سەنجەر مەلىك شاھ خۇپتەندە چېدىرىدىن بىئارام بولۇپ چىقتى. ئىشىك ئالدىدا قىلىچ ۋە قالقان بىلەن قوراللانغان ئىككى قاراۋۇل داڭ قېتىپ تۇراتتى. ئۇلار سۇلتاننىڭ شەپىسىنى سېزىپ، يەرنى تېپىپ قويدى. سەنجەر ئۇدۇل دەريا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ھۆكۈمدارنىڭ قامىتىنى، بېشىدىكى بۆكىنى كۆرۈپ قاياقتىندۇر قورچىبېشى تەكەش باھادىر يېتىپ كەلدى. «نېمە ئىش، ھەزرىتىم؟» دېگەندەك، سۇلتاننىڭ يۈزىگە سوئال نەزىرىدە باقتى، كېيىن كەينىگە تۆت قاراۋۇلنى ئەگەشتۈرۈپ، ھۆكۈمدارنىڭ ئىزىدىن ماڭدى. ئەتراپنى تۇمان قاپلىغانىدى. تۇماننىڭ تەسىرىدىن ئون قەدەم نېرىدىكى نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. تەكەش باھادىر سۇلتاننىڭ ئىشەنگەن ئادەملىرىدىن ئىدى. ئۇ نەچچە زامانلاردىن بېرى سۇلتانغا ئەقىدە، ۋاپا بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. مانا ھازىرمۇ سۇلتاننىڭ قارىسىنى كۆزدىن قاچۇرماي ئىزمۇئىز كېتىۋاتاتتى.

سۇلتان دەريا لېۋىگە بېرىپ توختىدى. قاراۋۇللار ئۇنى كەينى تەرەپتىن ئوراپ تۇردى. تەكەش باھادىر كەڭ كۆكرەكلىرى بىلەن

قوللاپ قوبۇل قىلماقتا. تىلىدا دۇئا، دىلىدا دۇنيا دېگەن شۇ! بىز بۇل خۇسۇستا خەلپىنىڭ ئۆزىگە مەكتۇپ پۈتمەكنى نىيەت قىلىپ قويدۇق!

ئابدۇلئەزىز ئىبنى بۇرھانىددىن شەرئىيەت نازارەتچىسىنىڭ بىقىنىنى تۈرتتى:

— ئەمىر ۇل مۇسلىمىن ھەزرەتلىرىگە بۇنداق نامە پۈتمەككە شەيخنىڭ ھەددى سىغارمىكىن ياكى بۇ پۇقرالارغا ياخشىچاق بولۇش سەۋەبىدىن ئېيتىلغان تەكەللۇپمىكىن؟ — دېدى پەس ئاۋازدا، نازارەتچى شەيخۇل ماشايىخنى ئون بەش يىلدىن بېرى، بۇخارا سوپىلىرىغا رەئىسلىك قىلغان ۋاقتتىن باشلاپ بىلەتتى.

— شەيخۇل ماشايىخنىڭ مىجەز - خۇلقى كەمىنىگە ئايان، — دېدى پىچىرلاپ ئۇ، — ئەگەر رەسۇلى ئەكرەم تىرىلىپ كەلسىمۇ ئەۋلادلىرىڭىزغا ئىنساپ - تەۋپىق تىلەڭ، دەپ ئىلتىماس قىلىشتىن يانمايدۇ.

خوجا ئابدۇلخالىق سەزدىكى، قوۋملىرى ئۇنىڭ ئىككى ئېغىز سۆزىگە تەشنا ئىدى. ئۇلار سۇلتانۇل ئارىپىنىنىڭ تەنە - دەشنامىلىرىغا جاۋابەن خوجا نېمە دەركىن، دەپ تەلمۈرۈپ تۇرۇشاتتى. خوجا قىسقا يۆتىلىپ ئېغىز ئاچتى:

— شەيخۇل ماشايىخ جانابلىرى ئەھلى بۇخارانىڭ ھەققىنى كۆزلەپ سۆزلىدى. كۆڭۈللەرگە ئېغىر ئالماڭلار. ئەمىر ۇل مۇسلىمىنگە ئەۋەتىلىدىغان زاكات بىرلە خىراج ۋاجىپ نەرسىدۇر. ئەمما، ئۇنىڭ مىقدارى بۇخارادا بىر باراۋەر كۆپ بولۇپ كەتتى، بۇمۇ مەخپىي ئەمەس. بۇخارائى شەرىپنىڭ يىللىق خىراجىتىگە باراۋەر مال ھېلىمۇ خەلىپىنىڭ سارىيىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئىش ئەھلى دىيانەت تارازىسىدا ناشەرئىدۇر. چۈنكى، ئۇتۇن چاپقاننىڭكى، نان ياققاننىڭكى بولمىقى لازىم.

خوجا ئابدۇلخالىق يۈزىگە پاتىھە تارتىپ ئايۋاندىن چۈشتى، ئاندىن شەيخكە يول بوشاتتى. زىيارەتچىلەر خانىقادىن تارقىلىپ، بۇخارا كوچىلىرىنى سەلدەك تولدۇرۇپ كېتىشتى.

ئوتنولار ئەملىشىپ قالغانىدى. شۇڭا، چاراسلاپ ئاۋاز چىقىرىپ، كۆكۈچ تۈتۈن ئۆرلىتىپ كۆيۈشكە باشلىدى.

مۇلازىم تېپىپ كەلگەن كۆتەكنى باھادىر گۈلخاننىڭ ئالدىغا قويدى. سۇلتان قاشقىر تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن جۇۋىسىنىڭ ئېتەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كۆتەككە ئولتۇردى، قولىغا بىر گەزچە كېلىدىغان بىر تاياقنى ئالدى. ئۇ ئەتراپقا كۈمۈش ئۇچقۇن چاچرىتىپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئاستا ـ ئاستا تۈرتۈپ قويدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ جىسمىغىمۇ ئوت تۇتاشقاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئېسىگە تۈركلەرنىڭ «ئىسسىنمىدىم ئوتۇڭغا، كۆر بولدۇم تۈتۈنىگە» دېگەن سۆزى كەلدى. سۇلتان: «نېمىدېگەن ئاجايىپ، بۇ دۇنيادا نېمە ھادىسە سادىر بولسا، ئۇنىڭ ئىزىدىن بىر ھېكمەت تۇغۇلارمىش. بەئەينى ئاتىسىزغا قارىتىپ ئېيتىلغاندەك...» دەپ ئويلىدى.

قەلئە تەرەپتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. خۇپتەننىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، بامداتقا تېخى پۇرسەت بار ئىدى. سۇلتان بېشىنى بۇراپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى. ئادەتتە، بىرەر پالاكەت يۈز بەرسە ياكى جەڭ بولۇپ قالسا ۋاقىتسىز ئەزان ئېيتىلاتتى. سەنجەر، «ئۇل مەلئۇن تۇن چاپقۇنىغا ھازىرلىق قىلىۋاتامدىغاندۇر؟» دېگەندەك، قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قەلئەگە تىكىلدى. تەكەش باھادىر ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ، ئېگىلىپ پەس ئاۋازدا دېدى:

— كۆڭۈللىرىنى توق تۇتسىلا، ھەزرىتىم. بۇ ئۇلارنىڭ بىز يەنىلا تىرىك دېگەنلىكىدىن بېشارەتتۇر. ئۇلار قەلئەدىن بېشىنى چىقىرىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. مەرگەنلىرىڭىز ئوقنى كامانغا سەپلەپ ئۇلارنىڭ ماڭلىيىنى نىشانلاپ تۇرۇپتۇ.

سۇلتان خورسىنىپ قويدى:

— ئەل ئاغزىدا «تىرىك بولۇپ تۆردە يوق، ئۆلۈك بولۇپ گۆردە يوق» دېگەن ماقال باردۇر.

باھادىر يەنە تەزىم بەجا كەلتۈردى:

— كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، دۆلەتپاناھ. ئەل ئاغزىدا يەنە بىر ماقال باركىم: «تۇمۇچۇقنىڭ ئەجىلى يەتسە بۈركۈت بىلەن

ئۇنى پىنھان ئوقتىن ھىمايە قىلماقچى بولغاندەك سۇلتانىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇردى. سەنجەر بۇنى بايقاپ باھادىرنىڭ يەلكىسىدىن ئاستا تارتتى:

— بولدى قىلىڭ، باھادىر. رەقىبىنىڭ ئوقىدىن ئامان قېلىش مۇمكىندۇر، ئەمما ئاللانىڭ ئوقىدىن قۇتۇلۇپ بولماس.

— توغرا ئېيتتىلا، ھەزرەت، — دېدى تەكەش باھادىر سەل چەتكە سۈرۈلۈپ، — بۇ قەسەمخور ئاتسىزدىن ھەرقانداق يامانلىقلار كېلىدۇ. بىر تۇلكە يەتتە قاشقىرنى تۇمشۇقىدىن سۆرەپ يۈرەرمىش.

— تەقدىرى ئەزەلدە نېمە پۈتۈلگەن بولسا، شۇ مۇقەررەر بولغۇسىدۇر، — دېدى مەيۇس ئاۋازدا سۇلتان، — مېنىڭ، سىزنىڭ، جۈملە مۆمىنىنىڭ بۇ پانىي دۇنيادىن قاچان كەتمىكىمىز ئاننىڭ قورسىقىدا ئايان بولارمىش. تەقدىردىن قېچىپ نەگە بارغايمىز، باھادىر؟ بىز بۈرۈن كەتكەيمىزمۇ ۋە ياكى ئول كاززاپ ئاتسىزمۇ، بۇ يالغۇز ياراتقاننىڭ ئۆزىگە روشەندۇر!

— ھەق راست، — دېدى باھادىر، — بۇ يالغان دۇنياغا بارچىمىز مېھمانمىز، قانداقلا بولمىسۇن ئاخىرەتتە ئاللا شاراپىتىنى ئايىمىغاي.

— باھادىر، ئوتۇن ئەكېلىپ گۇلخان يېقىڭ، — دېدى سەنجەر دەرياغا مەيۇس تىكىلىپ، — ئوتىنىڭ تەپتىنى سېغىنىۋاتىمەن.

تەكەش باھادىر بىر قاراۋۇلغا ئىما قىلدى. قاراۋۇل تېزدىن كېتىپ قالدى. سەلدىن كېيىن نۆكەرلەر قۇچاق - قۇچاق ئوتۇن ئەكەلدى. سۇلتاننىڭ خاس مۇلازىمى يۇمشاق ئورۇندۇق كۆتۈرۈپ كەلدى. سەنجەر ئۇنىڭغا كايىدى:

— بۇل يەر سارايدىكى سالامخانا ئەمەس، بىر كۆتەك بولسىلا كۇپايە.

مۇلازىم ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قالدى. نۆكەرلەر ئوتۇننى بىر يەرگە يىغىپ ئوت قويدى. ھاۋا سوغۇق بولغاچقا،

لى قىلەم، ئەھلى شەمشەر ئارىسىدا ۋايىغا يېتىپ جەسۇر يىگىت بولدى. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى نىشانغا خاتاسىز تېگەتتى، ئېيتقان سۆزلىرى كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلايتتى. سەنجەر ئالائىددىننى پەرزەنت قاتارىدا باغرىغا باستى ۋە ئۇنى خارەزمىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. «پاكىز ئېرىقتىن سۈزۈك سۇ ئاقار، — دەپ ئۈمىد قىلدى ئۇ، — ئاق بۇغدايىنىڭ باشقىدا قارا دان نېمە ئىش قىلسۇن؟» شۇ چاغدا ئالائىددىن ئاتسىز تېخى ئوتتۇزغىمۇ كىرمىگەن باھادىر يىگىت ئىدى. ئۇ ئۆزىگە نان بەرگەن رەھنەماسىنىڭ ئايىغىنى سۆيدى. «تا قىيامەتكىچە سادىق قۇلىڭىزمەن، پەدەرىمنىڭ ئورنىدا پەدەرى بۇزرۇكۋارىمسىز» دەپ قەسەم ئىچتى. سۇلتان قاتناشقان ئۇرۇشلاردا ئۇ سۇلتان بىلەن يانمۇ يان تۇردى. سەنجەر ئۇنىڭدىن رازى ئىدى، بىر بىچارىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئاللانىڭ ھۆكمىنى ئادا قىلغىنىغا شۈكۈر قىلدى.

كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ساختا ئىكەن. ئالۋۇن كەبى ئۆتكۈنچى ئىكەن...

سۇلتاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، گۈرۈلدەپ ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقان گۈلخاننى ئاستا تۇرتۇپ قويدى، كۆكسىدىن سوغۇق بىر پەرياد ئېتىلىپ چىقتى: «ھەي نامەرد، بالا! ئاتنى يەمگە ئۆگەتسەڭ، تورىنى تېشىپتۇ، دىگىنى شۇ بولسا كېرەك. ھەي تۇزكور! ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا بەرگەن تۇزۇمغا رازى ئەمەسمەن...»

سەنجەر يەنە خىيالغا غەرق بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئون يىل بۇرۇنقى قاباھەتلىك ھادىسە گەۋدىلەندى...

سەيھۇن دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى جەندە، يېڭى كەنت، سىغناق، سەبران كەبى شەھەرلەر قەدىمدىن بېرى سەلجۇقىيلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئۇ تەرەپنىڭ تۇپرىقى يۇمشاق، چارۋىلىرى سېمىز، خەلقى مۇلايىم ئىدى. ئالائىددىن ئاتسىزغا ھازار ئەتراپى تارلىق قىلدىمۇ قانداق، دۆلەتپاناھىنىڭ مۈلكىگە كۆز تىكتى. ئۇ بىر ئاخشىمى لەشكەر باشلىقلىرىنى توپلاپ زىياپەت قىلدى ھەمدە سۇلتان سەنجەرنىڭ تەۋەلىكىدىن ئايرىلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان

ئۇيىنشارمىش» . يىمەك ـ ئىچمەكلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قولدەك بويۇن ئېگىپ قېشىغىزغا ئۆزلىرى چىقىپ كەلگەي ئۇلار.

ئەزاننىڭ تۈگىشى بىلەن، قەلئە تەرەپتىكى شاۋقۇنمۇ بېسىلدى. سۇلتان قەلئەدىن كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ قالدى، خىيال كارۋىنى ئۇنى يىراق ئۆتمۈشكە ئەكەتتى...

ئالائىددىن ئاتسىزنىڭ ئەسلىي نەسەبى قۇللارغا بېرىپ تاقىلاتتى. بوۋىسى ئانۇشتېگىن سەلجۇقىيلار سارىيىدا مۇلازىم ئىدى. گەرچە ئۇ تېگىدىن قۇل بولسىمۇ، سەلتەنەتكە پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلدى. سۇلتان مەلىك شاھمۇ ئۇنىڭ ساداقىتىنى قەدىرلىدى، ئۇنى خاس مەھرەملىرى قاتارىغا قوشتى، مۇتەسەررىپ ئۇنۋانى بىلەن تەقدىرلىدى. مۇتەسەررىپ دىۋاندىكى نوپۇزلۇق مەنسەپلەردىن ھېسابلىناتتى. بۇ مەنسەپ ئىگىسىنىڭ ئىختىيارى ئۈزىدە بولۇپ، ھەممە ئىشقا قادىر، ھەتتا ۋەزىيەتكە قاراپ سۇلتاننىڭ نامىدىن ئىش كۆرۈشكىمۇ ھەقلىق ئىدى. ئانۇشتېگىن خارەزىم دىيارىنىڭ ۋالىيسى بولۇشتەك مەرتىۋىگە يېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمما، بۇ مەرتىۋە ئۇنىڭ ئوغلى قۇتبىددىن مۇھەممەدكە نېسىپ بولدى. سۇلتان سەنجەر ئىبنى مەلىك شاھ ئاغىسى بۆركىيارۇغنىڭ ياردىمىدە خۇراساننى تولۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن قۇتبىددىننى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇردى. ئۇنى خارەزىمنىڭ ھاكىملىقى بىلەن تارتۇقلىدى. قۇتبىددىن ئاتىسىنىڭ كۆرسەتمىسىنى مەھكەم ئېسىدە تۇتتى، يېڭى ھۆكۈمدارغا ئەقىدە ۋە ۋاپاسىنى تولۇق يەتكۈزدى. ئىلىم ئىگىلىرىگە مۇرۇۋۋەت قىلدى، پۇقرالارغا ئەرزىيەت يەتكۈزمىدى، سۇلتاننىڭ خەزىنىسىنى كۆپەيتتى، ئۇنىڭ دوستىنى دوست، رەقىبىنى رەقىب دەپ بىلدى.

قۇتبىددىنمۇ بۇ پانىي دۇنيادىن ياخشى نام بىلەن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭدىن ئالائىددىن جالالىددىن مۇھەممەد ئاتلىق بىر ئوغۇل قالغانىدى. سۇلتان سەنجەر بۇ ياشقىمۇ دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئالائىددىننىڭ پاراستى، مەردلىكى، ئەقىللىقلىقى ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. ئالائىددىن سۇلتان سەنجەرنىڭ سارىيىدا ئەھ-

كېسىپ ئۆتسەم تىن تارتماي ئۆلەي... تۆگمىدەك مېلىڭىزغا
كۆز تىكسەم، كۆزۈم كور بولسۇن...»

سۇلتان كۆڭلى يۇمشاق، مۇرۇۋۋەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ ئاتسىزنىڭ قەسىمىگە ئىشەندى، گۇناھىدىن كەچتى. ئەمما، سۇلتان «قەسەمخوردا ۋاپا بولماس» دېگەن ھېكمەتنى ئويلاپ كۆرمىگەنىكەن. ئارىدىن ئۈچ - تۆت يىل ئۆتە - ئۆتمەي ئاتسىز ئۆزىگە تەخت ۋە بەخت ئاتا قىلغان رەھنەماسىغا يەنە قىلىچ كۆتۈردى...

قىتانلار سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلدى. سەنجەر دەرھال زور قوشۇن بىلەن جەڭگە كىردى. مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈپ ياتقان ئاتسىز بۇخارانى بېسىۋالدى، شەھەرنىڭ قورغانلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. قولىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى بۇلاپ ئەكەتتى، كېيىن سەلجۇقىيلارنىڭ پايتەختى مەرۋنى ئىگىلىدى. سۇلتاننىڭ خەزىنىسىنى بۇلاپ - تالىدى، بىر نەچچە ئۆلىما - دانىشمەنلەرنى ئۆلتۈرگۈزدى. سەنجەر گورخاندىن تالاپەتكە ئۇچراپ قايتقىنىدا بۇخارامۇ، مەرۋمۇ ۋەيران بولغانىدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىر دەردى مىڭ بولدى: «ياتنىڭ زەربىسى تېنىڭنى ئاغرىتار، ئۆزۈڭنىڭكى جېنىڭنى. ساڭا مىڭ لەنەت، سېنى بىر خۇداغا قويدۇم...» سەنجەر قىتانلار بىلەن بولغان جەڭدە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ ھارغان، شۇنداقلا تەن يارىسى، كۆڭۈل يارىسىمۇ پۇتمىگەنىدى. سۇلتان چىشىنى چىشلەپ سەۋر قىلدى، قوشۇن توپلىدى، قورال - ياراغ ھازىرلىدى، تاقەت بىلەن ئاللا ئىنايەت قىلىدىغان كۈنلەرنى كۈتتى. ئاخىرى بىر غايىب ئىشارەت بىلەن شۇكۇرنى بىلمەيدىغان ئاسىينىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويۇشقا بەل باغلىدى. بۇ قېتىممۇ جەڭ ئۇزاق داۋام قىلمىدى. ئاتسىز سەنجەرنىڭ تۆمۈر ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، تەسلىم بولدى. ئۆلىمالارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئامانلىق تىلىدى، يەنە قەسەمنامە يازدى. قۇرئان نامى بىلەن، يېگەن نېنى، ئىچكەن تۇزى بىلەن، مەرھۇم ئاتا - ئانىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچتى، سەنجەرنىڭ خەزىنى-

قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ سۇلتان سەنجەر ياقىسىنى چىشلىدى: «ھەي، ھاماقەت. ئەجەبا... قولۇڭدىن نان يەۋاتقان كۆچۈك قولۇڭنى چىشلىسە قانداق بولغىنى؟»

بۇ شۇم خەۋەر راست ئىدى. ئالائىددىن ئاتسىز خۇپپىيانە ھالدا جەندكە قاراپ ئاتلاندى. سەيھۇن يەرلىرىنى بۇلاپ - تالىدى، قەلئەلەرگە ئوت قويدى، ئادەملەرنى ئۆلتۈردى، ئەھلى ئايالىلارنى ئەسىر قىلدى، سەنجەر تەيىنلىگەن كىشلەرنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى تەيىنلىدى.

سۇلتان دەشتى قىپچاققا قوشۇن تارتتى. ئالائىددىن قاچتى. ئۇ جاڭگاللاردا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ گۇرگەنچكە يېتىپ كەلدى ۋە قەلئەگە يوشۇرۇنۇۋالدى. سۇلتان قەلئەنى قورشىدى.

جەڭ بىر ئايچە داۋام قىلدى. ئالائىددىننىڭ ئون مىڭغا يېقىن لەشكىرى شېھىت بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۆيۈملۈك پەرزەنتى مۇھەممەدمۇ بار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەلئەدىن چىقتى. سۇلتان ئۇنىڭ قان تالاش ئەپتىگە ئۇزاق تىكىلدى، ئىختىيارسىز قولى قىلىچنىڭ دەستىسىگە يۈگۈردى. ئالائىددىن ئاتسىز دەرھال تىزلاندى، توۋا قىلدى. سۇلتان قولىنى قىلىچتىن تارتتى، پەقەت بىر ئېغىزلا «ئىمانسىز!» دەپ قويدى، خالاس. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ خۇنىدىن ئۆتتى. سۇلتان: «ئاللا ئۇنىڭ جازاسىنى بەردى، بەس پەرزەنت داغىدىن ئارتۇق نېمە جازا كېرەك بۇ ئىتقا؟» دەپ ئويلىدى.

ئاتسىز بىر توپ نۆكەرلىرى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ كەتتى. بىر ئايدىن كېيىن ئاللانىڭ نامىدىن قەسەم ئىچىپ نامە يازدى. سەنجەر قولى تىترىگەن ھالدا نامەنى ئوقۇدى:

«ئاسىيلىق قىلدىم، تۇزكور بولدۇم. مىڭ قېتىم تەزىم قىلىپ، مىڭ قېتىم بوينۇمنى پۈكۈپ سىزگە باش ئۇرىمەن. ئاسىي قۇلىڭىزنى ئەپۇ قىلىڭ! ياراتقان ئىگەمنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن سىز ماڭغان يولدىن

دىيانەتكە خىيانەت قىلغان ئاسىي بىلەن ئاخىرقى قېتىملىق جەڭگە تەييارلاندى. ئاتسىز قاراقۇمدىن باشپاناھ تاپالماي، ھازارەسپ قەلئەسىگە كېلىپ جېنىنى جان قىلدى. ئىككى ئايدىن بېرى ئۇ قامالدا ئىدى. گاھىدا سىپاھلىرى بىلەن چىقىپ قالايمىقان جەڭ قىلىپ قوياتتى – دە، يەنە قەلئەدىگە بېكىنىۋالاتتى. سەنجەر تۆت تەرەپكە پىستىرما قويۇپ، ئۇنىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇپ تاشلىغانىدى. ئاتسىز بۇنى بىلەتتى، ئەمما مەغلۇبىيىتىنگىمۇ تەن بەرمەيتتى، ئۇششاق ئېلىشىشلارنىمۇ بولدى قىلمايتتى.

نىھايەت سۇلتان ئىستىغپار ئېيتتى. ئاتسىزغا نامە كىرگۈزدى: «سەن بىزگە مۇخالىپلىق قىلساڭ، ئۇرۇش ئەندىشىسى ئاردىن كۆتۈرۈلمەس. ئەگەر خالىساڭ سۇلھى قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرگەيمىز، ۋەسسالام». ئاتسىز سۇلتاننىڭ مەكتۇپىغا جاۋاب بېرىشنى راۋا كۆرمىدى، ئەكسىچە ساراي شائىرى رەشىدىددىن ۋەتۋاتقا بىر ھەجۋىي شېئىر يازدۇرۇپ قەلئە سېپىلىدىن ئاتتى. رەشىدىددىن ۋەتۋاتنىڭ شېئىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇن «ئەي شاھ، رۇستەم كەبى پالۋان بولساڭمۇ، ھازارەسپ قەلئەسىدىن بىر ئېشەكنى قولغا كىرگۈزۈشۈڭمۇ ناتايىن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

سۇلتان بۇ ھەجۋىي شېئىرنى ۋەتۋاتنىڭ يازغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئىچىدە: «ئەگەر ۋەتۋات قولۇمغا چۈشسە، يەتتە پارە قىلغايمەن» دەپ غەزەپلەندى...

تۇمان تارقىلىپ، دەريانىڭ يۈزى ئېنىق كۆزگە تاشلاندى. سۇبھىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. سەنجەر چىگىش خىياللىرىغا يېشىم كۈتكەندەك، ئاقار سۇغا تەلمۈرۈپ باقتى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ياڭاقتەك كۆپۈكلەر پەيدا بولدى، بىر چاغدا يوغان بىر لاققا بېلىق ئېتىلىپ چىقتى ۋە قۇيرۇقىنى بىر ئويىنىتىپ يەنە سۇغا شۇڭغۇدى.

سەنجەر يېنىغا قارىدى:

— كامانىڭىزنى بېرىڭ! — دېدى تەكەشكە قاراپ. تەكەش باھادىر كامانىنى ئۇزاتتى. سەنجەر كامانغا ئوق سېلىپ سۇغا تىكىلىپ تۇردى. شۇ پەيتتە ھېلىقى لاققا بېلىق يەنە سۇ يۈزىگە ئۆرلەپ

سىنى تولۇق قايتۇرۇپ بەردى.

سەنجەر يەنە يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلدى، ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى. ئاتسىز دەريانىڭ ئۇ ساھىلىغا ئۆتۈپ ئاتتىن چۈشتى، يەرنى سۆيدى ۋە ئارقىسىغا قارىماي كېتىپ قالدى. قازى ھۇسەن مۇھەممەد سۇلتانغا بۇرۇلدى:

— ئالەمپاناھ، «قەسەمخورنىڭ قەسىمى گويا كۆپۈكتۇر» دېگەنىكەن ماشايىخلار. ئۇ بىر مەككار يىلان، بېشىنى يانجىماق ۋاجىپتۇر. بۇل ئاسىي يەنە بىر كۈنى غوۋغا كۆتۈرۈپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەيمەن.

سۇلتان بۇ سۆزگە رازى بولمىدى.

— بىز ئەھلى جامائەت ئالدىدا ئايەت ئوقۇپ، ئۇنى پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلغاندۇق. ئۆز پەرزەنتىمىزنى ئۆلتۈرسەك قانداق بولغىنى. ئىت — ئىتتۇر. ئۇنىڭ جازاسى كالتەكتۇر.

ئەپسۇسكى، قازىكالاننىڭ گېپى ھەق بولۇپ چىقتى. پەرزەنت دەپ ئاتالغان شۇ قەسەمخور مانا ئۈچىنچى قېتىم ئۆز قىلمىشىنى قىلدى.

سۇلتان سەنجەرنىڭ بىر ئادىتى بار ئىدى، قىش كېلىشى بىلەن ئۇ لەشكەرلىرىنى قويۇۋېتەتتى، قېشىدا پەقەت خاس نۆكەرلىرى ۋە بىر - ئىككى تۈمەن شەھەر قاراۋۇللىرى قالاتتى. سەنجەرنىڭ بۇ ئادىتىنى ياخشى بىلگەن ئاتسىز قارلىق كۈنلەر باشلىنىشى بىلەن ئېتىغا قامچا سالدى. سەيھۇن بويىدىكى ئەل - ئۇلۇسنىڭ ئۈستىگە چاپقۇن قىلدى. ئۇ سۇلتان ئۆي - ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى توپلىغۇچە ئالدىغان ئولجىسىنى ئېلىپ قايتىشنى نىيەت قىلغانىدى.

سەنجەر يەنە ئۆرتەندى: «ئەلھەزەر، — دەپ ئۆكۈندى ئۇ، — بۇ دۇنيا ئىمارىتىنى ۋاپا تۈۋرۈكلىرى كۆتۈرۈپ تۇرارمىش، ئەمما ئۇستى خىيانەتتىن يېپىلارمىش. نېمە ئامال، قويىنىمۇ ئۆز پۇتىدىن ئاسىدۇ».

بىر ھەپتىگە قالماي مىڭلارچە لەشكەرلەر جەم بولدى. سۇلتان

تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.
بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىلىپ، سالاۋات تۈگىگەندىن كې-يىن قوشۇن كۆچتى. پېشىن ۋاقتى بولغاندا قەلئە ئەتراپىدا سەل-جۇقىيلاردىن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. دەريا بويىدا ئۇن — ئون بەشتەك ئات بىلەن بىر توپ قوي ئوتلاپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ كەينى-دە چارۋىچى كىيىمىدىكى ئىككى يىگىت تاياق كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. بۇلار سۇلتان سەنجەرنىڭ خاس نۆكەرلىرى ئىدى.
قەلئە كۇنگۈرىلىرىدىن بۇ مەنزىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان خا-رەزملىكلەر ناغرا چېلىپ تەنتەنە قىلىشتى. ئۇلار، دەرۋازىلارنى ئېچىپ، گۇرگەنچ تەرەپكە ئاتلانساق بولار دەپ ئويلىدى. ئاتسىز ھەر ئېھتىمالغا قارشى سىرتقا مەخپىي ئايغاقچىلارنى چىقارتتى. ئايغاقچىلار قەلئەنى ئايلىنىپ، پىستىرمىدىن نام ـ نىشان تاپالمى-غاندىن كېيىن، ئاتسىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى:
— كۆزدىن يوقىلىپتۇ ئول ئوغۇزلار، ھەزرىتىم. بىز ئەمدى دەريا بويىغا بارايلى.
دەرۋازىلار ئېچىلدى. نۆكەرلەر ئات ئوينىتىپ تاشقىرىغا چە-قىشقا باشلىدى. ئىككى ئايدىن بېرى قانغۇدەك سۇ، تويغۇدەك بىر نەرسە يېيەلمەي جاپا چەككەن نۆكەرلەر ساپ ھاۋادىن مەست بولۇپ ئۆزلىرىنى ئۇنتۇدى. ئاتلارنىڭ ئېگەر ـ جابدۇقلىرى ئېلىۋېتىل-گەن، تەرەپ ـ تەرەپكە چېدىرلار تىكىلگەن، گۇلخانلار يېقىلغان، داش قازانلار ئېسىلغانىدى.
ئاتسىز ئىككى قويچىنى يېنىغا چاقىرتتى.
— سۇلتان سەنجەر نەگە كەتتى؟ بىلگەنلىرىڭلارنى ئېيتىڭلار!
قويچىلار باشلىرى يەرگە تەگكىچە تەزىم قىلىشتى.
— بىلگىنىمىز شۇكى، — دەپ گەپ باشلىدى بى-رىنچىسى، — سەلجۇق پادشاھىنىڭ خوجا ئەھمەد يەسەۋىي دېگەن پىرى كېلىۋاتارمىش...
ئىككىنچىسى گەپنى ئۇزۇۋەتتى:
— شۇ پىرىنىڭ ئالدىغا چىققىلى بۇخارا تەرەپكە كېتىپتۇ.
ئاتسىز «ھىم» دەپ ساقىلىنى سىلىدى. ئۇ سەنجەر بىلەن

چىقتى. سەنجەر بېلىقنىڭ بېشىنى كۆزلەپ ئوق ئۈزدى. بېلىق بىر سەكرەپ قويدى ـ دە، سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالدى. ئوق ئۇنىڭ كۆزىگە تەگكەنىدى.

— ئاپىرىن ھەزرىتىم! — دېدى تەكەش باھادىر، — ئۇنىڭ دەل كۆزىگە تەگكۈزۈپسىز. تېگى يوق مەرگەنسىز. ئاۋۇ كۆزى يوق ئاتسىزمۇ بىر تال ئوقىڭىزغا موھتاجدۇر، خالاس، دۆلەتپاناھ...

— ئەمىرلەشكەرگە ئېيتىڭ، تارقىلىشقا ھازىرلىق كۆرسۇن، — دېدى سۇلتان. تەكەش باھادىر «بۇ قانداق گەپ، ھەزرىتىم؟» دەپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن سول بىقىنىغا ئېسىلغان قىلىچىنى تۇتقىنىچە ئەمىرلەشكەرلەرنىڭ قارارگاھى تەرەپكە قاراپ كەتتى. سۇلتان سەنجەر ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىرغا قاراپ ماڭدى. ئۇ قەلئەنى قامال قىلىشتىن زېرىككەنىدى. ئۇ ئۇزۇق ـ تۈلۈك ۋە سۇ تۈگىگەندىن كېيىن، ئاتسىزنىڭ نائىلاج تەسلىم بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما، پۇرسەت غەنىيمەت ئىدى. سۇلتان پىرى كامىلدىن نامە ئالغانىدى. شەيخۇل ماشايىخ سەمەرقەنتتىن يولغا چىققان بولۇپ، ھازىر خارەزم يولىدا بولسا ئەجەب ئەمەس ئىدى. سەنجەر ئەھمەد يەسسەۋىيدەك پىرى مۇرشىدنى بۇنداق جەڭ مەيدانىدا كۈتۈۋېلىشنى ئۆزى ئۈچۈن مۇناسىپ ئەمەس دەپ قارىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ بىر ھىيلە ئويلاپ تاپتى. ئۇ گويا چېكىنگەندەك بولۇپ جەڭ مەيدانىنى ئاتسىزغا تاشلاپ بېرىشى، رەقىبلىرى قەلئەدىن چىقىپ ھوشيارلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تۇساتتىن ھۇجۇم باشلىشى كېرەك ئىدى.

سۇلتان چېدىرغا كىرىپ قورال ـ ياراغلىرىنى تاقىدى، ئۇنىڭغىچە ئەمىرلەشكەر يېتىپ كەلدى.

— قوشۇننى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈڭ، — دېدى سۇلتان قاپىقىنى ئاچماي، — بىر ـ ئىككى كۈن كۆزدىن يىراق تۇرايلى.

ئەمىرلەشكەر ھۆكۈمدارنىڭ نىيىتىنى بىلدى، شۇڭا دەرھال

سۇلتان سەنجەر بادام رەڭلىك تۇلپارنىڭ ئۈستىدە يىراقتىن ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ مەرگەنلەرگە: «ئوق ئاتـ ماڭلار!» دېگەندەك ئىما قىلدى. ئەلچىلەر يېتىپ كەلدى. تېرە جۇۋا كىيىپ ئاق تۇغ كۆتۈرگەن كىشى هازارەسپتىكى تونۇلغان زاھىت ئاھۇپۇش ئاتا ئىدى. ئۇ ئۇدۇل سەنجەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاق تۇغنى ئاستا تۇلپارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاتلىقلارمۇ ئاتتىن چۈشتى ۋە خارەزملىكلەرنىڭ قاپقارا، تۆت بۇرجەك تۇغىنى سەنـ جەرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئاھۇپۇش ئاتا يارانقان تەڭرى نامىدىن: «ئول ئاسىي بەتخۇي گۇمراھ» نىڭ گۇناھىنى سورىدى.

— ئۇ نامەردنىڭ ئۆزى نەدە؟ — دەپ ۋارقىرىدى سەنجەر.

نۆكەرلىرىنىڭ بىرى جاۋاب قىلدى:

— جانابىمىز... بىزلەرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۆزلىرى ئۇياقتا قالدى...

سۇلتان يېنىدىن ئايالنىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى ئېلىپ نۆكەرنىڭ يۈزىگە ئاتتى:

— مانا بۇلارنى ئۇ ئۇياتسىزغا ئاپىرىپ بېرىڭلار. نامەردنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئەمەس، زەئىپەلەرنىڭ زىبۇ زىننەتلىرى مۇناسىپـ تۇر.

سۇلتان ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ قارارگاھى تەرەپكە يۈزلەندى. تاڭ ئاتتى. خۇددى سۇلتاننى زەپەر بىلەن قۇتلۇقلىغاندەك چاراقلاپ ئاپتاپ چىقتى. سەنجەر چېدىردىن چىقىپ قاراۋۇللارنىڭ قورشاۋىدا دەريا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ سۇ بويىغا بېرىپ توختىـ دى. سۇ كۆپۈكلىنىپ ئاقاتتى. دولقۇنلار گويا سۇلتاننى ئالقىشلاـ ۋاتقاندەك قىلاتتى. سۇلتان تۆت ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى، ئۇنىڭغا دۇنيا كېڭىيىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. بىپايان چۆل هاۋاسى، دەريانىڭ نەمخۇش هىدى، سۈزۈك سامادىكى مەيىن ئاپتاپ بىردىن ئۇنىڭ روھىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى، هەيۋەتـ لىك يىپەك چېدىرنىڭ ئۈستىدە قېنىق كۆك رەڭلىك تۇغى يالتىـ راپ تۇراتتى. تۇغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى باشلىق بۈركۈت گويا مەغرىب ۋە مەشرىق تەرەپكە پەرۋازغا ئىنتىلىپ تۇرغاندەك، بۇرـ

تۇركىستانلىق شەيخۇل ماشايىخنىڭ ئارىسىدا يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى، ئەمما شەيخنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

ئاتسىز ئىككى پادىچىغا رۇخسەت بەردى. ئۇلار جانلىرىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا شۈكرى ئېيتىپ بىردەمدىلا غايىب بولدى.

خارەزملىكلەر ئۈچ كۈنگىچە يەپ - ئىچىش بىلەن مەشغۇل بولدى. بىرىنچى كۈنلىرى ئۇلار ئەتراپقا كۆز - قۇلاق بولۇپ، ئەنسىزلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەنىدى. سەنجەرنىڭ نۆكەرلىرىدىن نام - نىشان بولمىغاچ، ئۇلار ئۆزلىرىنى تامامەن ئۇنتۇدى. يېقىن كەنتلەردىن تۇلۇم - تۇلۇم قىمىز، كوزىلاردا مۇسەللەس ئەكېلىن-تى. شۇنىڭ بىلەن مەيخورلۇق، بىغەملىك، راھەت - پاراغەت، ئويۇن - كۈلكە باشلىنىپ كەتتى. ئاتسىزنىڭ ئادەملىرى ئەمدىلا قورشاۋدىن خالاس بولغان نۆكەرلەرگە ئەمەس، بەلكى دۇنيانى ئۇنتۇغان بەڭگى، دىۋانىلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى.

تۆتىنچى كۈنى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن سۇلتان سەنجەر ئۆلىمالىرىدىن ئاق پاتىھە ئېلىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئات-سىزنىڭ نۆكەرلىرى تۈن كېچىدە چېدىرلاردىن ئىشتانچاق چىقىپ تەرەپ - تەرەپكە چېپىشاتتى، ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلىرىنى ئىزلىشەت-تى، ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان سۇلتان سەنجەر لەشكەرلىرى-نىڭ قىلىچىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جاي تاپالماي پەرياد سېلىشاتتى.

نىھايەت تاڭ ئېتىپ، دوست بىلەن دۈشمەن بىر - بىرىنى تونۇيدىغان بولدى. ئەمدى خارەزملىكلەرمۇ خېلى جەڭگىۋار قىيا-پەتكە كىرگەن بولۇپ، مەردانە ھالدا ئۇرۇشقا كىرىشكەنىدى.

ئۇرۇش شامغىچە داۋام قىلدى. ئاتسىزنىڭ نۇرغۇن نۆكىرى نابۇت بولدى. نەيزە سانجىلىپ يىقىلغان ئاتلارنىڭ قېنى بىلەن شېھىتلەرنىڭ قېنى قوشۇلۇپ ئاقتى. قەلئەنى قىيا - چىيا، پەرياد بىر ئالدى. ئەتراپقا تۈن پەردىسى يېيىلغاندا دەرۋازىدىن جۇلدۇر كىيىملىك بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئاق تۇغ، كەينىدە ئۈچ - تۆت ئاتلىق، يېنىدا كۆك سەللىلىك بىر بوۋاي تۇراتتى.

كىرىپ كەتتى.

«ۋەسسالام، — دېدى سۇلتان ئىچىدە، — ئىنشائاللا، ئۇنىڭ يۈزىنى قايتا كۆرمىگەيمەن».

سۇلتان چېدىرىغا قايتتى. ئىچكىرى كىرىپ ئالتۇن تەختتە ئولتۇردى. نۆكەرلەر پاكار، ۋىجىككىنە بىر كىشىنى سۆرەپ كىرىشتى.

سۇلتان مۇلايىم ئاۋازدا سورىدى:

— مەۋلانە، قەلئە سېپىلىدىن ئېتىلغان ئەشئارنى جانابلىرى پۈتكەنمۇ؟

— شۇنداق، شاھەنشاھىم، — دېدى ئاران بېشىنى كۆتۈرۈپ رەشىدىددىن ۋەتۋات.

— نېچۈن بۇنداق ئازدىڭىز؟ كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ جاۋابىنى بېرۇرمەن دەپ ئويلىمىدىڭىزمۇ؟ ئۆلۈمىڭىزدىن بۇرۇن ئېيىتىڭچۇ، مەۋلانە، ھەزارەسپتىن بىر ئېشەكمۇ ئالالمايسىز دەپ بېشارەت قىلغانىدىڭىز، مانا شۈكرىكىم، ئېشەك ئورنىغا بىر ئاتقا ئىگە بولدۇق.

— بەرھەق، دۆلەتپاناھ، — دېدى رەشىدىددىن ۋە كۆكسىنى نوقۇدى، — بۇ ئات بىر كۈنى ئېشەك بولغۇسىدۇر، ئەمما ئىككىلا دۇنيادا ئات بولالمىغاي.

رەشىدىددىننىڭ ئاجايىپ ئوخشىتىشلىرىدىن سۇلتان قاقاقلاپ كۈلدى. رەشىدىددىن بىر تەرەپتىن ئۆزىنى ئېشەككە ئوخشىتار، يەنە بىر تەرەپتىن، گېپىم گەپ، ئات ئالالمايسىز دەپ قەيسەرلىك قىلىۋاتاتتى. سۇلتان لېۋىنى چىشلەپ بىردەم سۈكۈتتە تۇردى، كېيىن تەكەش باھادىرغا ئىما قىلدى:

— بۇ ئەبلەخنى يەتتە پارە قىلىڭ!

رەشىدىددىننىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كەلدى. ئۇ گۈپ قىلىپ يەرگە يىقىلدى، خېلىغىچە بېشىنى كۆتۈرمەي ياتتى، ئاندىن ئىڭىراپ گەۋدىسىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ تۇگمىدەك كىچىككىنە كۆزلىرىگە ياش تولغانىدى.

— شاھەنشاھىم... ئۆلۈمدىن بۇرۇن ماڭىمۇ بىر ئېغىز سۆز

كۆتىنىڭ ئالدىدىكى كامانغا راسلانغان ئوق رەقىبنى نىشانغا ئالغاندەك كۆرۈنەتتى.
سۇلتان سەنجەر ئۆركەش - ئۆركەش دولقۇنلارغا خىيالچان تىكىلىپ تۇرۇپ، بۇگۈنكى غالىبىيەت ۋە پىرى كامىلنى يورۇق يۈز بىلەن قارشى ئېلىشقا نېسىپ قىلغىنى ئۈچۈن ئاللاغا شۈكۈر ئېيتتى.
مۇنشى نامە ئەكەلدى. نامە ئاتسىزدىن كەلگەنىكەن. سۇلتان «قەسەمخور سۆزىدە تۇرماس» دەپ ئۇنى ئوقۇشنى خالىمىدى.
مۇنشى:
— شاھىنشاھتىن ئىجازەت بولسا، ئۇ ئاسىي قۇللۇق ئۈچۈن كېلەرمىش، — دېدى.
— مۇشۇ يەرگە كەلسۇن! — دېدى سۇلتان.
— ھۇزۇرىڭىزغا كەلگىلى يۈزى چىدىماسمىش... شۇڭا...
سۇلتان ئىستىھزالىق كۈلدى.
— يۈزى بىلەن كۆتىنىڭ پەرقى قالمىغاندىن كېيىن... نېمىشقا كېلىدىكەن...
تەكەش باھادىر سۆز قوشتى:
— ھەزرىتىم ئىجازەت بەرسە، ئۇل كاززاپنى تۇتۇپ ئەكېتەيلى!
سۇلتان سەنجەر ئىككىلەندى. ئۇ جەڭنىڭ ئالدىدا «ئاتسىز قولغا چۈشسە، كاللىسىدىن جۇدا قىلىمەن» دەپ نىيەت قىلغانىدى. ئەمما، پىرى مۇرشىد كېلىدىغان چاغدا قولىنى قان بىلەن بۇلغاپ ئولتۇرۇشنى لايىق كۆرمىدى.
— ئۇ ئاسىيغا ئېيتىڭلار، ئاخىرقى قېتىم قېنىدىن كەچتۇق، — دېدى سۇلتان.
بىر ئازدىن كېيىن دەريانىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر توپ ئاتلىق پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاق تۇلپار مىنگەن ئالائىددىن چىقىپ كەلدى. ئۇ دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، سەجدىگە باش قويغاندەك ئۈچ قېتىم يەرگە يۈكۈندى، كېيىن ئېتىغا ئىرغىپ مىندى - دە، نۆكەرلىرى بىلەن قومۇلغۇنىڭ ئىچكىرىگە

## 25. ئادالەت قوڭغۇرىقى

دانا پادىشاھ شائىرنىڭ ئىشىكىنى چېكىدۇ،
نادان شائىر شاھلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىدۇ.

— قەدىمكى ھېكمەت

سۇلتانۇل ئارىپىنىنىڭ بىر چاپقۇر ئېتى بار ئىدى. ھەزرەت ئۇنى بابا ماچىنغا تاپشۇرغانىدى. باباقۇل تائەت - ئىبادەتتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمەيتتى؛ سۇ بويىغا ئاپىرىپ سۇغىراتتى، يۇيۇپ - تارايتتى، يەم تۇۋرىسىنى قۇرۇق قويماسلىققا تىرىشاتتى. ئاتمۇ بابا قۇلغا ئوخشاش ئۇچقۇر ئاياغ بولۇپ، زادى تىنىم تاپمايتتى؛ بىر يەردە ئۇزاق تۇرسا پۇشقۇرۇپ، بىئارام بولاتتى. باباقۇل «مەنمۇ ئۇچقۇر ئاياغ، سەنمۇ ئۇچقۇر ئاياغ» دەپ قوياتتى ۋە ئۇنى يېتىلەپ ئەتراپنى ئايلىناتتى.

بىر كۈنى شەيخ ئاتخانىغا كىردى، قارىسا ئات يەرنى تېپىپ، باغلاقنى ئۈزۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

«ئاتمۇ زېرىكىپتۇ، باباقۇل، — دېدى ھەزرەت، — يول تەييارلىقىنى كۆرۈڭ، خۇدا خالىسا، جۈمە نامىزىنى ئۆتكۈزۈپ يولغا چىققايمىز».

يەسسەۋىي تەرىقىتىگە ئاساسەن، يىراق سەپەردىن بۇرۇن زىكىرگە چۈشمەك ۋاجىپ ئىدى. شەيخ تۇنجى ئۇستازى ئارسلانبابىنىڭ پەرزەنتى، يېقىن مەھرىمى مەنسۇر خوجىنى چاقىرىپ جۈمە كۈنى زىكىر ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇدى. مەنسۇر خوجا بۇخارا سەپىرى-

بەرسىڭىز...

— سۆزلەڭ!

— ئۆلۈمىمگە رازىدۇرمەن، شاھىنشاھ، قاراڭ، مەن كىچىككىنە بىر بەندىدۇرمەن... مەن غېرىبىنىڭ قەيىرىمنى يەتتە پارە قىلىسىز. ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز ئىككى پارە قىلسۇن.

سۇلتان بىردىن كۈلۈپ تاشلىدى.

— جان تاتلىق ئىكەن ـ ھە، شائىر قىياپەتتە سەيلە قىلغاندەك بولدىڭىز بەلكىم؟

ۋەتۋات ھامان تىترەپ تۇراتتى. سۇلتان قاپىقىنى تۈردى.

— ئۇنى ئىشەككە مىندۈرۈپ ئەلدىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار.

رەشىدىددىن ھۆڭرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ بىر ئۆلۈپ تىرىلگەندى.

سۇلتان چېدىرىدا تەنھا ئولتۇراتتى. ئۇ خىيالغا پاتتى، ئاتسىز بىلەن بولغان ئىككى ئايلىق جېدەل ـ ماجىرانى، ئاتسىزنىڭ دەرياـنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ ئامانلىق تىلىگەنلىكىنى، رەشىدىددىننىڭ ھۆڭرەپ يىغلىغانلىقىنى... يىگىتلىك چاغلىرىنى، ئىشقىلىپ، ئۆتكەن ئۆمرىنى بىر قۇر ئەلگەكتىن ئۆتكۈزدى، كۆڭلى سىيرىلدى، يۈرىكى ئېچىشتى. «قېرىدىم... ساپالىق باغلىرىمىز خازانغا يۈزلىنىپتۇ...» دېدى.

ئۇ چاۋاك چالدى، مۇلازىم كىرىپ كەلدى.

— مەي كەلتۈرۈڭ!

مۇلازىم چىقىپ كەتتى. ئازراق پۇرسەت ئۆتۈپ تىللا كوزا بىلەن چىنە ئەكىردى. ئۇنى خانتاختىغا قويۇپ چىقىپ كەتتى. سۇلتان كوزىنى چايقىدى، ئاندىن چىنىگە مەي قۇيدى، كېيىن خىيال ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلدى. سۈزۈك مەيدە ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان بىر مويسىپىتنىڭ سۈرىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. سۇلتاننىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. بۇ ساۋابلىق ئۈچۈن بېغىشلىغان پەرزەنتى ئاتسىزدىن كەلگەن خورلۇقمۇ، ئاللا نېسىپ قىلغان ئىرادىنىڭ تۈرتكىسىمۇ ۋە ياكى پىرى مۇرشىد بىلەن بولغۇسى دىدار شادلىقىمۇ بىلىپ بولمايتتى.

سوغۇقتا تار ھۇجىرىلارغا بىكىنىپ ياتقان دەرۋىشلەر ئارقا-ئارقىدىن چىقىپ كېلىشكە باشلىدى. خانىقانىڭ كەڭ، تۆت بۇر-جەك ھويلىسى زىكىر ئەھلى بىلەن تولدى. مەنسۇرخوجا چاۋاك چېلىپ، تۈركىستاندىن كەلگەن دەرۋىشلەرنى ھالقىغا تۈپلىغاندىن كېيىن، زىكىر ئەھلى ئىككىگە ئايرىلدى. يەسسەۋىيە مۇرىتلىرى سۇلۇك قائىدىسىگە ئاساسەن يۇمىلاق بولۇشۇپ، بىر- بىرلىرىنىڭ يەلكىلىرىگە قوللىرىنى قويدى. مەنسۇر خوجا تەكبىر ئېيتتى، كېيىن سۇلتانۇل ئارىپىننىڭ ئۇتلۇق بىر ھېكمىتىنى ئوقۇدى. شۇ چاغدا شەيخۇل ماشايىخ بىلەن ئابدۇلخالىق پەيدا بولدى. ئىككى پىر ھالقىنىڭ ئۇدۇلىدىكى گىلەم سېلىنغان سۇپىغا ئولتۇردى. شەيخ زىكىرگە ئىجازەت بېرىپ پاتىھە ئوقۇدى. يەسسەۋىيە سۇلۇكىدىكى زىكىر ئەھلى گاھ چەپ، گاھ ئوڭ تەرەپكە چايقى-لىپ ئاستا - ئاستا زىكىرگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلارنى ئاجايىپ بىر قىزىقىش بىلەن كۆرۈپ تۇرغان غىجدۇۋانىي تەرەپدارلىرى تۇرغان يەرلىرىدە ئىختىيارسىز ساما ئاھاڭىغا جور بولۇپ تەۋرى-نىشكە باشلىدى. زىكىر شىددەتلىك تۈس ئېلىشقا باشلىدى. ئەمدى بۇخارالىقلار تۈركىستانلىقلارغا تەقلىد قىلىپ بىر - بىرىنىڭ يەل-كىلىرىگە قوللىرىنى قويۇپ، «يا ھۇ! يا ھەق!» دەپ تەڭ ئاۋازدا زىكىرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى.

بۇ ئاجايىپ مەنزىرىگە ئەسىر بولۇپ ئولتۇرغان ئىككى دوست ئۆزئارا بېقىشىپ قويدى. شەيخۇل ماشايىخ ئاشكارا زىكىر بىلەن پىنھان زىكىر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى كۆرسە يايراپ كېتىدىغان مالامەتچىلەرگە خىيالەن مۇراجىئەت قىلدى: «ھەقتائالانىڭ دىدارى-غا يېتىشنىڭ يولى ناھايىتى كۆپ. بىراۋ سادىق بولۇپ، بىراۋ ئاشىق بولۇپ يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىكىر ئەھلىدۇر. شۇن-داق ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا نىزا سېلىشتىن نىمە پايدا؟ شەيخلىك ئۆز يولى بىلەن، دوستلۇق رىشتىسىمۇ ئۆز يولى بىلەن...»

شەيخنىڭ كۆڭلىدىن كېچىۋاتقان گەپلەرنى ھېس قىلىپ ئول-

نىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ تەزىم قىلدى:
— پىرىم، بۇخارالىقلار بىزنىڭ زىكىرگە قاتنىششىنى ئىختىيار قىلىپتۇ. جانابىڭىزدىن ئىجازەت بولسا، ئۇلارنىمۇ سېپىمىزگە قوشساق...
ھەزرەت تەسۋى سىيرىپ، تەكبىر ئېيتىپ ئولتۇراتتى، شۇ يوسۇندا خىيالغا پاتتى. زىكىر مەسىلىسىدە غىجدۇۋانىي تەرىقىتىگە مەنسۇپ دەرۋىشلەر بىلەن يەسسەۋىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ دەرۋىشلەر ئارىسىدا ئازراق ئىختىلاپ بار ئىدى. غىجدۇۋانىي تەرىقىتىدىكىلەر زىكىر پىنھان تەرەپدارلىرى ئىدى. ئۇلار ئاللانىڭ نامىنى قەلبىدە، ئاۋازسىز زىكىر قىلىشنى ئەۋزەل بىلەتتى. يەسسەۋىيە تەرىقىتىدىكىلەر ئاللانى ئاشكارا ۋە پىنھان، تىلدا ھەم دىلدا بىردەك زىكىر قىلىشنى پەرز دەپ ھېسابلايتتى.
شەيخنىڭ كۆڭلىدىن ئەنە شۇ سېلىشتۇرما ئۆتتى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ خەلىپىسىگە قارىدى:
— ئاللا ئۇلارنىڭ كۆكسىگە ئاشكارا زىكىرنى سالغان بولسا، بوپتۇ، كېلىپ قاتناشسۇن.
مەنسۇر خوجا قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە چىقىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن خانىقا ھويلىسىدا جاراڭلىق ئاۋاز ئاڭلاندى، سەردارى دەرۋىشلەرنى زىكىرگە چىللىدى:

ھۇ ھالقىسى قۇرۇلدى،
ھەي دەرۋىشلەر كېلىڭلار!
ھەق سۇپرىسى يېيىلدى،
ئاندىن ئۇلۇش ئېلىڭلار!

قال ئىلمىنى ئوقۇبان،
ھال ئىلمىغا يېتىبان،
يوقلۇق ئىچرە پېتىبان،
بارلىقلاردىن ئېلىڭلار!

سۆھبەتنى باشلاندى:

يەسسەۋىي: «دىدار قىيامەتكە قالدى. بىزدىن رازى بولۇڭ، دوستۇم. بىز تۇپەيلى جاپا تارتقان بولسىڭىز، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ».

ئابدۇلخالىق: «مەن مەرتىۋە رازىدۇرمىز، شەيخىم. شۇنداق بىر پۇرسەت بولدىكى، بىر بۇردا ناننى ئىككىگە بۆلۈپ يېدۇق. بىر جايىماز ئىككىمىزگە كۇپايە قىلدى. بۇخارايى شەرىپتە ئىشق دۇكىنى بىنا قىلغان بولساق، بۇ جانابلىرى تۇپەيلىدىندۇر. سىزمۇ رازى بولۇڭ، شەيخىم».

يەسسەۋىي: «تالىپلار ئۈچۈن ئىشق دۇكىنى قۇرۇشنى پىرى كامىل ھەمەدانىي ھەزرەتلىرى ئىككىمىزگە بۇيرۇغانىدى. ئاللا ئۇستازنىڭ قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي. ئاشۇ پىرى مۇرشىد سەۋە-بىدىن سىزنىڭ تەرىقىتىڭىز مەيدانغا كەلدى. بۇل تەرىقەت سۇلۇك ئەھلىنىڭ ئىككى دۇنياسىنى ئاۋات قىلسۇن. نەزەر بەر قەدەم، سەپەر دەر ۋەتەن، يەنى ھەربىر قەدەم نەزەر — نازارەت بىلەن، سەپەر ئەل ئارا بولغاي. نۇرى ئىمانغا يەتكۈزگۈچى يول شۇدۇر، دوستۇم».

ئابدۇلخالىق: «سىز ئارىپلارنىڭ تاجىدۇرسىز، دوستۇم. بارلىق تۈركىي قوۋم يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىنى ياد بىلگۈسىدۇر. ئۇل نەزمۇل جاۋاھىرلارنى، دەپتىرى سانىي، دەپ ھەدىسى شىرىپ-كە قىياس قىلماق ۋاجىپتۇر. رەسۇلىللا، ئۆز قوۋمى ئىچىدىن يېتىلگەن ماشايىخلار ئۈممىتىم ئارىسىدا نەبى سۈپەتتۇر، دەپ لۇتپ قىلمىشتۇر».

شەيخ گويا غايىبتىن بىر بېشارەت سەزگەندەك ئېتىنىڭ بېشى-نى تارتتى. ئۇ دوستىغا قاراپ دېدى:

— ئەمدى قايتىڭ، مەۋلانە. بىزنىڭ بارار يېغىمىز يىراق، خوشلىشايلى.

ئىككى پىر ئاتتىن چۈشتى، ئاندىن ئۈچ قېتىم قۇچاقلاشتى. ئابدۇلخالىقنىڭ كۆڭلى يۇمشاق ئىدى، شۇ سەۋەبتىن كۆزلىرىگە

تۇرغان ئابدۇلخالىق كولۇمسىرەپ بېشىنى ئىرغىتتى ۋە تۇركىي تەلەپپۇزىدا:

— بەرھەق راست، شەيخىم. بىز زىكىرنى باشقىچە قىلىمىز، لېكىن باشقىچە زىكىرنىمۇ ئىنكار قىلمايمىز. قەلب يېگانىدۇر، ئىككىگە بۆلۈنگەن قەلب ئىككى پارچە گۆشتۇر، — دېدى.

بۇ چاغدا زىكىر بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىۋاتاتتى. زىكىر ئەھلى سۇدەك تەرگە چۆمگەن، ياراتقانغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، مۇناجات ئوقۇۋاتقان دەرۋىشلەرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىدىن خانىقانىڭ ھۇجرىلىرىمۇ لەرزىگە كەلگەن، ھۇۋ تارتىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن زىكىرگە بېرىلگەن دەرۋىشلەرنىڭ قايسىسىنىڭ يەسسەۋىيە تەرىقەتىگە، قايسىسىنىڭ غىجدۇۋانىي تەرىقىتىگە مەنسۇپلۇقىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان بىر ھالەت شەكىللەنگەنىدى. ئەسلىدە ئۇلار بىر دەرەخنىڭ شاخلىرى، ئەھلى سۈننەت جامائىتى ئىدى.

زىكىر ئاخىرلاشتى. ھالىدىن كەتكەن زىكىر ئەھلى ھۇجرىلىرىغا تارقىلىپ كېتىشتى.

ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن شەيخنىڭ كارۋىنى مەرۋىگە قاراپ يولغا چۈشتى. ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىي سەمەن ئاتتا، سۇلتانۇل ئارىپىن بولسا كۆل رەڭ يورغا ئاتتا كېتىپ باراتتى. ئىككى پىرنىڭ ئاتلىرى يانمۇ يان قەدەم تاشلايتتى. ئىككى يەل تاپان — بابا ماچىن بىلەن ئارىپ رېۋگەرى بىر - بىرىگە يەلكىدىشىپ، پاراڭلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئارقىدا مىڭغا يېقىن كىشى، بۇخارا ۋالىيسىنىڭ مەخسۇس قاراۋۇللىرى كېلىۋاتاتتى. ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىي شەيخنى شەھەردىن يەتتە پەرسەخ يىراقلىققىچە ئۇزىتىپ قويۇشنى نىيەت قىلغانىدى. ئۇ ئېگەردە قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرغان دوستىغا قىيا باقاتتى، شەيخنىڭ دەرد- ھالىنى بىلمەكچى بولاتتى. نىھايەت، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى، ئەقىل كۆزى بىلەن كۆردىكى، شەيخ بۇخارا ئەھلى ۋە دوستى ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىي بىلەن ۋىدالاشماقتا ئىدى. ئابدۇلخالىق دوستىنىڭ كۆڭلىگە كۆڭۈل رىشتىسىنى باغلىدى. ئىككى قەلب ئارىسىدا ئىچكى دىل

سەنجەرنىڭ خىيالىنى يىراق يەسسىگە ئەكەتتى. كۆز ئالدىدا پىرى گەۋدىلەندى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئون يىللار بۇرۇن سۇلتان سەنجەر ئۈچ كۈن پىرى كاملىنىڭ دەرگاھىنى تاۋاپ قىلدى، ئۈچ كۈن ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرە ئالدى ۋە شۇ تۇپەيلىدىن جىسمى جېنىدا ئاجايىپ بىر ئۆزگىرىشنى سەزگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئەقىل كۆزىمۇ روشەنلەشكەندەك، زېھنى سۇزۇلگەندەك تۇيۇلدى. سۇلتان سەنجەر خانىقا ئەھلىگە نۇرغۇن ئېھسانلارنى قىلدى، ئاۋامغا مىڭلاپ مال تارقاتتى، مەدرىسە، مەسچىتلەرگە ۋەخپە ئاجراتتى.

سۇلتان سەنجەر يەسسىدىن شەيخۇل ماشايىخنىڭ ئېرشاتىنى ئېلىپ قارارگاھىغا قايتتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ئىمكانىقەدەر پىرىنى زىيارەت قىلىپ تۇردى، ئۆزى بارالمىغان چاغلاردا نامە ئەۋەتتى، مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا مەسلىھەت سورىدى، سەلجۇقىيلار دۆلىتىگە ئامانلىق، ئەركانلىرىغا ساداقەت، ئۆلىمالىرىغا دىيانەت، پۇقرالىرىغا پاراغەت تىلەپ دۇئا قىلىشنى ئۆتۈنۈپ كەلدى.

ئەمما... بىرنەچچە يىللاردىن بېرى سۇلتان سەنجەرنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر بىر تاش چۆكۈپ ياتاتتى. ئۇ پىرىنىڭ قولىنى سۆيەلمىدى، ئاشۇ قەتاۋان دەشتىدە گورخاندىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ھەزرەتنىڭ دەرگاھىغا بېرىشقا يۈزى چىدىمىدى... مانا ئەمدى پىرىنىڭ ئۆزى كېلىۋاتىدۇ. سۇلتان سەنجەر تېزرەك پىرىنىڭ دىدارىغا يېتىش، كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ ياتقان ئېغىر تاشتىن خالاس بولۇش ئۈچۈن يەنە ئاتقا قامچا سالدى.

سۇلتان سەنجەر ناھايىتى تېز يۈرۈپ، كېمىدە تۆت يۈز تاش كېلىدىغان يولنى ئۈچ كۈندە بېسىپ بولدى ۋە چارجۇي ساھىلىدىكى كېچىككە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. شەيخنىڭ كارۋىنىدىن تېخى دېرەك يوق ئىدى. «خۇداغا شۈكۈر، ئۈلگۈرۈپ كەپتىمەن» دېدى سۇلتان سەنجەر ۋە دەريانىڭ بويىغا ئەزىز مېھمانلار ئۈچۈن قونالغۇ ھازىرلاشقا پەرمان بەردى. نۆكەرلەر ھەزرەتنى ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈۋاتقاندەك يەرلىك خەلق قولمۇ قول بولۇشۇپ ئىشقا كىرىشىپ

ياش كەلدى. شەيخ بولسا ئۆز ھېسسىياتىنى تىزگىنلەپ كۆن-
گەندى، كۆكسى ئېچىشىپ تۇرسىمۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمىدى،
يۈزىنى يانغا بۇراپ، قىسقا پاتىھە ئوقۇپ ئېتىغا مىندى.

ئابدۇلخالىق دوستىنىڭ كەينىدىن خېلىغىچە تىكىلىپ قاراپ تۇردى. دەرۋىشلەرنىڭ ئاخىرقى سېپى يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئارىپ رېۋگەرگە قاراپ دېدى:

— شەيخ مەككەئى مۇكەررەمەگە يېتىپ بارالماس... كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، غايىب بىر ئىشارەت تۈپەيلىدىن يەنە تۈركىستان ئېلىگە قايتقاي... يولىڭىز ئاقيول بولسۇن، شەيخىم.

ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىي پەنالىق مەقامىغا مۇشەررەپ بولغان زاتى شەرىپلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ بېشارىتى راست بولۇپ چىقتى.

سۇلتان سەنجەر لەشكەرلىرىنى ئىككى بۆلەككە بولدى، چوڭ قىسمىنى مەرۋگە يولغا سالدى. ئۇ ئالائىددىن ئاتسىز يەنە قەسەمنى بۇزۇپ پايتەختكە ھۇجۇم قىلىپ قالمىسۇن دېگەن ئەندىشىدە ئىدى.

سۇلتان سەنجەر يېنىغا بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك تاللانغان نۆكەرنى ئېلىپ، پىرى كامىلنىڭ ئىستىقبالىغا قاراپ ماڭدى. شەيخۇل ماشايىختىن داۋاملىق خەۋەر كېلىپ تۇراتتى. پىر تۈنۈگۈن بۇخارادىن چىققانمىش. ئاللا يولىنى بەرسە بىر ھەپتە ئىچىدە چارجۇيغا يېتىپ كېلىشى مۇمكىن. سۇلتان پىرنى دەريا بويىدا كۈتۈۋېلىشنى نىيەت قىلغانىدى. ئەمما، مەنزىل خېلى ئۇزاق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئېتىنى داۋاملىق قامچىلىشى كېرەك ئىدى.

سۇلتان سەنجەر يۇڭلۇق تونغا ئورانغىنىچە كېتىپ باراتتى. چىللە ئېيى كىرىپ قالاي دېگەنىدى. كۈن سوغۇق بولۇپ، دەريا تەرەپتىن قىش شامىلى كېلەتتى. جەيھۇن دەرياسىنىڭ يۈزىنى داكىدەك قېلىنلىقتا ئاپئاق مۇز قاپلىغانىدى. تەكەش باھادىر دەرياغا قاراپ نېمىنىدۇر غودۇڭشىيتتى. ئەمما، سۇلتان سەنجەرنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. ئۇنىڭ خىيالى پىرى مۇرشىدتا ئىدى. ئۇ ئەۋلىيالار سەرۋىرى بىلەن تېزرەك دىدارلىشىشنى ئىستەيتتى.

«ئەۋلىيالار سەرۋىرى...» دېگەن بۇ بىر ئېغىز گەپ سۇلتان

شەيخ ئۆزىگە خاس ئىشارە بىلەن «ئۆزۈن بولدى، بىز تەرەپكە ئۆتمىدىڭىز» دەۋاتاتتى. سۇلتان سەنجەر خىجالەت بولدى.
— كۆڭۈل قۇشى پىر دەرگاھىغا ئۇچۇشنى ئىختىيار قىلسىمۇ، — دېدى سۇلتان قىزىرىپ، — ئەمما پۇشايمانلىق ئەندىشىسى پۇتىمىزنى قويۇپ بەرمىدى. ھەزرىتىمىنىڭ ئالدىدا قارايۈز بولدۇق.
شەيخ سۇلتاننىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.
— پۇشايمان توۋىنىڭ ئاقمۇتىدۇر، دەپتۇرلەر رەسۇلىللا. توڭلىدۇق، قېنى يول باشلاڭ، ئىسسىنايلى، شاھىنشاھ جانابلىرى.
شەيخۇل ماشايىخنىڭ تەسكىنلىك سۆزى سۇلتان سەنجەرنىڭ كۆكسىنى بېسىپ تۇرغان تاشنى ئېرىتىپ تاشلىغاندەك بولدى. ئۇ پىرى كامىل بىلەن يانمۇ يان ھالدا خاس چېدىرغا قاراپ ماڭدى.
چېدىرنىڭ ئالدىدا سۇلايمان بىردىن يۈكۈندى. «شۈكۈر ئاللا، تۇغۇلغان ئېلىمگە يەتكۈزدۈڭ!» دەپ قوللىرىنى يەرگە ئۇرۇپ يۈزىگە سۈرتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئىزمۇ ئىز كېلىۋاتقان قۇتبىددىن سۇلايمان ئاغام يىقىلدى، دەپ ئويلاپ، قولتۇقىدىن يۆلىمەكچى بولدى. دەل شۇ چاغدا پىرى مۇرشىدنىڭ كەسكىن ئاۋازى ئاڭلاندى:
— تەگمەڭ، يۇرت مېھرىگە قانسۇن.
قۇتبىددىن قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ھەزرەت ئۆزىدىن ئىككى قەدەم كېيىن كېلىۋاتقان سۇلايماننىڭ تىزلانغانلىقىنى بىلگەنىدى. قۇتبىددىن ئۇستازىنىڭ نەزەر ساھىبى ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم ئىمان كەلتۈردى.
سۇلتان سەنجەر شەيخنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ياخشى بىلەتتى. ھەزرەت ئارتۇقچە ھەشەمنى ياخشى كۆرمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چېدىرنى ئاددىيلا قىلىپ بېزەتتى. تۆردە ياغاچ ساندۇق، ئىلغۇچتا يوڭ چەكمەن، تولكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا، ئوتتۇرىغا تۆت پۇتلۇق چوغدان قويۇلغان، چوغدانلاردا قىپقىزىل ئوت يالقۇنجايتـ

كەتتى. ئىككى سۇلتانغا يانمۇ يان ئاق ئۆي تىكىلدى. كىگىزلەر
بىلەن ئورالغان چېدىرلارنىڭ سىرتى يىپەك ماتا بىلەن قاپلاندى.
بىر چېدىرنىڭ ئۈستىدە يەسسەۋىيە تەرىقىتىنىڭ تۇغى، ئىككىنچە-
سىدە سەلجۇقىيلارنىڭ كۆك رەڭلىك تۇغى لەپىلدەپ تۇراتتى.

داش قازانلار ئېسىلغان، قويلار سويۇلغان، كوزىلاردا تۇرلۇك
شەربەتلەر كەلتۇرۇلگەن بولۇپ، خارەزمنىڭ مەشھۇر قوغۇنلىرىمۇ
مېھمانلارغا تەييار بولۇپ تۇراتتى.

ئىككى كۇندىن كېيىن بىر كىشى سۆيۈنچە سوراپ كەلدى:

— يىراقتا شەيخنىڭ كارۋىنى كۆرۈندى!

سۇلتان سەنجەر دەريا بويىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتى. جەيھۇن-
نىڭ ئۇ تەرىپىگە، يېنىك چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتقان كارۋانغا تىكى-
لىپ خىيالچان تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى گويا پەدەرىنىڭ ئالدىدا
گۇناھ قىلىپ قويۇپ، تۇۋا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئاسىي پەرزەنتى-
تەك ھېس قىلىپ، يۈرىكى گۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئەمما،
توساتتىن «ئاسىيلىق پەرزەنتكە خاس، ئەپۇ قىلماق ئاتىغا» دېگەن-
لەرنى ئويلاپ، كۆڭلى يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

سۇلتانۇل ئارىپىن، سۇلايمان، مەنسۇر خوجا، بابا ماچىن،
قۇتبىددىن ۋە باشقا بىرنەچچە ئۆلىمالار مەخسۇس كېمىدە دەريادىن
ئۆتۇپ، ئامان - ئېسەن قاشقا چىقتى. سۇلتان سەنجەر ئىلدام
بېرىپ پىرىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى ۋە شەيخنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆزىگە
سۇرتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەزرەت بىلەن ئۇچ قېتىم
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. سۇلتان يوغان ئالىقانلىرى بىلەن شەيخ-
نىڭ ئورۇق قوللىرىنى سىلاپ، دەردى ئېرىگەندەك بولۇپ كۇلۇم-
سىرىدى:

— خۇش كېلىپسىز، پىرىم. مۇشۇنداق ياخشى كۇنلەرمۇ
بار ئىكەن، سىزنى جېنىمىز بىلەن سېغىندۇق، قىبلىگاھىم...

ھەزرەتنىڭ چىرايىغا يېنىك تەبەسسۇم يۇگۇردى:

— بىزمۇ جانابىڭىزنىڭ سۆھبىتىنى سېغىنغاندۇق. جەيھۇن
سۇيى مىڭ دەردكە داۋامىش.

ئارىلاپ - ئارىلاپ خانىقالارنى زىيارەت قىلاتتى، زىكىرنى ياخشى كۆرەتتى، دۆلەت ئىشلىرىدىن ئارىسالدىچىلىق تاپقان چاغلىرىدا دەرۋىشلەر ھالقىسىدا ھاردۇق چىقىرىشنى ياقتۇراتتى.

سۇلتان سەنجەردە شائىرلارغا خاس دىت بار ئىدى، بەزىدە شېئىرمۇ يېزىپ قوياتتى. شېئىردا سابىر تىرمىزى، ئەنۋەرى كەبى كامال تاپمىغان بولسىمۇ، بېيىتلىرى گاھىدا ناھايىتى ئورۇنلۇق چىقاتتى. ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى ئۆلىمالار، پازىللار، پىقىھ ئەھلى ۋە ھەدىسشۇناسلار ئىدى. ھەربىي يۈرۈشلەردە بىرنەچچە تۆگىگە ئارتىلغان كۆچمە كۇتۇپخانىسىنىمۇ بىرگە ئېلىپ يۈرەتتى. قال ئىلمى ۋە ھال ئىلمىنى ياخشى بىلەتتى. پىرى خوجا ئەھمەد يەسسەۋي ھېكمەتلىرىنى ياد قىرائەت قىلغاندا ئاۋازى شۇقەدەر يېقىملىق ۋە جاراڭلىق چىقاتتىكى ھەممە ئۇنىڭغا قۇلاق سالاتتى.

سۇلتان سەنجەر پىرى شەيخۇل ماشايىخ، سۇلتانۇل ئارىپىننىڭ سۆھبىتىگە تەشنا بولۇپ خىيالچان ئولتۇراتتى.

بىر چاغدا پىرى كامىلنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك كەينىگە ئۆرۈلدى. لېكىن، ئۇنىڭ كەينىدە ئادەم يوق ئىدى. ئۇ بىلدىكى، دېمەك، پىر ئۇنى كۈتمەكتە ئىدى. سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ شەيخنىڭ چېدىرى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

سۇلتانۇل ئارىپىن شاھنى بوسۇغىدا كۆرۈپ كۈلدى.

— دۆلەتپاناھ، بۇياققا كېلىڭ دەپ چاقىرساق ئاڭلىمىدىڭىز.

سۇلتان سەنجەر بىلدىكى پىرى راستتىنلا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ھۆكۈمدار مەخمەل كۆرپىگە شەيخنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇردى. خېلى بىر زامانغىچە ئىككىلا سۇلتاندىن سادا چىقمىدى. شەيخ: «شاھ دەردىنى ئېيتىۋالسۇن» دەپ كۈتەتتى. سۇلتان سەنجەر بولسا تېۋىپقا ئەھۋالنى بايان قىلماقچى بولۇپ كەلگەن بىمارغا ئوخشايتتى، لېكىن گەپنى نېمىدىن، قەيەردىن باشلاشنى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاخىر گەپ باشلىدى:

— ھەزرىتىم، ئىچىم ئاچچىق مەيگە تولغان كوزىدەك تاشماقتا. دۇنيا مېنى زېرىكتۈردى. ھەر ۋاقىت قارا قۇيۇندەك خىياللار

تى. چېدىر ئىچى ئىسسىق، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى.

شەيخ تۆرگە ئۆتتى، كەينىدىن سۇلتان سەنجەر، سەمەرقەنت قازىسى ئابدۇرەززاق، سۇلايمان، مەنسۇر خوجا، بابا ماچىن، قوتەبىددىن ۋە شەيخنىڭ ھەمسەپەرلىرى، شۇنداقلا مەرۋىلىك ئەملدار ۋە ئۆلىمالار كىردى. ھەزرەت قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى.

— ئامىن! ئىلاھا، ساۋاب ئىستەپ مەككەئى مۇكەررەمەگە قاراپ يول ئالغانلارنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلغايسەن، ئىلاھا، مۇلۇك ئىگىسى ئۆز تەختىدە بەرقارار بولسۇن، پۇقرانىڭ رىزقى مول بولسۇن! ئىلاھا، بەندىلىرىڭگە پايدىلىق ئىلىم ۋە پاراسەت ئاتا قىلغىن، ئاللاھۇ ئەكبەر!

سۇلتان سەنجەر قولىنى كۆكسىگە قويۇپ بېشىنى ئەگدى:

— پىرىم، قەدىمىڭىز كۆلبىمىزنى نۇرغا تولدۇردى.

زىياپەت ئەسىرگىچە داۋام قىلدى، كېيىن جامائەت ئىبادەتكە تۇردى. سۇلتان سەنجەرنىڭ يەتمىش گەزلىك يىپەك چېدىرى بار ئىدى. بۇ چېدىر يامغۇر يېغىن ياكى سوغۇق كۈنلەردە مەسچىت ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. مېھمانلار شۇ چېدىرغا كىردى. سۇلتانۇل ئارىپىنغا ئىقتىدا قىلىپ سالاتنى ئادا قىلدى.

سۇلتان نامازدىن كېيىن تەزىم بىلەن:

— قىبلىگاھىم، ئەمدى ئارام ئېلىڭ، ئۇزاق يولدا جاپا چەككەندۇرسىز، — دېدى.

شەيخ ماقۇل دېگەن تەرزدە بېشىنى ئىرغىتتى. سۇلتان سەنجەر پىرى كامىلنى خاس چېدىرغا ئۇزىتىپ قويۇپ قارارگاھى تەرەپكە قاراپ كەتتى.

مانا ئوتتۇز يىلدۇركى، سەنجەر ئاتا مىراس ئەلنىڭ سۇلتانى. ئۇ پەدەرى بۇزرۇكۋارى مەلىكشاھ ئالىپ ئارسلان ھايات ۋاقتىدا شاھزادىلەرگە مۇناسىپ ئىلىم - ھېكمەتنى ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. سەنجەر قاري ئىدى. «قۇرئان كەرىم» نى يەتتە يېشىدىن باشلاپ ئوقۇپ كېلىۋاتاتتى، گەرچە ئۇ نەسەبى جەھەتتىن شەمشەر ئەھلى بولسىمۇ، قەلبى جەھەتتىن ئەھلى دىللاردىن ئىدى. ئۇ

بولدى، خاس مۇلازىمىنى چاقىرتىپ دېدىكى «نېمىشقا سارايغا بىرەر كىشى ئەرز ـ داد ئېيتىپ كەلمەيدۇ؟ ھاكىم ۋە بەگلەردىن، قازى ـ قۇززاتلاردىن ھەممە كىشى رازىمۇ؟» مۇلازىم جاۋاب بەردىكى: «خەلقنىڭ دەردى كۆپ، سىزگە ئېيتىدىغان سۆزلىرى تۈگمەستۇر. لېكىن، ۋەزىرلەر ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئۇلارنى سارىيىڭىزغا يېقىن يولاتمايدۇ. ئەرز بىلەن كەلگەن كىشىنى يالغان ۋەدە بىلەن قايتۇرۇۋېتىدۇ.» بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ: «سالامخانىغا بىر قوڭغۇراق ئېسىلسۇن، تانىسى دەرۋازىغا باغلانسۇن، ئۇ شۇقەدەر پەس بولسۇنكى، نارەسىدە بالىنىڭمۇ قولى يەتسۇن، كىمنىڭ شاھقا ئېيتىدىغان سۆزى بولسا ئاشۇ تانىنى تارتسۇن، مەيلى بامدات، مەيلى ئەسىر، مەيلى كېچە بولسۇن قوڭغۇراقنى چالسۇن» دەپ ئەمر قىلدى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى خۇپتەن ۋاقتىدا قوڭغۇراق توختىماي جاراڭلاپ كېتىپتۇ. چىقىپ قارىسا بىر ھورۇن ئېشەك تۇمشۇقىنى تانىغا سۈركەۋاتقانىكەن. بۇ ھال شاھقا يەتكۈزۈلۈپتۇ. شاھ، ئېشەكنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ كېلىڭلار، دەپ ئەمر قىپتۇ. تاڭغا يېقىن ئېشەكنىڭ ئىگىسى تېپىپ كېلىنىپتۇ. سوئال ـ جاۋابتىن كېيىن مەلۇم بولۇپتۇكى، بۇ كىشىنىڭ ئېشەكنى سېتىۋالغىنىغا يىگىرمە يىل بولغانىكەن. ئېشەك قېرىپ كېرەككە كەلمەس بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن كوچىغا ھەيدەپ چىقارغانىكەن. بۇنى ئاڭلاپ شاھ «تاكى ئېشەك ئۆلگۈچە ئۇنىڭ يەم ـ خەشىكىنى بېرىپ باقىسىز، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز مېلىڭىز مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزىڭىز ئەل ئارا سازايى قىلىنىسىز» دەپ بۇيرۇپتۇ.

— ئاجايىپ ھېكمەت ئىكەن، — دېدى سۇلتان سەنجەر سوغۇق تەرلەپ، — بىز قولىمىزدىن نان يېگەن ئىتلارغىمۇ ئادالەت قىلدۇق، لېكىن ۋاپا كۆرمىدۇق.

— خەۋىرىمىز بار.

— ئاشۇ بىتەۋپىق ئاتسىزنىڭ قىلغان ئىشىغا قاراڭ. سىزدەك شەيخۇل ماشايىخنىڭ ئەمرىمەرۇپى بىلەن ئىسلامغا كىرگەن ئۇلۇس-

باستۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ خىيال مېنى ئىبراھىم ئەدھەمدەك ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، چۆل - باياۋانلارغا چىقىپ كەت ۋە دەرۋىشلەر ھالقىسىغا قوشۇل، دەپ ئۈندەيدۇ.
— ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ مەقامى باشقا، سىزنىڭكى باشقا، — دېدى شەيخۇل ماشايىخ، — ھالقا يولى غايەت ئۇزاق يول. بۇنىڭ ئۈچۈن نەپسى ۋەسۋەسىنى تىزگىنلىمەك لازىمدۇر. سىز ئوتتۇز يىل تەخت ئۈزرە دەۋران سۈردىڭىز. شاھلىق راھىتىدىن ۋاز كېچىشكە كۆڭلىڭىز رازىدۇر، لېكىن كۆزىڭىزچۇ، كۆزىڭىز رازى بولۇرمۇ؟
— ئەگەر ئاللادىن ئەمر بولسا.
— ئاللاتائالا، شاھ ۋە سۇلتانلار مېنىڭ يەردىكى سايەمدۇر دەپ مەرھەمەت قىلدىلەر. ئادالەت دىنىنىڭ ئىززىتى، سۇلتانىنىڭ قۇۋۋىتى، ئۇ پۇقرالارنىڭ ئامانلىقى ۋە بارلىق ياخشى ئەمەللەرگە تارازىمىش. بۇ ھەدىسى شېرىپ ئادالەت قوغدۇرىقىنى يادىڭىزغا سالامدۇ؟ شۇ ھەقتىكى رىۋايەتنى ئەسلەپ كۆرۈڭ.
سۇلتان سەنجەر پېشانىسىنى سىلاپ خېلىغىچە ئويغا چۆمدى، ئەمما ئادالەت قوغدۇرىقى ھەققىدىكى رىۋايەت ئېسىگە كەلمىدى. ئۇ بۇ رىۋايەتنى ئاڭلىمىغان ياكى ئاڭلىغان بولسىمۇ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەنىدى.
— ئۈزرە، پىرىم...
شەيخۇل ماشايىخنىڭ چۆل شاماللىرىنىڭ تەسىرىدىن قارايغان چېھرىدە بوش تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.
— ياشلىقتا ئوقۇغىنىڭ مەرمەرگە يېزىلدى، قېرىلىقتا ئوقۇغىنىڭ قۇمغا يېزىلدى. ھەي بۇ قەدىمكى رىۋايەتكە بىر بېقىڭ، سۇلتان. يەر يۈزىدە سىزگە ئوخشىغان، ئېھتىمال سىزگە ئوخشاشمىغان بىر پادشاھ بار ئىدى. ئول پادشاھ ئەلنىڭ سۆزىنى سېغىناتتى، پۇقرانىڭ دەردىگە قۇلاق سېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، سارايغا بىر مۇسۇلمان ئەرز - داد ئېيتىپ كەلمەيتتى، گويا بۇ ئەلنىڭ پادشاھى يوقتەك ئىدى. شاھ بۇ ھالدىن بىئارام

ئۇزاتتى.

— بەلكىم خەۋەرلىرى بار، بۇخارادا ئەمىر ئەمرۇپ ۋاقتىدا خەلپىنىڭ شەنگە بەزى قاتتىق گەپلەرنى ئېيتتۇق. بىر بىچارە ئەلنىڭ تەرلەپ - پىشىپ تاپقان نېنىنى يېتىپ يېيىش خەلپىنىڭ مەرتىۋىسىگە ياراشمايدۇ. بۇ خىيال يول بويى ماڭا ئارام بەرمىدى. شۇ سەۋەبتىن كۆڭلىمىزدە قىسقا بىر ھېكمەت تۇغۇلدى. ئۇنى سىزگە ئاتىدىم. بىزدىن ۋەسىيەت ئورنىدا يادنامە بولسۇن.

سۇلتان سەنجەر پىرى كامىلنىڭ ھېكمىتىنى ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى ۋە قىرائەت قىلىشقا ئىجازەت سورىدى.

— مەيلى ئوقۇڭ، سۇلتان. باشقىلارنىڭ ئاۋازىدىن بىزمۇ ئاڭلايلۇق دەپ يازغانمىز.

سۇلتان سەنجەر ئاستا ئەمما مۇڭ بىلەن ھېكمەتنى ئوقۇدى:

شەكسىز بىلىڭ، بۇ دۇنيا بارچە خەلقتىن ئۆتەرا،
ئىنانمىغىل مىلىڭغا، بىر كۈن قولدىن كېتەر.
ئاتا - ئانا، قېرىنداش، قايان كەتتى پىكىر قىل،
تۆت ئاياغلىق چۆبىن ئات بىر كۈن ساڭا يېتەر.
دۇنيا ئۈچۈن غەم يېمە، ھەقتىن ئۆزگىنى دېمە،
كىشى مالىنى يېمە، سىرات ئۆزرە تۇتارا.
ئەھلى ئايال، قېرىنداش، ھېچكىم بولمايدۇ يولداش،
مەردانە بول، غېرىب باش، ئۆمرۈڭ يەلدەك ئۆتەرا.
قۇل خاجە ئەھمەد، تائەت قىل، ئۆمرۈڭ بىلمەم نەچچە يىل،
ئەسلىڭ بىلسەڭ ئابى گىل، يەنە گىلغا كېتەرا.

سۇلتان سەنجەر تەسىرلەنگەن ھالدا ھېكمەتنىڭ ئاخىرقى مىسراسىنى يادقا ئوقۇدى:

— «ئەسلىڭ بىلسەڭ ئابى گىل، يەنە گىلغا كېتەرا...» ھەزرىتىم، بۇ جاۋاھىردەك ھېكمەت بولۇپتۇ. بىز ئۇنى بويىنىمىزغا تۇمار كەبى ئېسىپ يۈرگەيمىز، دۇئا قىلىڭ، پىرىم.

شەيخۇل ماشايىخ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

نى كاپىر دەپ چاپقۇن قىلدى. ئۈچ قېتىم قەسەم ئىچتى. بۇنىڭ-
دىن كېيىن سەيھۇن بويىغا قەدەم باسسام پالەچ بولاي، كور بولاي
دەپ يالۋۇردى. شەيتان ئاتىسىزنىڭ بويىنىغا تاش باغلاپ دەرياغا
تاشلا، دەيدۇ. ئەمما پەرزەنت دەپ بىلگىنىمىز ئۈچۈن گۇناھىدىن
ئۆتتۇق.

پىر باش ئىرغىتتى.

— ئەپۇ قىلىشنىڭ لەززىتى ئىنتىقامدا يوق. ئەندىشە رەھما-
دىن، ئالدىراقسانلىق شەيتاندىن. ئاتىسىزنىڭ جېنىغا قەست قىلغى-
نىڭىزدا سىزمۇ نەپسىڭىزنىڭ قولىغا ئايلانغان بولاتتىڭىز.

— بىراۋنىڭ مۇلكىگە كۆز ئالايتىشمۇ نەپسىنىڭ قۇربانى
ئەمەسمۇ، ھەزرەت؟

— شۇنداق. شەدداد يەر يۈزىدە جەننەت يارىتىمەن دەپ كۆپۈر
بولدى. فىرئەۋن خۇدالىق داۋاسى قىلىپ ئۆزىدىن كەتتى. قارۇن
دۇنيا بىلەن دۇنيانى سېتىۋالماقچى بولدى. ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟
كۈمپەيكۇم بولدى. بۇ دۇنيادىكى پاجىئەلەرنىڭ ھەممىسى نەپسى
تۈپەيلىدىندۇر. تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىك، بايلىققا بېرىلىش، زى-
نا، مەرتىۋە زوقى، تەمە، ناشۈكۈرلۈك... بەشەر ئەھلى بۇ كەبى
قاباھەتلەردىن خالاس بولمايدىكەن. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئىمان،
شەپقەت، ئادالەت ئىنساپ قارار تاپمايدۇ. ھەقتائالا سىز ۋە بىزنى
تۇپراقتىن ياراتقان، شۇ سەۋەبتىن يەرگە بېقىپ يۈر، ئەسلىڭنى
ئۇنتۇما، سۇلتان بولساڭمۇ، ئۇلتان بولساڭمۇ بۇ دۇنيادا مېھما-
سەن دەپ بۇيرۇرمىش.

سۇلتان سەنجەر داستىخاننىڭ پۆپۈكىنى تىتىملاپ خىيالغا
بېرىلدى. نەزىرىدە پىرى كامىل ئۇنىڭ بەزى گۇناھلىرىنى يۈزىگە
سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئىچى سىيرىلدى، ئەمما ئۆزىنى ئاقلىمى-
دى. سۇلتان سەنجەرنىڭ شەيخنىڭ ئالدىغا مىڭ بىر خىيال بىلەن
كىرگەن، ئاچچىق گەپلەرنىمۇ ئاڭلاشقا تەييار ئىدى. شۈكرىكىم
پىر ئۇنى ئايىدى، شەپقەت قىلدى.

سۇلتانۇل ئارىپىن يېنىدىن بىر قەغەزنى چىقىرىپ سەنجەرگە

قىلار سەلتەنىتى دەۋرىدە مەرۋىنىڭ ھۆسنىگە يەنە ھۆسن قوشۇل-
دى. سۇلتان سەنجەر ئۇچۇن مەرۋى كۆز ئارامى، غورۇرى،
گوياكى پەدەرى بۇزرۇكۋارى، مېھرىبان ئانىسى، خۇددى ھەدىستە
مەرھەمەت قىلغىنىدەك ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارى ئىدى.

سۇلتان سەنجەر سارايىدا پىرى كامىلغا ئاتاپ خاس خانىلارنى
ئاجراتقانىدى. شەيخ «روھنى تەندىن ئايرىپ بولماس، تەن قايدا
بولسا، روھ شۇندا بولمىقى زۆرۈر» دەپ زىيارەتچىلەر بىلەن بىرگە
شەھەردىكى چوڭ خانىقاغا كىرىپ چۈشتى. بۇ خانىقانى سۇلتان
سەنجەر ئۆزى لايىھىلىگەنىدى، شۇ سەۋەبتىن سەنجەر خانىقاسى دەپ
ئاتىلاتتى. خانىقانىڭ ھويلىسى چوڭ بولۇپ، ھەربىر تەرىپى يۈز
قەدەمچە كېلەتتى، ئەتراپىقا چۆرىدەپ ھۇجرىلار سېلىنغانىدى. ھوي-
لىدا ئۆرۈك، ئۇجمە، خورما دەرەخلىرى ئۆسۈپ تۇراتتى. خانىقا-
نىڭ تۆت بۇرجىكىدە تۆت كۆلچەك بار ئىدى. نامازخانىلار ئۇچۇن
ئۇزۇنچاق ئايۋان، مەسـچـىـت، ناۋايـخـانا، ئاشخانا، تاھارەتخانا
راسلانغانىدى. داش قازانلاردا سۇلتاننىڭ ئەمرى بىلەن قىش - ياز
ئېھسان تامىقى پىشىپ تۇراتتى.

يولدا توختىغان دەرۋىشلەر ئىسسىق ھۇجرىلارغا كىرىپ كەت-
كىنىچە تالاغىمۇ چىقىشمىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن شەيخۇل
ماشايىخ ئۇستازى يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ زىيارىتىگە ئاتلاندى. يېنىغا
سۇلايمان، مەنسۇر خوجا ۋە قۇتبىددىننى ئالدى. ئۇستازىنىڭ
قەبرىسى شەھەرنىڭ سىرتىدا ئىدى. دەرۋىشنىڭ يول باشلىشى
بىلەن ئۇلار بىر قېرى دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ توختىدى.

— مەۋلانە يۈسۈپ ھەمەدانى ھەزرەتلىرىنىڭ قەبرىسى ئەنە
شۇ، — دېدى دەرۋىش ۋە كۆزى بىلەن ئۇستىنى ئوت - گىياھلار
قاپلىغان دۆڭگە ئىشارە قىلدى. ئۇستاز: «تاۋۇتۇمنىڭ ئالدىدا
ئەھمەد «سۈرە نازىئات» نى ئوقۇسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى.
تەقدىر شۇنداق ئىكەن. پىرى مۇرشىدنى يەرلىكىگە قويۇش ئەھمەد-
كە نېسىپ قىلمىدى. ئۇستاز بۇخارادىن مەرۋىگە كېلىۋېتىپ يولدا
ئاللانىڭ رەھمىتىگە باردى.

## 26. مەنسۇر ھەللاجنىڭ خاكى

بىلمىدىلەر موللىلار «ئەنەلھەق» نىڭ مەناسىن،
قال ئىلمىگە ھال ئىلمىن ھەق كۆرمىدى مۇناسىپ.
رىۋايەتلەر پۈتۈلدى، ھالىن ئانىڭ بىلمىدى،
مەنسۇردەك ئەۋلىيانى قويدىلەر دارغا ئاسىپ.

— ئەھمەد يەسسەۋىي

چىللە كىرىشى بىلەن تەڭ شەيخنىڭ كارۋىنى ئامان - ئېسەن مەرۋىگە كېلىپ قوندى. رىۋايەتچىلەر بۇ شەھەرنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بەرپا قىلغان دېيىشىدۇ. بەلكىم شۇنداقتۇر، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ قەدىمكى ۋە مۇبارەك شەھەر. سەمەرقەنتنى سودا شەھىرى، بۇخارانى ئىسلام شەھىرى، مەرۋىنى بولسا پازىللار شەھىرى دېيىشىدۇ. مەرۋىنىڭ كۇتۇپخانىلىرىغا شام ۋە ئىراقنىڭ ئۆلىمالىرىمۇ تەلپۈنىدۇ. مەرۋى ئۆلىمالىرىنىڭ شۆھرىتى باغدات خەلىپىسىنىڭ سارىيىغىچە يېتىپ بارغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر مەرۋىنىڭ نامىنى تاق ئېيتماستىن، مەرۋى شاھى جاھان دەپ شەرەپ بىلەن تىلغا ئېلىشاتتى.

زەردۇشتلارنىڭ ھېكمىتى بويىچە، رىزىق مول بولغان مەملىكەتتە پەند - نەسىھەتمۇ قۇلاققا ياخشى سىڭەرمىش. مەرۋى پاراۋان، ئاۋات يۇرت ئىدى. مۇرغاپ دەرياسىدىن كەلتۈرۈلگەن ئېرىقلاردا ياز بويى شارقىراپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى، ئوتلاقلىرى مول، چارۋىسى سېمىز، دېھقانلىرى بازارنى ياشنىتىپ تۇراتتى. سەلجۇ-

سۆھبىتى يەنە داۋام قىلدى. ئۆچكە ساقال ئۆلىما مۇدەررىس ئابدۇ-كېرىم سوپى ئىدى. ئۇ تېخى پەيغەمبەر يېشىغا يەتمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى ھەققە يەتكەن ھېسابلايتتى، شۇ سەۋەبتىن ئۆزگىلەردىن نۇقسان تېپىشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ھەمسۆھبەتلە-رى مەسچىت ئىمامى ھاجى يارتاش ۋە مۇدەررىسلەر ئىدى.

— تۈركىستانلىقلار، — دېدى سوپى ئابدۇكېرىم، زىيارەتچە-لەرنىڭ كەينىدىن قاراپ، — پىرى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينى تاۋاپ قىلىشقا كېتىۋاتىدۇ.

— سىز قانداق بىلىسىز، مەۋلانە، ئېھتىمال بۇلار سەمەر-قەنتلىكلەردۇر؟ — دېدى ھاجى يارتاش.

سوپى ئىمامنى مەسخىرە قىلدى.

— ئۆزىڭىز ھاجى بولۇپ تۇرۇپ سەللىنىڭ پېشىنى پەرق ئېتىشنى بىلمەيسىز، تەقسىرىم! تۈركىستانلىقلار سەللىنىڭ پېشىنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدەك ئېسىلدۇرۇپ يۈرىدۇ.

بىر مۇدەررىس گەپكە قوشۇلدى:

— بەزىلىرى قوش بەلۋاغ باغلىۋاپتۇ. ئەجەبا بىر بەلۋاغ ئازلىق قىلۇرمۇ؟

سوپى قاقاقلاپ كۈلدى:

— ئۇلارنىڭ لەقىمىمۇ قوش بەلۋاغ. بىرى جايناماز، بىرى داستىخان ئورنىدا.

— بۇ ئادەتلىرى ياخشى ئىكەن، — دېدى ئىمام. ئۇ چالا موللا ئىدى. مەسچىتتە ئەمرىمەرۇپ قىلىشتىن بۇرۇن سوپى ئاب-دۇكېرىمدىن مەسلىھەت ئېلىپ تۇراتتى، قۇرئان تەپسىرىنىمۇ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغانىدى.

سوپى ئىمامنى تالىپ ئورنىدا كۆرۈپ دېدى:

— بەك دانىشمەن بولۇپ كەتتىڭىزمۇ قانداق، تەقسىرىم...

— ياق، توۋا قىلدۇق، ھاجى ئاتا...

سوپى كېرىلىپ قويدى:

— ئاشۇ تۈركىستانلىقلارنىڭ ئەۋلىياسىغا بىر جۇپ مەسىلە

ئۇستازىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىش پۇرستى ئەمدى كەلگە.
ندى. شەيخ «نازىئات» سۇرىسىنى خەتمە قىلىپ پاتىھەگە قول كۆتۈردى:

«ئىلاھا ئامىن! ھەقتائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنى رەھمىتىگە ئالسۇن!»

ھېكىم سۇلايمان ھەزرەتكە ئىقتىدا قىلدى:

— پەرۋەردىگار، ئۆزۈڭ شەيخۇلرەئىسنىڭ ياتقان يېرىنى نۇرغا تولدۇرۇپ، ئۇنىڭ روھىنى مۇئەتتەر قىلغايسەن، ئاللاھۇ ئەكبەر!

زىيارەتچىلەر خانىقانى كۆزلەپ قايتتى. سۇلتانۇل ئارىپىن قەلئە دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ قونالغۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. يۈز قەدەمچە نېرىدا بىر كونا مەسچىت تۇراتتى. تار ئايۋاندا ئاپتاپسىنىپ تۆت - بەش كىشى ئولتۇراتتى. شەيخ ئۇلارغا بىر قۇر نەزەر سالدىيۇ، يەرگە قاراپ دېدى:

— سۇلايمان قۇل، ئايۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆچكە ساقال، بىر كۆزى ئالغايراق كەلگەن كىشىگە نەزەر سېلىڭ. ئۇ كېيىن بىزگە ئەسقاتىدۇ.

— بولىدۇ، پىرىم، — دېدى سۇلايمان.

ئۇلار ئايۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى. شەيخ يەنىلا يەرگە قاراپ كېتىپ باراتتى. ئايۋاندىكى كىشىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ سالامغا تۇردى. سۇلايمان شەيخ ئېيتقان كىشىگە تىكىلدى. ئۇ راستىنلا ئۆچكە ساقال، بىر كۆزى ئالغاي ئىدى.

سۇلايمان ئىلدام مېڭىپ ھەزرەتكە يېتىشىۋالدى.

— تۇرقىغا ئوبدان قارىدىڭىزمۇ؟ — دېدى شەيخ كۇلۇمسىرەپ.

— مەن ئادەمنىڭ ئىچىدىن تاپ دېسىڭىزمۇ ئاداشماي تېپىپ بېرىمەن، پىرىم.

— بولىدۇ، — دەپ قويدى شەيخ.

يولۇچىلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئايۋاندا ئولتۇرغانلارنىڭ

چى، فىقىھلار، مۇپتىلار ئادەتتە بىرەر مۇنازىرىلىك مەسىلە ئۇس-
تىدە بەسلىششىشتىن بۇرۇن «قۇرئان كەرىم» گە مۇراجىئەت قىلى-
دۇ. ئەگەر قۇرئان تەپسىرى ئارقىلىق جاۋاب تېپىلمىسا، ھەدىس-
لەردىن ئىزدەيدۇ. ھەدىسلەرمۇ ئۇلارنى قانائەتلەندۇرمىسە، قىياس
بىلەن خۇلاسىگە بويسۇنماقتىن باشقا ئامال قالمايدۇ. قىياس شەرى-
ئەت ئىلمىنى سۇدەك بىلگەن دانىشمەنلەرنىڭ سىپىلىشتۇرۇش ئار-
قىلىق مەنتىقىي يەكۈن چىقىرىشى، خۇلاسە بولسا بىر نەچچە دانىش-
مەننىڭ بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمى، ئىرادىسى ئىدى.

سۇلتانۇل ئارىپىن مۇنبەرنىڭ يېنىدىكى ئېگىز سۇپىدا چازانە قۇرۇپ ئولتۇراتتى. يېنىدا سەمەرقەنتنىڭ شەيخۇلئىسى مەنسۇر خوجا، مەرۋىنىڭ قازىكالانى، سۇلايمان، جامائە مەسچىتنىڭ ئىمام خاتىپى قاتارلىقلار بار ئىدى. قازىكالان قۇرئان تىلاۋەت قىلدى، پاتىھەدىن كېيىن ئىككى ئېغىز ۋەز ئېيتتى:

— تۈركىستان ئېلىنىڭ شەيخۇل ماشايىخى، يەسسەۋىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى، دۆلەتپاناھىمىز سۇلتانى ئەزەم سەنجەر جانابلىرىنىڭ پىرى مۇرشىدى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي زاتى شەرىپلىرىنىڭ شاھى جاھان مەرۋىگە تەشرىپ بۇيرۇغانلىقىدىن بىشىمىز ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى. ئۇلۇغ دەريالاردىن ئېرىقلار سۇ ئىچەر. شەيخۇل ماشايىخ جانابلىرىنىڭ ئېرپان خەزىنىسىدىن بۇ يەردە جەم بولمىش ئەھلى ئۇلىما، تالىبى ئىلىملەر بەھرە ئالساق، دېگەن ئۈمىدتىمىز.

سۇلتانۇل ئارىپىن «كىمنىڭ گېپى بار؟» دېگەندەك ئەتراپقا نەزەر سالدى. خالايىق ئىچىدىن ياشانغانراق بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شەيخ جانابلىرى، ئەگەر سوئالىمىز ئورۇنسىز بولسا ئەپۇ قىلغايلا. بەزىبىر زاتى شەرىپلەر يازمىشكى، دەرۋىشلىك خىرقىسىنى كىيىپ، تەرىقەت سۇلۇكىگە كىرگەن سوپى تەنھا ياشىمىقى شەرتمىش. دەرۋەقە، ئاللا ۋەسلىدىن ئۈمىدۋار دەرۋىشنىڭ ئىشى زىكىر، تائەت - ئىبادەت، قەلبىنى پاكلاش

ھازىرلاپ قويدۇم. جۈمە كۈنى ئەمرىمەرۈپ بولارمىش. جامائەت ئالدىدا بىر ئويلاندۇرۇپ قويايمىكىن دەيمەن؟

— «ئويناشمىغىن ئەرباب بىلەن» دەپتۇ ماشايىخلار، — دېدى بىر مۇدەررىس، — تۈكىڭىز يۇلۇنمىسۇن، تەقسىرىم.

— تۈركىستانلىق پىرنىڭ تىلى ئاچچىقمىش. ئەھلى ئۆلىما ئالدىدا كىمسەن دېسە سوپى ئابدۇكېرىم ھاجى، مۇدەررىس، شائىر دېگەن ئۈنۋانىڭىز بار. شۇڭا ... — دېدى يەنە بىر مۇدەررىس.

سوپى گويا بۇ مۇنازىرىدە ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىدا گۇمانى يوق-تەك، ساقىلىنى تۇتاملاپ قويدى:

— مۇشكۇلىمىزنى ئاسان قىلسا بىز رازى، ئەمما جاۋاب بېرەلمەي ئاجىزلىق قىلسا، ئەيىب ئەۋلىيانىڭ ئۆزىگە بولغاي، ئىنشائاللا.

سوپى ساق كۆزىنى قىسىپ كۈنگە قاراپ قويدى ـ دە، ئېتىكىنى يىغىشتۇردى:

— ئەمدى چىقايلى. تالىپلار يولىمىزغا قاراپ تۇرۇپتۇ.

سوپىنىڭ قارىسى ئۆچمەي تۇرۇپلا ئولتۇرغانلار غەيۋەت قىلىشقا باشلىدى:

— تۇۋىسىغا ئەمەل قىلمايدۇ بۇ ئالغاي. ھېلىقى بىر يىلى ھىراتتىن كەلگەن ئۆلىمادىن دەككىسىنى يېگەنىدى. يەنە ئۆزگەر-مەپتۇ!

— قۇيرۇقى يۇلۇنغان قېرى خورازدەك بولۇپ چىقار جامەدىن...

— راست، ئەۋلىيا بىلەن ئېلىشىپ ئابرۇيى تاپالامدۇ بۇ نادان؟!

جۈمە كۈنى مەرۋىنىڭ جامە مەسچىتىگە ئادەم سىغماي قالدى. پېشىن نامىزىدىن كېيىن بۇ يەرگە نۇرغۇن خالايىق توپلاندى. ھەر كۆڭۈلدە ھەرخىل خىيال: بىراۋ شەيخۇل ماشايىخنىڭ قانداق زات ئىكەنلىكىنى كۆرمەكچى، بىراۋ ئۇنىڭ ئەمرىمەرۇپىغا تەشنا، ئەھلى ئۆلىمالار مۇشكۇل مەسىلىلەر ھەققىدە ئۇنىڭ پىكرىنى بىلمەك-

قادىر؟ مەن ئاللانىڭ خىزمىتىگە كەتتىم دەپ خانىقادىن چىقماي ياتىدىغان نادانمۇ؟ سېنى يوقتىن بار قىلغان ئاتا - ئاناڭ ساڭا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىغا كىم قارايدۇ؟ ئاتا- ئانىسىدىن كېچىپ زاھىتلىق خىرقىسىنى كىيگەن تەكەببۇرنى ھەقتائالامۇ كەچۈرمەيدۇ. ئاللا غەيرەتلىك كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. غەيرەت ئالدى بىلەن ياراتقانغا ھەمدۇسانا ئۈچۈن، ئاندىن بۇ يورۇق دۇنيانىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. كاسىپ ئەسۋابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ خانىقانى ماكان قىلسا، پادىچى پادىسىنى، دېھقان ئېتىزىنى ئۇنتۇپ تەركىدۇنيا بولسا قانداق بولىدۇ؟ شۇنداق بولسا ئالەمدە قىيامەت باشلانماسمۇ؟ «كاسىپ ئاللانىڭ دوستى» دەپتۇ رەسۇلۇللا. پىكرى ئاجىزىمىزچە كاسىپلا ئەمەس، زەخمەت چېكىپ ئەھلى روزغارىنى ۋە باشقىلارنى باققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ دوستىدۇر. سىز تەنھالىق يولىغا كىرىپ كەتسىڭىز سىزگە ھالا رىزقىنى كىم بېرىدۇ؟ تىلەمسىز؟ بىراۋنىڭ سەدىقىسىگە تەلمۈرەمسىز؟ تىلىگەن تىلىنغاندىن يامان. ئىشقى ئىلاھى بىلەن زىكرى ئاللانىڭ مەنىسىنى نادان ئەمەس دانا بىلۇر. خۇلاسە كالام: ئىنسان مۇكەررەم، ئىنسان جىمىكى مەخلۇقاتنىڭ، بارلىق مەۋجۇداتنىڭ گۈل تاجى. شۇنداق ئىكەن ئىنسان بولساڭ ئىنساندەك ياشا.

شەيخ ۋەزنى تۈگىتىپ پاتىھە قىلدى:

— خۇداۋەندە كەرىم، بىزلەرگە پايدىلىق ئىلىم ۋە ئۆتكۈر پاراسەت ئاتا قىلغىن!

شۇ تەرىقىدە ئۈچ - تۆت كىشى بىلەن سوئال - جاۋاب بولۇپ ئۆتتى. بىر چاغدا ئارقا تەرەپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— مەگەر ئىجازەت بولسا، بىر سوئالىمىز بار ئىدى...

بۇ سوپى ئابدۇكېرىم ئىدى.

— بۇ يەرگە كېلىڭ، — دېدى قازىكالان.

سوپى مۇنبەرگە قاراپ كەلدى. شەيخنىڭ يېنىغا تۆت قەدەمچە

بولمىقى لازىم. ئەھلى ئايال، ئۆيۋاق غېمى سالىكنىڭ ئىمان
زەخمەت يەتكۈزگۈسىدۇر، پەنالىق يولىدىكى ئىش - ھەرىكەتلەرگ
توسالغۇ بولغۇسىدۇر. چۈنكى، بىر يۈرەككە ئىككى ئىشقنى سىغ
دۇرۇپ بولماس. ئەگەر سوپى چىن دىلىدىن سوپى بولسا، ب
دۇنيانىڭ راھەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، پەقەتلا ئىشقى ئىلاھى بىرل
ياشىمىقى لازىم. شۇل ئەقىدە خۇسۇسىدا جانابلىرىنىڭ مۇبارەك
سۆزلىرىنى ئىشىتمەككە تەشنامىز.

شەيخۇل ماشايىخ سەزدىكى، بۇ كىشى ئابدۇلخالىق غىجدۇۋا
نىي تەرىقىتىگە مايىل ئىكەن. خۇددى زىكىر قائىدىلىرىگە ئوخشاش
تەنھالىق، دۇنيادىن يالغۇز ئۆتۈش مەسىلىسىدە يەسسەۋىيە تەرىقىتى
بىلەن خوجىگان ئەھكامى ئوتتۇرىسىدا نامۇۋاپىقلىق، ئازراق ئىخ-
تىلاپ مەۋجۇت ئىدى. خوجىگان تەرىقىتىگە كىرگەن سالىك تەنها
بولۇشى، يەنى بالا - چاقىلىق بولماي تاق ئۆتۈشى، كېچە - كۈندۈز
ئاللاتائالانىڭ زىكرى بىلەن، ھەقنىڭ خىيالى بىلەن نەپەس ئېلىشى
لازىم ئىدى. يەسسەۋىيە تەرىقىتىدە بولسا مۇرىتقا بىرقەدەر ئەركىن-
لىك بېرىلگەن، يەنى ھەقنىڭ جامالىغا قاناي دېسەڭ —
زىكىر - ساما دىلىڭنى تەرك ئەتمىسۇن، ئەمما ئاللا ياراتقان
نېمەتلەردىنمۇ بىبەھرە قالما، دېيىلگەنىدى.

سۇلتانۇل ئارىپىن خىيالغا پاتتى. بەزىلەر تەئەججۇپلىنىپ،
مەسىلە مۇشكۇلمۇ قانداق دەپ ئويلىنىپ قالدى. شەيخ ئۆزىگە خاس
كەسكىن ئاۋازدا سۆز باشلىدى:

— ئىسلامدا راھىبلىق يوقتۇر. ئاللاتائالا يەر يۈزىدىكى بار-
لىق جانلىقلارنى بىر - بىرى بىلەن جۈپلەشسۇن دەپ جۈپ ياراتقان-
دۇر. رەسۇلۇللا «مۇلايىم ۋە تۇغۇمچان ئايالLAR بىلەن تۇرمۇش
قۇرۇڭلار» دەپ مەرھەمەت قىلغان. شۇنداق ئىكەن تەركىدۇنياچى-
لىق بىزنىڭ تەرىقىتىمىز ئەمەس. ئىنسان دۇنياغا نېمە ئۈچۈن
كېلىدۇ؟ ياخشى ئىش ئۈچۈن، ياخشى پەرزەنت تەربىيىلەپ، ياخ-
شى نام قالدۇرماق ئۈچۈن. ھەقتائالا ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىراڭ-
لار دەپ بۇيرۇغان. خوش، ئەل - ئۇلۇسقا كىم ياخشىلىق قىلىشقا

«ئەستاغپۇرۇللا!» «ئۆزۈڭ ساقلا، يارەببىم!» دېگەن خىتابلار ئاڭلاندى. جامائەت بىردىن تەۋرىنىپ كەتتى. شەيخ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاللاغا مەنسۇردەك يېقىن كىشى يوق ئىدى. خەلپە مۇقتەدىرمۇ ھال ئىلمىنى بىلمەيتتى. شۇ تۇپەيلى جاھىل موللىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ خاتا قىلدى. كېيىن تولۇق قىلدى. خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، سوپى جانابلىرى، خەلپىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەنسۇرنى دارغا ئاستى، شۇنداقمۇ؟ تېنىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى دەرياغا تۆكتى. ئاندىن كېيىن نېمە بولدى، بىر ئەسلەپ كۆرۈڭچۇ؟

ئابدۇكېرىم بېشىنى ئېگىپ تۇرىۋەردى، نېمە بولغانلىقىنى ياكى بىلمەيتتى، ياكى بىلسىمۇ ئېيتىشقا نومۇس قىلاتتى.

— نېمە بولدى، ئەھلى جامائەت؟ — شەيخ خالايىققا بۇرۇلدى.

— دەريا تاشتى!

— شەھەرنى ساراسىمىگە سالدى...

— دەريا تېشىپ، شەھەرنى سۇ باستى.

خەلپە جان ئاچچىقىدا شەيخ زۇننۇن مىسىرىغا يالۋۇردى. زۇننۇن مەنسۇرنىڭ ئىزىدىن بىر سىقىم تۇپراق ئېلىپ ئەۋەتتى، ئۇنى دەرھال دەرياغا تاشلىدى. تاشقىن ياندى. خەلپىنىڭمۇ، ئەۋلىيانىڭ ئۆلۈمىگە پەتىۋا بەرگەن نادان ئۆلىمالارنىڭمۇ جېنى ئامان قالدى. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ كاپىرنىڭ كۈلىدىن دەريا تاشامدۇ؟ ئۇنىڭ ئىزىدىن ئېلىنغان بىر سىقىم تۇپراققا دەريا تىنامدۇ؟ ئاللاتائالا مەنسۇرنى بەندەم، دېدى، قۇدرىتىنى كۆرسەتتى. سىز بولسىڭىز ھەق دەرگاھىدا ئەزىز بولغان بىر ئەۋلىيانى كاپىر دەپ تۇرۇۋېسىز. تاش - تارازا، ئەجىر - ساۋاب سىز بىلەن بىزنىڭ ئېلكىمىزدە ئەمەس، ئۇياقتا — باقىي دۇنيانىڭ ئىشىكىدە، جانابلىرى.

جامائەت تارقالدى، ھويلىغا چىققاندىن كېيىن بابا ماچىن ھېكىم سۇلايماننىڭ قولىنى تۇتتى.

قالغاندا توختىدى، نېمىشقىدۇر سىرلىق كۈلۈمسىرىدى ۋە ئاسمانغا قاراپ سۆز ئاچتى:

— شەيخ ھەزرەتلىرى، جانابلىرى پۈتكەن ھېكمەتلەرنى راھەت دەرياسىغا چۆمۈلۈپ ئوقۇيمىز. بىز ئۇنى نەزمىي دۇردانە دەپ قارايمىز. پېقىرنىڭىز تالىپلارغا ئىلىم بېرىش بىلەن شۇغۇللانسامۇ، كۆڭۈل مەيلى تۈپەيلىدىن بېيىتمۇ يېزىپ قويىمەن. شەيخىم بىر ھېكمەتلىرىدە «بىلمىدىلەر موللىلار ‹ئەنەلھەق› نى مەناسىن، قال ئىلمىگە ھال ئىلمىن ھەق كۆرمىدى مۇناسىپ» دەپتۇرلار. «ئەنەلھەق» نىڭ مەنىسىنى بىلمەككە ئەقلىمىز كەملىك قىلىدۇ. ئۇنداقتا «ئەنەلھەق» نېمە دېگەنلىكتۇر؟

— «ئەنەلھەق» نىڭ مەنىسىنى سىزگە چۈشەندۈرمەك مۈشكۈل. دەردنىڭ نېمىلىكىنى دەرد چەككەن كىشىلا بىلىدۇ. سىز قال ئىلمىگە تەۋە ئادەمسىز. «ئەنەلھەق» نىڭ مەنىسىنى بىلمەك ئۈچۈن ھالغا يەتمەك لازىم. سوپى جانابلىرى، سىز ئايىتى كەرىمەردىن بىلگەنلىرىڭىزنى ئوقۇپ يۈرۈۋېرىڭ. تالىپلىرىڭىزغا تەلىم بېرىپ ئۇلارنى رازى قىلسىڭىز بولدى. سىزگە نەسىھەتىمىز شۇ.

سوپى شۇ يەردىلا قۇللۇق قىلىپ چىقىپ كەتسە بولاتتى. لېكىن ئۇ ئەشەددىي بىر مۇتەئەسسىپ سۈپىتىدە كونا تارىخنى كولاشقا باشلىدى:

— تەقسىرىم، مەنسۇر ھەللاج كاپىر ئىدى. شەرىئىتىمىزگە شەك كەلتۈردى. فىرئەۋنگە ئوخشاش خۇدالىق دەۋاسى قىلدى. ھەيرانمەن، سىزدەك زاتى شەرىپ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا يان باسسىز؟ خەلپە مەنسۇرنى بىكارغا دارغا ئاستىمۇ؟

سورۇننى سۈكۈت باستى. خانىقا قۇپقۇرۇقتەك، دەرۋىشلەر ئۇخلاپ قالغاندەك ئىدى. كىمدۇر ئۇزۇن ئۇھ تارتتى. بۇ جىمجىتلىقنى سۇلتانۇل ئارىپىننىڭ قىلچىتەك ئۆتكۈر، كەسكىن ئاۋازى بۇزدى:

— ئەگەر مەنسۇر ھەللاج كاپىر بولسا، ئۇ چاغدا سىز بىلەن بىزمۇ مۇسۇلمان ئەمەسمىز!

# 27. «بەيئىتىڭ قوبۇل بولدى»

بالالارنىڭ ئەڭ شىددەتلىكى ئاۋۋال پەيغەمبەرلەرگە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەۋلىيالارغا كېلىدۇ.

— ھەدىس

سەمەرقەنتتىن ئۇزاقلاشقانسېرى قۇتبىددىننىڭ روھى ئۇرغۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ روھى نېمىشقا ئۇرغۇمىسۇن؟ ئاۋۋال ئاتا - ئانىسىنىڭ تەقىبىدىن خالاس بولدى، ئاندىن قالسا قىبلە تەرەپتىن كەلگەن شامال، ئېھرام كىيىدىغان كۈنلەرنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. قۇتبىددىننىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ يەنە بىرى، ئۇنىڭ پىشقان ھۈنەرۋەن بولۇپ قالغانلىقىدا ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇقچىلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغىنىغا تۆت ئايلا بولدى خالاس. ئەمما، ياسىغان بۇيۇملىرى پىرىنىڭ نەزىرىگە چۈشتى، ھەزرەتتىن رىغبەت ۋە دۇئا ئالدى. ئۇنىڭ ياسىغان بۇيۇملىرىنى خېرىدارلىرى يەرگە قويدۇرمايلا ئەكېتىدۇ.

سۇلتان سەنجەر سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوغلى، ئۆزىنىڭ جىيەنى قۇتبىددىننى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئېسىل دەمەشق پولاتلىرىدىن ياسالغان بىر خالتا ئەسۋاب - ئۈسكۈنە ھەدىيە قىلدى. قۇتبىددىن كۈندىلىك تائەت - ئىبادەت، خانىقا ئىشلىرىدىن بوشىغان پەيتلىرىدە پىرىنىڭ ھوزۇرىغا كىرەتتى. ئۇستاز ۋە شاگىرت بىر توپ كېسىلگەن ياغاچلارنى تۆكۈۋېلىپ، ئۇلاردىن چىرايلىق بۇيۇملارنى ياسايتتى.

— تەقسىرىم، ئاۋۇ ئازغۇن سۆزلەۋاتقاندا لېۋىڭىز قىمىرلاپ تۇردى. سۇلايمان بىر نېمىلەرنى توقۇۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

سۇلايمان مەنىلىك كۇلدى:

— شۇنداق، توقۇدۇق. «ساڭا كالتەك قىلۇر كەملىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاش دەركار».

— جايىدا يېزىپسىز، تەقسىرىم. ئاشۇ ئەخمەقنىڭ ھالىغا دەل كەپتۇ.

— مىڭ نەسھەتتىن بىر مۇسىبەت ئەلا دېگەن گەپ بار. كالتەكنىڭ زەربىسىدىن كۆزى ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— توغرا، — دېدى بابا ماچىن، لېكىن خىيالىدىن: «بۇنداق-لار مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ توقمىقىدىنمۇ ئېسىنى يىغماس» دېگەن پىكىر كەچتى.

كېتەتتى. سۇلايمان پەگاھقا يېقىنراق يەرگە تىزلاندى - دە، يۈزىگە پاتىھە تارتتى.
— جانى جاھان مەرۋىگە بالا يېغىپتۇ، پىرىم، — دېدى سۇلايمان، — شەھەردە ۋابا تارقىلىپتۇ.
ھەزرەت ئۈندىمىدى، قاپىقىنى سېلىپ يەرگە قارىدى. سۇلايمان ئەكەلگەن شۇم خەۋەر ئۇنىڭ ياشانغان قەلبىنى نەشتەردەك تىلىپ تاشلىغانىدى. ئۇ خىيالغا چۆمدى، ئەزەلدىن ۋابا تارقالغان شەھەرگە كىرىپ - چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمەك، سەپەر نامەلۇم مۇددەتكىچە سوزۇلىدىغاندەك قىلاتتى. ۋابا مەرۋىلىكلەرنى، شۇ قاتاردا شەيخنىڭ ھەمراھلىرىنىمۇ نابۇت قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەڭ يامىنى بۇ داۋاسىز كېسەلنى تۈركىستانلىقلار ئەكەلدى دېگەن مالامەت ئىدى. شەيخنى ئەنە شۇ گۇمان ھەممىدىن بەك ئىزتىراپقا سالاتتى.
ھەزرەت بېشىنى كۆتۈردى. مەنسۇر خوجا بىلەن سۇلايمان «ئەمدى قانداق قىلىمىز، ئۇستاز؟» دېگەندەك شەيخكە تىكىلىپ تۇرۇشاتتى.
— مەنسۇر خوجا، سىز مۇساپىرخانىغا بېرىڭ، بىرمۇ ئادەم كوچىغا چىقمىسۇن، مېنى ئېيتتى دەڭ. تاشقىرىدىن بىرەر كىشى كىرمىسۇن. ئىشىككە بابا ماچىندەك يىگىتلەردىن قاراۋۇل قويۇلسۇن. داۋاملىق ئىسرىق يېقىلسۇن. سۇنى قاينىتىپ ئىچىڭلار، ئۇقتىڭىزمۇ؟ سۇلايمان قۇل، سىز ئارىمىزدىكى تېۋىپلارنى چاقىرىپ مەسلىھەت قىلىڭ. تاپقان دورا - دەرمانلارنى ئوتتۇرىغا قويسۇن. سىزمۇ تېۋىپسىز، ئەمدى ھۈنىرىڭىزنى كۆرسىتىڭ.
سۇلايمان قۇل بىلەن مەنسۇر خوجا ئەمدى ئورنىدىن قوزغىلاي دەپ تۇرغاندا قۇتبىددىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ گەپلىرى ۋەھىمىلىك ئىدى.
— پىرىم، بازاردا ئادەملەر تۆت تەرەپكە قاچماقتا. بازار باشقۇرغۇچىلار بازارلارنى تاقاپ، سودىگەرلەرنى ھەيدىمەكتە. خالايىق ئېسىنى يوقاتقان...

بۈگۈن چارشەنبە ئىدى. ئۇلارنىڭ مەرۋىدە دەم ئېلىشۋاتقىنىغا ئون تۆت كۈن بولغانىدى. مۇشۇ جەرياندا قۇتبىددىن بىر خالتا قوشۇق ياسىدى. بۇ قوشۇقلارنى يەكشەنبە كۈنى بازارغا ئاچىقماقچىدى، شۇڭا ئۇنى پىرىگە كۆرسەتتى.

شەيخ كۆڭۈل قويۇپ ياسالغان قوشۇقلارنى قولىغا ئېلىپ بىرمۇ بىر تاماشا قىلدى.

— بارىكاللا! — دېدى شاگىرتىنى ئالقىشلاپ. كېيىن مەسلىھەت بەردى، — قوشۇقنىڭ سېپىنى قىسقا قىلىپ قويماڭ، قىسقا قوشۇق تائامغا سېلىنغاندا قولنى بۇلغاپ قويىدۇ. كۆزى بار ياغاچتىن قوشۇق ياسىماڭ. قوشۇقنى چىشلىگەندە ئېغىزنى بىئارام قىلمىغاي.

قۇتبىددىن:

— ئۇقتۇم، پىرىم، — دەپ تەزىم قىلدى.

— قانچە تال قوشۇق ھازىر بولۇپتۇ؟ — سورىدى پىر.

— ھازىرچە يىگىرمە تال، يەكشەنبىگىچە يەنە ئوننى ياسىماقچىمەن.

— بولىدۇ، بۇ قېتىم بازارغا ئاتىغان قوشۇقلىرىڭىزنى خانىقاغا ئېھسان قىلىڭ، ئوغلۇم. قارىسام، خانىقادىكى دەرۋىشلەرگە قوشۇق يېتىشمەيدىكەن.

قۇتبىددىننىڭ كۆڭلى تاغدەك ئۆسۈپ قالدى.

شۇ چاغدا جامائە مەسچىتى تەرەپتىن ئەزان ئاۋازى كەلدى. پېشىنگە تېخى خېلى بار ئىدى. ۋاقىتسىز ئېيتىلغان ئەزاندىن بىرەر پالاكەتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا بولاتتى.

— بازارغا بېرىڭ، ئوغلۇم، — دېدى ھەزرەت، — سوراپ كۆرۈڭچۇ، شەھەردە نېمە ئىش بولۇپتۇ.

قۇتبىددىن بۇيۇملىرىنى ئۇپۇل - توپۇل يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

مەنسۇر خوجا بىلەن سۇلايمان كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تۇرقى بېشىغا ئېغىر سەۋدا چۈشكەن كىشىلەرنىڭ تۇرقىغا ئوخشاپ

— هازىر كىمنىڭ تېشى ئېغىر دەپ تارازىغا سالىدىغان ۋاقىت ئەمەس، بۇ يەرگە ئەكىلىپ ئەتمەك خىيالىمىزدا بار ئىدى. لېكىن، سۇلتان جانابلىرى دۆلەت ئەركانلىرىنى يىغىپ خانىقاغا يېتىپ كەلگۈچە بىرنەچچە مۇسۇلماننىڭ ئۆمرىگە زامىن بولۇشىمىز مۇمكىن. پۇرسەت غەنىيمەت، قېنى، قازى جانابلىرى، يول باشلاڭ.

سۇلايمان بەربىر كۆڭلىدىكى پىكىردىن قايتمىدى، ھويلىغا چىققاندا باباقۇلنىڭ بىقىنىغا تۇرتۇپ شىۋىرلىدى:

— تەقسىر، تېزدىن سارايغا ئۇچۇڭ. ھەزرەت تەشرىپ بۇيرۇماقچى، دەپ سۇلتانغا خەۋەر يەتكۈزۈڭ.

بابا ماچىن ماقۇل دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى. شەيخۇل ماشايىخ باشلىق كىشىلەر كوچىغا چىققاندا باباقۇل سارايغا بېرىپ بولغانىدى.

سۇلتان سەنجەر يوغان چوغدانىنىڭ ئالدىدا يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. مەرۋىدە ۋابانىڭ تارقىلىشى ئۇنىڭ جىسمىنى ئۆرتەيتتى، خىيالىنى بىر ـ بىرىدىن مەجھۇل سوئاللار مالىمان قىلاتتى. «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» دەل شۇ چاغدا خاس مۇلازىم كىرىپ، پىرى كامىلنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ھەيرانلىقتىن سۇلتان سەنجەرنىڭ يۈركى چاچراپ كەتتى. «نېمە ئەھۋال يۈز بەرگەندۇر؟ پىرى مۇرشىدنىڭ ئادەملىرىگە ئۆلۈم يەتتىمىكىن؟ خۇدا كۆرسەتمىسۇن... ياكى ئۇستاز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقچىمىدۇر؟ ئەمما بۇنىڭ ئىلاجى يوق. ھەدىستە، بىر يەردە ۋابا تارقالغان بولسا ئۇ يەرگە كىرمەڭ، ئۇ يەردىنمۇ چىقماڭ دېيىلگەن... پىر كارۋىنىنى كۆچۈرمەكچى بولىسچۇ؟ پەدەرى بۇزرۇكۋارنىڭ رايىنى قايتۇرۇپ بولماس...»

سۇلتان سەنجەر مەھرەملىرىنى ئېلىپ دەرھال پىرنىڭ ئىستىقبالىغا ئاتلاندى.

ھەزرەت ھەمراھلىرى بىلەن ئوردا ھويلىسىغا قەدەم باسقاندا سۇلتان سەنجەرمۇ ھەشەمەتلىك ئايۋاندىن چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ پىرنى كۆرۈپ كۆڭلىگە نۇر قونغاندەك بولدى، تېزدىن بېرىپ

— ئەستاغپۇرۇللا، ئىلاھا، ئۆزۈڭ ساقلا، — دەپ ياقىسىغا تۈكۈردى مەنسۇر خوجا.

شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز قوزغالغان شامالدەك گۇرۇلدەپ بابا ماچىن كىرىپ كەلدى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلا - ئاتلىمايلا «ۋادەرىخ!» دەپ نەرە تارتىپ تاشلىدى. شەيخ ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويدى.

— ھازىر نەرە تارتىدىغان ۋاقىت ئەمەس، باباقۇل، — دېدى شەيخ، — سىز بەردەم يىگىتلەردىن ئېلىپ قاراۋۇللۇق قىلىڭ. خانىقاغا بىراۋ كىرىپ - چىقمىسۇن.

سەمەرقەنت قازىسى ھاجى ئابدۇرەززاق بىرنەچچە كاتتا ئۆلىمالار بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلارمۇ يولدىن ئاداشقان يولۇچىدەك پەرىشان ئىدى. ئۇلار خۇددى تېۋىپنىڭ ئالدىدا دورا - دەرمان كۈتۈپ تۇرغان بىماردەك شەيخنىڭ ئېغىزىغا قاراپ تۇرۇشتى. سۇلتانقۇل ئارىپىن ئېغىز ئاچتى:

— بالاغا سەۋردىن ئۆزگە چارە يوقتۇر. دەرد بەرگەن ئىگەم شىپاسىنىمۇ ئايىماس، ئىنشائاللا.

شەيخ ئورنىدىن تۇردى. قۇتبىددىن ئىلغۇچتىن سەللە، تونى ئېلىپ تەييار بولدى.

— شاھ سارىيىغا بارايلى، — دېدى شەيخ كىيىنىپ بېلىنى باغلاۋېتىپ، — ئۆزئارا كېڭىشىپ بۇل ئاپەتكە قارشى تەدبىر ئويلاپ تاپايلى.

سۇلايماننىڭ ئىززەت نەپسى لەت بولغاندەك بولدى. پىرى كامىل ھېچقاچان خانلار، سۇلتانلارنىڭ سارىيىغا قەدەم قويمايتتى، ئەكسىچە ھۆكۈمرانلار شەيخۇل ماشايىخنىڭ ئاستانىسىگە باش ئۇرۇپ كېلىشەتتى. شەيخۇل ماشايىخنىڭ تەكەللۇپسىز سۇلتان سەنجەر سارىيىغا ئاتلىنىشى پىرى مۇرشىدنىڭ مەرتىۋىسىگە لايىق كەلمەيدىغاندەك تۇيۇلدى. سۇلايمان:

— پىرىم، بىز سارايغا بارغاندىن كۆرە ... — دەپ ئېغىز ئاچقاندى، شەيخ ئۇنىڭ گېپىنى كېسىۋەتتى:

— ئەپۇ قىلغايلا، شەيخىم، ئەھلى سۈننىي بۇ ئىشقا رازى بولماس دەپ قورقىمەن. مەسچىتنى تاقىۋەتسەك گۇناھ قىلغان بولۇرمىزمىكىن دېگەن خىيالدىمەن...

ئىمام خاتىپنىڭ سۆزىنى مۇپتى قۇۋۋەتلىدى:

— شۇنداق، ھەزرىتىم، رەسۇلى ئەكرەم جانابلىرىنىڭ سۆزلىرىدىمۇ جامائەت بولۇپ ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ ساۋابى كۆپ دېيىلمىش. ئەل - ئۇلۇس غەيرىي خىيالغا بېرىلمىگىنى ياخشى...

بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇتەئەسسىپلەرچە پىكرى سۇلتانۇل ئارىپىننىڭ غەشلىكىنى كەلتۈردى. ئۇ بازار باشقۇرغۇچىغا قارىدى:

— بازارنى نېمىشقا تاقىدىڭىز؟

— شاھىنشاھتىن پەرمان بولدى، — دېدى بازار باشقۇرغۇچى ئورنىدىن قوزغىلىپ، — ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن ئالاقە قىلمىسۇن، بىر - بىرىگە كېسەل يۇقتۇرمىسۇن دېگەن مەقسەتتە.

— بارىكاللا! — دېدى شەيخ، — دېمەك، بازاردا خالايىق توپلانسا كېسەل يۇقىدۇ، ئۇنداقتا مەسچىتتە يۇقمامدىكەن؟

شەيخنىڭ سۆزىدىكى مەنتىقە ۋە شاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ مۇپتى بىلەن ئىمام خاتىپ بىئارام بولدى. ھەزرەت سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مۇپتى جانابلىرى، سىز «ھەدىس شېرىپ» نى ئوقۇپسىز-يۇ، مەنىسىنى چۈشەنمەپسىز. رەسۇلىللا نېمىنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا سىز ۋە بىزنى، ئىنسان زاتىنى ئويلىدى، دۇنياغا كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ غېمىنى يېدى. «ۋابادىن قېچىڭلار!» دەپ مەرھەمەت قىلغان ھەق مۇستاپانىڭ بېشىڭلارغا ئۆلۈم كەلگەندە جامائەت نامىزىدىن قالماڭلار، دەيدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

شەيخۇل ماشايىخ «شاھىمىزنىڭ پىكرى قانداق؟» دېگەندەك سۇلتان سەنجەرگە بۇرۇلدى. سۇلتان سەنجەر خېلىدىن بىرى پىرى كامىلنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ بىر قارارغا كېلىپ ئولتۇراتتى. شۇڭا، ئۇ بۈيۈك بىر ئەلنىڭ سۇلتانىغا خاس كەسكىنلىكى بىلەن سۆز باشلىدى:

ھەزرەتنىڭ ئېتىكىنى سۆيدى. شەيخۇل ماشايىخنىڭ قوي كۆزلىرى- دە مۇڭلۇق بىر ئالامەتنى كۆرۈپ خۇدۇكسىرىدى. لېكىن، باشقا ئامال يوق ئىدى:

— ئۆزرە، پىرىم، ئازار چېكىپسىز. بىزگە بىر ئېغىز ئىجا- زەتلىرى كۇپايە ئىدى، دەرگاھىڭىزغا قۇشتەك ئۇچۇپ بارار ئىدۇق...

شەيخ يېنىك ئېتىراز بىلدۈردى:

— پۇرسەت غەنىيمەت، شاھىنشاھ. ئەجەل كەلسە شاھ ۋە گاداي باراۋەرمىش. قېنى كېڭەش قىلايلى.

ئۇلار سالامخانىغا كىردى. تۆردە شەيخۇل ماشايىخ بىلەن سۇل- تان سەنجەر، ئەتراپتا باشقىلار ئولتۇردى.

ھەزرەتنىڭ بىر ئادىتى بار ئىدىكى، سۆھبەت ۋاقتىدا باشقى- لارنىڭ يۈزىگە قاراپ سۆزلىمەيتتى، بۇ قېتىممۇ ئاستىدىكى قېلىن يىپەك گىلەمگە تىكىلىپ گەپ باشلىدى:

— بۇ ۋەھىمىلىك دەردنى قۇشلارمۇ، شامالمۇ، ئادەممۇ ئەكې- لىشى مۇقەررەر. ھازىر ئەيىبدارنى ئىزلەپ ئولتۇرمايلى. تىلسىز ياۋنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ چارىسىنى قىلماق لازىمدۇر.

سۇلتان خىيال بىلەن باش ئەگدى:

— قانداقلا ئىش بولسا بۇيرۇڭ، پىرىم، سىزنىڭ بۇيرۇقلى- رىڭىز بىز ئۈچۈن دەستۇردۇر.

— ئاۋۋال يۇرتتىكى بارلىق تېۋىپلارنى قەلئەگە يىغىش كې- رەك. شاھ جانابلىرى، پەرمان بەرسىڭىز، دالا - تۈزدىن كۆپرەك ئىسرىقلىق ئەكېلىنسۇن، ئىمكان بار ھەربىر ئۆيدە، ھەربىر مەس- چىت، ھەربىر مەدرىسىدە ئىسرىق يېقىلىپ تۇرسۇن. پېقىرنىڭ كۆڭلىدە غەلىتە بىر پىكىر تۇغۇلدى، ئەلنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بالانىڭ ئالدى ئېلىنغۇچە جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشنى توختىتىپ تۇرساق...

بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن شەھەرنىڭ باش ئىمام خاتىپى ئېغىز ئاچتى:

قىزى ئانىسىغا قەرز بەرسە قەرزنى قىستايدۇ. دەل شۇ كۈنلەردە قىيامەتتىن دېرەك بەرسە ئەجەب ئەمەس.

سۇلتان سەنجەرنىڭ پىرى كامىل نانى داستىخانغا قويدى، ئويچان كۆزلىرىگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شاھىنشاھ، بۆكىمىزنى يەرگە ئېلىپ قويۇپ بىر مۇلاھىزە قىلايلى. قاراڭ، خەلقىنىڭ تۇف دېگەن تۇپرىكىدىمۇ ھېكمەت بار. «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دېيىلىدۇ. «مۇكاپاتقا پۇلۇڭ بولمىسا، تىلىڭ بارغۇ!» سىزدە پۇلمۇ، بۇغداي نېنىمۇ كۆپ. ئەلدىن بۇغداي سۆزىڭىزنى ئايىماڭ، بۇغداي نېنىڭىزنى ئايىماڭ، سۇلتان. بىلىڭكى، ئادەملەرنىڭ قورسىقى توق بولسا ئەمرىمەرۇپنى قۇلىقىدا ياخشى ساقلايدۇ.

ھەزرەت ئالما شەربىتىدىن ئوتلاپ قويدى.

— سىزگە دەيدىغان سۆزىمىز بار، سۇلتان. بۇنى نەسىھەت دېسىڭىزمۇ، ۋەسىيەت دېسىڭىزمۇ بولىدۇ. جاھىلىيەت دەپ ئاتالغان ئۇزۇن بىر دەۋردە ئادەملەر تىلى بار ھايۋاندەك ياشىدى. تىرىك كۆمۈلدى، زىنا ئەيىب ھېسابلانمىدى، ھارام يېيىشتىن ھەزەر قىلىنمىدى. ئاللاغا شۈكرىكىم، ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ بىر ئەندىشەم بار.

سۇلتان سەنجەر تەئەججۇپ بىلەن سورىدى:

— قانداق ئەندىشىلىرى بار، پىرىم؟

— ئايەت ئوقۇپ مەنىسىنى ئۇقمايدىغان ئەھلى كالامدىن، سەللىسىدىن ئات ئەمەس ھارۋا ئۈركۈيدىغان ئەما قارىيلاردىن، كىشىلەرنى ئاللانىڭ سۆزى بىلەن قورقۇتۇپ قورسىقىنى تويغۇزىدىغان ئۆلىمالاردىن، «ھەدىس» نى كالتەك قىلىپ پۇقرانىڭ جېنىغا ئازار بېرىدىغان رىياكارلاردىن ئەندىشەم بار. ئاللاتائالا ئىسلامنى ئازاب ئۈچۈن ئەمەس، راھەت ئۈچۈن ياراتمىش. دىننى دەپ خالايىق جاپا چەكمىسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن كۆڭلى سۇ ئىچسۇن، ئۆمرى زىيادە بولسۇن. ئويلاڭ، سۇلتان، تەرياق زەھەرلىك دورا، لېكىن يامان كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ ئۇنى ئىستېمال

— پىرى كامىلنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنى شاھنىڭ پەرمانى دەپ قوبۇل قىلغايمىز. يېزىڭ، مۇنشى! سەلتەنىتىمىزدىكى تېۋىپ-لار تېز ئارىدا مەرۋىگە يېتىپ كەلسۇن. ۋەزىر، بىزنىڭ نامىمىز-دىن پەرمانى ئالىي تەييارلاڭ، كىمدە ئادراسمان بولسا ئەكەلسۇن. مۇپتى جانابلىرى، سىز پەتىۋا بېرىڭكى، تا بۇ ئاپەتنىڭ ئالدى ئېلىنمىغۇچە جامائەت نامىزى بىكار قىلىنسۇن. ياساۋۇلبېشى، ئېسىڭىزدە ساقلاڭ، تېۋىپتىن باشقا كىشى قەلئەگە يېقىن يولىما-سۇن. ۋەسسالام، سىلەرگە ئىجازەت.

ۋەزىرپىگە بۇيرۇلغانلار بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى. سۇل-تان سەنجەرنىڭ كۆڭلى ھەزرەتنىڭ دىدارىغا مۇشتاق بولۇپ تۇرات-تى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى پىرى مۇرشىدنىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولالمىدى، دىلىدا ئارمانلار قات - قات بولۇپ يېتىپتۇ، شۈكرى-كىم بۈگۈن ھەزرەت ئۆزى كەلدى. شۇڭا، سۇلتان سەنجەر پىرى كامىلى بىلەن تەنھا سۆھبەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن بۇ نىيىتىنى ئۇستازغا ئېيتالماي ئولتۇراتتى. سۇلتانۇل ئارىپىن ھەمراھلىرىغا ئىجازەت بەردى:

— شاھ جانابلىرىنىڭ بىزگە ئېيتار سۆزلىرى باردەك قىلى-دۇ. خانىقادا بولۇڭلار، ئىنشائاللا مەنمۇ ئەسىرگىچە يېتىپ بار-غايمەن.

ھەزرەتنىڭ ھەمراھلىرىمۇ چىقىپ كەتتى.

داستىخان سېلىندى، ئانار سۈيى، ئالما شەربىتى، شىرنە، بۇغداي نېنى قويۇلدى. شەيخ ناندىن بارماقتەك ئۈزۈپ يېدى، شىرنىدىن ئازراق تېتىدى، كېيىن ناننى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلدى ۋە پەس ئاۋازدا:

— ئىلاھا، ھېچكىمنى مانا شۇنىڭدىن ئايرىمىسۇن. ھەممە كىشىنىڭ نېنى پۈتۈن بولسۇن، ھالال بولسۇن. شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، ئادەملەر بىر بۇردا نان ئۈچۈن ئىمانلىرىنى ساتىدۇ. ئاتا - بالا، ئاغا - ئىنى ئوتتۇرىسىدا مېھىر - مۇھەببەت قالمايدۇ. جان دوستىڭىز سالام ئۈچۈن سىزدىن پۇل سورايدۇ.

— كىم ئىكەن، بىلدىڭىزمۇ؟
— بىرى ئىسپىجاپتىن، يەنە بىرى سەمەرقەنتتىن، ئىككىسى سابىراندىن ئىكەن.
شەيخ يۈزىگە پاتىھە تارتتى.
— ئۇلارنىڭ ھەج بەدىلىنى بويىنىڭىزغا ئېلىڭ، — دېدى شەيخ ۋە كېيىن، — سەۋر قىلايلى، سۇلايمان. ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق. ئەلۋەتتە بىر نىجاتلىق يەتكۈسىدۇر.
شۇ كۈنى خۇپتەنگىچە ھەزرەتنىڭ كۆزى يۇمۇلمىدى. ئۇ ئاللانىڭ ئىسمىنى قىرىق مەرتىۋە تەكرارلاپ مۇراجىئەت قىلدى: «ئەي پەرۋەردىگار، بەندىلىرىڭنىڭ دەردىنى يىغىپ ماڭا بەر. ئانا سۈتىگە قانمىغان گۈدەكلەرگە رەھىم قىل. چىمىلدىقنىڭ راھىتىنى كۆرمىگەن جۇۋانلارغا شەپقەت قىل. قانداقلا ئازابىڭ بولسا قۇلۇڭ ئەھمەدكە بەر، مەن ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويغانمەن. رەببەنا، بىر ئىسمىڭ رەھمان، بىر ئىسمىڭ قاھھار، رەھىم قىل، رەھىم قىل، رەھىم قىل...»
ھەزرەت سۈبھى ۋاقتىدا ياستۇققا باش قويدى، كۆزى ئۇيقۇغا بارا - بارمايلا، غايىبتىن بىر سادا كەلدى: «ئايا ئەھمەد! ئورنۇڭدىن تۇر، سېنى چىلتەنلەر چىللاپ كەلدى...»
ھەزرەت كۆزىنى ئاچتى، تورۇستا پەتنۇستەك زەڭگەر نۇر جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. شەيخ «بىسمىللا ...» دەپ ئورنىدىن تۇردى. تاھارەت ئېلىپ، تەكبىر ئېيتىپ كىيىندى. تورۇستىكى نۇر تامنى بويلاپ پەسلەپ يەرگە چۈشكەن بولۇپ، گويا شەيخنىڭ يولىنى پايلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى.
سۇلتانۇل ئارىپىن سىرتقا چىقتى. ھاۋا سوغۇق، قاراڭغۇ ئىدى. ئاسماندا سېزىلەر - سېزىلمەس يۇلتۇزلار پىلدىرلايتتى. شەيخ «بىزنى چىللىغان بۇرادەرلەر قەيەردىكىن؟» دېگەندەك قاياققا مېڭىشنى بىلمەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا بىر نۇر شەيخنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ۋە كۇمۇش گىلەمدەك قەلئە دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ سوزۇلدى.

قىلىشى گۇناھ ئەمەس. شۇنداق جاھىل ئۆلىمالار باركى، ئۇلار بۇنداق ھەقىقەتنى ئاڭلىسا ساقىلىنى يۇلۇپ غەليان قىلىشىدۇ. ئۇلارغا ئاۋامنىڭ سالامەتلىكىدىن سەللىسىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلىماق ئەلاراقتۇر. تېخى شۇنداق ئاجايىپ زامانلار كېلىدۇ. مۇتەئەسسىپ مولللارنىڭ پەتىۋاسى بىلەن بىدئەت ۋە خۇراپاتلار تارقىلىدۇ... بۇنداق ئەندىشىلەر كېچىلىرى ئۇيقۇلىرىنى بۇزمامدۇ، شاھ جانابلىرى؟

سۇلتان سەنجەر پىرى كامىلنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىيال ئۇممانىغا غەرق بولغانىدى.

ھەزرەت بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئۆزىگە ئۆزى دېدى: «شۇنداق ئەندىشىلەر سەۋەبىدىن مېنىڭ ئۇيقۇم قاچىدۇ...»

شۇ كۈنى كېچىسى سۇلتان سەنجەر تۇزۇك ئۇخلىيالمىدى. غەلىتە چۈشلەرنى كۆردى. چۈشىدە بىر توپ ئۆلىمالار مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى ئات قىلىپ مىنىپ يۈرگەنمىش... قازىكالان سەللىسىدە قارا قوينىڭ كاللىسىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانمىش...

سۇلتان سەنجەر ئورنىدىن تۇرۇپ تەكبىر ئېيتتى. ۋەزىرى ئەكبەرنى چاقىرىپ خەير ـ ئېھسان تارقىتىشنى بۇيرۇدى.

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شەھەردە ئۆلۈم كۆپىيىپ كەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر ئائىلىدە يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كۈن ئۆتكەنسېرى شەھەردە كىشىلەر ئازلاپ، قەبرىلەر كۆپىيىشكە باشلىدى.

شەيخۇل ماشايىخ ھۇجرىسىدىن بىر قەدەممۇ سىرتقا چىقماي ئولتۇراتتى. ئۇ قۇتبىددىن بىلەن قوشۇق ياسايتتى، «ئەلنىڭ ئۈستىگە كەلگەن پالاكەتنى ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلغايسەن» دەپ شاپائەت تىلەيتتى.

بىر كۈنى سۇلايمان كىرىپ كەلدى. ئۇ بېشىنى سىلىپ خېلى ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇھ تارتىپ ئېغىز ئاچتى:

— سىپىمىزدىن ئادەم كېمەيدى، پىرىم.

شەيخ بېشىنى كۆتۈردى:

ئېچىلدى.

سۇلتانۇل ئارىپىن تۆتىنچى قېتىم ئىشىكنى قېقىپ: «بىز قۇۋمىنىڭ شەيخى، پېقىرلارنىڭ چاكارى قۇل خوجا ئەھمەددۇرمىز» دېدى. ئىشىكنىڭ ئىككى قانىتى باراۋەر ئېچىلدى. شەيخ ئۇدۇل بېرىپ سۇپىغا چىقتى. تۆت تەرەپتىن ئاۋاز كەلدى:

— بىر كەم ئىدۇق، قىرىق بولدۇق.

شەيخ ئاۋاز ئىگىسىنى تونۇدى. ئۇ پىرى مۇرشىد يۈسۈپ ھەمەدانىي ھەزرەتلىرى ئىدى. قالغانلىرى بولسا شەيخ ئەھمەد يەسەۋىيگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇلار سۇلتانۇل ئارىپىننىڭ مەسلەكداشلىرى ئابدۇلقادىر گىلانىي، بايازىد بەستامىي، ھەسەن بەسرىي، ئەبۇبەكرى شىبلىي، مەنسۇر ھەللاج، ھەكىم تېرمىزىيلار ئىدى. سورۇن تىمتاس ئىدى، چىلتەنلەر قەلبەكى سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. قىرىق ۋەلى — چىلتەنلەر بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىدىن كېچىۋاتقان تەپەككۇرنى ئورتاق ھېس قىلىپ، ئىچكى نىگاھ بىلەن سېزىپ تۇراتتى.

سۆھبەت ئاخىرلاشتى. غەۋسۇل ئەزەم دەپ ئۇلۇغلانغان ئابدۇلقادىر گىلانىي پاتىھە قىلدى:

— شەيخ ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ مۇشكۇلىگە ئاللاتائالادىن شاپائەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز. يا رەببىم، ئۆزۈڭ جاپپار، ئۆزۈڭ ساتتار! بۇرادىرىمىزنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىل.

چىلتەنلەر قائىدىسىگە ئاساسەن، ئەڭ ئاخىر كىرگەن كىشى بىرىنچى بولۇپ چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. شەيخۇل ماشايىخ ئىلدام ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا قاراپ يول ئالدى.

بامداتتىن بېرى پىرى مۇرشىدنى تاپالماي بىئارام بولۇپ يۈرگەن خەلپە ھەم خاس خادىملار شەيخنى ساق - سالامەت كۆرۈپ جانلىرىنى تېپىۋالغاندەك بولدى. ھەزرەت مەردانە مېڭىپ ئۇدۇل ھۇجرىسىغا كىردى - دە ئالدىرىماي يېشىندى، سەللە ۋە تونىنى قۇتبىددىنغا بېرىپ ئولتۇردى. مەنسۇر خوجا، سۇلايمان، بابا ماچىن ۋە قۇتبىددىن پىرنىڭ ئېغىزىغا تىكىلدى. شەيخۇل ماشايىخ-

دەرۋازىۋەن تۇيۇقسىز ئىشىكنى ئۇرغان كىشىنى خۇشياقمىغان هالدا كۈتۈۋالدى.

— ئۇيقۇمىزنى هارام قىلدىڭ، بۇرادەر، نېمە گېپىڭ بار؟

— ئىشىكنى ئېچىڭ! — دېدى شەيخ ئەمر قىلغاندەك ئاهاڭدا. دەرۋازىۋەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ غۇدۇردى:

— بامداتقىچە ئاچالمايمەن، بولمىسا بېشىم كېتىدۇ.

— ئېچىڭ! بولمىسا ئۆزىمىز چىققايمىز.

يۇڭ چەكمەن كىيىپ، ئاددىي سەللە ئورىغان ۋىجىككىنە بوۋاينىڭ پوپوزىسى دەرۋازىۋەنگە تەسىر قىلدى. ئۇ بىردىن «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ تاشلىدى. شەيخنىڭ يولىنى يورۇتۇپ كەلگەن نۇر يەردىن دەرۋازىنىڭ هالقىسىغا قاراپ سەكرەۋاتاتتى، هەزرەتنىڭ ئاياغلىرىنى ئوراپ دەرۋازىغا ئىشارە قىلاتتى. دەرۋازىۋەننىڭ قولى تىترىدى، قورقۇنچ ئىچىدە قۇلۇپقا ئاچقۇچ سالدى. قۇلۇپ ئېچىلا - ئېچىلماي تۇرۇپ، دەرۋازا غىچىرلىدى ۋە يوغان ئېچىلدى. شەيخ نۇرغا ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى. دەرۋازىۋەن ياقىسىنى تۇتقىنىچە، ئاغزىنى ئېچىپ قالدى.

شەيخۇل ماشايىخ نۇرغا ئەگىشىپ شەهەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى بىر كونا مازارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ توختىدى. تاڭ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. نۇر غايىب بولدى. شەيخ ئىختىيارسىز ئالدىغا قاراپ ماڭدى. قەبرىستانلىقنىڭ ئىچكىرىدە بىر مۇساپىرخانا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. هەزرەت شۇ مۇساپىرخانىغا قاراپ ماڭدى.

مۇساپىرخانىنىڭ ئىشىكى تاقاق ئىدى. هەزرەت ئۈچ قېتىم ئىشىكنى قاقتى. ئىچكىرىدىن «كىم؟» دېگەن ئېغىر ئاۋاز كەلدى. شۇ هامان شەيخنىڭ خىيالىدا بىر رىۋايەت جانلاندى. رەسۇلىللا سۆهبەت ئارزۇسىدا چىلتەنلەر يىغىلىشىغا يول ئالدى. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ: «مەن رەسۇلىللامەن» دېدى، ئېچىلمىدى، «پەيغەمبەرمەن» دېدى، يەنە ئېچىلمىدى. كېيىن «قوۋمىمىزنىڭ ئۇلۇغى، پۇقرالارنىڭ خادىمىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشىك

— مۆھىرىمىزنى بېسىڭ، ئاندىن باباقۇلغا ئېيتىڭ، شاھقا ئاپىرىپ بەرسۇن.

سۇلايمان بىر قولىدىكى مەكتۇپقا، بىر ھەزرەتنىڭ خۇشاللىق جىلۋە قىلىپ تۇرغان بۇل مەكتۇپنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەي ئەقلى لال...

پىرنىڭ چىرايى بارغانسېرى يورۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ سۇلايمانغا قاراپ كۈلدى:

— بۇ ئىشارىتى غايىب. مەكتۇپنىڭ مەنىسىنى كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەيسىز، سۇلايمان.

پىرى مۇرشىدنىڭ قىسقىلا مەكتۇپىنى ئوقۇپ سۇلتان سەنجەر ھوشىنى يوقىتىپ قوياي دېدى. ھەزرەت يېقىنلىرى مەھرەملىرى بىلەن بىرنەچچە كۈن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، باياۋاندا ئىستىقامەت قىلىشنى ئىختىيار قىلىپتۇ! قىشنىڭ قارا چىللىسىدە، ۋابا دېگەن بىداۋا كاساپەت مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ ياستۇقىنى قۇرۇتۇۋاتقان مۇشۇنداق چاغدا سۇلتان بۇ ئىشقا قانداق رازى بولسۇن! بىرى پىرى كامىلنىڭ ئەزمى قارارىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ بولالامدۇ؟

سۇلتان ئىككى ئوت ئارىسىدا قالدى. ئاخىر شەيخنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشقا جەزم قىلدى. پىرى مۇرشىد ھۆكۈمدارنىڭ ئىلتىجالىرىغا قۇلاق سالسا، بالا ـ قازانىڭ ئالدى ئېلىنغۇچە قەلئەدە بولسا ئەجەب ئەمەس...

ئەپسۇسكى، سۇلتان سەنجەردەك شاھى جاھاننىڭ ھۆكمى بىر نۆۋەت ۋاجىپ بولسا، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىيدەك ئەۋلىيانىڭ قارارى ئون نۆۋەت ۋاجىپ ئىدى.

ئەتىسى نۆكەرلەر مەرۋىدىن ئون چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى چۆلدە ئىسسىق چېدىر تىكلەشكە كىرىشتى. سۇلتان سەنجەر پىرى كامىلنى ئادەمسىز چۆلدە يالغۇز قالدۇرۇشنى خالىمىدى ۋە ھەزرەتنىڭ چېدىرىغا يانمۇ يان قىلىپ ئۆزىگىمۇ چېدىر تىكتۈردى. بۇ چارشەنبە كۈنىدىكى ئىشلار ئىدى. پەيشەنبە كۈنى بامداتتىن

تىن قەيەرگە بارغانلىقىنى سوراش تەرىقەت ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا زىت ئىدى. ئۆزىنىڭ قەيەرگە بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىش بولسا چىلە-تەنلەر ئەھكامىغا خىلاپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتانئول ئارپىس خەلپىلىرىنىڭ سوئال نەزىـرى بىـلەن تىكىـلىشلىرىنى جاۋابسىز قالدۇردى.

— جاي ھازىرلاڭ، ئوغلۇم، — دېدى قۇتبىددىنغا، — ئازراق ئارام ئالغۇم كەلدى.

مۇرىتلار پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى. شەيخ تونى-نى بېشىغا يۆركەپ يۇپقا كۆرپىگە سوزۇلدى، كۆزلىرىنى يۇمدى. بىر ئاش پىشىم، ئېھتىمال، ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى. ئەمما، ھەزرەتنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ چىلتەنلەرنىڭ سۆھبە-تىنى ئەسلىدى، ئەل ـ يۇرتنى يالماۋۇزدەك يالماۋاتقان ۋابانى، ئېھرام باغلاشنى ئارزۇ قىلىپ جاپا چېكىپ ياتقان مۇرىتلىرىنى ئويلىدى... ھەزرەت يۈرەكنى ئېزىدىغان خىياللاردىن چارچىدى. ئاللاغا قايتا ـ قايتا مۇناجات قىلىپ يېنىغا ئۆرۈلدى. شۇ چاغدا ئالدى چاراقلاپ يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ھەزرەت كۆزلىرىنى ئاچتى. ئىشكتە باشتىن ـ ئاياغ ئاپئاق كىيىنگەن، ئاپئاق ساقال-لىق سالاپەتلىك بىر مويسىپىت تۇراتتى. شەيخ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۈلگۈرمىدى. مويسىپىت ئىككى ئېغىز گەپ قىلدىيۇ، كۆزدىن غايىب بولدى:

«بېشىڭغا مۇشكۇل سەۋدا چۈشۈپتۇ، ئەھمەد! سەن قەلئەنى تاشلاپ باياۋانغا چىق! قۇم ئىچىدە قۇرۇغان يالغۇز دەرەخ بار، تونۇغىنى يېشىپ ئاشۇ دەرەخكە ياپ، كېيىن ياراتقاننىڭ كارامىتىنى كۆرگەيسەن...»

شەيخ قوڭغۇراقنى چالدى، سۇلايمان دەرھال يېتىپ كىردى.

— قەغەز كەلتۈرۈڭ، — دېدى شەيخ، — شاھىنشاھقا نامە پۈتكەيمىز.

سۇلايمان قەلەم، قەغەز ئېلىپ تەييار بولدى. شەيخ سۇلتان سەنجەرگە تۆت كەلىمە مەكتۇپ يازدۇردى.

بولغان ۋابا توساتتىن تىنچىپ قالدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن شەيخۇل ماشايىخ سۈبھى بىلەن سەگەكلىشىپ ئويغىنىپ كەتتى. ھەزرەتنىڭ ئالدىدا باشتىن - ئاخىر ئاپئاق كىيىنگەن، ئاپئاق ساقاللىق سىيما نۇرلىنىپ تۇراتتى.

«ئەي ئەھمەد! مىسكىنلەرنى بالادىن قۇتقۇزۇپ ھەج ساۋابىنى ئالدىڭ. بەيئىتىڭ قوبۇل بولدى. ئەمدى تۈركىستانغا قايت...»

سۇلتان سەنجەر ھەزرەتنىڭ تۈركىستانغا قايتىشىنى قارار قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەجەبلەنمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھامان گۆرۆلدەپ كۆيۈۋاتقان دەرەخ كەتمەيتتى.

— نېمە ئامال، پىرىم، — دېدى سۇلتان سەنجەر، — ھەممىمىز ئاللانىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىمىز.

— بارىكاللا! — دەپ باش ئىرغىتتى شەيخ.

ھەزرەت قىرىقتەك مەھرىمىنى ئېلىپ قالدى. قالغان زىيارەتچىلەر مەنسۇر خوجىنىڭ باشچىلىقىدا ھەج سەپىرىنى داۋام قىلدۇرىدىغان بولدى.

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتتى. سۇلتان سەنجەرنىڭ ياخشى قوراللانغان خاس قاراۋۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شەيخنىڭ كارۋىنى تۈركىستان تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ھەزرەت تۆگە ئۈستىگە ئورنىتىلغان چېدىرلىق تەختىراۋاندا يېنىك چايقىلىپ كېتىۋېتىپ، كۆڭۈل قۇشى سەيھۇن بويلىرىغا قاراپ ئۇچتى. يېرىم يىللىق ھىجران سېغىنىشى دىلنى قوچۇدى. دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن يول — ۋەتەنگە تۇتاشقان يول، دېگەن گەپ بار. شەيخ ۋەتەنگە تەلپۈنەتتى، شېرىن سۈيىنى ئىچىپ، بۇغداي نېنىنى يەپ چوڭ بولغان ۋەتەنگە ئىنتىلەتتى. لېكىن، ئۇنى ئانا ماكانىنىڭ يېقىملىق شاماللىرى، ئەھلى ئايالىنىڭ ئىللىق دىدارى، سادىق مۇرىتلىرىنىڭ تەشنا كۆزلىرى بىلەن بىرگە تۆھمەت، مالامەت ۋە ئايرىلىش ئازابىنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى.

كېيىن شەيخۇل ماشايىخ مەھرەملىرى بىلەن باياۋانغا قاراپ ئاتلان-
دى. سۇلتان سەنجەر ئاق تۇلپارغا، سۇلتانۇل ئارىپىن ئۆز يورغى-
سىغا مىنىپ يانمۇ يان كېتىۋاتاتتى. ئىككىلا سۇلتان ئۆزى
خىيالى بىلەن بەند ئىدى. «نېمە ئىش، نېمە ھال يۈز بەردى،
پىرىم، — دەپ ئويلايتتى سۇلتان سەنجەر، — قىشنىڭ قەھرلىك
چىللىسىدە ئىسسىق ئورنىڭىزنى تەرك قىلىشقا نېمە مەجبۇر قىل-
دى؟» مانا شۇنداق سوئاللار ھۆكۈمدارنى بىئارام قىلاتتى، لېكىن
مۇرىت بولۇش سۈپىتى بىلەن سوراشقا پېتىنالمايتتى.
ئۈچ - تۆت پەرسەخ يول يۈرگەندىن كېيىن ئاندا - ساندا
سۆكسۆك، يۇلغۇنلار ئۇچرىدى. ھەزرەت ئاتنىڭ بېشىنى ئوڭ
تەرەپكە بۇرىدى، يەنە خېلى يول بېسىشتى. بىر چاغدا يىراقتا
تەرەپ - تەرەپكە چاتاق يايغان بىر دەرەخ كۆرۈندى.
شەيخ بابا ماچىننىڭ ياردىمىدە ئاتتىن چۈشتى. سۇلتان سەن-
جەرمۇ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ پىرى كامىل نېمە قىلاركىن، دېگەندەك
ئۇستازغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. سۇلتانۇل ئارىپىن
دەرەخ تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى،
ئىچىدە دۇئا ئوقۇدى، كېيىن ئالدىرىماي تونىنى سېلىپ قاتلىدى
ۋە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يېقىن بېرىپ تونىنى دەرەخكە
ئاتتى. شەيخنىڭ مەھرەملىرى ۋە سۇلتان سەنجەرنىڭ مۇلازىملىرى-
دىن بولۇپ يىگىرمىدەك ئادەم ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ تۇرۇشات-
تى. شۇ پەيتتە مۆجىزە يۈز بەردى، قۇرۇپ كەتكەن يوغان دەرەخ
دەسلەپىدە ئېغىر غىچىرلىدى، گويا سىرلىق بىر كۈچنىڭ تەسىرى-
دىن چايقالغاندەك بولدى، كېيىن توساتتىن تونغا ئوت كەتتى ۋە
لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئەتراپتىكىلەر ياقىسىنى چىشلىدى،
كىمدۇر «يا، غايىبى قۇدرەت!» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.
شەيخۇل ماشايىخ دۇنيانى ئۇنتۇغانىدى، ئۇ ئىچىدە تەكبىر
ئېيتىپ، بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كۆيۈۋاتقان، تۈتۈنى ئاسمانغا ئۆر-
لەۋاتقان دەرەخكە تەلمۈرگىنىچە تۇراتتى.
ئاشۇ كۈندىن باشلاپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن

ئەخلاقىي پەزىلىتى، مەنىۋى كامالىتى، ئەقلىي بالاغىتى، كىشىلەر
ئارىسىدىكى بۇرچ - مەسئۇلىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق ئويلىنىشقا
ئۈندەيدىغان ئەھمىيەتلىك تەپسىلاتلار ناتىۋان قەلبىمنى لەرزىگە
سالدى. ئويلايمەنكى، ئەقلىي جەھەتتىن ساغلام، يۈرىكىدە ئىنسا-
نىي تۇيغۇ ئۇرغۇپ تۇرغان، ئۆزىنىڭ ئادەمىيلىك خىسلىتىنى يو-
قاتمىغان ھەرقانداق ئوقۇرمەن بۇ نۇقتىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ.

روماندا، ئەسىرلەردىن بېرى كىشىلەر ئارىسىدا بۈيۈك ئەۋلى-
يا، شەيخۇل ماشايىخ، سۇلتانۇل ئارىپىن دېگەندەك يۈكسەك ناملار
بىلەن تەرىپلىنىپ كېلىنىۋاتقان خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ھەج
سەپىرىگە ئاتلىنىشى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ۋەقەلەر
بايان قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن رومان «ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئا-
خىرقى سەپىرى» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، يازغۇچى
ئۆزىنىڭ يېتۈك ماھارىتى، يەسسەۋىيە تەرىقىتى ۋە ئۇنىڭ زامان،
ماكان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، يەسسەۋىي ياشىغان دەۋرنىڭ
تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىدىيىۋى ئاساسى، مەدەنىيەت قاتلىمى
قاتارلىق كۆپ قۇتۇپلۇق مۇناسىۋەتلەرگە دائىر مول چۈشەنچىلىرى
بىلەن يەسسەۋىيدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك زاتنىڭ ھەر تەرەپتىن تولۇق
كامالەت تاپقان مۇكەممەل ئوبرازىنى ياراتقان. شۇڭا، رومانىنىڭ
ئىسمىنى كىشىلەر ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان مۇبارەك نام بىلەن
«ئەھمەد يەسسەۋىي» دەپ ئېلىشنى لايىق كۆردۈم.

مۆھتەرەم يازغۇچى سەئدۇللا سىيايىپ ئاكا رومانىنىڭ ئۇيغۇر-
چە نەشرى ئۈچۈن قىزغىن، سەمىمىي ۋە خالىسلىق بىلەن رازىلىق
بەردى ھەمدە «مۇئەللىپتىن» دېگەن نام بىلەن قىممەتلىك سۆز
بېشى يېزىپ بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن سەئدۇللا سىيايىپ ئاكىغا
چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. مېنى رومان بىلەن تونۇشۇش
ۋە ئۇنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، مۇئەل-
لىپ بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرىمغا يېقىندىن ياردەم بەرگەن
قەدىرلىك بۇرادىرىم ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەتكە ئالاھىدە
رەھمەت ئېيتىمەن.

# ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچىدىن

بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىللار ئىلگىرى بىر ماتېرىيالدىن ئۆزبېكىستاندا ئەھمەد يەسسەۋىي ھەققىدە رومان يېزىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمدە: «شۇ رومانىنى بىر ئوقۇش ماڭىمۇ نېسىپ بولسىكەن» دېگەننى ئويلىغۇدىم. بىلمىدىم، سەممىي نىيەتنىڭ ئىقبالىمۇ ياكى شۇنداق توغرا كېلىپ قېلىشىمۇ ئاخىر بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. پىكىرداش بۇرادىرىم، دوكتور ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزبېكىستانلىق يازغۇچى سەئدۇللا سىيايېفنىڭ «يەسسەۋىينىڭ ئاخىرقى سەپىرى» ناملىق رومانىنى ئوقۇپ چىقتىم. رومانىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاجايىپ سىرلىق بىر تۇيغۇ، كۆۋەجەپ، چىڭقىلىپ تۇرغان بىر خىل ھاياجان ماڭا ئارام بەرمىدى. ئادىتىم بويىچە، روماندىن تۇتاشقان بۇ روھىي داۋالغۇشلىرىمنى ھۆرمەتجانغا تۆكتۇم. ھۆرمەتجان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «شۇنداق ئىكەن، رومانىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرسىڭىز بولمامدىمۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رومانىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشقا كىرىشتىم.

رومانىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك جەريان بولدى. بۇ جەرياندا مەن نۇرغۇن يېڭىلىقلاردىن بەھرىمەن بولدۇم، روماندىكى بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن ئىلمىي، مەنتىقىي چۈشەنچىلەرنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان سېھىرلىك ئېقىن مېنى قانغۇچە ھۇزۇرلاندۇردى. قىسقا، يېقىملىق، پاساھەتلىك سۆز - جۈملىلەر، ئادەمنى ئۆزىنىڭ نىيەت - ئىقبالى،

بۇ كىتاب ئۆزبېكىستان تاشكەنت «مەنئۇىيەت» نەشرىياتىنىڭ 2002 - يىل ئۆزبېكچە 1 - نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىندى.

本书根据乌兹别克斯坦塔什干道义出版社 2002 年乌兹别克语第 1 版翻译出版。

（涉外合同登记版权图字 29—2008—001）


# ئەھمەد يەسسەۋىي

ئاپتورى: سەئدۇللا سىيايېف
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىزى
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مۇرادىل ئابىت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.875
نەشرى: 2008 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2008 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—6100
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—09927—3
باھاسى: 27.00 يۈەن

سەئىدۇللا سىيايىپ ئاكا ئېيتقاندەك، ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللە-
رى كۆپ جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن روماندا
قەلەمگە ئېلىنغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە بولغان-
لىقى، شۇ سەۋەبتىن روماندا قوللىنىلغان بەزى تىل خۇسۇسىيەت-
لىرىنىڭ تارىخىي خاسلىققا ماسلاشتۇرۇلغانلىقى، ئەڭ مۇھىمى
ھەزرىتى يەسسەۋىينىڭ ئىدىيىسى، تەرىقىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
مۇرەككەپ سۆز - ئاتالغۇلار ۋە ئەرەب، پارسچە ئىبارىلەر خېلىلا
كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش جەريانىدا خاتا بولۇپ
قالغان ياكى ئەسلىي مەنىسى جايىدا ئىپادىلەنمەي قالغان سۆز -
جۈملىلەر بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەللىپ سەئىدۇللا سىيايىپ ئا-
كىدىن ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمەن.

— ئەزىزى

خەتتات: جەۋلانى . لايىھىلىگۈچى: رىۋايەت



ISBN 978-7-228-09927-6

9 787228 099276 >

定价：27.00元